غەربىي يۇرت ئېكسپېدىتسىيەسىگە دائىر كىتابلار

# خوتەن بوستانلىقىغا قايتا سەپەر

مارك ئاۋرېل ستەين (ئەنگلىيە)

تەرجىمە قىلغۇچى :ئابدۇمۇمىن بارات



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com



مارك ئاۋرېل ستەين (1862 — 1943)

Abdulcelil TURAN
Yenidoğan Mh. 41. Sk. No: 7
Daire: 4 Zeytinburnu - İST.

# مارك ئاۋرېل ستەيننىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى

مارك ئاۋرېل ستەين — ئەنگلىيەلىك ئېكسپېدىتسىيەچى، ئارخېئولوگ، 1862 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ۋېنگرىيەنىڭ بۇداپېشت شەھىرىدە تۇغۇلغان. 1904 ـ يىلى ئەنگلىيە تەۋەلىكىگە ئۆتكەن. 1880 ـ يىلى لېيپزىگ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ شەرقشۇناسلىق فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. 1881 ـ يىلى ھىندىشۇناسلىق ۋە ئىرانشۇناسلىق كەسپىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش مەقسىتىدە تيۇبىنگېن ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىلىم ئاشۇرۇپ، 1883 ـ يىلى فىلولوگىيە پەنلىرى بويىچە دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئالغان. 1887 ـ يىلى ھىندىستانغا كېلىپ، ھىندىستاندىكى شەرق ئۇنىۋېرسىتېتىدا مۇدىر بولۇپ ئىشلىگەن. 1888 ـ يىلى پەنجاپ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئارخىپ مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى قوشۇمچە ئۆتىگەن. 1889 ـ يىلىدىن باشلاپ كەشمىردە ئىلمىي تەكشۈرۈشتە بولغان. ئۇ 1 ـ قېتىملىق (1900 — 1901 ـ يىللار) ئوتتۇرا ئاسىيا ئېكسپېدىتسىيەسىدە خوتەن ۋە نىيە خارابىسىنى ئارخېئولوگىيەلىك قازغان ھەمدە خوتەندىكى دەندەن ئۆيلۈك خارابىسىدىن قەدىمدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن خوتەن پادىشاھىغا ياتلىق قىلىنغان مەلىكە سۈرەتلەنگەن بىر پارچە رەسىم تاختىسىنى ۋە بىراھمى يېزىقىدىكى پۈتۈكلەرنى تاپقان. 1901 ـ يىلى نىيە خارابىسىنى تەكشۈرۈپ، ئۇنىڭ مىلادىيە 3 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

تاشلىۋېتىلگەنلىكىنى دەلىللىگەن. ئۇ ئۆزىنىڭ مۇشۇ ئېكسپېدىتسىيەسى ھەققىدە 1903 ـ يىلى «قۇمغا كۆمۈلگەن خوتەن خارابىسى» دېگەن سەپەر خاتىرىسىنى، 1907 ـ يىلى «قەدىمكى خوتەن» دېگەن رەسمىي دوكلاتىنى يازغان.

ستەيىن 2 ـ قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيەسىدە (1906 ـــ 1908 ـ يىللار) خوتەن ۋە نىيە خارابىسىنى قايتا تەكشۈرگەندىن باشقا، يەنە چارقىلىق ۋە كروراندىكى قەدىمىي ئىزلارنىمۇ تەكشۈرگەن. ئۇ دۇنخۇاڭغا بېرىپ ۋاڭ راھىبتىن ئەرزان باھادا 24 ساندۇق پۈتۈك، شايىغا سىزىلغان رەسىم ۋە يىپەك توقۇلما بۇيۇملارنى سېتىۋېلىپ ئەكەتكەن. 1908 ـ يىلى كەشمىرگە قايتقان. 1921 ـ يىلى «قەدىمكى خوتەن» دېگەن دوكلاتىنىڭ داۋامى سۈپىتىدە «غەربىي يۇرت ئارخېئولوگىيەسىنىڭ سۈرەتلىك خاتىرىسى» ناملىق بەش توملۇق كىتابىنى يازغان. بۇ كىتاب ئۇنىڭ شىنجاڭ ۋە گەنسۇنىڭ غەربىدە ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش ۋە قېزىش جەريانىدا قولغا كەلتۈرگەن ئومۇمىي نەتىجىلىرىنىڭ تەپسىلىي دوكلاتىدۇر.

ستەيىن 3 ـ قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيەسىدە (1913 ـــ 1915 ـ يىللار) خوتەن، نىيە، كروراننى يەنە بىر قېتىم تەكشۈرگەن ھەمدە دۇنخۇاڭغا قايتا بېرىپ، ۋاڭ راھىب ساقلاۋاتقان 570 خىلدىن ئارتۇق «دۇنخۇاڭ پۈتۈكلىرى»نى قولغا چۈشۈرگەن. 1914 ـ يىلى 8 ـ ئايدا تۇرپاندىكى قەدىمىي قەبرىلەرنى قېزىپ نۇرغۇن بۇيۇملارنى تاپقان. 1916 ـ يىلى كەشمىر ئارقىلىق قايتىپ كەتكەن. 1928 ـ يىلى مۇشۇ قېتىملىق تەكشۈرۈشىنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ كىندىكى» ناملىق دوكلاتنى يازغان. كېيىن ئۇنى ئۆزگەرتىپ «غەربىي يۇرت ئارخېئولوگىيەسى» دەپ ئاتىغان.

ستەيىن 4 ـ قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيەسىدە (1930 ـ

يىلى) سىرىناگاردىن① قەشقەرگە كېلىپ، تۇرپاننى بىر مەزگىل ئايلانغاندىن كېيىن، نەنجىڭ ھۆكۈمىتى ئۇنىڭ تەكشۈرۈشىنى چەكلىگەن. لېكىن، ئۇ بۇنىڭلىق بىلەن بولدى قىلماي، ئوغرىلىقچە نىيە خارابىسىنى تەكشۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى تەكشۈرۈشلىرىگە يېڭى مەزمۇنلارنى قوشقان. ئەمما، ئۇ بۇ قېتىم ئاساسەن ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەي قايتىپ كەتكەن.

ستەيىننىڭ بىز يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ئەسەرلىرىدىن باشقا، 1933 ـ يىلى 2 ـ قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيەسى توغرىسىدا يازغان «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى يولدا» ۋە 1921 ـ يىلى دۇنخۇاڭ توغرىسىدا يازغان «مىڭئۆي: ‹جۇڭگونىڭ غەربىدىكى دۇنخۇاڭ ساڭرامىدىن قېزىۋېلىنغان بۇددا دىنىغا ئائىت رەسىملەر›» دېگەن ئەسەرلىرىمۇ بار. ستەيىن 1938 ـ يىلىدىن باشلاپ ئىراق، سۇرىيە، ئىئوردانىيە قاتارلىق جايلاردا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. ئافغانىستاندىكى ئېكسپېدىتسىيە جەريانىدا كېسىلى قوزغىلىپ قېلىپ، 1943 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى كابۇلدا 82 يېشىدا ۋاپات بولغان.

نەشرىياتىمىز بۇ قېتىم گۇاڭشى پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان، ستەيىننىڭ 2 ـ قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيەسى ئاساسىدا يېزىلغان «غەربىي يۇرت ئارخېئولوگىيەسىنىڭ سۈرەتلىك خاتىرىسى» ناملىق كىتابىدىن ئېلىنغان «تەكلىماكاندىن ئۆتۈش»، «نىيە خارابىسىنى تەكشۈرۈش»، «لوپنۇر قۇملۇقىدىن دۇنخۇاڭغىچە»، «خوتەن بوستانلىقىغا قايتا سەپەر»، «كرورانغا سەپەر» قاتارلىق بەش كىتابىنى نەشر قىلدۇق. بۇ كىتابلاردا ستەيىننىڭ ئېلىمىزنىڭ گەنسۇ، شىنجاڭ قاتارلىق جايلىرىدىكى تەكشۈرۈش ئەھۋالى ۋە قولغا كەلتۈرگەن ئىلمىي نەتىجىلىرى تەپسىلىي بايان قىلىنغان

---

① سىرىناگار — ھىندى دەرياسىنىڭ تارماق ئېقىنى جېلۇم دەرياسى ۋادىسىگە جايلاشقان قەدىمكى شەھەر — مۇھەررىردىن.

www.uyghurkitap.com

بولۇپ، پايدىلىنىشقا ئەرزىيدىغان نۇرغۇن تەكشۈرۈش دوكلاتلىرى، ئېكسپېدىتسىيە خاتىرىلىرى ۋە جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمىنىڭ تارىخ، مىللەت، دىن، جۇغراپىيەسىگە ئائىت خاتىرىلەر ۋە سۈرەتلىك ماتېرىياللار بار. بۇلار ئوقۇرمەنلەرنىڭ ۋە بۇ ساھەدە ئىزدىنىۋاتقان تەتقىقاتچىلارنىڭ ستەيننىڭ گەنسۇ، شىنجاڭ قاتارلىق جايلاردىكى ئارخېئولوگىيەلىك قېزىش خىزمىتى ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى توپلاش ئەھۋالىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق چۈشىنىشىگە ياردەم بېرىدۇ.

# مۇندەرىجە


بىرىنچى باب سۋات ۋە دىردىن ئۆتۈش ........................ 1

1 ـ بۆلۈم كونار دەرياسى بىلەن ھىندى دەرياسى ئوتتۇرىسىدا ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىنىنىڭ قالدۇرغان ئىزلىرى ................................................... 1

2 ـ بۆلۈم ئۇدياناداكى دەسلەپكى جوڭگولۇق تاۋاپچىلار ............................................. 11

3 ـ بۆلۈم جوڭگونىڭ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ھۆججەتلىرىدە بايان قىلىنغان ئۇديانا .............. 33

4 ـ بۆلۈم تالاش ۋە دىردىن ئۆتۈش ...................... 53

ئىككىنچى باب چىترال ۋە مەستۇجدىن ئۆتۈش ................ 66

1 ـ بۆلۈم چىترالنىڭ ئىرق تەزكىرىسى ۋە تارىخى ....... 66

2 ـ بۆلۈم چىترالدىكى قەدىمىي ئىزلار ..................... 92

3 ـ بۆلۈم مەستۇجنىڭ تارىخىي ئەھۋالى ................. 129

4 ـ بۆلۈم مەستۇجدىكى قەدىمىي ئىزلار .................. 138

5 ـ بۆلۈم گاۋ شيەنجىنىڭ يىراققا يۈرۈش قىلىشى ۋە داركوت ............................................... 168

ئۈچىنچى باب ئامۇ دەرياسىدىن خوتەنگىچە ................. 190

1 ـ بۆلۈم دەسلەپكى مەزگىلدىكى ۋاخان .................. 190

2 ـ بۆلۈم ۋاخاندىكى قەدىمىي ئىزلار .................... 206

3 ـ بۆلۈم شۈەنزاڭنىڭ قەشقەرگە ماڭغان يول لىنىيىسى ................................................ 226

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

4 ـ بۆلۈم قەشقەر ۋە يەكەن ............................ 252
5 ـ بۆلۈم قاراقورۇم تېغىنىڭ ئەڭ غەربىي بۆلىكى ... 269

**تۆتىنچى باب خوتەن بوستانلىقىدىكى قەدىمي ئىزلار ....... 289**
1 ـ بۆلۈم بوستانلىقتىكى قەدىمىي خارابىلەر ....... 289
2 ـ بۆلۈم يوتقان ۋە خوتەن ئەتراپىدا قەدىمىي
يادىكارلىقلارنى توپلاش ................................ 301
3 ـ بۆلۈم جىيانىڭ شىمالىي قۇملۇقىدىكى خارابىلىك ... 345
4 ـ بۆلۈم ئاقتېرەك خارابىسى .......................... 361

Abdulcelil TURAN
Yenidoğan Mh. 41. Sk. No:7
Daire: 4 Zeytinburnu - İST.

# بىرىنچى باب

# سۋات ۋە دىردىن ئۆتۈش

## 1 ـ بۆلۈم كۇنار دەرياسى بىلەن هىندى دەرياسى ئوتتۇرىسىدا ئىسكەندەر زۇلقەرنەيننىڭ قالدۇرغان ئىزلىرى

**پامىرغا بېرىش يولىنى تاللاش**

1904 ـ يىلى ياز پەسلىدىن باشلاپ ئىككىنچى قېتىملىق ئوتتۇرا ئاسىيانى ئېكسپېدىتسىيە قىلىش پىلانىمنى ئېنىق بېكىتىپ هىندىستان هۆكۈمىتىگە تاپشۇردۇم. مەن بىر يېڭى يول ئارقىلىق جۇڭگونىڭ شىنجاڭ رايونىغا كىرىشنى ئارزۇ قىلاتتىم. بۇ يول بىلەن پېشاۋۇر (Peshawar) ئەتراپىدىكى هىندىستان كونتروللۇقىدىكى رايوندىن ئۆتۈپ، سۋات ۋە دىردىكى پاتان (Pathān) قەبىلىلىرىنىڭ زېمىنى ئارقىلىق چىترالغا كىرىپ، ئاندىن بۇ يەردىن هىندىقۇش تېغىنىڭ ئاساسىي تاغ تىزمىسىدىن هالقىپ ئۆتۈپ، ئامۇ دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى تاغ قاپتىلى ئارقىلىق ئافغانىستان تەۋەلىكىدىكى پامىر رايونلىرىغا بارغىلى بولاتتى. بۇ يول جۇغراپىيە تەزكىرىسى ۋە ئىرقشۇناسلىق تەتقىقاتچىلىرى ئۈچۈن كۈچلۈك جەلپكارلىققا ئىگە ئىدى. ئەمما، قىيىنچىلىقمۇ ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، كۆپىنچىسى سىياسىي جەهەتتىكى سەۋەبلەر ئىدى. چۈنكى، بۇ يول ئەمەلىيەتتە ياۋروپالىق ساياهەتچىلەرگە تاقىۋېتىلگەنىدى.

www.uyghurkitap.com

شۇڭا، مەن خۇشاللىنىشقا ھەقلىق ئىدىم. 1906 ـ يىلى يېڭى يىلنىڭ ھارپىسىدا، ھىندىستان تاشقى ئىشلار ئىشخانىسى ئارقىلىق ئافغانىستان پادىشاھى ھەبىب ئۇللاھ (Habib – ullah) ئالىيلىرىنىڭ ئىجازىتى بىلەن ئۇلارنىڭ بىر قىسىم زېمىنىدىن ئۆتۈش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتىم (بۇ جاينى پامىر چېگرا باشقۇرۇش كومىتېتى باشقۇرغاندىن بۇيان، ھەرقانداق بىر ياۋروپالىق زىيارەت قىلىپ باقمىغانىدى). مېنىڭ ئېكسپېدىتسىيە سەپىرىگە ئاتلىنىدىغان ۋاقتىم كېلىپ قالغانىدى. مېنىڭ ۋاپات بولغان باشلىقىم سىر، پولكوۋنىك خارود دېئان (ئۇ غەربىي شىمال چېگرا ئۆلكىسىنىڭ ۋالىيسى ئىدى) ئالىبۇرۇن ئۆزى باشقۇرۇۋاتقان قوشۇنلار تۇرۇشلۇق رايوننىڭ ئەڭ غەربىي قىسمىدىن ئۆتۈشۈمگە دوستانە رەۋىشتە ماقۇل بولغانىدى.

## پېشاۋۇر چېگراسىدىن سەپەرگە ئاتلىنىش

قىزىقارلىقى شۇكى، جۇڭگونىڭ چېگراسىغا بارىدىغان بۇ يول ئارقىلىق، يول بويىدىكى بىرمۇنچە جايلارنى تەكشۈرگىلى بولاتتى. بۇنى ساياھەت خاتىرەمنىڭ ئالدىنقى بىرقانچە بابىدا تەپسىلىي چۈشەندۈرگەنىدىم. مەن ئىمكانقەدەر تېزرەك ئۆتۈپ كېتىشىم كېرەك ئىدى. لوۋارى تاغ ئېغىزىدىكى قورقۇنچلۇق تەبىئىي توسالغۇلار ۋە كېيىنكى قاتتىق قارنىڭ تاغ ئېغىزىنى توسۇپ قويۇشى تۈپەيلىدىن، يۈك ـ تاقلارنى ئېلىپ ئۆتۈش ناھايىتى تەسكە توختايتتى. شۇ سەۋەبتىن 1906 ـ يىلى 27 ـ ئاپرېلغا كەلگەندە، ئاندىن پېشاۋۇردىن يولغا چىقتىم. سەپەرگە ئاتلانغاندىن كېيىن مۇمكىنقەدەر كېچىكىشنىڭ ئالدىنى ئالدىم. چۈنكى، 5 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن بۇرۇن چىترال دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا بېرىپ بولالمىسام، ئېرىگەن قار سۈيى قاتناش لىنىيەسىنى ئۈزۈۋېتىشى مۇمكىن ئىدى. بۇ ئەھۋالدا مەن خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىپ، مەستۇجنىڭ يۇقىرى

ئېقىنىدىكى تار جىلغىلاردىن ئۆتكىلى بولىدىغان يولنى ئىزدىشىمگە توغرا كېلەتتى. پەقەت مۇشۇ يول ئارقىلىقلا باروغىلدىكى ئامۇ دەرياسىنىڭ سۇ بۆلگۈچ چوققىسىغا يېتىپ بارغىلى بولاتتى. مەن بىر ئاي ئىچىدە پېشاۋۇر چېگراسىدىن ئۆتۈپ، جۇڭگو چېگراسىغا كەلدىم. ئومۇمىي مۇساپەم 450 مىلغا يەتتى. سەپىرىمنىڭ كۆپ قىسمى خەتەرلىك تاغلىقلاردىكى چىغىر يوللاردا ئۆتتى ھەمدە ئويلىمىغان يەردىن قىلىن قار پەسلىگە توغرا كەلدى.

ئېنىقكى، مەن بۇنداق سەپەر شارائىتىدا، يول بويى مۇمكىن بولىدىغان (ئەگەر ئىمكانىيەت بولغاندا) قەدىمىي بۇيۇملار ۋە ئىرقشۇناسلىق ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارمىدىم. لېكىن، ئۆزۈم ئۆتكەن رايونلاردا ئىنچىكە ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشتىن قىلچە تەۋرەنمىدىم. ۋاھالەنكى، ياۋروپالىق تەتقىقاتچىلارغا ئەمدىلا قىسمەن ئېچىۋېتىلگەن بۇ رايونلار ئۇلارنىڭ قىزىقىشىنى قوزغىغاندىن سىرت، يەنە بىر ئەھمىيەتمۇ بار ئىدى، يەنى بىزنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىغا ئائىت كۆپ قىسىم بىلمىلىرىمىز خەنزۇچە تارىخ ماتېرىياللىرىدىن كەلگەن، شۇنىڭدەك ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قەدىمكى دەۋرلىرىگە ئائىت ئاساسىي پاكىتلارمۇ خەنزۇچە تارىخ ماتېرىياللىرىدىن كەلگەنىدى.

### سۋاتنىڭ قەدىمىي نامى

بۇ قېتىمقى سەپىرىم مېنى يىراق بىر رايونغا ئەكىتىپلا قالماي، يەنە يىراق قەدىمكى دەۋرگە باشلاپ كىردى. شۇڭا، قەدىمكى دەۋرلەر بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان سىۋات دەرياسى جىلغىسى (1 ـ رەسىم) نى ئۆزۈمنىڭ بىرىنچى بېكىتى قىلىپ تاللىدىم، بۇ ئىنتايىن مۇۋاپىق ئىدى. «رىگۋېدا» (Rigveda) ۋە «ماھاباراتا» (Mahābharata)دا سۇۋاستۇ (Suvastu) دەيدىغان بىر دەريانىڭ نامى تىلغا

www.uyghurkitap.com

ئېلىنغان. بۇ دەريانىڭ ئاساسلىق ئېقىنى تەدرىجىي ھالدا ھازىرقى نامغا ئۆزگەرگەن. مېگاستېنېس (Megasthenes)نىڭ «ھىندىستان تەزكىرىسى» (Indika) دېگەن كىتابىدا ۋە پتولېمېينىڭ «جۇغراپىيە» (Ptolemy's Geographia) ناملىق ئەسىرىدىكى بۇ ئاتالغۇدا ئانچە چوڭ ئۆزگىرىش يوق ئىكەن. «ماھاباراتا»دىن باشلاپ «ئۇديانا» (Udyana) دېگەن قەدىمكى سانسكرىت تىلىدىكى ئاتالغۇمۇ قەدىمىي كىتابلاردا دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئاغزاكى كەڭ تارقىلىپ يۈرگەن دىنىي ئەقىدىلەرمۇ بۇددا تۇرمۇشىغا ئائىت رىۋايەتلەرنى سۋات دەريا جىلغىسىغا مۇجەسسەملەشتۈرگەن بولۇپ، خۇددى ئۇنىڭ يېقىن قوشنىسى قەندھەرگە ئوخشاش، بۇ خىل رىۋايەتلەر شىمالدىن تارقالغان بۇددىزم ئەدەبىياتىدا دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ. جۇغراپىيە ۋە تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ كەمچىللىكى تۈپەيلىدىن، بۇ يەردە قەدىمكى دەۋرلەردىكى جۇغراپىيەگە ئائىت مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق دەپ قارايمەن.

## ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ھىندىستانغا يۈرۈش قىلغان مەزگىلدىكى سۋات



1 ـ رەسىم سۋات جىلغىسىدىكى مالاكاند قەلئەسىدىن شەرقىي شىمالغا نەزەر

بۇ رايونغا ئائىت ئېنىق ئۇچۇرلار ئىنتايىن ئاز بولۇپ، بۇ ئۇچۇرلار چەت ئەللەرنىڭ ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن (Alexander)نىڭ ھىندىستانغا يۈرۈش قىلغانلىقى توغرىسىدىكى ئەڭ دەسلەپكى خاتىرىلىرىدىن كەلگەن. جۇغراپىيەلىك مۇھىت جەھەتتىن ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، ماكېدونىيە (Macedonian)نىڭ يىراقتا يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇنى ھەقىقەتەنمۇ كابۇل (Kābul R.) دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى تاغلىق جايلاردىن ئۆتۈپ، سىۋات دەرياسى ۋە ئۇنىڭ ئاساسلىق جىلغىلىرىغا كىرگەن. بۇ توغرىسىدا ئاررىئان (Arrian) بىلەن كۇرتىئۇس (Curtius)لارمۇ تەپسىلىي خاتىرە قالدۇرغان. لېكىن، يۇقىرىقى ئىككى تارىخشۇناسنىڭ ھەممىدە باشقا تارىخىي كىتابلاردىكى يىغىنچاقلانغان خاتىرىلەردە بىزنىڭ ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىننىڭ پائالىيەت ئەھۋالى ۋە سىياسىي، ئىقتىسادىي ئەھۋاللىرىنى ئىگىلىشىمىزگە ياردەم بېرىدىغان ماتېرىياللار ئىنتايىن مۇجمەل ئىپادىلەنگەن. ھەتتا ماساگا (Massaga) غا قورشاپ ھۇجۇم قىلىش ۋە مەشھۇر ئورنوس (Aornos) قورغىنىنى ئىشغال قىلىشتەك ۋەقەلەر (ئۇنىڭ رومانتىك ھېكايىلىرى بەزى ماتېرىياللاردا دائىم سۆزلىنەتتى) بىلەن خارابە ئورنى قاتارلىق ئەھۋاللارمۇ تازا ئېنىق ئەمەس.

**ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىننىڭ كابۇل دەرياسىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى پائالىيەتلىرى**

ھازىرغىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىننىڭ ھىندىستانغا يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇنى توغرىسىدىكى ھۆججەتلەر كۆپ قېتىم تەپسىلىي مۇھاكىمە قىلىندى. بۇ يەردە ئۇ ۋەقەلەر ۋە تەقرىزچىلەرنىڭ ئوخشىمىغان باھاسى ھەممىدە ھەر خىل كۆزقاراشلىرىغا قارىتا ئارتۇقچە گەپ قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق. مەن ئۆزۈمگە تامامەن ئېنىق بولغان ئاز ساندىكى بىرقانچە ئورۇنلار ئۈستىدە توختىلىش بىلەن كۇپايىلىنىمەن. بۇ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر تور ئادرېسى

ئورۇنلارمۇ ئارخېئولوگلارنىڭ قىزىقىشىنى قوزغىغان. كابۇل دەرياسىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى تاغ قاپتىلىنىڭ ئېگىز تەرىپىدىكى تاغلىق رايونلار توغرىسىدا ھازىرقى زامان جۇغراپىيەسىنى پىششىق بىلىدىغان ھەرقانداق ئادەم شۇنى ناھايىتى روشەن قىياس قىلالايدۇكى، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن كابۇل دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىن ھىندىستان دەرياسىغا قاراپ قوشۇن تارتقاندا، ئۇنىڭ شۇ جايدىكى قەبىلە ۋە شەھەر ــ بازارلارغا قوللانغان ھەربىي ھەرىكىتى شۇ جاينىڭ ئاساسلىق ئېكىنزارلىقلىرىغا ئەجەللىك بۇزغۇنچىلىقلارنى كەلتۈرگەن. بۇ ئېكىنزارلىقلار قورۇلمىسى ۋە مۇنبەتلىكى جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ناھايىتى نۇرغۇن نوپۇسنى بېقىپ كېتەلەيتتى. كابۇلدىن ھىندىستانغا قوشۇن تارتىش يولىنىڭ سول قانىتىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشنى ئارزۇ قىلغۇچىلار بويسۇندۇرغۇچى ئۈچۈن ئېيتقاندا، شۈبھىسىزكى، ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. ھازىر بۇ يەردىكى تۆت ئورۇن كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتىدۇ: بىرىنچىسى، كۇنار دەرياسى ياكى چىترال دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى قىيپاش تاغ قاپتىلى، ئۇنىڭ دائىرىسى جالالئاباد (Jalālabād) ئەتراپىدىن ئاسمار (Asmār) غىچە بولغان جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ ئىككىنچىسى، باجاۋر (Bājaur) دەپ ئاتالغان مۇنبەت جىلغا؛ ئۈچىنچىسى، ئوتتۇرىسى سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن سىۋات دەرياسى جىلغىسىنىڭ ئاساسلىق قىسىملىرى، يەنى مەنگلائۇر (Manglaur) بىلەن توتاكان (Totakan) ئارىلىقىدىكى جايلار نەزەردە تۇتۇلىدۇ؛ ئەڭ ئاخىرقىسى بۇنېر (Bunēr) دەرياسى جىلغىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى رايونلاردۇر.

### ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن باجاۋر ۋە سىۋاتتا

دەل مۇشۇ جاينىڭ ئەڭ غەربىي قىسمى، يەنى كۇنار دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىنى بىز تولۇق ئىشەنچ بىلەن

ئىسكەندەرنىڭ تاغلىق ئۇرۇشنى باشلىغان پائالىيەت ئورنى دەپ مۆئەييەنلەشتۈرەلەيمىز. بۇ ئۇرۇش «خوئېس (Khōēs) دەرياسى دەپ ئاتالغان» دەريا بويىدىكى ھەر خىل شەكىلدىكى شەھەر ـ بازارلارغا قارىتىلغان ھەمدە ئاسپاسىيانلار (Aspasians)نىڭ تاغلىق قەبىلىلىرىگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان. ئىسكەندەر زۇلقەرنەين تاغلاردىن ئۆتۈپ تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن جاي ئېھتىمال باجاۋر بولۇشى مۇمكىن. ئىسكەندەر زۇلقەرنەين ئاسساكېنوي (Assakenoi ) ئېلىغا ھۇجۇم قىلىشتىن ئىلگىرى، ئۇ بېسىپ ئۆتكەن گۇرايئوس (Guraios) دەرياسى ياكى پەنجكورا دەريالىرى ئالىبۇرۇن ئېنىقلىنىپ بولغانىدى. ئادەمنى قورقۇنچقا سالىدىغان ئاسساكېنويدىن ئىبارەت بۇ ئەلنىڭ ئورنى ناھايىتى ئېنىق بولۇپ، ئۇ ھازىرقى سۋات رايونىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپلا قالماي، ئۇنىڭغا قوشنا بولغان بۇنېر رايونىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئېلىشى مۇمكىن. ۋاھالەنكى، بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان ھەرىكەتلەر گۇرايئوس ياكى پەنجكورادىن تاكى ھىندى دەرياسىغىچە سوزۇلغان. ئارريئان بىرقانچە چوڭ شەھەر ـ بازارلارنىڭ تەپسىلىي ئەھۋالىنى تونۇشتۇرغان، دەل مۇشۇ شەھەر ـ بازارلاردىكى كىشىلەر ئەڭ ئاۋۋال تەشكىللىنىپ مۇداپىئە ئېلىپ بارغان. ئەمما، ئېنىق بولغان تەزكىرە ماتېرىياللىرى ياكى ئارخېئولوگىيەلىك ئۇچۇرلار كەمچىل بولغاچقا، بىز بۇ يەردە خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىپ، ماسساگا (Massaga، پايتەخت)، بازىرا (Bazira)، ئورا (Ora) ياكى دىيرتا (Dyrta) ۋە ياكى ئورنوسنىڭ تاش قەلئەلىرى قاتارلىق شەھەر ـ بازارلارنىڭ ئورنىنى تېخى قىياس قىلالمايمىز.

**چاكدارانىڭ سۋات دەرياسىدىكى ئىستراتېگىيەلىك ئورنىنىڭ مۇھىملىقى**

تەلىيىمىزنىڭ ئوڭدىن كەلگىنى شۇكى، تارىخىي خاتىرىلەر كەمچىل ئەھۋال ئاستىدا، جۇغراپىيە ئىلمى بىزنى ئاز دېگەندىمۇ

www.uyghurkitap.com

بىر مۇھىم ئورۇننىڭ يول باشلىغۇچىسى بىلەن تونۇشۇشقا مۇيەسسەر قىلدى. بۇ جاينى پىششىق بىلىدىغان كىشىلەر شۇنىڭغا ئىشىنىدۇكى (يېقىنقى قىدىرىپ تەكشۈرۈش دوكلاتى باشقىلارغا بۇ بىر نۇقتىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ)، قەدىمكى چاغلاردىمۇ خۇددى ھازىرقىغا ئوخشاش باجاۋر بىلەن سىۋاتنى تۇتاشتۇرىدىغان بىردىنبىر مۇھىم يول پەنجكورا ئارقىلىق كاتگالا تاغ ئېغىزى (Kātgala pass) غا بارىدىغان يول ئىدى، بۇ يەردىن تۆۋەنگە قاراپ مېڭىپ ھازىرقى چاكدارا (Chakdara) قەلئەسى قاراۋۇلخانىسىدىكى مۇھىم قاتناش تۈگۈنى — سىۋات دەرياسى يولىغا يېتىپ بارغىلى بولاتتى. شۇڭا، 1906 - يىلى 28 - ئاپرېل چاكدارادىن يولغا چىقىپ، ئۈچ (Uhc) ۋە كاتگالا ئارقىلىق تۈز كەتكەن تالاش (Talāsh) جىلغىسىنى بويلاپ مېڭىپ، پەنجكورانىڭ سادو (Sado) دېگەن يېرىگە يېتىپ كەلدىم. بىرىنچى قېتىملىق سەپىرىمدە شۇنى ھېس قىلدىمكى، مەن ماڭغان بۇ ھەربىي ئىشلار يولى بۇنىڭدىن 22 ئەسىر بۇرۇن ماكېدونىيە يىراقتا يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇنىنىڭ قارشى يۆنىلىشىدىكى سەپىرىنىڭ شاھىتى بولغانلىقىنى تولۇق جەزملەشتۈرگەنىدىم.

### ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىننىڭ سىۋات دەرياسى جىلغىسىدىن ئۆتۈشى

چاكدارادىن ئۆتىدىغان سىۋات دەرياسى جىلغىسىدىكى بۇ يول ئالاھىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ ئۆدۈلىدىكى دەريا سۈيى دەل لاتقىلىق تۈزلەڭلىكلەرگە ئېقىپ كىرىپ، دائىم ئىشلىتىلىدىغان ئىككى يولنى شەكىللەندۈرۈپ، شاھكوت (Shāh-kot) ۋە چارات (Charāt) تاغ ئېغىزى ئارقىلىق سىۋات ۋە پىشاۋۇر دەرياسى جىلغىسىنى ئايرىپ تۇرىدىغان تاغ تىزمىسىدىن ئۆتەتتى. بۇ يول بويىدىكى نۇرغۇن قەدىمىي ئىزلار بۇ يولنىڭ قەدىمىيلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى. شۈبھىسىزكى، بۇ قەدىمىي ئىزلارنىڭ ھەممىسى ئىسلامىيەت دەۋرىدىن بۇرۇنقى

ئىزلار بولۇپ، ئادەمنى تەدرىجىي ھالدا تاغ ئېغىزىغا باشلاپ كىرەتتى. بۇ يوللار ھەتتا مالاكاند (Malakand)نىڭ زامانىۋى ئىستراتېگىيەلىك تاشيوللىرى ياسالغانغا قەدەر ئەڭ قولايلىق يول ھېسابلىناتتى؛ ئۇلار يەنە سۋاتتىن قەندھەر تۈزلەڭلىكىگە بارىدىغان ئەڭ قولايلىق يول ئىدى. لېكىن، كىشىلەر ھازىرغا قەدەر ساقلىنىپ قالغان ماتېرىياللارغا تايىنىپلا ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىنىڭ ئورنوسقا ھۇجۇم قىلىشتىن بۇرۇن مۇشۇ جايدىن ئۆتكەنلىكىنى، بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر يولنى ئىشلەتكەنلىكىنى ۋە ياكى تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇنىڭ بۇنىڭ ئارقىلىق شەرقىي جەنۇبتىكى جايلار بىلەن تۇتىشىدىغان بىر يولنى تاللىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرەلمەي كەلدى.

## سۋات رايونىنىڭ دەسلەپكى ئىرقى

ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىنىڭ تاغلىقتا يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇنلىرى بېسىپ ئۆتكەن رايونلارنىڭ ئىرقى ئەھۋالى توغرىسىدا، ماكېدونىيەلىك تاجاۋۇزچىلار ئۇ يەرنىڭ ئاھالىلىرىنى ھىندىلار تېپىغا قوشۇۋەتكەنىدى. ھازىر ئۇنى مۇتلەق مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولمايدۇ. بۇ بىزنىڭ كېيىنكى يازما مەنبەلەر ۋە تاش ئابىدىلەردىكى خاتىرىلەردىن ئىگىلىگەن ئەھۋاللار ھەمدە ھىندىستاننىڭ مەدەنىيەت، دىن ئالاھىدىلىكى (مەزكۇر دىن ئىسلام قوشۇنلىرى بۇ جايلارنى بويسۇندۇرۇشتىن بۇرۇن كابۇل دەرياسى ۋادىلىرىدا تارالغانىدى) بىلەن بىردەك ئىدى. شۇ دەۋردىكى ئاھالىلەرنىڭ ئىرق ئالاھىدىلىكىنى ئېنىق بېكىتىش ۋە پىكىر بايان قىلىش ھازىرچە سەل بالدۇرلۇق قىلىدۇ. بۇ بىزنىڭ شۇ تاغلىقلار توپى — ئۇلار ئەڭ ئاخىرقى تاجاۋۇزچى پاتخانلارغا تەۋە ئەمەس (Pathāns) — ئاساسلىق گەۋدىسىگە ئائىت ئىرقشۇناسلىق بىلىملىرىمىزنىڭ ئىنتايىن

چەكلىك ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلاپ قويدى. لېكىن، ئۇلارنىڭ تىل جەھەتتە تۇغقانلىق مۇناسىۋىتىنىڭ بارلىقىغا بىزنىڭ بىرقەدەر ئىشەنچىمىز بار. يېقىنقى تەتقىقاتلار ئاساسەن سىر جورج گرېرسون (Sir George Grierson)نىڭ تۆھپىسى بولۇشى كېرەك. ئۇ، ھىندىقۇش تېغىنىڭ جەنۇبىي جىلغىسى ھەمدە كەشمىرنىڭ شىمالىدىكى دارد (Dard)تىن كافىرىستانغىچە (Kāfiristān) بولغان رايون ئاريان (Aryan) تىلىنىڭ بىر ئالاھىدە تارمىقىغا مەنسۇپ، ئۇ ھەم ھىندى تىلىنى ياكى پارس تىلىنى مەنبە قىلمىغان، دەپ كۆرسەتتى. پاتخانلار تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشتىن بۇرۇن، مەزكۇر تىل تارمىقى تارالغان رايونلار تاكى ھىندىستاننىڭ غەربىي جەنۇب چېگرا رايونىنىڭ تېخىمۇ جەنۇبىدىكى جايلارغىچە كېڭەيگەن بولۇشى مۇمكىن. قىزىقارلىق يېرى شۇكى، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيننىڭ تارىخشۇناسلىرى خاتىرىلىگەن ئاساسلىق قەبىلىلەرنىڭ نامىدا بىر خىل فونېتىكىلىق پەرقلەر كۆرۈلگەن. دەل مۇشۇ پەرقلەر مەزكۇر تىل تارمىقىنىڭ ئالاھىدىلىكى بولۇپ، ئۇ ئىسكەندەر زۇلقەرنەيننىڭ يىراقتا يۈرۈش قىلغان دەۋرىدىمۇ بۇرۇن مەۋجۇت ئىكەنلىكىنىڭ ئېنىق پاكىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەيلى «ئاسپاسىئوي» (Aspasioi) ياكى «ئاسساكېنوي» دېگەن ئىسىم بولسۇن، شۈبھىسىزكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى سانسكرىت يېزىقىدىكى «ئاشماكا» (Aśmakā) بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. ۋاراخامىخىرا (Varāhamihira) بۇ ئىسىمنى ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمال رايونىدىكى قەبىلىلەرنىڭ ئىسمى دەپ كۆرسەتكەن. بۇ خىل śm > sm > sp > ss > s ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزگىرىشلەر ناھايىتى گەۋدىلىك بولۇپ، ئۇنى ئاشوكا (Aśoka) دەۋرىدىكى قەندەھەر ئويما يېزىقىدىمۇ ئۇچراتقىلى بولىدۇ. جورج گرېرسون مەزكۇر تىلنى ئۆزى «ھازىرقى زامان پاشاس تىلى» دەپ ئاتىغان تىلنىڭ ئىنتايىن زور تەسىرىگە ئۇچرىغان دەپ دەلىللىگەن.

# 2 ـ بۆلۈم ئۈديانادىكى دەسلەپكى جۇڭگولۇق تاۋاپچىلار

## ھىندى ـ سكىتايلار ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئۈديانا

ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمال چېگرا رايون تارىخىدىكى ئۇزۇن سوزۇلغان ھەم ئادەمنى گۇمانلاندۇرۇپ قويىدىغان مەزگىللەرگە ئائىت تارىخىي كىتابلاردا، ئۈدياناغا ئالاقىدار خاتىرىلەر بىزگە ئېنىق ئەمەس. ئۇ مەزگىلدە كابۇل دەرياسى جىلغىلىرى بىلەن ئەتراپىدىكى رايونلار ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىنىنىڭ بىۋاسىتە ۋارىسى ـــ باكترىيەدىن كەلگەن گرېك پادىشاھلىرىنىڭ بۈيۈك ئىمپېرىيەسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ئىدى. كېيىن قىسقا ۋاقىت دەۋر سۈرگەن سكىتايلار (Scythian) ياكى پارفىيەلىكلەر (Parthian) پادىشاھلىقىدىن تارتىپ تاكى ئەڭ ئاخىرىدا ئۇلۇغ توخرىلارنىڭ (Great Yü eh ـ chih) بىر تارمىقى بولغان كۇشانلار (Kuṣana) ياكى ھىندى ـ سكىتايلار قۇرغان قۇدرەتلىك پادىشاھلىقنىڭ ئاساسلىق زېمىنى بولۇپ كەلگەنىدى. كىشىلەرنىڭ شۇنىڭغا ئىشىنىشكە ئاساسى باركى، خۇددى سىۋات دەرياسى ۋادىسىدىكى قەندەھەرگە ئوخشاش بۇ يەردە ساقلىنىپ كەلگەن زور مىقداردىكى بۇددا دىنى خارابىلىرىنىڭ يىل دەۋرىنى (بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ناھايىتى كۆپلىرى گىرېكلاشقان بۇددا دىنى سەنئەت بۇيۇملىرى) مىلادىيەنىڭ باشلىرىدىكى بىرقانچە ئەسىرلەرگە سۈرۈشكە بولىدۇ. ئۇ چاغدا كۇشانلار ھۆكۈمرانلىقىدىكى جايلاردا بۇددا دىنى بىرمەھەل ناھايىتى كەڭ ئومۇملاشقانىدى. لېكىن، ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشلەردىن ئۈديانادا بۇددا دىنىنىڭ بىرمەھەل كەڭ ئومۇملاشقانلىقىدەك ئالاھىدە ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈشمىزگە ياردەمچى بولىدىغان ماتېرىياللار تېپىلمىدى.

www.uyghurkitap.com

### فاشيەننىڭ ئۇدياناغا قىلغان زىيارىتى

دەل كۇشانلار ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە، بىز تۇنجى قېتىم ئۇدياناغا مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلارغا ئېرىشتۇق. بۇ ئۇچۇرنى غەربكە نوم ئىلىشقا ماڭغان جۇڭگولۇق راھىب تەمىنلىگەن بولۇپ، بۇ ھىندىستاننىڭ قەدىمكى مەزگىللىرىدىكى غەربىي شىمال رايوننىڭ جۇغراپىيەلىك تەزكىرىسىگە ئائىت ئەڭ ئىشەنچلىك ماتېرىيال ئىدى. بۇ ئۇچۇر دەل فاشيەننىڭ ساياھەت خاتىرىلىرى ئارقىلىق يېتىپ كەلگەن. مىلادىيە 403 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە، ئۇ پامىر تېغىنىڭ يان تەرىپىدىكى بىر يول بىلەن مېڭىپ، ئۇديانا (Wu ـ ch ʻang) بەگلىكىگە يېتىپ كەلگەن. فاشيەن ۋە ئۇنىڭ جۇڭگولۇق سەپەرداشلىرىنىڭ ماڭغان يولى ھەقىقەتەنمۇ كىشىلەرنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغايدۇ. قانائەتلىنەرلىكى شۇكى، شاۋان ئەپەندىنىڭ «چېخچا» (Chieh-ch ʻa) توغرىسىدىكى كىشىلەرنى قايىل قىلىدىغان دەلىلى ئۇلارنىڭ يولغا چىققان ئورنىغا مۇناسىۋەتلىك بارلىق مەسىلىلەرنى بىردىنلا ھەل قىلىۋەتتى. فاشيەن: «شۇنىڭدىن باشلاپ شىمالىي ھىندىستانغا قاراپ غەربكە قاراپ ماڭدۇق، بىر ئاي يۈرۈپ، كۆكئارت تېغىدىن ئۆتمەكچى بولدۇق، كۆكئارت تېغى قىشمۇياز قار بىلەن قاپلىنىپ تۇرىدىكەن... » دېگەندىن كېيىن، سەپەرداشلارنىڭ شۇ يەردە يولۇققان خېيىمخەتەرلىرىنى تىلغا ئېلىپ: «ئۇ يەردە يەنە زەھەرلىك ئەجدىھالار بار ئىكەن، ئۇلارنىڭ رايىغا باقمىغاندا، زەھەرلىك شاماللارنى پۈركۈپ، قار ـ يامغۇر ياغدۇرۇپ، جاھاننى قۇم ـ توپا ۋە تاش ـ شېغىللار بىلەن تولدۇرۇۋېتىدىكەن ... » دەپ كۆرسەتكەن. فاشيەن يەنە: «يەرلىكلەر بۇ جاينى قارلىق تاغ دېيىشىدىكەن، بىز تاغدىن ئۆتۈپ شىمالىي ھىندىستان تەۋەلىكىگە كىردۇق. ئۇ يەردە تولى (Tʻo-leih, Tʻo-li) دېيىلىدىغان بىر كىچىك بەگلىك بار ئىكەن، بۇ بەگلىكتە نۇرغۇن راھىبلار بار بولۇپ، ئۇلار كىچىكىدىن

تارتىپلا ھىنايانا ئىلىمنى تەھسىل قىلىدىكەن» دەپ خاتىرە قالدۇرغان.

**فاشيەننىڭ «تولى» ياكى دارېل دەپ ئاتىغانلىرى**

شۈبھىسىزكى، ئۇلار ئۆز سەپىرىدە پامىرنى كېسىپ ئۆتكەنىدى. بۇ جاينى جۇڭگولۇقلار خەن سۇلالىسىدىن باشلاپلا كۆكئارت (Ts‘ung–ling or Onion M.) دەپ ئاتاپ كەلگەن. ئوخشاشلا شۇنداق مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، فاشيەن ئوتتۇرىغا قويغان «تولى» بىلەن شۈەنزاڭ تىلغا ئالغان «تالىلو» (Ta–li–lo) بىر جاي ئىدى. كۈنىمىزدىكى ئاللىبۇرۇنلا ئۇنى ھازىرقى دارېل (Darēl) دەپ ئاتاپ، ئۇنى ھىندى دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىغا، يەنى چىلاس (Chilās)نىڭ ئۇدۇلىغا جايلاشقان دەپ جەزملەشتۈرگەنىدى. تولى بىلەن تالىلونىڭ بىر جاي ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرۈشتە، بۇ ئىككى سەيياھنىڭ سەپەر خاتىرىسىدە ئېنىق قەيت قىلىنغان، بۇ يەردىكىلەرنىڭ ياغاچتىن ئويۇلغان بىر مايتىرى بۇددا (Maitreya) ھەيكىلىگە چوقۇنىدىغانلىقىدەك مەزمۇن ئاساس قىلىنغان. خەنزۇچىدىكى تالىلو دېگەن ئاتالغۇ دارېل دېگەن ئىسىمنىڭ توغرا تەرجىمىسى ئىدى.

**شۈەنزاڭنىڭ سەپەر لىنىيەسى: سۋاتتىن دارېلغىچە**

شۈەنزاڭنىڭ خاتىرىسىدە مۇنگالى (ئۇدياناننىڭ ئاستانىسى)دىن باشلانغان يوللار ئېنىق كۆرسىتىلگەن. مەزكۇر جاي سۋات دەرياسىنىڭ يېنىدا بولۇپ، ھازىرقى مەنگلائۇر بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئۇ يەنە مۇنداق دېگەن: «مۇنگالى شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىدىكى تاغ ۋە جىلغىلاردىن ئۆتۈپ، سىند دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا قاراپ ماڭدۇق. يول ئىنتايىن خەتەرلىك ئىدى. تاغ ــ جىلغىلاردا بەزىدە ئارقانلار ئۇستىدە، بەزىدە تۆمۈر زەنجىرلەرگە يامىشىپ ئۇيقۇسىز، ئاچ قورساق

مېڭىشقا توغرا كېلەتتى. ئاددىي ياسالغان ئاسما يوللار، خەتەرلىك جايلاردىن ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن ماڭدۇق. تۆمۈر قوزۇقلاردىن پەم بىلەن ئۆتۈپ، 1000 چاقىرىمدىن ئارتۇق يول يۈرۈپ، ئاخىر دارىيلغا، يەنى ئۇدىيانا بەگلىكىنىڭ كونا ئاستانىسىغا يېتىپ كەلدۇق.» چېگرا ئاتلىغان بۇنداق تەكشۈرۈش مەلۇماتىدىن شۇنى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، بۇ يول لىنىيەسى سىۋات دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى مەركىزىي شەھەر مەنگلائۇردىن باشلىنىپ، شەرقىي شىمالغا قاراپ گوربانىد (Ghūrband) ۋە كاندا (Kānda) تاغلىرىنى كېسىپ ئۆتۈپ، ھىندى دەرياسىغا تۇتىشىپ، ئاندىن ئەگرى ـ بۈگرى تار تاغ ئېغىزىنى بويلاپ، دارىيلغا يېتىپ باراتتى. ھىندى دەرياسىدىن ئۆتىدىغان، كوھىستان (Kōhistān) دەپ ئاتالغان بۇ يول لىنىيەسى ئەزەلدىن مەخسۇس تەكشۈرۈلمىگەن، بۇ يەردىكى قەبىلىلەرگە تەۋە رايونلارغا ياۋروپالىقلارنىڭ كىرىشىگە بولمايتتى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ جايلاردىن ئېگىلىگەن ئۇچۇرلارغا ئاساسلانغاندا، شۇەنزاڭ ۋە فاشيەننىڭ تەپسىلىي بايان قىلغان خاتىرىلىرىدىن بۇ يولدا تەبىئىي ساقلىنىپ كېلىۋاتقان غايەت زور قىيىنچىلىقنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. شۇەنزاڭ مۆلچەرلىگەن سەپەر مۇساپىسى بىلەن خەرىتىدىكى مۇساپە ئوخشاش كېلىدۇ.

### فاشيەننىڭ پامىردىن دارىيلغىچە بولغان سەپەر لىنىيەسى

گەرچە دارىيلغا ياۋروپالىقلارنىڭ كىرىشى مەنئى قىلىنغان بولسىمۇ، شۇ يەردىن ئېگىلەنگەن ئۇچۇرلاردىن «مەزكۇر تاغ باغرىنىڭ ئىنتايىن مۇنبەتلىكىنى، ئاھالىلەرنىڭ ئولتۇراقلىشىشىغا ئىنتايىن باب كېلىدىغانلىقى»نى چۈشىنىۋالغىلى بولاتتى. ئۇ يەردە ئولتۇراقلاشقان شىنا (Shina) تىلىدا سۆزلىشىدىغان تاغلىقلارنىڭ تەخمىنەن 3000دەك لەشكىرى بار ئىدى. بۇ جاي تا يېقىنغىچە ھىندى دەرياسىدىكى

كوھىستاننىڭ باشقا رايونلىرىنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشاش بىر خىل كىچىك جۇمھۇرىيەت شەكلىنى ساقلاپ كەلگەنىدى. لېكىن، ئۇ جاي قەدىمكى زامانلاردا ياسىن (Yasīn) ۋە پۇنيال (Punyāl)نى كونترول قىلىپ كېلىۋاتقان ئاقساقاللار بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتنى ساقلاپ كەلگەنىدى. يەر شەكلى ئىلمى جەھەتتىكى پاكىتلار بۇ مۇناسىۋەتنى چۈشەندۈرۈشكە تامامەن يېتەرلىك ئىدى. بۇ پاكىتلار ئېھتىمال فاشيەننىڭ پامىردىن دارېلغىچە بېسىپ ئۆتكەن سەپەر لىنىيەسىنى ئىپادىلىسە كېرەك. مېنىڭچە بىرقەدەر ئاسانراق بولىدىغان بىرقانچە تاغ يولى گاكۇچ (Gākuch) بىلەن چىزار (Chizar) ئوتتۇرىسىدىكى دارېلنىڭ شىمالىي قىسمى بىلەن گىلگىت (Gilgit R.) دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىنى ئۆزئارا تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدۇ. بۇلار دودارگالى (Dodargali Pass) تاغ ئېغىزىدىن ئۆتىدىغان ئەڭ قىسقا ۋە ئەڭ قولايلىق يول بولۇپ، ياسىن دەرياسى ئېغىزىدىن بىۋاسىتە گۇپىس (Gūpis) قا بارىدىغان يوللار ئىدى. ئەگەر كىشىلەر بۇ يەرگە كەلسە، بىراقلا قەدىمكى زامانغا كېلىپ قالغاندەك ھېس قىلىدۇ. ئۇ يەنە ھازىرقى ھىندى دەرياسى ئېقىنى بىلەن پامىر ئېگىزلىكىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان ئاساسلىق يول بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

### فاشيەن بېسىپ ئۆتكەن داركوت

مەن «قەدىمكى خوتەن» دېگەن كىتابىمدا، ياسىن دەرياسى جىلغىسىدىن داركوت (Darkōt) تاغ ئېغىزىغا بارىدىغان ھەمدە باروغىلنىڭ ئېگەرسىمان تاغ قاپتىلىدىن ھالقىپ، ھىندىقۇش تېغىنىڭ ئاساسلىق تاغ تىزمىسى ئارقىلىق ئامۇ دەرياسىغا كېلىپ، ئاندىن سارخاد (Sarhad)قا بارىدىغان بۇ يولدىن مىلادىيە 747 ـ يىلى جۇڭگولۇق سانغۇن گاۋ شيەنجى پامىردىن ئۆتۈپ گىلگىتقا مۇۋەپپەقىيەتلىك يۈرۈش قىلغاندا ماڭغان، دەپ كۆرسەتكەنىدىم. تۆۋەندە كۆزىتىشىمگە ئاساسەن، بۇ يولنىڭ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى


شىمالىي قىسمى ئۇستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بارىمەن. 1895 ـ يىلى بۇ يول «پامىر چېگرا كومىتېتى» تەرپىدىن ئەنگلىيە تەرەپنىڭ تەكشۈرۈشىگە بېرىلگەنىدى. بۇ ئەھۋال بۇ يولنىڭ ناھايىتى مۇھىملىقىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بېرەتتى.

### فاشىيەنىنىڭ سەپەر لىنىيەسى

فاشىيەنىنىڭ ساياھەت خاتىرىسىدىكى بەزى مەزمۇنلار ئۇ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنىڭ بۇرۇن مۇشۇ يول بىلەن ماڭغانلىقى، ئۇلارنىڭ قەشقەردىن يولغا چىقىپ، «كۆكئارتتىن ئۆتۈپ» دارېلغا يېتىپ بېرىشىغا «بىر ئاي كەتكەنلىكىدەك» قىياسقا ئىسپات بولالايدۇ. مەن قەدىمىي سودا يولىنى بويلاپ ــــ قەشقەر ئارقىلىق تاغدۇمباشتىكى پامىر (Tāghdumbāsh Pāmīr)دىن ئۆتۈپ سارخادقا يېتىپ كەلدىم، ئاندىن باروغىل ۋە داركوت تاغ ئېغىزى ئارقىلىق ياسىن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا يېتىپ كەلدىم. پۈتۈن مۇساپەمنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن شۇنىڭغا كاپالەتلىك قىلالايمەنكى، بۇ قېتىمقى سەپىرىم 24 ياكى 25 ئادەتتىكى بۆلەك ياكى ئۆتەڭنى ئۆز ئىچىگە ئالغانىدى. ئەمما، بۇ لىنىيەدە بۇرۇنقى زاماندىن تارتىپ ماددىي جەھەتتە ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىغان. بۇلاردىن باشقا، داركوت بىلەن مانكىيال (Mankiāl) ئوتتۇرىسىدا بەش ئۆتەڭلىك مۇساپىنى كۆپەيتىشكە توغرا كېلەتتى. مۇشۇنداق بولغاندىلا، فاشىيەن تەسۋىرلىگەن يوللارنىڭ ھەممىسىنى مېڭىپ تۈگەتكىلى بولاتتى. بۇ نۇقتىنا كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئالاھىدە قوزغايتتى. چۈنكى، فاشىيەنىنىڭ سەپەر لىنىيەسىنىڭ ئىككى نۇقتىسى ئوتتۇرىسىدا ئوخشاشلا قىسقا ۋە ئەمەلىي بولغان ئىككىنچى يولنى تاپقىلى بولمايتتى.

### فاشىيەنىنىڭ ھىندى دەرياسى جىلغىسىدىكى چىغىر يول توغرىسىدىكى خاتىرىسى

فاشىيەن دارېلدىن باشلاپ ھىندى دەرياسى جىلغىسىدىكى

ئىنتايىن تار ھەم ئەگرى ـ بوگرى چىغىر يوللار ئارقىلىق ئۈديانىغا قاراپ يول ئالغان. ئۇ ساياھەت خاتىرىسىدە تەسۋىرلىگەن ئەھۋاللارنى جىلغىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ھەم ئەمەلىي يېزىلغان، ھەم ئەمەلىيەتكە ماس كېلىدۇ، يەنى «داۋاننى بويلاپ غەربىي جەنۇبقا قاراپ 15 كۈن يول ماڭدۇق، بۇ يول ئىنتايىن جاپالىق بولۇپ، يار ۋە قىيالار ناھايىتى خەتەرلىك ئىكەن. مەزكۇر تاغ پۈتۈنلەي قىيا تاشلىق بولۇپ، تاشلار پىچاقنىڭ بىسىدەك ئىكەن، يېنىغا كېلىپ قارىسا ئادەمنىڭ بېشى قايىدىكەن. ئالدىغا دەسسەپ ماڭغۇدەك يەرنىمۇ تاپقىلى بولمايدىكەن، تۆۋەن تەرەپتە ھىندى دەيدىغان دەريا بار بولۇپ، بۇرۇنقىلار ئۇ يەردە تاشنى يېرىپ يول ياسىغانىكەن. يان تەرىپىگە شوتا قويۇلغان، دەرياغا 700 بالداقلىق ئاسما كۆۋرۈك تارتىلغانىكەن. دەريانىڭ ئىككى قىرغىقىنىڭ ئارىلىقى 80 چامدامدىن ئازراق كېلىدىكەن ... دەريادىن ئۆتۈپلا ئۈديانا بەگلىكىگە يېتىپ بارغىلى بولىدىكەن. ئۈديانا بەگلىكى شىمالىي ھىندىستاندا ئىكەن ...»

گەرچە دارىلىنىڭ ئايىغىدىكى ھىندى دەرياسى بۆلىكىنى بىرەر ياۋروپالىق زىيارەت قىلىپ باقمىغان بولسىمۇ، ئەمما شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، دەريا جەنۇبقا قاراپ ئاققان بولغاچقا، تاغ تىزمىسى يوللارنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتكەن ھەممە بىر قاتار چوڭقۇر جىلغا ۋە غارلار پەيدا قىلغان قىيىنچىلىقلار ئاساسەن سەپەر قىلغۇچىلارنىڭ چىراس بىلەن سكاردو (Skardo) ئارىلىقىدىكى ھىندى دەرياسى جىلغىسىنىڭ كۆپىنچە يول بۆلەكلىرىدە يولۇققان قىيىنچىلىقلىرىغا ئوخشاش ئىدى. شۇڭا، تاۋاپ قىلغۇچىلارنىڭ «شوتا ياكى پەشتاق» دېگىنى ھېلىقىدەك تار جايلارغا تاشلارنى تىزىپ ياسىغان يوللارنى ياكى قېيىن دەرىخىنىڭ شاخلىرىدىن ئارغامچا كۆۋرۈك ياساپ، دەريانىڭ بۇ قىرغىقىدىن ئۇ قىرغىقىغا تارتقىنىنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئاسانلا چۈشىنىۋېلىشقا بولىدۇ. فاشيەن

www.uyghurkitap.com

ئۇديانا تەۋەلىكىگە يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇنقى سەپىرىدە ئۆزى ئۆتكەن ئارغامچا كۆۋرۈكلەرنى ئالاھىدە تىلغا ئالغان. بۇ، ھىندى دەرياسىنى بويلاپ ماڭغان يولدا دارېلنىڭ تۈۋەن ئېقىنىدىن سول قىرغاقتا ئۆتۈپ، بىۋاستە مىرئابات (Mirabat)قا كېلىپ، يەنە قايتىدىن ئوڭ قىرغاقتا قايتىپ كېلىشكە بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ جاي دەل سۇۋاتنىڭ كېيىندا جىلغىسىدىن سەككىز مىل يىراقلىقتا توغرا كېلىدۇ.

### فاشيەننىڭ ئۇديانا توغرىسىدىكى خاتىرىسى

فاشيەننىڭ ئۇديانا توغرىسىدىكى ئومۇمىي بايانى ئىنتايىن ئىخچام بولۇپ، ئۇ زىيارەتتە بولۇۋاتقان چاغدىكى بۇددا دىنىنىڭ شۇ جايدىكى گۈللەنگەن ئەھۋالىنى روشەن كۆرسىتىپ بەرگەندى. «ئۇلارنىڭ› پۇقرالىرى ئوتتۇرا ھىندىستان تىلىنى قوللىنىدىكەن» دېگەن بايانىدىكى «ئوتتۇرا ھىندىستان» (Central India)نى بىز بەلكىم «ئوتتۇرا قىسىمغا جايلاشقان دۆلەت» (Middle Kingdom) دېسەك ياخشى بولىدىغان ئوخشايدۇ («فاشيەننىڭ تەرجىمىھالى»دا «ئوتتۇرا ھىندىستان ئوتتۇرا قىسىمغا جايلاشقان دۆلەت» دەپ خاتىرىلەنگەن). پۇقرالارنىڭ كىيىم ـ كېچەك ۋە يېمەك ـ ئىچمەك ئەھۋالى ئوتتۇرا ھىندىستانغا ئوخشاپ كېتىدىكەن. ئۇديانادا بۇددا دىنى ئىنتايىن گۈللەنگەن بولۇپ، كىشىلەر راھىبلارنىڭ تۇرىدىغان جايىنى ساڭرام، يەنى ساڭخاراماس (Saṅghârâmas) دەپ ئاتايدىكەن. بۇ يەردە 500 چە ساڭرام بولۇپ، راھىبلار ئىلىم تەھسىل قىلىشتا ھىنايانا (Hīnayāna) نى ئۆگىنىدىكەن. فاشيەن ئىسمىنى ئاتاپ ئۆتكەن ئاز ساندىكى بىرقانچە مۇقەددەس جايلار شۈەنزاڭنىڭ ئۇديانا توغرىسىدىكى خاتىرىسىدىمۇ تىلغا ئېلىنغان. سۇۋات دەرياسى جىلغىسىدىكى كۆپ قىسىم رايونلار تېخىچە ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈلمىگەچكە، ئۇنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋالىغا قارىتا ھازىرغىچە سىستېمىلىق رەتلەش پۈرستى

بولمىدى. شۈئا، شۈەنزاڭنىڭ خاتىرىسىدە ئېيتىلغان ئەھۋاللارغا ئوخشاش، مەن پەقەت ئىشەنچلىك پاكىتلار ئارقىلىق ئىسپاتلانغان خارابىلەرنى تىلغا ئېلىش بىلەنلا كۇپايىلىنىمەن.

### فاشيەنىنىڭ بايانىدىكى بۇددىزم ئىزلىرى

قانائەتلىنەرلىكى، فاشيەن تىلغا ئالغان ئەڭ دەسلەپتىكى مۇقەددەس ئىز بۇددانىڭ ئۇديانا‌غا كەلگەنلىكى بولۇپ، ئۇ: «بۇ يەردە بۇددا ئىزلىرى قالغان، بەزىلىرى ئۇزۇن، بەزىلىرى قىسقا بولۇپ، كىشىلەرنىڭ كۆڭلىدە ياد ئېتىلىدىكەن» دېگەن. شۈەنزاڭمۇ: «دەريانىڭ شىمالىي قىرغىقىدىكى چوڭ ئۇيۇل تاش ئۈستىدە تەتاگەتەنىڭ ئىزى قالغانىكەن. كىشىلەرنىڭ بەخت ـ تەلىيىگە قاراپ، بەزىدە ئۇزۇن، بەزىدە قىسقا چىقىدىكەن» دېگەن. ئۇ بۇ جاينى سىۋات دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىغا مۇقىملاشتۇرۇپ، ئاپالالا ئەجدىھا بۇلىقى (N āga Apalāla)نىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىدىن 30 نەچچە چاقىرىم يىراقلىقتا جايلاشقان دەپ كۆرسەتكەن. ئېيتىلىشىچە، بۇ بۇلاق سىۋات دەرياسىنىڭ سۇ مەنبەسى ئىكەن. بۇددىزم ئىزلىرى مۇنگالى ياكى مەنگلائۇرنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىگە 250 چاقىرىم ئەتراپىدا كېلىشى مۇمكىن. پولكوۋنىك دىئان ئەڭ دەسلەپتە تونۇپ يەتكەنگە ئوخشاش، ئاخىرىدىكى بىر خىل ئەھۋال كالام (Kalām)نىڭ ئەتراپى سىۋات دەرياسىنىڭ هازىرقى مەنبەسى ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ يەردە شۇنىمۇ جەزملەشتۈرگىلى بولىدۇكى، بۇددىزم ئىزلىرى دەپ ئاتالغىنى دەل سىۋاتنىڭ كوھىستان تەۋەسىدىكى تىرات (Tīrath) دەپ ئاتىلىدىغان كەنت ئەتراپىدىكى خەت ئويۇلغان تاشتىن ئىبارەت. ئۇنىڭدا ئىككى چوڭ ئاياغنىڭ ئىزى (Pādukās) بولۇپ، ئاستىغا ئاددىي قىلىپ بىر قۇر قارۇشتى يېزىقىدا بېغىشلىما يېزىلغان. ئۇنىڭدا مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 1 ـ ئەسىردە قوللىنىلغان خەت شەكلى ئىشلىتىلگەن. ئېيتىلىشىچە، بۇ بۇددا

www.uyghurkitap.com

ساكيامۇنىنىڭ ئىزى ئىكەن. 1897 ـ يىلى پولكوۋنىك دېئان ئۇنى چوڭايتىپ پىلىيۇنكا ئىشلىگەن، كېيىن پىروفېسسور بيۇلېر (Bü hler) سىلىشتۇرۇپ بېكىتكەنىكەن. تىرەتنىڭ ئورنى كالام بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، قىدىرىپ تەكشۈرۈشتىن مەلۇم بولۇشىچە، ئۇ شۈەنزاڭ تەسۋىرلىگەن ئەھۋالغا ئىنتايىن يېقىن كېلىدىكەن. دەل مۇشۇ جاينىڭ يېقىن ئەتراپىدا «تەتاگەتەنىڭ كىيىم يۇغان تېشى»نىڭ ئورنى بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، شۈەنزاڭ بۇ يەردىكى بۇددىزم ئىزلىرىنىڭ ئورنىنى بايان قىلغاندا: «ئېقىننى بويلاپ تۆۋەنگە 30 چاقىرىم مېڭىپ، تەتاگەتەنىڭ كىيىم يۇغان تېشىغا يېتىپ كەلدۇق، كاساپادىكى خەتلەر خۇددى ئويۇلغان نەقىشتەك پارقىراپ تۇراتتى» دەپ يازغان.

### فاشيەننىڭ «سكاردو» توغرىسىدىكى خاتىرىسى

ئۇديانا بەگلىكىدىن باشلاپ «بۇددا ئىلى خاتىرىسى»گىچە بولغان مەزمۇنلار بىزنى فاشيەن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى «جەنۇبقا قاراپ مېڭىپ ئاخىر سكاردو بەگلىكىگە يېتىپ كەلدۇق» دېگەن ئۇچۇردىن خەۋەردار قىلدى. «سكاردو» دېگەن ئىسىم سىۋاتنىڭ بىرقەدەر قەدىمىي شەكلى بولۇپ، ناھايىتى بۇرۇنلا بۇ توغرۇلۇق ھەر خىل قىياسلار بولغانىدى. بۇ تۆۋەندىكى پاكىتلاردا ئىسپاتلىنىدۇ: فاشيەننىڭ بۇ يەردە تىلغا ئالغىنى بىردىنبىر بۇددا ئىزى ــ بۇ يەنىلا بۇددانىڭ ئالدىنقى ئۆمرى بولۇپ، بۇدساتۋا بۈركۈت قوغلاۋاتقان بىر كەپتەرنى قۇتقۇزۇۋېلىش ئۈچۈن «گۆشىنى كېسىپ بۈركۈتكە بېرىشكە» رازى بولىدۇ. بۇ يەر شۈەنزاڭ تەرىپىدىن مەنگلائۇرنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى تاغلىقتا دەپ جەزملەشتۈرۈلگەن. شۈەنزاڭنىڭ «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى»دىكى يەر شەكلى توغرىسىدىكى توغرا بايانىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ھەمدە 1898 ـ يىلى يانۋاردىكى بۇنېر دالا ئارمىيەسى بىلەن بىرلىكتە تېز

سۇرئەتتە ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش جەريانىدا، گىراراي (Girārai) كەنتىنىڭ ئەتراپىدا چوڭ بىر بۇت مۇنارى خارابىلىكىنىڭ ئورنىنى جەزملەشتۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدۇم. مەزكۇر كەنت بۇنېرنىڭ ئەڭ غەربىي قىسمىدا بولۇپ، سۋات دەرياسى سۇ بۆلگۈچى چوققىسىنىڭ ئېتىكىگە جايلاشقانىدى. بۇنېر بۇددىزم مەزگىلىدە ئۇديانانىڭ بىر قىسمى بولغان، بۇ نۇقتىنى سۇڭ يۈن ۋە شۈەنزاڭ خاتىرىلەپ ئۆتكەن ئۇديانانىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى بىر قاتار بۇددىزم ئىزلىرى ئارقىلىق ئىسپاتلاشقا بولىدۇ. مەنمۇ بۇنېردا ئىز ئىزدەپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغانىدىم. نېمە ئۈچۈن فاشيەن بۇنېرنى «سكاردو» دەپ ئاتاپ باشقا جايلاردىن پەرقلەندۈرىدۇ؟ بەلكىم بۇ مەسىلىگە جاۋاب تېپىلماسلىقى مۇمكىن.

### سۇڭ يۈننىڭ سۋاتقا قىلغان سەپىرى

ئۇديانا توغرىسىدىكى كېيىنكى تېخىمۇ تەپسىلىي بايانلار سۇڭ يۈن بىلەن خۇي شېڭنىڭ خاتىرىلىرىدىن كەلگەن. مىلادىيە 518 ـ يىلى ئۇلار شىمالىي ۋېي سۇلالىسىدىكى خۇ خان ئانىنىڭ ئەۋەتىشى بىلەن ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمال رايونىغا بارغان. ئۇلارنىڭ خوتەن ئارقىلىق سارىقۇلغا قىلغان سەپىرى توغرىسىدا، مەن باشقا جايلاردا مۇھاكىمە يۈرگۈزگەنىدىم. ئۇلار مىلادىيە 519 ـ يىلى باش كۈز پەسلىدە يولغا چىقىپ، پامىردىن ئۆتۈپ ۋاخان (Wakhān)غا كەلگەن، ئاندىن ھازىرقى بەدەخشاننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئېفتالىت (Hephthalites) ياكى (Yeh-tas) بەگلىكىگە كەلگەن①. ئۇ يەردە بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن، سۇڭ يۈننىڭ ساياھەت خاتىرىسى ۋە خۇي شېڭنىڭ «ۋېينامە»دىكى چۈشەندۈرۈشىدە ئېيتىلغىنىدەك، بۇ تاۋاپ قىلغۇچىلار زىباك (Po-chih) تەۋەلىكىدىكى بىر كىچىك تاغ

① تاۋاپ قىلغۇچىلار ماڭغان بۇ يول لىنىيەسى ھەققىدىكى مەزمۇنلار مۇشۇ كىتابنىڭ 3 ـ باب، 1 ـ بۆلۈمىدە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يولى ئارقىلىق شامىبى (Shê-mi) بەگلىكىگە كەلگەن. ئۇلار تەدرىجىي كۆكئارت تاغلىق رايونلىرىدا پەيدا بولۇپ، ئاندىن شامىبىنىڭ جەنۇبىدىكى ئۇدياناغا يېتىپ بارغان. مەن «قەدىمكى خوتەن» دېگەن كىتابىمدا شامىبى بەگلىكىنىمۇ تىلغا ئالغانىدىم. «تاڭنامە» (T'ang Annals)دىكى بىر ئابزاستىمۇ ئۇ تىلغا ئېلىنغان، ئۇنىڭدا: «غەربىي تەرىپى بىلەن جەنۇبىي تەرىپى جىيېشى (Chieh-shih) ۋە چىترال بىلەن چېگرالىنىدۇ، «ھىندىقۇش تېغىنىڭ جەنۇبىي تەرىپى ئوتتۇرا ئەسىردىن باشلاپلا كافىرىستان قىيپاش ئويمانلىقى دەپ ئاتىلىدىغان جاي» بىلەن مۇناسىۋەتلىك دېيىلگەن. مەن ئۇ كىتابتا يەنە مۇنداق كۆرسەتكەنىدىم: ئىشىنىمەنكى، سۇڭ يۈن بىلەن ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ماڭغان يول كافىرىستاننىڭ ئەڭ شەرق قىسمىدىكى قىيپاش ئويمانلىقتىن ئۆتۈپ، كۇنار دەرياسىغا كېلىپ، ئاندىن بۇ يەر ئارقىلىق دىر (ياكى باجاۋر)دىن ئۆتۈپ، سۇۋات قىيپاش ئويمانلىقىغا كىرگەندى. لېكىن، ئىگىلىگەن بەزى ئۇچۇرلار ھەم باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، راھىبلارنىڭ ماڭغان يوللىرىنى تېخىمۇ تەپسىلىي ئىزدەش ئىنتايىن زۆرۈر دەپ قارىدىم.

## سۇڭ يۈننىڭ «پېرسىيە»نى ئىزدىشى

سۇڭ يۈننىڭ ساياھەت خاتىرىسىدىن بىز شۇنى بىلدۇقكى، ئۇ ئېفتالىت خانلىقىدىن مېڭىپ (ۋاقتى جۇڭگو كالېندارى بويىچە 10 ـ ئاي، يەنى تەخمىنەن مىلادىيە 519 ـ يىلى 11 ـ ئاي) پېرسىيە تەۋەلىكىگە كىرگەن. ئېفتالىتلارنىڭ پادشاھى تۇرۇشلۇق جاي بەلكىم فەيزئاباد (Faizābād)نىڭ ئەتراپىدا ياكى تېخىمۇ تۆۋەن تەرەپتە بولۇشى مۇمكىن. ئۇ يەرنىڭ زېمىنى ئىنتايىن كىچىك بولۇپ، ئۇ باشتىن بۇ باشقا ئۆتۈش ئۇچۇن پەقەت يەتتە كۈنلا ۋاقىت كېتىدىكەن. ئۇ يەردە ئولتۇرۇشلۇق تاغلىقلار ئانچە باي ئەمەس ئىكەن، ئۇلارنىڭ مىجەزى ئوسال، ئۆكتەم بولۇپ، پادشاھىنىمۇ ھۆرمەتلىمەيدىكەن. بۇ يەردە بىر

ئېقىن بولۇپ، ئەسلىدە ئىنتايىن تېيىز ئىكەن، كېيىن بىر قېتىملىق تاغ يىمىرىلىش تۈپەيلىدىن ئېقىن توسۇلۇپ قېلىپ ئىككى كۆل شەكىللەنگەنىكەن. بىر زەھەرلىك ئەجدىھا كۆلدە ياشايدىكەن، ئۇ نۇرغۇن بالايىئاپەتلەرنى كەلتۈرگەنىكەن. يازدا قارا يامغۇر، قىشتا قېلىن قار ياغدۇرۇپ، يولۇچىلارنى نۇرغۇن جەبىر - جاپا ۋە قىيىنچىلىققا سالغانىكەن. بۇ يەردىكى قاردىن بىر خىل ئاق نۇر تارقىغاچقا، قارىغان ئادەم كۆزىنى ئاچالمايدىكەن، بۇنداق ناچار ئەھۋالدا يولۇچىلار ھېچنېمىنى پەرقلەندۈرەلمەيدىكەن. شۇڭا، ئۇلار ئەجدىھا شاھىغا ئاتاپ نەزىر - چىراغ قىلغاندىن كېيىن، بۇ يەردىكى بارلىق ئىشلار ئاندىن بېسىققانىكەن.

### پېرسىيە بىلەن زىباكنىڭ ئۆزئارا ماس كېلىشى

«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»دىكى خۇي شېڭنىڭ چۈشەندۈرۈشىمۇ بۇ يەرگە خاس مەنزىرىلەر توغرىسىدىكى ئوخشاش خاتىرە بىلەن تەمىن ئەتتى. ئۇ بوجى (Po-chih) دەپ ئاتىغان جاي ۋاخان، يەنى ۋاخاننىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان. پىروفېسسور ماكۋارد بۇنىڭغا ئاساسەن ئورۇننى بېكىتىپ، پېرسىيە ياكى بوجىنىڭ زىباك (zebak) ۋە ھىندىقۇش تېغى بىلەن چىترالنىڭ سۇ بۆلگۈچ چوققىسى ئوتتۇرىسىدىكى كەڭ زېمىنغا جايلاشقانلىقىنى ئىسپاتلىدى. سۇڭ يۈن بىلەن سەپەرداشلىرى ماڭغان يوللارنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق، بۇنداق ئىسپاتلاشنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈردى. چۈنكى، بەدەخشاندىن سىۋاتقا بارماقچى بولغان يولۇچىلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئەڭ قولايلىق ۋە ئەڭ ئاسان ماڭغىلى بولىدىغان يول ھىندىقۇش تېغىدىن ئۆتىدىغان يول، يەنى زىباكنىڭ جەنۇبىدىن تەدرىجىي ساڭلىچ (Sanglich) جىلغىسىغا كىرىدىغان يول ئىدى. زىباك دەرياسىنىڭ بېشىدىكى ئىككى مۇھىم تاغ ئېغىزى ئارقىلىق ھىندىقۇش تېغىنىڭ سۇ بۆلگۈچ چوققىسىغا ئۆتكىلى بولاتتى. بىرى، دوراھ (Dorāh) تاغ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

ئېغىزى بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 14800 فۇت ئېگىز ئىدى. بۇ ئارقىلىق لۇتخو (Lutkhō) جىلغىسىدىن ئۆتۈپ، چىترالنىڭ مەركىزىگە بارغىلى بولاتتى. بۇ يولدا كۆپىنچە سودا كارۋانلىرى ماڭاتتى. يەنە بىر تاغ ئېغىزى ماندال (Mandal) بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 15300 فۇت ئېگىز ئىدى، شەرقىي شىمال تەرىپى بىلەن دوراھ تاغ ئېغىزىغىچە بولغان تۈز سىزىق ئارىلىقى 6 مىل كېلەتتى. بۇ تاغ ئېغىزى ئارقىلىق كافىرىستاننىڭ ئەڭ شەرقىدىكى ئاساسلىق جىلغىنىڭ باشغول (Bashgol) دېگەن يېرىگە بارغىلى بولاتتى. شىمال تەرەپتىكى ئىككى تاغ ئېغىزىدىن چۈشىدىغان يول ھاۋزى دوراھ (Hauz-i-Dorāh) ياكى دۇففېرىن (L. Dufferin) كۆلىگە كەلگەندە ئۆزئارا تۇتىشىپ كېتەتتى. دۇففېرىن كۆلىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئىككى مىل، كەڭلىكى يېرىم مىل بولۇپ، ئىككى تەرىپى ئېگىز ۋە تىك يار ئىدى. پەقەت شەرق تەرىپىدە بىر تار يول بار بولۇپ، بۇ يول ئارقىلىق زىباك تەرەپكە تەخمىنەن بىر يېرىم مىل ماڭغاندا، يول بويىدىكى تېخىمۇ كىچىك ئىككىنچى كۆلنى ئۇچراتقىلى بولاتتى.

### سۇڭ يۈننىڭ خاتىرىسىدىكى دۇففېرىن كۆلى

سۇڭ يۈن خاتىرىلىگەن زەھەرلىك ئەجدىھا رىۋايىتىدىكى قوش كۆلنىڭ بارلىقىنى ھەقىقەتەن ئېتىراپ قىلىشقا بولىدۇ. سەۋەبى، مېنىڭ مۇھاكىمە قىلىشىمغا رۇخسەت قىلىنغان نۇرغۇن ئىشەنچلىك ئۇچۇرلاردىن شۇنداق يەكۈن چىقىرىشقا بولىدۇ، خاتىنزا (Khatinza)دىن قەمەربىدا (Kamarbida)غا بارىدىغان (مەزكۇر رايون ئېھتىمال سۇڭ يۈننىڭ سەپەر لىنىيەسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن) ھىندىقۇش تېغىدىكى ھەرقانداق تاغ ئېغىزىنىڭ شىمالىي تەرىپىدە بۇ خىل قوش كۆل بايقالمىغانىدى. تاۋاپ قىلغۇچىلارنىڭ زىباك يولىنى بويلاپ، دۇففېرىن كۆلىگە كەلگەنلىكى توغرىسىدىكى يەكۈنمۇ زىباكتىكى

يەتتە قېتىملىق سەپەر ئارقىلىق ئىسپاتلاندى. چۈنكى، هازىرقى دوراھتىن خەيرئاباتقىچە (Khairābād)، يەنى زىباك ۋە ساڭلىچنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ۋاردۇج (Warduj) دەرياسىنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان مۇساپىمۇ دەل جەمئىي يەتتە بۆلەككە ئايرىلاتتى.

**سۇڭ يۈننىڭ خاتىرىسىدىكى شامبى بەگلىكى بىلەن كافىرستاننىڭ ئۆزئارا ماس كېلىشى**

ئالدىدا كۆرسىتىلىپ ئۆتۈلگەندەك، دۇففېرىن كۆلىدىن باشلانغان ئىككى يول تاۋاپ قىلغۇچىلارغا ئېچىۋېتىلگەندى. بىزنىڭ ئېنىق ھېس قىلغىنىمىز، ئۇلارنىڭ تاللىغىنى دوراھ بولماستىن، بەلكى ماندال تاغ ئېغىزىدىكى يول ئىدى، بۇ كېيىنكى سەپەر خاتىرىسىنىڭ تەپسىلاتىدا ئىسپاتلىنىدۇ. 11 - ئاينىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئۇلار شامبى بەگلىكىگە كىرگەن. ئۇلار دەل شۇ يەردىكى كۆككىئارت تاغ تىزمىسىدىن تەدرىجىي ئۆتكەن. شامبى بەگلىكىنىڭ يەرلىرى ئىنتايىن ئۇنۇمسىز، خەلقى نامرات ئىدى. يوللىرى خەتەرلىك، تار ھەم جاپالىق بولۇپ، پەقەت بىر ئادەم، بىر ئۇلاغلا ئۆتەلەيتتى. خۇي شېڭ چۈشەندۈرۈشىدە، شامبى بەگلىكى زېباك بەگلىكىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىگە جايلاشقانلىقى تىلغا ئېلىنغاندىن سىرت، يەنە مەزكۇر بەگلىك پۇقرالىرى بۇددىزم ئەقىدىلىرىگە ئېتىقاد قىلماستىن، بەلكى ھەر خىل ئىلاھلارغا چوقۇنىدىغانلىقىنى سۆزلەپ ئۆتكەن. مەن ئالدىنقى قىسمىدا، «تاڭنامە»دە شامبى جېيىشى ياكى چىترالنىڭ غەربىي ۋە جەنۇبىغا جايلاشقان، دەپ خاتىرىلەنگەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدىم. بۇ بىر ئابزاس خاتىرە بىلەن چىترالنىڭ تەخمىنىي ئورنى ۋە كافىرستاننىڭ تەۋەلىكى ئىنتايىن توغرا رەۋىشتە بىردەك بولغان، ھەتتا يېقىنقى بىر مەزگىل ئىچىدە ئۇلار ئارناۋاي (Arnawai)نىڭ ئەتراپىدىكى كۇنار دەرياسىنىڭ ئىككى ياقىسىغىچە سوزۇلغان. باشغول

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

جىلغىسى بىلەن تۇتاشقان چوڭ دائىرىدە توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان نۇرغۇن قەبىلىلەر (2 ـ رەسىمگە قاراڭ) زىباكنىڭ جەنۇبى ياكى زىباك ـ ۋاردۇج جىلغىسىنى ئىگىلەپ تۇرغانلىقتىن، شەرق قىسمى ياكى شەرقىي جەنۇب قىسمى چىترالغا تەۋە بولغان. چىترالنىڭ ئېگىز ۋە قاقاس قىيالىرىنى كۆرۈپ، كىشىلەر ئۆزىنىڭ ھېلىلا كۆكئارتتىن كەلگەنلىكىگە ئىشەنمەي قالاتتى. ئۇنداق تەسۋىرلەشلەر كەڭ ھەم مۇنبەت بولغان كافىرىستان قىيپاش ئويمانلىقىغا تېخىمۇ ماس كېلەتتى. ئەڭ ئاخىرىدا بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىشنىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكى توغرىسىدىكى بايان چىترالغا ماس كەلمەيتتى. بۇ يەردە ساقلىنىپ قالغان خارابىلەر سۇڭ يۇن ياشىغان دەۋرلەرنىڭ ئالدى ـ كەينىدە بۇددا دىنى ئېتىقادىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، كافىرىستان قىيپاش ئويمانلىقىدىكى «ھەر خىل ئىلاھلارغا چوقۇنۇش» ئەھۋالى تا ھازىرغا قەدەر داۋاملىشىپ كەلگەنىدى.



2 ـ رەسىم چىترالدا بەدەن ئۆلچەشنى قوبۇل قىلغان باشخۇللۇق كافىرلار

**ماندار تاغ ئېغىزىدىن ئۆتىدىغان يول**

گەرچە ماندار تاغ ئېغىزىدىن ئۆتىدىغان يولنىڭ ئايىغى سىستېمىلىق تەكشۈرۈلمىگەن بولسىمۇ، ئىشىنىش قىممىتىگە ئىگە بولغان ئۇچۇرلاردىن شۇنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، يۈك - تاقلارنى ئارتىپ ماڭغان ئۇلاغلار ئۇچۇن ئېيتقاندا، دوراھ خۇددى تاغ ئېغىزىغا ئوخشاش ياز ۋە كۈز پەسىللىرىدە بۇ يولدىن ئۆتۈش ناھايىتى مۇۋاپىق ئىدى. ئافغانىستان كافىرىستاننى ئىگىلىۋالغاندىن بۇيان، ئۆلچەملەشكەن بىر سودا يولى ئەمەلىيەتتە باشغول دەرياسى جىلغىسىنىڭ بېشىغىچە ئېچىۋېتىلگەن بولۇپ، تاغ ئېغىزى ئەتراپىغىچە راۋان ئىدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى نۇرغۇن سودىگەر ۋە ساياھەتچىلەر بەدەخشان تەرەپتىن بۇ يەرگە يول ئىزدەپ كەلگەنىدى. بۇ ھەقتە سىر جورج روبېرتسوننىڭ ماقالىسىدە ئېنىق خاتىرىلەر بار، ئۇ 1892 - يىلى باشغول جىلغىسىغا بارغانىدى.

**ماركو پولونىڭ نىگۇدەرنىڭ تاجاۋۇز قىلغانلىقى توغرىسىدىكى خاتىرىسى**

ئۆتكەن دەۋرلەردىكى ئەھۋاللارنى قايتا ئەسلەپ ئۆتۈش ئۇچۇن، بۇ يەردە ماركو پولونىڭ ساياھەت خاتىرىسىدىكى يوللارنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇ. ئۇنىڭ ساياھەت خاتىرىسىدە موڭغۇللارنىڭ كاتتىبېشى نىگۇدەر (Nigūdar) «بىر توپ ۋەھشىي، قورقماس چەۋەندازلار» بىلەن بەدەخشان ئارقىلىق «پاشايدىر، (Padshai-Dir) دەيدىغان مەمۇرىي ئۆلكىدىن ئۆتكەن، كېيىن يەنە ئارىئوراكېشىمۇر (Ariora-keshemur) دەيدىغان مەمۇرىي ئۆلكىدىن ئۆتۈپ» ھىندىستانغا يېتىپ بارغان. بۇ يول باشغول جىلغىسى ئەتراپىدىن ئۆتىدىغان يول بولۇشى مۇمكىن. روشەنكى، «پاشاي» (Pashai) دېگەن بۇ ئىسىم كافىرنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، بۇ قەبىلىنىڭ ئىسمى تا ھازىرغىچە

ساقلىنىپ كەلگەن، ئەمما «دىر» دېگەن ئىسىم بۇ قېتىمقى مەشھۇر تاجاۋۇزچىلىق يۈز بەرگەن ئورۇننى كۆرسىتىدۇ. ماركو پولونىڭ ساياھەت خاتىرىسىدىكى «كېشىمۇر» ياكى «كەشمىر»نىڭ ئالدىغا قوشقان ئىسمىدىن شۇنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇكى، ئاخىرىدىكى تېخىمۇ يىراق يوللار چوقۇم سىۋاتتىن ئۆتەتتى. چۈشىنىش قىيىن بولىدىغان «ئارئورا» دېگەن ئىسىمنى مېنىڭچە ھازىرقى «ئاگرور» (Agrōr) دەپ چۈشەنسەك بولار. ئۇ ھەزارا (Hazāra) چېگراسىدىكى مەشھۇر تاغلىق رايون بولۇپ، ھىندى دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىن بۇنېر بىلەن قارىشىپ تۇرىدۇ. بۇ رايون توغرىسىدىكى ھەرقانداق بىر توغرا خەرىتىدىن شۇنى ئاسانلا كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، بىر ھەربىكەتچان ئاتلىق قوشۇن ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئۇلار بەدەخشاندىن كەشمىرگە مەجبۇرىي يۈرۈش قىلىشتا باشقول جىلغىسى، دىر، تالاش، سىۋات، بۇنېر، ئاگرور ئارقىلىق جېلۇم (Jhelum) جىلغىسىغا كېلىدىغان مۇشۇ يولنى تاللىشى كېرەك. ھازىرقى ۋاقىتتىمۇ بۇ يول ئەڭ ئەپلىك، تاجاۋۇز قىلىش يولى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

### سۇڭ يۈننىڭ ھىندى دەرياسى يولى ھەققىدىكى بايانى

سۇڭ يۈننىڭ سەپەر خاتىرىسىدە، ئۇدياناغا بارىدىغان ئىككى يولنىڭ بىرىنى تاللىغانلىقى تىلغا ئېلىنغانىدى. بۇ يول بولوردىن ئۆتەتتى، سۇڭ يۈن سەپەر جەريانىدىكى خېيىم ـ خەتەر ۋە جاپا ـ مۇشەققەت ھەققىدە: زەنجىر بىلەن ياسالغان كۆۋرۈك ئېگىز بوشلۇقتا تارتىلغان بولۇپ، ئۈستىدىن ئۆتۈشكە بولاتتى، ئاستى چوڭقۇر ھاڭ بولغاچقا، تېگى كۆرۈنمەيتتى، ئىككى تەرىپىدە تۇتۇپ ماڭىدىغان ھېچقانداق تۇتقا يوق ئىدى. سەل بىخەستەلىك قىلىدىغان بولسىلا، ئۈستىدە ماڭغۇچىلار تېگى يوق ھاڭغا چۈشۈپ كېتەتتى، دەپ بايان قىلغان. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا سۇڭ يۈن ۋە خۇي شېڭ بۇ رايوننىڭ شارائىتىنى نەزەردە تۇتۇپ، باشقا يول ئارقىلىق ماڭغان. «شىمالىي سۇلالىلەر

تـارىخى»دىـمـۇ بۇ يول تـىـلغا ئېـلـىنغـان، ئەممـا «ئـاددىيلا بـايـان قـىـلـىـنـىـپ، شەرق تەرەپـتىكى باشقا بـىـر ئورۇننى كـۆرسـتـىـپ قويغـان. بۇ ئەمەلـىـيەت سۇڭ يـۈنـنـىڭ بـولـۇلي (钵卢勒) دېگـەن ئاتالغـۇسى بىلـەن شۈەنزاڭـنـىـڭ بولـۇلـو (钵露罗، Po–lu–lo) دېگەن ئاتالغۇسىنىڭ ئاھاڭ جەھەتتـە يېقـىـن كېلـىـدىغانلـىقـىـنـى ھەمدە بۇ يـولـنـىڭ يـاسىن ۋە دارېلـدىن ئۆتۈپ، ھـىـنـدى دەرياسـى جـىلغـىـسـىغا بـىـۋاسـتـە بارغـىلـى بولـىدىـغانلـىـقـىـنى ئـىـسپاتـلاپ بېرەلەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، بىزنىڭ بىلىدىغىنىمىزغا ئوخشاشلا، ئۇ بۇ يولنىڭ دەل فاشيەن ماڭغان يول ئىكەنلىكىنىمۇ ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ.

**سۇڭ يۈننىڭ ئۇديانا توغرىسىدىكى خاتىرىسى**

مـىـلادىيە 519 ـ يـىـلى سۇڭ يـۈن پـۈتكۈل بـىـر قىشـنـى ۋە ئەتىياز پەسلىدىكى بىر قىسىم ۋاقىتنى سەرپ قىلىپ ئۇديانـادا تۇرغان. ئۇ بۇ بەگلىكنى تەسۋىرلەپ نۇرغۇن ماقالىلەرنى يازغان. ئۇ بۇ يەردە بۇددا دىنىنىڭ يۇكسەك دەرىجىدە گۈللـەنگەنلـىكـىـنـى بايقىغان. ئۇنىڭ خاتىرىلىشىچە، بۇ بەگلىك شىمـالدا كۆكئـارت، جەنۇبتا ھـىـنـدىسـتـان بىلەن چېگرالـىـنـىدىغـان بولـۇپ، ھاۋاسـى ئىللىق، يۇقرالىرى كۆپ، ماددىي بايلىقلىرى مول ئىكەن. بـۇ يەردە چـوڭـلارنى ھۆرمـەتلەش ئومۇمىي ئادەتكە ئايلانغانـىكـەن. پادىشاھنىڭ ئۆزىمۇ بۇددا ئەقىدىسىگە قاتتـىـق ئەمەل قـىـلغاچقـا، بۇددىزم ئەقىدىلىرىگە ساداقەتمەن بـولـۇپ، گۆشسـىـز تائاملارنـى يـەپ، زاھىتلـىق يولـىـنى تۇتۇپ، كـېچە ـ كۈنـدۈز بۇتقا دۇئـا ـ تـىلاۋەت قـىلـىـدىكەن. سۇڭ يـۈن يەنە پـادىـشاھـنـىـڭ «نىرۋانـاغـا يېتىشىنى» سەمىمىيلىك بىلەن تـىـلـىـگـەنلـىكـىـنى تەپسىلـىـي خاتىرىلىگەن.

ئۇديانا بەگلىكىدىكى يۇقرالار ئۆلۈمگە لايىق جىنايەت سادىـر قىلغاندا، دەرھال ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلماستىن، بەلكى قاقاس تاغلىقلارغا يالاپ ئاپىرىپ قويۇلىدىكەن. ئۇلار ئۇ يەردە ئۆزىنىڭ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

بەخت ـ تەلىيىگە تايىنىپ ھاياتىنى داۋاملاشتۇرىدىكەن.
گۇمانلىق ئەھۋاللارغا دۇچ كەلگەندە، ئىچىدىغان بىر خىل
دورىنى ئىشلىتىپ، خىسلەتلىك ئۇسۇل بىلەن ھۆكۈم
قىلىدىكەن. ئۇلارنىڭ تۇپرىقى مۇنبەت، مول ھوسۇللۇق بولۇپ،
پۇقرالىرى كۆپ ئىكەن، بايلىق ۋە مەھسۇلاتلىرى مول،
زىرائەتلىرى مول ھوسۇللۇق ئىكەن، تۈرلۈك مېۋە ـ چىۋىلەر
مەي باغلاپ پىشىدىكەن، دەپ تەسۋىرلەنگەن. ئاخشاملىرى
ئىبادەتخانا قوڭغۇراقلىرىنىڭ ساداسى پۈتۈن ئەلدە
جاراڭلايدىكەن. ئۇ يەردە نۇرغۇن چىرايلىق گۈللەر بولۇپ،
قىشتىن يازغىچە دائىم ئېچىلىپ تۇرىدىكەن. راھىب ۋە بۇددا
مۇرىتلىرى بۇنداق گۈللەرنى ئۈزۈپ كېلىپ، بۇددا پىشۋالىرىغا
تەقدىم قىلىشىدىكەن. قويۇق ئۆسكەن سۇ پەرلىرى ۋە قىشنىڭ
ئوتتۇرلىرىدا بالدۇر ئېچىلىدىغان گۈللەرنى ياخشى كۆرىدىغان
سىۋات دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدا ياشايدىغان كىشىلەر شۇنى
ناھايىتى ئاسان ھېس قىلالايدۇكى، دەل شەخسىي تۇيغۇ
تۈپەيلىدىن تاۋاپ قىلغۇچىلارغا مۇشۇنداق تەسۋىر ئاتا قىلىنغان.
ھەتتا جىلغىدا ياشايدىغان ھازىرقى پاتان ئاھالىلىرى ئىچىدىمۇ
گەرچە پۇراق سېزىمىغا ھەۋەس قىلىدىغانلار بولمىسىمۇ، لېكىن
ئۇلار گۈلنى يەنىلا ياخشى كۆرىدىكەن.

### سۇڭ يۈن تىلغا ئالغان بۇددىزم ئىزلىرى

ئۇدياناننىڭ ئايىغى «قەندەھەر بەگلىكى» بولۇپ، بۇ دەل تاۋاپ
قىلغۇچىلارنىڭ غەربكە نوم ئالغىلى بارىدىغان ئاساسلىق نىشانى.
كۆپلىگەن مۇھىم بۇددىزم ئىزلىرىنىڭ ھەممىسى دەل ئۇلارنىڭ
مۇشۇ بۆلەكتىكى سەپىرىدە تىلغا ئېلىنغان. لېكىن، ناھايىتى
كۆپ، تەپسىلىي خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان بولسىمۇ، ئەمما توغرا
بولغان جۇغراپىيەلىك ئۇچۇرلار يەنىلا ئاز. ھەتتا ساقلىنىپ
قالغانلىرىمۇ سۇڭ يۈن ۋە شۈەنزاڭنىڭ سەپەر خاتىرىلىرىدە بىر
ئاز قالايمىقانلىشىپ كەتكەن. يۇقىرىدىكى بۇددىزم ئىزلىرىنىڭ

ئورنى شۇەنزاڭنىڭ سىستېمىلىق ھەم ئېنىق بولغان خاتىرىلىرىدىن پايدىلانغاندىلا، ئاندىن توغرا بېكىتىلىشى مۇمكىن. شۇڭلاشقا، مەن ھازىرچە ئۆزۈم جەزملەشتۈرەلەيدىغان خارابىلەرنى ئاددىيغىنا كۆرستىپ ئۆتسەم بولغۇدەك.

«شەھەر» (بۇ يەردە شۇەنزاڭ كۆرسەتكەن مۇنگالى مەنگلائۇرنى كۆرستىدۇ)دىن ئايرىلغاندىن كېيىن، نوم ئالغۇچىلار — فاشيەنگە ئوخشاش مۆتىۋەرلەر بىزنى بۇددىنىڭ كىيىم يايغان ئىزى قالغان جايغا باشلاپ باردى، ئۇ ئەسلىدە بىر تاش ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇددىنىڭ سىرلىق ئىزى قالغان قىيا تاشمۇ بار ئىدى. ئالدىنقىسىنىڭ ئورنى دەريانىڭ شەرق تەرىپىدە، كېيىنكىسى شەھەرنىڭ شىمالىدىن 80 چاقىرىم (بەزىلەر 18 چاقىرىم دېيىشىدىكەن) كېلىدىغان جايدا ئىكەن. روشەنكى، بۇ ئارىلىق شۇەنزاڭنىڭ خاتىرىلىگىنىدىن قىسقا بولۇپ، تىرەتتىكى تاش ئويمىمۇ بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلىدى. ئۇلار بۇ ئىككى خارابىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر كۆلنى تىلغا ئالغان بولۇپ، ئۇ دەريانىڭ غەربىي تەرىپىگە جايلاشقان. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇ يەردە مۆجىزە يارىتالايدىغان ئەجدىھا شاھى (Nāga King) ياشىغانلىقى ئۈچۈن، كىشىلەرنىڭ چوقۇنۇشىغا ئېرىشكەنىكەن. بۇ دەل مەشھۇر «ئاپالالا ئەجدىھا بۇلىقى» بولۇپ، ئۇ بەلكىم ئۇديانانىڭ قوغداش ئىلاھى بولۇشى مۇمكىن. شۇەنزاڭ ئەجدىھا بۇلىقى رىۋايىتىنى تەپسىلىي تىلغا ئېلىپ، ئۇنى سىۋات دەرياسىنىڭ مەنبەسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارىغان. شەھەرنىڭ شىمال تەرىپىدە دارا (To-Lo) دەپ ئاتىلىدىغان بىر چوڭ ئىبادەتخانا بولۇپ، نوم ئالغۇچىلار ئۇنى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئورۇن دەپ شەرھىلىگەن، ئۇ يەنە خان جەمەتى ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىدىغان جاي ئىكەن. بۇ جايدىكى خارابىلەر بەلكىم زور مىقداردا مەۋجۇت بولسا كېرەك. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇنى مۇنگالى (مەنگلائۇر)غا مۇناسىۋەتلىك خارابىلەر ئارىسىدىن تاپقىلى بولىدىكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## بۇنىردىكى بۇددىزم ئىزلىرى

خان شەھىرىنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى سەپەر لىنىيەسىدە بايان قىلىنغان بۇددىزم ئىزنالىرىدا، ساكيامۇنىنىڭ ئالدىنقى ئۆمرىدە ئۆز تېرىسىنى شىلىپ، سۆڭىكىنى ئۇشتۇپ قەلەم قىلىپ مۇقەددەس كىتاب يازغان ئىشلىرى بار ئىكەن. «سۇڭ يۈننىڭ سەپەر خاتىرىسى»گە ئاساسلانغاندا، بۇ خارابە ئىزى مۇنگالىنىڭ جەنۇبىدىن 100 چاقىرىم يىراقلىقتا جايلاشقانىدى. شۈەنزاڭ بۇ خارابىنى تىلغا ئالغان ھەمدە ئۇنىڭغا «ماسۇرا ساڭرامى» (Masūra-saṅghārāma)، يەنى يېسىي پۇرچاق ئىبادەتخانىسى (the convent of the len tils) دېگەن ئىسىمنى قويغان. تەكشۈرۈشۈمگە ئاساسلانغاندا، بۇ خارابە ئىزى دەل تۇرساك (Tursak) ئەتراپىدىكى گۇمباتاي (Gumbatai) خارابىسى ئىدى. تۇرساك بۇنىرنىڭ مەركىزى ئىدى. ئەڭ ئاخىرىدا تاغ ئۈستىدىكى بۇددىزم ئىزلىرى بۇ يەر بىلەن خان شەھىرىنىڭ ئارىلىقى سەككىز كۈنلۈك يول ئىدى. بۇددا ئالدىنقى ئۆمرىدە دەل بۇ يەردە ئۆزىنى قۇربان قىلىپ، يولۋاسنى قۇتۇلدۇرغانىكەن. شۈەنزاڭ بۇ مەشھۇر خارابىنى ھىندى دەرياسىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى تاكساشىلا (Takṣaśilā)دىن قايتىشىدا زىيارەت قىلغانىكەن. فاشيەنمۇ «تۆت چوڭ مۇنار» دېگەن سەپەر خاتىرىسىدە ئۇنى تىلغا ئالغان. ئىنقىلاپ كۆرۈشۈمچە، بۇ خارابە ئىزى ئەسلىدە بەنج تېغى (Mount Banj) دا بايقالغان خارابە ئىزى ئىدى. ئۇنىڭ ئورنى ماخابان (Mahāban)نىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى ھىندى دەرياسىغا يانداشقان ئەگرى - بۈگرى تاغ تىزمىسىنىڭ ئاخىرىغا يېقىنلىشىدىغانلىقى ئىسپاتلاندى. بۇ مەشھۇر ئىبادەتخانا سۇ بۆلگۈچ چوققىسىنىڭ جەنۇبىدىكى ئايرىم بىر ئورۇننى ئىگىلىگەن بولۇپ، بۇ سۇ بۆلگۈچ چوققىسى قەدىمكى ئۇدىيانا (بۇنىرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) بىلەن قەندەھەرنى ئايرىپ تۇرغان. بۇ ئەھۋال شۈەنزاڭ بىلەن فاشيەننىڭ نېمە ئۈچۈن

مەزكۇر ئىبادەتخانىنى ئۇدىيانا بىلەن تەڭ تىلغا ئالماي، بەلكى تاكساشىلا بىلەن تەڭ تىلغا ئالغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، چۈنكى ئۇدىيانا بىلەن مەزكۇر ئىبادەتخانىنى ھىندى دەرياسى ئايرىپ تۇراتتى.

## 3 ـ بۆلۈم جۇڭگونىڭ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ھۆججەتلەردە بايان قىلىنغان ئۇدىيانا

### شۈەنزاڭنىڭ ئۇدىياناغا قىلغان زىيارىتى

مىلادىيە 7 ـ ئەسىردە تاڭ خانىدانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ جۇڭگونىڭ سىياسىي تەسىرى ناھايىتى تېز لا غەربكە كېڭەيگەن، بۇنى ئەينى ۋاقىتتا «غەربىي يۇرت» ۋە ھىندىستانغا ئائىت جۇڭگو تارىخنامىلىرىدىكى بايانلارنىڭ كۆرۈنەرلىك رەۋىشتە كۆپەيگەنلىكىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدىكى ئۇدىياناغا ئائىت ئۇچۇر ۋە ماتېرىياللار ئاساسلىقى شۈەنزاڭدىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ «تاڭ راھىبى»نىڭ ئۇدىيانا توغرىسىدىكى تەپسىلىي خاتىرىسىدىن كەلگەن. ئۇ تەخمىنەن مىلادىيە 630 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە بۇ جاينى زىيارەت قىلغان. خۇددى ئۇ ئىلگىرى قەدەم باسقان باشقا كەڭ رايونلارغا ئوخشاشلا، بۇ جايدىكى مۇقەددەس ئەنئەنە ۋە دىنىي ئەقىدىگە خاس ئىشلار بۇ تەقۋادار راھىبنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتقانىدى. ۋاھالەنكى، بۇ ئەنئەنە ۋە دىنىي ئەقىدىلەر ئۇنىڭ دۇنياۋى قىممىتىنى يەكلەيتتى. مەسىلەن، ئۇ ئۇدىيانا بەگلىكى كەپىش (Chia-pi-shih) ياكى كابۇل ھۆكۈمرانلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك 12 بەگلىكنىڭ بىرىمۇ، ئەمەسمۇ ياكى خۇددى «تاڭنامە»دە خاتىرىلەنگەنگە ئوخشاش، مىلادىيە 642 ـ يىلى ئۆزىنىڭ پادىشاھى بارمىدۇ ياكى يوقمىدۇ؟ دېگەنلەرنى تىلغا ئالمىغان. شۈەنزاڭ بۇ يەردىكى بۇددا دىنىنىڭ

www.uyghurkitap.com

خۇددى قەندەھەرگە ئوخشاش بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى تاۋاپ قىلغۇچىلارنىڭ خاتىرىلىرىدىكى گۈللەنگەن مەنزىرىسىنى سىيلىشتۇرۇپ، ئۇنىڭ خارابلاشقانلىقىنى بايقىغان. ئەمما، بۇ يەردىكى ئەنئەنىنىڭ شان - شۆھرىتى غايەت زور بولغاچقا، شۈەنزاڭ ئەپسۇسلۇق ئىچىدە مەزكۇر بەگلىك ۋە ئۇنىڭ پۇقرالىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى تەسۋىرلىگەن. بۇ، كىشىنى بەك قىزىقتۇرىدۇ.

### «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» دىكى ئۇدياناغا دائىر خاتىرىلەر

شۈەنزاڭ ھىندى دەرياسىنىڭ يۇقىرىسىدىكى ئۇدابانىدا (Udabhāṇḍa) شەھىرىدىن يولغا چىقىپ، شىمالغا قاراپ ئالتە كۈن يول يۈرۈپ، بەزىدە تاغدىن، بەزىدە جىلغىلاردىن ئۆتۈپ ئۇدياناغا يېتىپ بارغان. ئۇ ئۇديانانى دائىرىسى 5000 چاقىرىمدىن ئارتۇق كېلىدىغان، تاغلىق بىلەن جىرا - جىلغىلار تۇتىشىپ كەتكەن، سازلىق، تۈزلەڭلىك ۋە ئېگىزلىك ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەن بەگلىك، دەپ تەسۋىرلىگەن. بۇ خاتىرە سۈۋات رايونىنىڭ يەر تۈزۈلۈش ئەھۋالىنى ناھايىتى توغرا ئەكس ئەتكۈزۈپ بەرگەن. بۇ بەگلىكتىن چىقىدىغان مەھسۇلاتلارنىڭ تۈرى كۆپ بولسىمۇ، ئەمما ئانچە مول ئەمەس ئىدى. بۇ يەردە ئۈزۈم ئىنتايىن كۆپ، ئەمما ناھايىتى ئاز مىقداردا شېكەر قومۇشى چىقىدىكەن. بۇ بەگلىكتىن ئالتۇن، تۆمۈر ۋە زەپەر چىقىدىكەن، دەرەخلەر بۈك - باراقسان، مېۋە - چېۋىلەر مول ئىكەن، ھاۋاسى ئىللىق، ئىسسىق - سوغۇقى مۇۋاپىق بولۇپ، ھۆل - يېغىن تەكشى ئىكەن. ئادەملىرىنىڭ مىجەزى يېقىشلىق، بوشاڭ، قورقۇنچاق، ئەمما مەككار، ھىيلىگەر ئىكەن. ئۇلار ئۆگىنىشنى ياخشى كۆرىدىكەن، ئەمما تازا تىرىشمايدىكەن. سېھىرگەرلىكنى تەتقىق قىلىش ئۇلار ئۈچۈن بىر خىل سەنئەت ۋە كەسىپ بولۇپ قالغانىكەن. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئاق رەختتە كىيىم

كىيىدىكەن، گەپ ـ سۆزىدە گەرچە مەلۇم پەرق بولسىمۇ، ئومۇمەن ھىندىستانلىقلارغا ئوخشاپ كېتىدىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا يېزىق ۋە قائىدە ـ يوسۇن جەھەتتە ھىندىستانلىقلاردىن ئانچە پەرقلەنمەيدىكەن، كۆپىنچە ئەھۋاللاردا ئۆز ئارا تەقلىد قىلىشىدىكەن.

### ئۇدىيانالىقلار

بەدەن ئالاھىدىلىكى جەھەتتىكى بايانلار مەزكۇر بەگلىكنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا باپ كېلەتتى. تىلغا ئېلىنىۋاتقان ئادەمنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تۆۋەندىكى سەۋەبلەر ئارقىلىق قىسمەن چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ. يەنى شەرق ئىرقى ئارىسىدا كەڭ كۆلەمدە يولغا قويۇلغان شال تېرىش ئەندىزىسىنىڭ تەسىرى بۇ يەردە ئاجىزلاپ كەتكەنىدى. كىشىلەر شۇنىڭغا ئىشىنەتتىكى، كېيىن كەلگەن نىسپىي ھالدىكى كۆچمەنلەر دەپ قارالغان ھازىرقى زاماندىكى پاتخانلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇلارمۇ بۇ خىل تەسىرنى باشتىن كەچۈرگەن. ئۇدىيانانىڭ سېھىرگەرلىك ماكانى دېگەن نامى بولۇپ، بۇ سۇڭ يۈن ئاڭلىغان بىر رىۋايەتتە ئەكس ئەتكەن. سۇڭ يۈن سارىقۇلدا مۇنداق بىر رىۋايەتنى ئاڭلىغان: بۇرۇن بىر پادىشاھ ئۆتكەن بولۇپ، ئۇ ۋەھشىي ئەجدىھانى يېڭىۋېلىش ئۈچۈن ئۇدىياناغا بارغان. ئۇ شۇ جايدا تۆت يىل بىرھەمەت ئەپسۇنىنى ئۆگەندىن كېيىن، ئۆز ماكانىغا قايتىپ بېرىپ، ۋەھشىي ئەجدىھانى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا قوغلاپ چىقارغان. بۇنداق سېھىرگەرلىك مۇراسىملىرىنىڭ ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈلۈشى جەزمەن مۇشۇ رايوندا ئىنتايىن كەڭ تارقالغان بۇددا دىنى ماھايانا مەزھىپى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىدى. شۇڭلاشقا سىر ھىنرى يۇل: «ساكيامۇنىنىڭ دىنىي ئەقىدىلىرى خۇددى ئۇدىيانانىڭ قەدىمكى دەۋرلىرىدىلا تارقالغانغا ئوخشاش، شۇ مەزھىپىنىڭ سېھىرگەرلىك تۇس ئېلىشىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن بولۇشى مۇمكىن. تىبەتلەر بۇ خىل يەرلىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

خاسلىقنى باشتىن ـ ئاخىر سىڭدۈرگەنلىك ۋە ئەپسۇن ماھارىتىنىڭ كىلاسسىك تۈپرىقى دەپ قارىشىدۇ» دېگەن.

بۇددا دىنى ئۇديانادا

شۇەنزاڭ تەمىن ئەتكەن ئۇچۇرلار شۇنىڭدىن دېرەك بېرىدۇكى، گەرچە بۇددا دىنى يەنىلا مۇتلەق رەۋىشتە ھۆكۈمران ئورۇندىكى چوقۇنۇش شەكلىنى ساقلاپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئاللىقاچان زاۋاللىققا يۈزلەنگەنىدى. كىشىلەر بۇددا ئەقىدىسىنى ئۇلۇغلاپ، بۇددا دىنى ماھايانا مەزھىپىگە ساداقەتمەنلىك بىلەن ئېتىقاد قىلىپ، سۇباۋاستۇ (Su-p'o-su-tu) دەرياسى ياكى سۇۋات دەرياسىنى بويلاپ 1400 دەك ئىبادەتخانىنى ياسىغان، ئەمما ھازىر ئۇنىڭ كۆپىنچىسى خارابىگە ئايلانغان. شۇ چاغلاردا 18000 دەك راھىب بولغان بولسا، ھازىر ئۇلار كۆپ ئازىيىپ كەتكەن. بۇ راھىبلارنىڭ ھەممىسى ماھايانا ئەقىدىلىرىنى ئۆگەنگەن ھەمدە پۈتۈن كۈچىنى مەشىق قىلىش ۋە باقىي دۇنيا ھەققىدە چوڭقۇر خىيال سۈرۈشكە قاراتقان. ئۇلار نوم ـ دەستۇرلارنى ئوقۇشقا ئامراق بولسىمۇ، ئەمما مەنىسىنى چۈشىنىپ كېتەلمەيتتى. شەخسىي ھەرىكەت جەھەتتە، قائىدە ـ مىزانلارغا ئاساسەن ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قوياتتى، ھەتتا ئەپسۇن ئوقۇشنى ئۆگىنىش ۋە ئۇنى تەتقىق قىلىشقا ئالاھىدە كۈچ چىقىراتتى. شۇەنزاڭ ئۇنىڭدىن كېيىن بەش پارچە «ۋىنايا قائىدىسىگە ئائىت تەلىم»نى مىسال كەلتۈرگەن. ئەمما، ھەيران قالارلىقى شۇكى، بۇ بەش پارچىنىڭ ھەممىسى بۇددا دىنىنىڭ ھىنايانا مەزھىپىگە مەنسۇپ ئىدى. ئۇ يەنە تولۇقلاپ: تەخمىنەن يەنە 10 نەچچە زورو ئاستىر دىنى ئىبادەتخانىسى بار بولۇپ، ئۇ يەرگە ھەر خىل دىنىي مەزھەپنىڭ مۇرىتلىرى ماكانلاشقان، دېگەن. مانا بۇ، ھىندىستاننىڭ دىنىي ئېتىقاد جەھەتتىكى ھەقىقىي ئەھۋالى.

## ئۇدىيانانىڭ جۇغراپىيەسى

شۈەنزاڭنىڭ خاتىرىسىگە ئاساسلانغاندا، ئۇدىيانا بەگلىكىدە گۈللەنگەن چوڭ شەھەردىن تۆت ـ بەشى بولۇپ، كۆپلىگەن پادىشاھلار مۇنگالىنى پايتەخت قىلغان، مەزكۇر شەھەرنىڭ ئايلانمىسى 16 ياكى 17 چاقىرىم بولۇپ، نوپۇسى كۆپ ئىدى. مۇنگالى، يەنى ھازىرقى مەنگلائۇر توغرىسىدا ئەڭ ئاۋۋال ۋ. د سايكت مارتىن ئوتتۇرىغا قويغان، مەنگلائۇر ئەتراپىدا ئەۋزەل تەبىئىي شارائىت ۋە زور مىقداردىكى قالدۇق خارابىلەر بار ئىدى، دېگەن قاراشمۇ بىزنى كۈچلۈك پاكىت ئاساسى بىلەن تەمىن ئەتتى. شۈەنزاڭ مۇنگالى شەھىرىنى پايدىلىنىش نۇقتىسى قىلىپ، «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى»دە ھەرقايسى بۇددىزم ئىزلىرىنىڭ ئورنىنى تەپسىلىي بايان قىلغان. بۇ خاتىرىلەرگە ئاساسەن ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشلەردە، بۇ خارابىلەرنى ناھايىتى ئاسانلا تاپقىلى بولاتتى. بۇنىڭ بىلەن يۇقىرىقى ئىسپاتلارنىڭ ناھايىتى ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، ياۋروپالىقلارنىڭ مەنگلائۇر ۋە ئۇنىڭغا قوشنا رايونلارغا كىرىشتىكى بىردىنبىر پۈرسىتى سىۋات دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى قەبىلىلەرنىڭ 1897 ـ يىلىدىكى چوڭ قوزغىلىڭىغا قارشى تېز سۈرئەتلىك جازا يۈرۈشى قىلىشلا بولۇپ قالغان. كۆپچىلىككە مەلۇمكى، بۇنداق شارائىتتا ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ئېلىپ بارغىلى بولمايتتى. شۇڭلاشقا، شۈەنزاڭنىڭ «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى»دە خاتىرىلەنگەن مۇنگالىنىڭ غەربىي جەنۇب، غەرب ۋە شەرقىي شىمال تەرەپلىرىدىكى ھەر خىل بۇددا ئىبادەتخانىلىرى مۇنارلىرىنىڭ ئورنىنى تا ھازىرغىچە ھەرقانچە

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

قىلىپمۇ جەزملەشتۈرگىلى بولمايدۇ. لېكىن، خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئۇدىياناننىڭ بۇرۇنقى زامانىدىكى پادىشاھى ئۇتتاراسېنا (Uttarasena) بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىش ئۈچۈن ياساتقان ستوپا (بۇددا مۇنارى) ئېھتىمال سىۋات دەرياسىنىڭ سول قىرغىقىدىكى بارىكوت (Barīkōt) ئەتراپىدىكى چوڭ خارابىلىكلەر بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، ئۇنىڭ ئارىلىقى ۋە ئورنى شۈەنزاڭنىڭ خاتىرىلىگىنى بىلەن دەل ئوخشايدۇ، يەنى مۇنگالى شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىگە 60 — 70 چاقىرىم كېلىدۇ.

ئاپالالا بۇلىقى توغرىسىدا كىتابنىڭ ئالدىنقى قىسىملىرىدا مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلگەن. شۈەنزاڭ بىر رىۋايەت ھەققىدە تەپسىلىي توختىلىپ، ئۇنى سىۋات دەرياسىنىڭ مەنبەسى دېگەنىدى. بۇنى دەلىللەش نەتىجىسىدىن قارىغاندا، تەكشۈرگەن رايونلارنى ھېسابلىغاندا، ئۇنىڭ ئارىلىقى شۈەنزاڭنىڭ خاتىرىسىدىكىدىن سەل يىراق بولسىمۇ، ئەمما رايون دائىرىسى بىرقەدەر ئىشەنچلىك ئىدى. ئەجەبلىنەرلىكى، ئەرەب يازغۇچىسى ئەلبىرۇنى (Albērūnī) مۇنداق بىر ھادىسىنى خاتىرىلىگەن، يەنى سىۋاتنىڭ مەلۇم جىلغىسىدىكى سۇ ھەر يىلىنىڭ مەلۇم كۈنلىرىدە ئاق رەڭگە ئۆزگىرىدىكەن. سۇچىلاۋا بۇلىقىمۇ مۇشۇنداق ئىكەن. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە: ئۇ سۈرگۈن قىلىنغاندىن كېيىن «ئاق نۇر چېچىپ تۇرىدىغان كۆلنىڭ بويىدا ئولتۇراقلاشقانىكەن. ئۇ كۆل خۇددى سۈت دېڭىزىغا ئوخشايدىكەن. ئۇ يىراقتىكى بىر تاغدا تەنھا ياشىغانىكەن». بۇلاقنىڭ ئىزى بېكىتىلىش بىلەن بىللە، خۇددى نۇرغۇن كىشىلەر باش ئۇرۇپ ئىبادەت قىلىدىغان بۇددىزم ئىزنىڭ — تەتاگەتەنىڭ قالدۇرغان ئىزى ۋە كىيىمىنى يۇغان تاشنىڭ

ئىزى — توغرا ئورنى سىۋات دەرياسىنىڭ تۆۋىنىدىكى تېخىمۇ يىراق جايلاردا بولۇشى مۇمكىن①.

### شۇەنزاڭ بايان قىلغان بۇنېردىكى خارابىلەر

مەن 1898 - يىلى بونېر دالا ئارمىيەسىگە ئەگىشىپ يۈرۈش قىلغىنىمدا، شۇەنزاڭ جەنۇبقا سەپەر قىلغاندا ئۆتكەن ئاشۇ بۇددىزم خارابىلىرى ئۈستىدە ئالدىراشلا ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغانلىقىم ئۈچۈن، ئۇنى جەزملەشتۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدۇم. مەن ئىلگىرى مۇنگالىنىڭ جەنۇبىدىن 200 چاقىرىم يىراقلىقتىكى ماھاۋانا كونۋېنت (Mahāvana convent) ساڭرامىنى دەل بۇنېر سۇنىگرام (Sunigrām) ئەتراپىدىكى پىنجكوتەي (Pinj-kōṭai) خارابىلىكى دەپ كۆرسەتكەنىدىم: ماھاۋانا كونۋېنت ساڭرامى توغرىسىدا شۇەنزاڭ مۇنداق خاتىرە قالدۇرغان: بۇددا ئالدىنقى ئۆمرىدە بۇدساتۋا بولۇپ ئىستىقامەت يولىدا ماڭغاندا، ئۆزىنى باغلىتىپ، رەقىب بەگلىكنىڭ پادىشاھىنىڭ ئالدىغا ئاپارغۇزۇپ، مال - مۈلۈككە ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلغان ھەمدە ئۇنىڭدىن تىلىگەنلىرىنى بىر نامرات بىراخمانغا ئىلتىپات قىلىپ بېرىۋەتكەن. بۇنداق ئېنىق ئورۇننىڭ بولغانلىقى، شۇنداقلا «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى»دىكى توغرا ئورۇن ۋە ئارىلىقنىڭ يېتەكچىلىكىدە، مەن يەنە شۇەنزاڭ خاتىرىلىگەن بىرقانچە خارابىلەرنى ئىزدەپ تېپىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدۇم. مەسىلەن، ماسۇرا ساڭرامى (Masūra-saṅghārāma) ياكى «يېسسى پۇرچاق ئىبادەتخانىسى» ھەمدە تەتاگەتەنىڭ بۇرۇن بۇددىزم يولىدا ماڭغاندا ئۆزىنى قۇربان قىلىپ، كەپتەرنى قۇتقۇزۇۋېلىپ قالغان بۇددا مۇنارى قاتارلىقلارنىڭ ئورنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا تۇرساكىنىڭ

---

① مۇشۇ بابنىڭ 2 - بۆلۈمىگە قاراڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەتراپىدىكى گۇمباتاي (Gumbatai) ۋە گىرالەيدە ئىدى، سۇڭ يۈن ۋە فاشيەنلەر بۇلارنى ئايرىم ـ ئايرىم هالدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەنىدى[①]. ئەگەر فۇ شيې ئەپەندىنىڭ ئادەمنى ئىنتايىن جەلپ قىلىدىغان ئىسپاتى، يەنى «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى»دە بايان قىلىنغان «تىلو (Hi-lo، يەنى هازىرقى ئىلام) تېغى سىۋات دەرياسى بىلەن بۇنېرنى ئايرىپ تۇرىدىغان كۆزگە ئەڭ چېلىقىدىغان تاغ چوققىسى دېگەن قاراشنى قوبۇل قىلىدىغان بولساق، بۇنېردىكى بۇ بىر گۇرۇپپا خارابىلەر يەنە تۆتتىن بىر قىسىم كۆپىيىدۇ. شۈەنزاڭ بۇ تاغنى مۇنگالىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان دەپ خاتىرىلىگەن. تاغنىڭ ئىسمى بىلەن قوشۇلۇپ، تەكشۈرۈپ بېكىتىلگەن ئورۇنمۇ تامامەن بىردەك چىققان. لېكىن، بۇنىڭدىكى بىر مەسىلە شۇكى، «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» دېگەن كىتابتا، بۇ تاغ مۇنگالى شەهىرىنىڭ جەنۇبىدىن 400 چاقىرىم يىراقلىقتا جايلاشقان، دەپ خاتىرىلەنگەن. لېكىن، فۇ شيې ئەپەندى 100 چاقىرىم كېلىدىغانلىقىنى مۆلچەرلىگەن. قارىغاندا، ئەڭ ئاخىرقى يەكۈننى ئۆزۈم ئىلام تېغىنى زىيارەت قىلىپ هەمدە ئارىلىقنى ئىسپاتلاپ چىقىپ، ئاندىن چىقارسام بولغۇدەك؛ ياكى شۈەنزاڭ تىلغا ئالغان تۆت چاسا تاش توغرىسىدىكى بايان، يەنى «تۆت چاسا تاش كارىۋاتقىلا ئوخشايتتى، خۇددى سۇنئىي ئۇسۇلدا ياساپ چىققاندەك بىر ـ بىرىگە هەم چاپلىشىپ، تاغنىڭ بىر ياقىسى بىلەن تاغ جىلغىسىغا ئۇزارغانىدى» دېگەنلەرنى ئىسپاتلاشقا توغرا كېلەتتى. بۈگۈنكى كىشىلەرنىڭ بۇ تاغقا خۇراپىيلارچە چوقۇنۇشى شۈەنزاڭ بايان قىلغان بىر رىۋايەتنى، يەنى تاغ ئىچىدىكى سىرلىق ئاۋاز ۋە ناخشا ـ مۇزىكا ساداسى بۇددا بۇ يەردە «بۇددا ئەقىدىسىنى مەدھىيەلەيدىغان سۆزلەرنى

① مۇشۇ كىتابنىڭ 2 ـ بۆلۈمگە قاراڭ.

ئاڭلاش ئۈچۈن، ئۆز تېنىنى قۇربان قىلغان ئىمىش» دېگەننى نامايان قىلىدۇ.

### ئادىنزەي جىلغىسىدىكى بۇددىزم ئىزلىرى

شۈەنزاڭ ساكيامۇنىنىڭ ئۆزىنى قۇربان قىلىپ، كەپتەرنى قۇتقۇزغان ئورۇندىكى بۇددا مۇنارى ياسالغان جايدىن يولغا چىقىپ، غەربىي شىمالغا قاراپ 200 نەچچە چاقىرىم يول يۈرۈپ، شەننىلوشى (Shan-ni-lo-shih) دەپ ئاتىلىدىغان بىر جىلغىغا يېتىپ كەلگەن. بۇ يەردە بىر تۈركۈم بۇددىزم ئىزلىرى بار ئىدى. بۇ جاينىڭ گىرالەي بىلەن بولغان ئارىلىقى ۋە ئورنىنى پولكوۋنىك دېئان دەلىللىگەن. ئۇ شاننى لۇشىخنى چاكدارراغا تۇتىشىدىغان ئادىنزەي (Adīnzai) جىلغىسىغا جەزملەشتۈرگەن. دەريانىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى بىرقانچە ئورۇندا بۇددا دىنى ئىبادەتخانىلىرىنىڭ ئىزلىرى ساقلىنىپ قالغان. بۇنىڭ بىلەن «يىلان دورىسى» دەپ ئاتىلىدىغان ساڭرام ۋە ئەتراپتىكى چوڭ بۇددا مۇنارى سۇما (Su-mo)نىڭ ئورنىنى بېكىتىش تېخىمۇ قىيىنلىشىپ كەتكەندى. ئېيتىلىشىچە، بۇ ئىككى جايدىكى بۇددىزم ئىزلىرى بۇددا بۇرۇن پادىشاھقا پال ئاچقاندا ياسالغانىكەن. بۇددا ئۆزىنىڭ تېنىنى چوڭ بوغما يىلانغا ئايلاندۇرۇپ، يىلان دورىسى قىلىپ، ئاچارچىلىق ۋە كېسەللىك ئازابىنى تارتقانلارنىڭ ئۇنى كېسىپ يەپ، ئاچارچىلىق ۋە ئاغرىق ئازابىدىن قۇتۇلۇشىغا تەقدىم قىلغان. ساپار (Sapar) ۋە ئاندانىدېرى (Andāndhērī) دىكى يېمىرىلىپ كەتكەن تاقىر دۆڭلەرنى دەل يۇقىرىقى قۇرۇلۇشلارنىڭ ئىزنالىرى، دەپ قارىغان. بۇ ئىزلار دەل باجاۋرغا بارىدىغان يولغا يېقىن جايغا ھەمدە ھازىرقى چىترالغا بارىدىغان ھەربىي ئىشلار يولىدىن غەربكە بۇرۇلۇپ، كاتگالا (Kātgala) تاغ ئېغىزىغا بارىدىغان ئەگمەچكە جايلاشقان. مەن 1896 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا بۇ خارابىلەرنى زىيارەت قىلىپ، كېيىن سۇما (Sūma) دېگەن بۇ ئىسمنى شۇ يەرلىكلەرنىڭ بىلمەيدىغانلىقىنى ئېنىقلاپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

چىقتىم. 1906 ـ يىلى بۇ يەردىن تېز سۈرئەتتە ئۆتكەچكە، بۇ يەردە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشقا ۋاقىت يېتىشمىدى. ئۇنداق بولمىغان بولسا، مۇشۇ خارابىلەرنىڭ خاراكتېرى قاتارلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ كېتىشكە پايدىسى بولاتتى. «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» دە، جىلغىنىڭ شىمالىي تەرىپىگە يېقىن بولغان ئېگىز تىك غارنىڭ بىر تەرىپىدە كېسەلگە شىپا بولىدىغان بىر بۇلاق، ئۇنىڭ يېنىدا بىر ستوپا ياكى ئىبادەتخانا بارلىقى بايان قىلىنغان. كىشىلەر شۇنىڭغا ئىشىنىدۇكى، بۇددا ئالدىنقى ئۆمرىدە تۇز شاھى بولغاندا، تۇمشۇقى بىلەن غارنى تېشىپ بۇلاق سۈيىنى چىقارغان ئىمىش. پولكوۋنىك دېئاننىڭ قارىشىچە، گۇدايخۇۋار (Gudai-khwar) كەنتىدىكى بۇ خارابە لارام (Laram) تېغىدىكى تىك غارنىڭ يانباغرىغا جايلاشقان بولۇپ، چاكداراغا 10 نەچچە مىل كېلىدىكەن. يېقىنقى يىللاردىن بېرىقى نىسبەتەن ياخشى مۇھىتىنىڭ تەسىرىدە ئۇ يەردىكى بىر بۇلاقتىن قايتىدىن سۇ ئېتىلىپ چىققان. 1897 ـ يىلى يىل ئاخىرىدا، مەن بۇ يەرنى زىيارەت قىلغانىدىم. بۇنىڭ بىلەن يۇقىرىقى كۆزقاراشنى قوبۇل قىلىشقا مايىل بولدۇم. مەن بۇ يەردە بۇددا مۇنارىنىڭ بىرەر خارابىسىنى شۇنىڭدەك ساداقەتمەن مۇرىتلار تاش ئۈستىدە دائىم ئۇچرىتىدىغان تۇز قۇشىنىڭ ئىزنىمۇ بايقىمىدىم.

### شۇەنزاڭنىڭ ئەجدىھا كۆلى توغرىسىدىكى بايانى

شۇەنزاڭنىڭ ساياھەت خاتىرىسىدە كىشىنىڭ دىققىتىنى ئەڭ جەلپ قىلىدىغان بۇددىزم ئىزلىرى لەنبولۇ (蓝勃卢) دېگەن تاغدىكى ئەجدىھا كۆلى (dragon lake)دە ئىدى. بىر رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، سۈرگۈن قىلىنغان ساكيا ئۇرۇقىدىكى بىر كىشى ئەجدىھا شاھىنىڭ قىزىغا ئۆيلىنىپ، ئۇدىيانا بەگلىكى خان جەمەتىنىڭ قۇرغۇچىسى بولۇپ قالغان. ئەجدىھا كۆلىنىڭ ئورنى

مۇنگالىنىڭ شىمالىغا تۆت ـ بەش مىل كېلىدىغان جايدىكى بىر ئىبادەتخانىنىڭ غەربىي شىمالىدىن 140 ياكى 150 چاقىرىمچە يىراقلىقتا بولۇپ، ئېھتىمال ساكا (Ṡāidgai) دېگەن كۆل بولۇشى مۇمكىن. پولكوۋنىك دېئاننىڭ ئارخېئولوگىيە جەھەتتىكى ئاساسلىرى، توپلىغان ماتېرىياللىرىدىن قارىغاندا، مەزكۇر كۆل داروراا (Darōra) نىڭ ئەتراپىدىن پەنجكورا دەرياسى ئاۋشىرى (Aushiri) جىلغىسىنىڭ بېشىغا قۇيۇلىدىكەن. ئېيتىلىشىچە، مەزكۇر كۆلنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىر مىل كېلىدىغان بولۇپ، كىشىلەر كۆل بويىدا دائىم كۆرىدىغان جىنس (Jins)قا ئېتىقاد قىلىدىكەن. بۇ شۇ يەردىكى كونا ئەنئەنىنىڭ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. سىۋاتنىڭ يۇقىرى ئېقىنى بىلەن پەنجكورا ئارىلىقىدىكى تاغلىقلاردا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارالمىدىم. شۇڭا، پولكوۋنىك دېئاننىڭ كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان كۆزقاراشلىرىنى يەنە تەكىتلەپ يۈرمەيمەن.

### ۋۇكۇڭنىڭ ئۇدياناىدىكى ساياھىتى

ئۇديانانى زىيارەت قىلغان ھەمدە بۇ توغرىسىدا تەپسىلىي خاتىرە قالدۇرۇپ، غەربكە نوم ئېلىشقا بارغۇچى جۇڭگولۇق ۋۇكۇڭ ئىدى. شۈەنزاڭ ھەزرەتنىڭ بۇ ئىخلاسمەن ۋارىسى مىلادىيە 751 ـ يىلىدىن 790 ـ يىلىغىچە ھىندىستاننى ساياھەت قىلغان. بۇ دەل جۇڭگونىڭ غەربىي يۇرتتىكى تەسىرى تېزدىن ئاجىزلاۋاتقان مەزگىل بولغاچقا، ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە كىچىك ئاسىيا ئارقىلىق ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمال رايونىنى زىيارەت قىلغان جۇڭگولۇق ئاخىرقى ساياھەتچى ئىدى. گەرچە ئۇ ھىندىستاندا تۇرغان ۋاقتىنىڭ زور بىر قىسمىنى قەندھەر ۋە ئۇنىڭغا يېقىن ئەتراپتىكى ئۇدياناادا ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ يەرلەر توغرىسىدىكى خاتىرىلىرى ئىنتايىن ئاز ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ نوم ئەكىلىش سەپىرىدىكى كاشغەردىن ئۇدياناغىچە

بولغان يول لىنىيەسىنى ئاددىي، ئىخچام خاتىرىلىگەن بولۇپ، بۇ مېنىڭ قىزىقىشىمنى قوزغىدى. ۋۇكوڭ مىلادىيە 751 ـ يىلى جۇڭگونىڭ بىر ئەلچىلەر ئۆمىكىگە ئەگىشىپ، زابۇلىستان (كەشمىر، Chi-pin)، كابۇل دەرياسى ۋە قەندەھەر رايونىنى كۆرسىتىدۇ)غا كەلگەن. بۇ، ئالدىنقى يىلى (750 ـ يىلى) دىكى مەزكۇر بەگلىك پادىشاھى ئەۋەتكەن ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ زىيارىتىگە قارىتا جاۋاب قايتۇرۇش زىيارىتى ئىدى. ئۇلار كۆكئارت (پامىر) ئارقىلىق «بەش شىغنان»غا كەلگەن. مەزكۇر بەگلىك جايلاشقان ئورۇننى شاۋان ئەپەندى نەقىل كەلتۈرگەن «تاڭنامە» دىكى ئابزاسلار ئارقىلىق ئىسپاتلىغاندا، ئۇ ھازىرقى ئامۇ دەرياسىنىڭ يۇقىرىسىدىكى شىغنان (Shighnān) نى كۆرسىتىدۇ. بۇ يەر ئارقىلىق ئۇلار داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەپ، ۋاخان دۆلىتى (Hu-mi، ھازىرقى ۋاخان قىيپاش تۇزلەڭلىكى) ئارقىلىق سىياماكا بەگلىكىگە يېتىپ كەلگەن. بۇ يەرنىڭ ئورنىنى بىز باشقا يەردە ئېنىق كۆرسىتىپ ئۆتكەندۇق. ئۇ ھازىرقى مەستۇجدىن ئىبارەت. بۇ يول لىنىيەسى ناھايىتى ئېنىق تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، بۇ يول قارىماققا ئەگرى ـ بۈگرى بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە جۇڭگولۇق سانغۇن گاۋ شيەنجىنىڭ مىلادىيە 747 ـ يىلىدىكى يىراققا يۈرۈش سەپىرىدە ماڭغان يول بىلەن ھەقىقەتەنمۇ مۇناسىۋەتلىك ئىدى. شۇ قېتىمقى يىراققا يۈرۈش سەپىرىدە، سانغۇن قوشۇنلىرىنى يېتەكلەپ، بۈگۈنكى قەشقەردىن يولغا چىقىپ، ياسىنغا مۇۋەپپەقىيەتلىك باستۇرۇپ كىرگەن. ئاخىرىدا بۇنى يەنە بايان قىلىشىمىز. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ۋۇكوڭنىڭ ھەمراھلىرى مەستۇجقا بىرىشتا باروغىل تېغىنىڭ ئېگەرسىمان يېرىدىن ئۆتكەن بولۇشى مۇمكىن. نەتىجىدە، ۋاخان قىيپاش تۇزلەڭلىكى ئارقىلىق ھىندىقۇش تېغىدىن ئۆتۈشكە ناھايىتى قولايلىق يول ھازىرلانغان. پەقەت بىر قانچە يىلنىڭ ئالدىدىلا بۇ يول سانغۇن

گاۋ شيەنجى قوشۇنلىرىنىڭ بۇ يەردىن غەلىبىلىك ئۆتكەنلىكىنىڭ شاھىتى بولغانىدى.

### ۋۇكوۋگىنىڭ مەستۇج ۋە ياسىنغا بېرىش لىنىيەسى

يارخۇن (Yārkhun R.) دەرياسىنىڭ بېشىدىكى باروغىلدىن باشلاپ، گاۋ شيەنجى بىلەن ۋۇكوۋگىنىڭ ماڭغان يولى ئايرىلىپ كەتكەنىدى. گاۋ شيەنجىنىڭ قوشۇنلىرى بىۋاستە تىك ۋە ئېگىز داركوت تاغ ئېغىزىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ياسىن قىيپاش ئويمانلىقىغا كىرگەن. لېكىن، ۋۇكوۋۇڭ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى يارخۇننى بويلاپ بىر بۆلەك مۇساپىنى باسقاندىن كېيىن، ياسىننىڭ تەۋەلىكىگە كىرىپ، ئاندىن ئۇدياناغا بارغان. يۇقىرىدىكىسى پەقەت ۋۇكوۋگىنىڭ خاتىرىسىدە كۆرسەتكەن يولنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. سىياماكا بەگلىكىدىن ئۆتۈپ، كېلەن بەگلىكىگە، ئاندىن لەنسو (Lan-so) بەگلىكىگە، (葛篮) ئاخىرىدا نيېخې (孽和) بەگلىكىگە كېلىپ، ئاندىن ئۇديانا (Wu-ch'ang) ياكى ۋۇچاڭ، ۋۇچا) بەگلىكىگە كېلەتتى. نيېخې بەگلىكىنىڭ نامىنى شاۋان ئەپەندى نيېدو (Yeh-to) دەپ ئاتىغان. شۈبھىسىزكى، بۇ خىل ئاتاشمۇ توغرا ئىدى. «تاڭنامە»دە چۈشەندۈرۈلۈشچە، نيېدو كىچىك بولۇر بەگلىكى (ھازىرقى ياسىن)نىڭ مەركىزى ئىكەن.

ۋۇكوۋۇڭ مىسال ئېلىپ كۆرسەتكەن يېخو بەگلىكىدىن بۇرۇنقى ئىككى بەگلىكنىڭ ئەھۋالىنى چۈشىنىش ئانچە قىيىن ئەمەس. پەقەت بۇ تاغلىق رايوننىڭ ھازىرقى يەر شەكلىنى تەكشۈرۈپ كۆرسەكلا كۇپايە قىلىدۇ. يارخۇ دەرياسىنىڭ تۆۋىنىدىن سىياماكاغا، يەنى مەستۇجنىڭ يۇقىرىسىدىكى تېرىقچىلىق رايونىغا بارغاندىن كېيىن، ئۇ يەردىن ياسىنغا بارىدىغان ئەڭ قولايلىق يول مەستۇجدىن لاسپۇر (Lāspur) جىلغىسىغا بېرىپ، شاندۇر (Shandur) تاغ ئېغىزىدىن ئۆتۈپ، شەرققە قاراپ گىزەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئويمانلىقىغا كىرىدىغان يول ئىدى. بۇ قىپپاش ئويمانلىق گۇپىس (Gūpis)تا ياسىن قىپپاش ئويمانلىقى بىلەن تۇتىشاتتى. بۇ يول يارخۇ دەريا جىلغىسى بىلەن گىلگىت - ياسىن دەرياسى سۇ چىقىرىش رايونىدىكى ئاساسلىق تاشيول لىنىيەسى بولۇپ، پەرىزىمىزچە ۋۇكۇڭ بىلەن ھەمراھلىرى دەل مۇشۇ يول ئارقىلىق ماڭغان. سىياماكا بەگلىكىنىڭ مەركىزىنى «تاڭنامە» دە ئاشىيۇشىدو (A-shê-yü-shih-to) شەھىرى دەپ چۈشەندۈرگەن. مېنىڭ تەكشۈرۈشۈمچە، بۇنى كۆز ئالدىمىزدىكى شۇيىست (Shuyist) قىشلاقلىرىغا باغلاپ تەكشۈرۈپ ئىسپاتلاش كېرەك. ۋۇكۇڭ ئاشىيۇشىدو شەھىرىدىن چىققاندىن كېيىن، چوقۇم مەستۇج (ھازىرقى يارخۇ دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىن رايونىدىكى مەمۇرىي ئىشلار مەركىزى) ئارقىلىق لاسپۇردىن ئۆتكەن. روشەنكى، بۇ تار ئەمما مۇنبەت جىلغىنى ۋۇكۇڭ «لەنسو» دەپ ئاتىغان. ئۇ لاساپۇرا (Lasapura) دېگەن يەرلىك ئىسىمنى قىسقارتىپ شۇنداق ئاتىغان بولۇشى مۇمكىن. ھازىر مەن تېخى «گېلەن» دېگەن سۆز توغرىسىدا كىشىنى قايىل قىلارلىق پاكىتنى ئوتتۇرىغا قويالمىساممۇ، شۈبھىسىزكى، بۇ ئىسىمنى تۆۋەندىكى ئىككى يەر نامىنىڭ قەدىمكى ئاتىلىشى دېيەلەيمەن، يەنى مەستۇجنىڭ ئۆزى ياكى يارخۇ دەرياسىنىڭ يۇقىرىسىدىكى برېپ (Brep) ياكى مىراگرام (Mīragrām) غا ئوخشاش مۇھىم قىشلاقلارنىڭ بىرىدۇر.

### ۋۇكۇڭ سەپەرگە چىققان مەزگىلدىكى سىياسىي ۋەزىيەت

ئەلۋەتتە، ۋۇكۇڭنىڭ ھەمراھلىرىنىڭ يۇقىرىقى يولنى تاللاپ، داركوت تاغ ئېغىزىدىن ئۆتمىدىغان يەنە بىر قولايلىق يولدىن ۋاز كەچكەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى مۇتلەق ھالدا مۇئەييەنلەشتۈرۈپ كەتكىلى بولمايدۇ. كۆپچىلىككە مەلۇم، فاشىيەن دەل مۇشۇ يولنى بويلاپ، مۇشۇ تاغ ئېغىزىدىن ئۆتۈپ،

پامىر ئارقىلىق دارىل ۋە ئۇدياناغا كىرگەن①. ئوخشاشلىقى
شۇكى، يارخۇ دەرياسىنى بويلاپ مېڭىش جەريانىدا، ئۇلار داۋاملىق
ئالغا ئىلگىرىلىمەستىن، چىترالغا كەلگەندىن كېيىن شۇ يەردىن
دىر ئارقىلىق سىۋاتقا يېتىپ بارغان. خەيرىيەتكى، جۇڭگونىڭ
تارىخىي كىتابلىرى بىزنى ئەينى ۋاقىتتىكى جۇڭگونىڭ
سىياسىي تەسىرىگە ئائىت زور مىقداردىكى توغرا ئۇچۇرلار بىلەن
تەمىن ئەتتى. شۇ چاغدىكى تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقىدىكى
تارىم ئويمانلىقىنى ئاساس قىلغان جۇڭگونىڭ ئەمەلىي كۈچى
خارابىلىشىشتىن بۇرۇن، ئۇنىڭ ئەمەلىي كۈچى ھىندىقۇش
تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى ۋادىغا كېڭەيگەن. بۇ ئۇچۇرلار بىزنىڭ شۇ
جاينىڭ تارىخىي ۋەزىيىتىنى تەتقىق قىلىشىمىزغا پايدىلىق
بولۇپ، بۇ رايونلار دەل ۋۇكۇڭ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى نوم
ئەكىلىش ئۈچۈن ماڭغان يولنىڭ ئەتراپىغا جايلاشقان بولۇشى
مۇمكىن.

ئەڭ دەسلەپتە شاۋان ئەپەندى جۇڭگو دىپلوماتىيە
ئەلچىلىرىنىڭ خاتىرىلىرى ۋە تارىخىي خاتىرىلەردىن بىر قاتار
قىزىقارلىق يازمىلارنى كۆچۈرۈۋالغان. مەنمۇ باشقا يەردە ئۇنى
مۇھاكىمە قىلىپ ئۆتكەنىدىم. بۇ يازمىلاردىن شۇنى بىلىۋالغىلى
بولىدۇكى، تەخمىنەن مىلادىيە 8 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا
جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ كونا رەقىبى بولغان تىبەتلەرنىڭ
ھىندىقۇش تېغىنى بويلاپ، غەربكە كېڭىيىشتەك كۈچىنى پۈتۈن
كۈچ بىلەن توسۇش ئۈچۈن، ئامۇ دەرياسى ئېقىنىدىكى مىللەتلەر
بىلەن بىرلەشكەن. ئەمما، جۇڭگونىڭ تىرىشچانلىقى ياسىن ۋە
گىلگىت رايونلىرىغا يېتىپ بارمىغان. گاۋ شيەنجى
مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا تىبەتلەرنىڭ ئىشغالىيىتىدىن كىچىك
بولۇر (ھازىرقى ياسىن ۋە گىلگىت) نى تارتىۋېلىپ ئىككى يىل
ئۆتكەندە، بۇ رايون يەنە تىبەت ۋە چېخشىخ بىرلەشمە
ئارمىيەسىنىڭ تەھدىتىگە ئۇچرىغان. تەكشۈرۈشۈمچە جېيشى

① مۇشۇ بابنىڭ 2 - بۆلۈمىگە قاراڭ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

دېگەن بۇ جاي دەل ھازىرقى چىترال ئىكەن. مىلادىيە 750 ـ يىلى گاۋ شيەنجى توخارىستان (Tokhāristān) شاھزادىسىنىڭ ياردىمى بىلەن چىترال ھۆكۈمرانلىرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا مەغلۇپ قىلىپ، ئىنىسىنى تەختكە ئولتۇرغۇزغان. لېكىن، كېيىنكى يىلى گاۋ شيەنجى يېتەكچىلىكىدىكى تاڭ قوشۇنى ئەرەبلەرنىڭ ئەجەللىك زەربىسىگە ئۇچرىغان.

## ۋۇكۇڭ ماڭغان يول لىنىيەسى

شۇنىڭدىن باشلاپ تاڭ سۇلالىسىنىڭ تارىم ئويمانلىقىدىكى ئەمەلىي كۈچى ئەڭ ئاز بىر قىسىم خوراشقا باشلىغان، بۇنىڭ بىلەن بىر قاتار ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىققان، يەنى كىچىك بولۇردا تۇرۇشلۇق جۇڭگو لەشكەرلىرى تەمىنات جەھەتتە كەشمىرگە تايانغانلىقى ئۈچۈن، خەتەرلىك ئەھۋالدا قېلىپ، بۇ يەرنى ئۇنۇملۇك تىزگىنلەش ئىمكانىيىتى قالمىغانلىقىنى دوكلات قىلغان. مىلادىيە 751 ـ يىلى ياكى 752 ـ يىلى ۋۇكۇڭ مۇشۇ جايدىن ئۆتكەندە، بۇ قوغدىغۇچى قوشۇننىڭ بۇ يەردە يەنىلا بار ـ يوقلۇقى تېخى ئېنىق ئەمەس ئىدى. ئەمما، ئېنىق بولغىنى شۇكى، گاۋ شيەنجىنىڭ بالا ـ قازاغا يولۇقۇشى تۈپەيلى، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەۋزەللىكى پۈتۈنلەي يوقالغان، ۋۇكۇڭ بىللە ماڭغان ئەلچىلەر ئۆمىكىگە تىبەتلىكلەر ۋە ئۇنىڭ ئىتتىپاقداشلىرىدىن كېلىدىغان خەتەر تېخىمۇ كۆپەيگەن. دەل مۇشۇ قالايمىقان سىياسىي ۋەزىيەت تۈپەيلىدىن، جۇڭگولۇق ساياھەتچىلەر خىلۋەت يولنى تاللاشقا مەجبۇر بولغان. شۈبھىسىزكى، گىلگىت دەرياسى تەرەپكە قاراپ مېڭىش ئۇلارنى تىبەتلەرنىڭ توسۇپ زەربە بېرىشىدەك خەتەرلىك ئەھۋالغا دۇچار قىلاتتى. شۇڭا، مۇنداق بىر كۆزقاراشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتكىلى بولىدۇ، يەنى «كىچىك بولۇر»نىڭ ئورنى تامامەن گىلگىت دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىن رايونىغا تەۋە ئەمەس، ئۇ يەر سىياسىي جەھەتتە دائىم ياسىنغا بېقىناتتى. بۇ يەردە يەنە

چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى، ئېيتىلىشىچە، گىزەر قىشلىقىدىن باشلىنىدىغان ناھايىتى ياخشى بىر يول بار بولۇپ، دەريا جىلغىسىنىڭ قىرغىقىنى بويلاپ جەنۇبقا ماڭغاندا، سىۋات دەرياسىنىڭ بېشىغا بارغىلى بولاتتى.

### ۋۇكوڭنىڭ ئۇدىيانا توغرىسىدىكى خاتىرىسى

كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغىنى شۇكى، ۋۇكوڭ گەرچە ئۇدىيانادا خېلى ئۇزاق تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بۇ يەر توغرۇلۇق يېزىلغان خاتىرىسى ناھايىتى ئاددىي بولغان. ئۇ ئۇدىيانا بەگلىكىگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، يەنە ماڭىپ بەگلىكى ۋە گاۋتوچېڭغا بارغان، ئاندىن مودەن بەگلىكى ۋە ھىندى شەھىرىگىمۇ بارغان. ئەڭ ئاخىرىدا مىلادىيە 753 ـ يىلى باھاردا جۇڭگو ئەلچىلەر ئۆمىكى قەندەھەر بەگلىكىگە كېلىپ، ئاخىر ئۆزلىرىنىڭ نىشانى بولغان زابۇلىستان بەگلىكىنىڭ شەرقىي پايتەختىگە يېتىپ بارغان. ناھايىتى ئېنىقكى، كابۇلدىكى تۈرك قاغانى شاھىس (Ṡāhis) نىڭ قىشلىق تۇرارگاھى ھازىرقى ئۇند ( Und، سانسكرىت تىلىدا ئۇدابانىدا دەپ ئاتىلىدۇ) بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. زابۇلىستان (كەشمىر) بەگلىكى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئۇلارنى ئىنتايىن قىزغىن كۈتۈۋېلىشتىكى ئارزۇسى، شۈبھىسىزكى، مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن ياردەمگە ئېرىشىپ، ئەرەبلەرنىڭ تەھدىتىگە تاقابىل تۇرۇش ئىدى. ھىندى شەھىرىگە قىلغان سەپەرلىرىدىن باشقا، بۇرۇنقى سەپەرلەر ئىچىدىن پەقەت ماڭىپ دېگەن يەرنى جەزملەشتۇرەلەيمەن. ئۇ بەلكىم مەنگالاپۇرا (سانسكرىت تىلىدا Maṅgalapura مانگلاپۇرا دېيىلىدۇ) بولۇشى مۇمكىن. ۋۇكوڭ قەندەھەردىكى ۋاقتىدا ئاغرىپ قالغانلىقى ئۈچۈن شۇ يەردە قېلىپ، ئۆمەك بىلەن بىللە قايتىپ كېلەلمىگەن. مىلادىيە 759 ـ يىلىدىن باشلاپ، ئۇ راھىب بولۇپ كەشمىردىن بىخار (Bihār)غا بېرىپ كۆپ قېتىم تاۋاپ قىلغان. ئۇ ئۇدىياناغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن (بۇ ئىش مىلادىيە 768 ـ

www.uyghurkitap.com

يىلىدىن بۇرۇن بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ خېلى كېيىن بولغان بولۇشى مۇمكىن)، ماشىئىبو ئىبادەتخانىسىدا بىر مەزگىل تۇرغان. ئۇ كېيىن بىزگە مەزكۇر بەگلىكتە سۇخاۋاتى (Sukhāvatī) ۋە پادماۋاتى (Padmāvatī) دەيدىغان ئىبادەتخانىلارنىڭ بارلىقىدىن مەلۇمات بەردى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇنى رازى قىلغىنى شۇكى، «ساياھەت قىلىش جەريانىدا بارلىق مۇقەددەس جايلارنىڭ ھەممىسىنى زىيارەت قىلالىغان، ئۇنىڭ كۆرگەنلىرى بىلەن ‹بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى› دىكى بايانلار قىلچە پەرق قىلمىغان». ۋۇكۇڭنىڭ جۇڭگوغا قايتىپ كەلگەن ۋاقتى مىلادىيە 783 ـ يىلىدىن 790 ـ يىلى ئارىلىقىدا بولۇپ، ئوخشاشلا كابۇل دەرياسى ۋە بەدەخشان ئارقىلىق قايتىپ كەلگەن. بۇنىڭ تەپسىلىي مەزمۇنى توغرىسىدا باشقا ئورۇندا توختىلىمەن.

### جۇڭگونىڭ تارىخنامىلىرىدىكى ئۇديانا

تاۋاپ قىلغۇچىلارنىڭ خاتىرىلىرىدىن سىرت، جۇڭگونىڭ تارىخ ماتېرىياللىرىدىكى ئۇديانا توغرىسىدىكى خاتىرىلەر پەقەت شىمالىي ۋېي ۋە تاڭ سۇلالىسى دەۋرلىرىدىكى تارىخىي كىتابلاردىكى ئاددىي خاتىرىلەر بىلەنلا چەكلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ بەگلىك ھەققىدە بىزگە بەرگەن ئۇچۇرلىرى ئاساسەن بىز يۇقىرىدا مۇھاكىمە قىلىپ ئۆتكەن ساياھەت خاتىرىلىرىدىن كەلگەن. ئەمما، كىشىنى قىزىقتۇرىدىغىنى شۇكى، بۇنىڭغا جۇڭگو بىلەن بولغان سىياسىي مۇناسىۋەت جەھەتتىكى بەزى تەپسىلاتلار قوشۇلغان.

«تاڭنامە»دىكى ئالاقىدار ئادەتتىكى خاتىرىلەر «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى»دىن كەلگەن. شاۋان ئەپەندى ئۇنىڭ تەرجىمىسىنى نەشر قىلدۇرغاندى. «تاڭنامە» دىكى

مۆلچەرلەرگە ئاساسلانغاندا، «ئۇدا» ياكى «ئۇديانا» دەپ ئاتىلىدىغان ئۇديانا بەگلىكىنىڭ دائىرىسى 5000 چاقىرىمدىن كۆپرەك كېلىدىكەن. ئۇنىڭ شەرق تەرىپىدە بولۇر دەپ ئاتىلىدىغان بەگلىك بار بولۇپ، ئارىلىقى 600 چاقىرىمچە كېلىدىكەن. مۇشۇ ئارىلىق بويىچە مۆلچەرلىگەندىمۇ، ئۇ شۈەنزاڭنىڭ خاتىرىسىدىكى مالۇر، يەنى بولۇر بىلەن دارېل ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىققا توغرا كېلىدۇ. كېيىنكىسى «تاڭنامە»دىمۇ تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، ئۇ بەگلىكنىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان، ئۇ ئۇديانا بەگلىكىنىڭ ئەسلىي ئورنى دېيىلگەن. ئۇنىڭ شىمالىي تەرىپىدىن 400 چاقىرىم يىراقلىقتا زابۇلىستان (كەشمىر) بەگلىكى بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىنى پۇراشاپۇرا (Puruṣapura) ياكى پېشاۋۇر دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئۇ قەندەھەرنىڭ مەركىزى بولۇپ، كېيىن كابۇل دەرياسى ۋادىسى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن. ئۇنىڭدا مۇنداق تەسۋىرلەنگەن: «تاغ ۋە جىلغىلار ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئالتۇن، تۆمۈر، ئۇ يەردىن ئۈزۈم ۋە گۈل - گىياھلار چىقىدىكەن. شال يىلدا بىر پىشىدىكەن، ئادەملىرى ھىيلىگەررەك بولۇپ، سېھىرگەرلىكنى ياخشى كۆرىدىكەن. بۇ دۆلەتتە ئۆلۈم جازاسى يوق بولۇپ، ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىنغانلار قاقاس تاغلىققا سۈرگۈن قىلىنىدىكەن، جىنايىتى بار - يوقلۇقىدىن گۇمان قىلسا، دورا ئىچۈرۈپ، گۇناھى بار - يوقلۇقىنى ۋە گۇناھىنىڭ ئېغىر - يېنىكلىكىنى بېكىتىدىكەن. بۇ دۆلەتنىڭ بەش شەھىرى بار بولۇپ، پادىشاھ مۇنگالى شەھىرىدە تۇرىدىكەن. ئۇنىڭ شەرقىي شىمالىدا دارېل، يەنى ئۇديانانىڭ ئەسلىي ئورنى بار ئىكەن».

## ئۇديانا بىلەن قەندەھەرنىڭ مۇناسىۋىتى

مىلادىيە 642 - يىلىدىكى بىر پارچە خاتىرىدە تىلغا ئېلىنىشىچە، ئۇديانانىڭ پادىشاھى تامويىن توخوسۇ

www.uyghurkitap.com

(Ta-mo-yin-t'o-ho-ssŭ) بىر ئەلچىنى تاڭ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى چاڭئەنگە ئەۋەتىپ، كامفورا قاتارلىق پۇراقلىق بۇيۇملارنى سوۋغا قىلغانلىقى توغرىسىدىكى بىر ئىش بىلەن «تاڭنامە»دە خاتىرىلەنگەن زابۇلىستان بەگلىكىنىڭ پادىشاھى سوۋغا تەقدىم قىلغان ئىشتىن شۇنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، ئۇدۇن بەگلىكى بىلەن كەپىش قەندەھەر (Kapiśa – Gandhāra) بەگلىكى تېخى بىرلەشمىگەن ھەمدە بىر پادىشاھنىڭ باشقۇرۇشىدا بولمىغان. ئۇلار بىر ئەسىردىن كېيىن بىرلەشكەن بولۇپ، بۇنى ئەينى چاغدىكى تاڭ سۇلالىسى پادىشاھىنىڭ يارلىقىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇ يارلىق «تاڭنامە»دىن كۆچۈرۈۋېلىنغان بولۇپ، ئۇ زابۇلىستان پادىشاھى پوفۇچۇن (Po-fu-chun) غا ئىنئام قىلىنغان. ئۇنىڭغا «زابۇلىستان – ئۇدىيانا پادىشاھى» دېگەن نامغا ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقى بېرىلگەن. جۇڭگو ئوردىسى ناھايىتى ئەمەلىي سىياسىي سەۋەبلەر بىلەن يىراقتىكى ئۇدىيانا بىلەن بولغان ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتىنى راۋاجلاندۇرغان. بۇ «تاڭنامە» ۋە «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۈرنەكلەر» نىڭ مۇناسىۋەتلىك ئابزاسلىرىدا ناھايىتى قىزىقارلىق ھالدا خاتىرىلەنگەن. بۇ ئىككى كىتابتىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، مىلادىيە 720 – يىلى پادىشاھ شۈەنزۇڭ ئۇدىيانا، قوتىل، سىياماكا (يەنى مەستۇج)غا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ ئەرەبلەرنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشىگە قارشىلىق كۆرسەتكەنلىكىنى تارتۇقلاپ، ئۇ يەرنىڭ ھۆكۈمرانلىرىغا پادىشاھ دەپ نام بەرگەن. بىر ئابزاس خاتىرىدە ئەرەبلەرنىڭ ئۇدىيانانىڭ شەرقىي چېگراسىغىچە باستۇرۇپ كەلگەنلىكى تىلغا ئېلىنغان. بۇ بىر ئابزاس خاتىرىدە جۇڭگونىڭ ئەرەبلەرنىڭ 8 – ئەسىرنىڭ ئالدىنقى 10 يىلىدا يىراقتىكى ھىندى دەرياسىنىڭ يۇقىرىسىدىكى سىند (Sind) قاتارلىق جايلارنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا تالان – تاراج

قىلغانلىقى توغرىسىدىكى تەسىراتى ئەكس ئەتكۈزگەن.

# 4 ـ بۆلۈم تالاش ۋە دىردىن ئۆتۈش

**ئادىنزەي جىلغىسىدىكى خارابىلەر**

مۇشۇ بابنىڭ بىشىدىلا ئوبيېكتىپ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، 1906 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا، ئۇدىيانا رايونىدىن ئالدىراش ئۆتكەچكە، يول بويىدىكى نۇرغۇن خارابىلەرنى سىستېمىلىق تەكشۈرۈشكە ئامالسىز قالدىم، دېگەنىدىم. 4 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى مەن ئاتقا مىنىپ، ھەربىي ئىشلار ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان كەڭ تاشيول ئارقىلىق چاكدارادىن پەنجكوراغا ماڭغان ۋاقتىمدا، مېنىڭ ئادىنزەي تۈزلەڭلىكىدىكى ئاشۇ بۇددا مۇنارلىرى ۋە ئىبادەتخانا خارابىلىرىنى قايتا زىيارەت قىلىشىمغا ۋاقىت چىقمىدى. ۋۇچ (Wuch) دەرياسىنىڭ بويىدىكى كەڭ ۋە مۇنبەت قىيپاش تۈزلەڭلىكنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تاغ تۈمشۇقىغا ياسالغان قەدىمىي مۇنار ۋە ئولتۇراق ئۆي خارابىلىرىنى دەللىلىشىمگىمۇ ۋاقىت چىقمىدى. يول غەربكە ئېگىلگەنلىكى ئۈچۈن، سىۋات ۋە پەنجكورانى ئايرىپ تۇرىدىغان كاتتىلا تاغ ئېغىزىغا يېتىپ كەلدىم، كۆزىتىشكە ئەپلىك بىر جاينى تېپىپ، جەنۇب تەرەپتىكى چاتقاللار يېپىنچا بولۇپ تۇرغان تاغ باغرىدىكى قەدىمىي قورغانلارنىڭ خارابىلىرىدىن تولۇق ھۇزۇرلاندىم ھەم قىلچە كۆزۈم قىيمىغان ھالدا ئۇ يەردىن ئۆتۈپ كەتتىم. ئۇلار چۈشتىن كېيىنكى قۇياشنىڭ نۇرىدا، ئۇلار قارىماققا خۇددى شۇ يەردىكى پاشتۇ (Pashtu) نامىدىكى «سارىمانای (Sarē-mānai)» غا ئوخشايتتى. بۇ نام شۇ يەردىكى قۇمتاش ماتېرىياللىرىنىڭ رەڭگىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، «قىزىل ئۆي» دېگەن مەنىدە ئىدى. بۇ خارابىلەر خۇددى سىۋات دەرياسى ئېگىزلىكىدە كۆرۈلگەن نۇرغۇن خارابىلەرگە ئوخشاش، ھەممىسى بۇددا دىنى دەۋرىگە مەنسۇپ ئىدى. پەقەت بىر ـ ئىككى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى

قېتىملىق تەكشۈرۈش ئارقىلىق، خۇددى مەن 1912 ـ يىلى 1 ـ ئايدا سىۋات دەرياسى ۋادىسىنىڭ جەنۇبىدىكى پالاي (Pālai) ئەتراپىدىكى ئوخشاش خارابىلەر ئۈستىدە ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈشكە ئوخشاشلا، ناھايىتى توغرا ئىسپاتقا ئېرىشكىلى بولاتتى.

### تالاش دەرياسى ۋادىسى

بىز تالاش (Tālāsh) نىڭ كەڭ ۋادىسىغا كىرىپ (3 ـ رەسىمگە قاراڭ)، پەنجكورادىن باجاۋرنىڭ يۇقىرىسىغىچە بولغان قارلىق چوققىلارغا نەزەر تاشلىدۇق ھەمدە كۆزساراي (Kuz-Sarai) ۋە لېۋىي (levy) ئۆتكىگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن، كۈندۈزدىكى ئازراق ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ، ئەزەلدىن كۆڭلۈمگە پۈكۈپ كەلگەن بۇ قېتىمقى سەپىرىمدىكى تۇنجى قېتىملىق ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش خىزمىتىمنى باشلىۋەتتىم. كۆزسارايىنىڭ غەرب — جەنۇب — غەرب تەرىپىدىن ئىككى مىل يىراقلىقتىكى گۈمبات كەنتىدە بىرقەدەر ياخشى ساقلانغان ھىندى دىنى ئىبادەتخانىسىنىڭ خارابىسىنى بايقىدىم. مەزكۇر خارابىنى ئەڭ بالدۇر پولكوۋنىك دېئان تىلغا ئالغانىدى. ئۇنىڭ تەكشىلىكى ۋە ئۇسلۇبىدىن قارىغاندا، مەن سالت (Salt) تېغىدا ئۇچراتقان ئاشۇ ئىبادەتخانىلارغا ئوخشاپ كېتەتتى. لېكىن، ئۇ چاغدا مەخسۇس تەكشۈرۈشۈمگە ۋاقىت يەتمىگەنىدى، ھازىرمۇ شۇنداق بولدى. مەن چوقۇم ئۆز خىزمىتىمنى تېزدىن ئىشلەپ بولۇشۇم كېرەك ئىدى.

ئاساسلىق غول يول جەنۇبقا ئېگىلىپ ئۇزاق ئۆتمەي، ئۆزۈمنىڭ ناھايىتى چوڭ ھەم پىنھان بىر ھويلىدا تۇرغانلىقىمنى سەزدىم. بۇ جالال بابا بۇخارى مەسچىتى بولۇپ، بىر ئەنئەنىۋى ئىسلام دىنى مۇرىتلىرىنىڭ مەسچىتى ئىدى. ھىندى دىنى ئىبادەتخانىلىرى ئۇنىڭ مۇرىتلىرىنى جەلپ قىلىپ كەتكەندىن كېيىن، بىرمەھەل جانلانغان بۇ مەسچىت باشقا



3 ـ رەسىم  تالاش دەريا ۋادىسىغا كۆزسارايدىن باجاۋر تەرەپكە نەزەر

جايلاردىكىگە ئوخشاشلا تاشلىۋېتىلگەن ئىمارەتكە ئوخشاپ قالغاندى. مەن شىلدىرلاپ سۇ ئېقىۋاتقان كىچىك ئېقىننى بويلاپ (ئۇ، بۇ يەلپۈگۈچسىمان ئېقىن چۆكۈندىسىنى مۇنبەتلەشتۇرگەندى)، پەلەمپەيسىمان تاغ باغرىغا چىققىنىمدا، قەندھەر ئۇسلۇبىدا ياسالغان تاش قۇرۇلمىلىق ئىمارەتلەرنى ئۇچراتتىم. ئۇلار تەخمىنەن 15 فۇت ئېگىزلىكتە قالغاندى. ئېنىقكى، بۇلار پەلەمپەي شوتىلارنى تىرەپ تۇرۇش ئۇچۇن ياسالغاندى. تىك ياسالغان تار يول ئارقىلىق گۇمبات كەنتىنىڭ يولىغا چىقىپ، بۇنداق تاش قۇرۇلمىلىق ئىمارەتلەرنى كۆپ ئۇچراتتۇق. بىر قاراشقا ئۇلارنىڭ بەزىلىرى قەدىمكى زاماندىكى ئولتۇراق ئۆي خارابىلىرىگە ئوخشاپ كېتەتتى، لېكىن كۆپىنچىلىرى پەلەمپەي شوتىلارنى تىرەپ تۇرۇش ئۇچۇن ياسالغاندى. هازىرقى پاتخانلار ئاهالىسى بۇنداق مەزمۇت قۇرۇلۇشلارنى ياسىيالمايتتى. ئەمما، ئۇلار تەييار نەرسىدىن پايدىلىنىش بىلەن قانائەتلىنەتتى. ئۇلار ناهايىتى بۇرۇنلا قەدىمىي ئۆيلەرنىڭ ئۇلىدىكى تاشلارنى كولىۋېلىپ، كەپە ئۆي ۋە هويلا تاملىرىنى قوپۇرۇش ئۇچۇن ئىشلەتكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## گۇمباتتىكى ئىبادەتخانا خارابىسى

مەن گۇمبات كەنتىدىن باشلاپلا نەسىللىك پاكار ئېتىمنى شۇ يەردە قالدۇرۇپ قويۇپ، تار جىلغىنى بويلاپ پىيادە مېڭىپ ئىبادەتخانا خارابىسىگە (4 ـ رەسىمگە قاراڭ) يېتىپ كەلدىم. گۇمبات (Gumbat) ياكى «گۇمبەز» (يۇمىلاق تورۇسلۇق ئۆي) دېگەن ئىسىم مۇشۇ يەردىن كەلگەندى. ئىبادەتخانا تەكشى يەرنىڭ بىر بۆلىكىنى ئىگىلىگەن بولۇپ، ئەڭ ئاخىرقى بىر قاتار كەپە ئۆيلەرنىڭ ئۈستى تەرىپىگە سېلىنغانىدى. كەپە ئۆيلەرنىڭ بىر قىسمى جەنۇب ۋە غەرب تەرەپتىكى تاغ باغرىنى كولاپ تۈزلەپ سېلىنغانىدى. بۇنداق ھالەت ماڭا سورتو تېغىدىكى كېتاس (Ketās) قا جايلاشقان ساتغارا (Sāt-ghara) ئىبادەتخانىسى خارابىلىكىنى ئەسلەتتى. بۇلاق سۈيىنى مەنبە قىلغان بىر كىچىك ئېقىن خارابىگە يېقىن جايدىن ئېقىپ ئۆتۈپ، ئەتراپتىكى چىنارلارنى سۇغىرىپ تۇراتتى. 1897 ـ يىلى مەن تۇنجى قېتىم بۇ ئىبادەتخانىنى زىيارەت قىلغاندىن بۇيان، ئۇ يەنە ناھايىتى زور بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغانىكەن. پولكوۋنىك دېئان ئىپتىقانغا ئوخشاش، ناھايىتى ياخشى كېسىۋېلىنغان نۇرغۇن تاشلارنى دېرىدىكى ئۆلۈپ كەتكەن بىر قاغان (Khān) بۇزۇپ ئەكەتكەنىكەن. كەنت ئاھالىلىرىنىڭ بۇ قەدىمكى يادىكارلىقلارنى بۇزۇپ ئەكېتىشى ئىنتايىن ئېچىنىشلىق بىر ئىش ئىدى، بۇ ئىلغار «مەدەنىي» قوللارنىڭ بۇ تامدا قالدۇرۇلغان غەلىتە ئىزنالىرى ئىدى.

1897 ـ يىلىغىچە ساقلىنىپ كەلگەن شەرق ۋە شىمال تامدىكى ئويما تاشلارنىمۇ كىشىلەر تامامەن بۇزۇپ ئەكەتكەنىدى. مەن گۇمبات كەنتىدە يەنە بىرقانچە سېرىق رەڭدىكى ناھايىتى سىپتا تەييارلانغان تاش پارچىلىرى ۋە بىر پارچە يوغان تاش ماتېرىيالنى بايقىدىم، ئۇلار ئەسلىدە بىرەر ئىمارەتنىڭ ئوتتۇرا تۈۋرۈكى ياكى تام تۈۋرۈكىنىڭ بېشى ئورنىدا ئىشلىتىلگەن،



4 ـ رەسىم تالاش دەرياسى ۋادىسىدىكى گۈمبات ئىبادەتخانىسى خارابىلىكى

هازىر ئۇنى بىر تۆمۈرچى كېسىپ ئوچاق ئورنىدا ئىشلىتىلىۋېتىپتۇ. ئىبادەتخانىنىڭ شەرق ۋە غەرب تەرىپىدىكى ئۈچ يوپۇرماق شەكلىدە بېزەلگەن ئىشىك كارىدورى، ئىچكى قەسىردىكى ئىلاھىيەت مۇنارىنىڭ ئىچكى تېمى قاتارلىقلار بۇزغۇنچىلىققا ئاز ئۇچراپتۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۈستىدىكى گۈمبەز شەكلىدە سېلىنغان ئۆيگە تۇتىشىدىغان ئايلانما ئېغىزدىكى تاش تاختاينىڭ كۆپىنچىسى تار، ئۇنىڭ ئۈستىگە مېڭىش ئىنتايىن تەس بولغاچقا ياخشى ساقلىنىپ قالغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

**خارابدىكى قۇرۇلۇشنىڭ سىلىنىش شەكلى**

بۇلار گەرچە يۇقىرىقىدەك بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان بولسىمۇ، جەنۇبىي ۋە شەرقىي تامنىڭ بۇرجەكىدىكى ئۇل تاش ساق بولغانلىقى ھەمدە سورتو تېغى بىلەن ھىندى دەريا ۋادىسىدا قۇرۇلۇش سىلىپشتا ئوخشاشلىق بولغانلىقى ئۈچۈن، تەكشىلىك خەرىتىسى (5 ـ رەسىمگە قاراڭ) نى تېزدىن سىزىپ چىقىش ئىمكانىيىتىمۇ بار ئىدى. مەزكۇر خەرىتىدە ئىبادەتخانىنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى نامايان قىلىنغان. ئۇنىڭدا بىر ئىلاھىيەت مۇنبىرىمۇ بار ئىدى. بۇ مۇنبەرنىڭ ھەممە تەرىپى 9 فۇت 8 دىيۇم بولۇپ، 9 فۇت كەڭلىكتىكى دالان شەرقىي تام بىلەن تۇتىشاتتى، لېكىن دالاننىڭ ئەسلىي كەڭلىكى ھازىرچە نامەلۇم. سەۋەبى، ئۇنىڭ سىرتقى قىسمىدىكى تاش قۇرۇلمىلىق ئىمارەت پۇتۇنلەي قالمىغانىدى، مۆلچەرىمىزچە ئۇستۇنكى قىسمىدا ئۈچ يوپۇرماق شەكلىدىكى ئەگمە ئىشىك بار بولۇپ، بۇنى يان تامدىكى ئىزدىن كۆرۈۋالغىلى بولاتتى. دالاندىن ئىلاھىيەت مۇنبىرىگە كىرىدىغان ئېغىزنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى نامەلۇم بولۇپ، ئۇ تىك تۆت بۇلۇڭ شەكلىدە ئىدى. ئۇنىڭ يان تەرىپىگە ياپىلاقراق تام تۇۋرۈكى قويۇلغان. ئىلاھىيەت مۇنبىرىنىڭ ئۈستى تەكشى قۇرۇلمىلىق گۈمبەز بولۇپ، ئالدىغا چوقچىيىپ چىققان يەتتە قۇر خىشنىڭ ئۈستىگە سېلىنغان ۋە بۇلۇڭلىرى قالمىغان، بۇنىڭ بىلەن تۆت بۇلۇڭلۇق شەكىل سەككىز بۇلۇڭلۇققا ئۆزگەرگەن. گۈمبەزنىڭ ئېگىزلىكى ئىلاھىيەت مۇنارىنىڭ يەر يۈزىدىن ھېسابلىغاندا 13 فۇت 8 دىيۇم كېلەتتى. دالاننىڭ ئىككى تەرىپىدە بىردىن كىچىك بۇت تەكچىسى بار بولۇپ، چوڭقۇرلۇقى 2 فۇت 6 دىيۇم، كەڭلىكى 1 فۇت 6 دىيۇم كېلەتتى. جەنۇب تەرەپتىكى بۇت تەكچىسىنىڭ ئېگىزلىكى تەخمىنەن 6 فۇت كېلەتتى. يول

ئىلاھىيەت مۇنبىرى تېمىنىڭ ئەڭ قېلىن يېرىدىكى تار پەلەمپەي ئۈستىگە ياسالغان بولۇپ، تەخمىنەن 1 فۇت 3 دىيۇم كەڭلىكتىكى كارىدورغا تۇتاشقانىدى. بۇلار بىر چىقىش يولىنى شەكىللەندۈرگەن. بۇ يولنىڭ ئۈچ تەرىپى ياي شەكىللىك بولۇپ، ئۈستى ئەگمە ئىدى. ئۇ ئىلاھىيەت مۇنبىرىنىڭ گۈمبەز تورۇسىنىڭ ئۈستىدە بولۇپ، يەر يۈزىدىن 17 فۇت 6 دىيۇم كېلىدىغان بولۇپ، ئۈستىدە يەنە بىر قەۋەتنى شەكىللەندۈرگەنىدى. چىقىش يولىنىڭ ئېگىزلىكى 5 فۇت 6 دىيۇم بولۇپ، خۇددى يەنە بىر قەۋەتكە چىقىدىغان پەشتاقتا




5 ـ رەسىم تالاش دەرياسى ۋادىسىدىكى گۈمبات ئىبادەتخانا خارابىسىنىڭ يەر يۈزى تەكشىلىك خەرىتىسى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئوخشايتتى. ئۇ بەلكىم ئۇچىنچى قەۋەتكە چىقىدىغان يول بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، ھازىر بار بولغان قۇرۇلۇشنىڭ ئەڭ ئېگىز يېرى يەر يۈزىدىن ھېسابلىغاندا 27 فۇتتىن ئاشمىغاچقا، ئۇچىنچى قەۋەتنىڭ ئېگىزلىكى ۋە پۈتكۈل ئىبادەتخانىنىڭ تاش ئۆگزىسىنىڭ ئېگىزلىكىنى جەزملەشتۈرگىلى بولمايتتى.

### تامنىڭ بېزىلىشى

تامنىڭ سىرتقى يۈزىدىكى تاشلار پۈتۈنلەي قومۇرۇپ كېتىلگەچكە، مەزكۇر قۇرۇلۇشنىڭ سىرتىدىن ئۆلچەشنى مۇتلەق توغرا دەپ كېتىشكە بولمايتتى. شەرق تەرىپىدە قېلىپ قالغان ئېنىق كۆرۈنىدىغان ئۇلنىڭ بۆلۈك قىسمىنىڭ ئېگىزلىكى 21 فۇت 3 دىيۇم كېلەتتى. جەنۇب تەرەپتىكى تامنىڭ ئوتتۇرىسىدا 10 فۇت 6 دىيۇم ئۇزۇنلۇقتا سىرتقا كۆپۈپ چىققان نەرسە بار ئىدى. ئۇنىڭ ھەربىر تەرىپى 5 فۇت 2 دىيۇم كېلەتتى. ھەربىر تامنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا ھەممە تەرىپى 2 فۇت 6 دىيۇم كېلىدىغان تەكچە ياسالغان، شەرقىي تامدىن باشقىلىرى ئىلاھىيەت مۇنبىرىنىڭ تەكشى يۈز سىزىقىدىن سەل ئېگىز ئىدى. بۇ تەكچىلەر شۈبھىسىزكى، بۇددانىڭ ھەيكەللىرىنى قويۇش ئۈچۈن سېلىنغاندەك تۇراتتى. تاش قۇرۇلمىلىق ئىمارەتنىڭ ئىچكى يۈزىدە يىرىك قۇم تاش بولۇپ، ئارىلىقلىرى لاي بىلەن ئىنكاپ قىلىنغان. ئىلاھىيەت مۇنبىرىنىڭ ئىچكى تېمىنى تاشتىن سىپتا ياساپ چىققانغا ئوخشاش، كەڭلىكى 15 دىيۇمدىن 19 دىيۇمغىچە، ئېگىزلىكى 4 دىيۇمدىن 6 دىيۇمغىچە كېلىدىغان، ئىسكىنە بىلەن ئويغان تاشلار ئارقىلىق قوپۇرۇپ چىقىلغانىدى. گەرچە شامالدا ئېغىر دەرىجىدە يىمىرىلىپ كەتكەن بولسىمۇ، مەن 1897 ـ يىلى يەنىلا ھەرە كۆنىكىدەك ئويۇپ چىقىلغان رومبا شەكىللىك كاتەكچە نەقىشلەر بىلەن بېزەلگەن ئوتتۇرا تۈۋرۈكنى پەرقلەندۈرگەنىدىم. بۇ كىشىگە سالت تاغ

رايونىغا جايلاشقان كېتاس، مالوت (Malōt)، ئامب (Amb) قاتارلىق جايلاردىكى ھىندى دىنى ئىبادەتخانا خارابىلىرىدىكى ئامالاكا (Amalaka) بېزەك نەقىشلىرىنى ئەسلىتەتتى.

### سورتو تېغىدىكى ئىبادەتخانا خارابىلىرى بىلەن ئوخشاشلىقى

ھىندى دەريا ۋادىسىدىكى كافىركوت (Kāfīrkōṭ) خارابىلىكىدە، مەن تەكشۈرۈپ چىققان ئىككى ئورۇندىكى ئىبادەتخانا خارابىلىرىنىڭ قۇرۇلۇش ئالاھىدىلىكى گۇمباتتىكى ئىبادەتخانىنىڭ ئىلاھىيەت مۇنبىرىنىڭ قۇرۇلمىسى بىلەن ناھايىتى ئوخشايتتى. ئۇنىڭ ئۇستىدىكى گۇمبەز شەكىللىك ئۆي ۋە ئۇنىڭ تۇتاشتۇرۇلۇش شەكلى كېتاستىكى ئاساسلىق ئىبادەتخانا، شۇنداقلا بىلوت كافىركوتتىكى (Bilōt kāfīrkōṭ) ئىبادەتخانىلاردا كۆرگەن قۇرۇلمىلارغا ئىنتايىن ئوخشايتتى. كېيىنكىلىرىنىڭ كۆلىمى گۇمباتتىكى بىلەن ئانچە پەرقلەنمەيتتى. ئەگەر گۇمباتتىكى ئىبادەتخانىنىڭ دالان قىسمى مەدەنىيەتنى ۋەيران قىلغۇچىلار تەرىپىدىن بۇزۇۋېتىلمىگەن بولسا، ئۇلارنىڭ تەكشىلىكتىكى ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى تېخىمۇ ياخشى بولغان بولاتتى. بۇ خارابىلىكنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراش ئەھۋالى ئادەمنى ئېچىندۇرىدۇ. بارلىق قۇرۇلۇشتىكى بېزەكلەرنىڭ ھەممىسى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان، ئۇ بىزنى كۆزىتىش پۇرسىتىدىن، شۇنداقلا سورتو تېغى ۋە ھىندى دەرياسى بويىدىكى خارابىلەردە كۆرگەن بېزەك نەقىشلىرىنى تەپسىلىي تەتقىق قىلىشتىن مەھرۇم قىلدى. چۈنكى، بۇ نەقىشلەر خۇددى مەن باشقا ماقالىلەردە تىلغا ئېلىپ ئۆتكەنگە ئوخشاش، قەندھەرنىڭ بۇددا دىنىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى سەنئەتتىن تەرەققىي قىلىپ چىققانىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بەتلىرى
www.uyghurkitap.com

## قۇرۇلۇش ئۇسلۇبى

گۇمبەت بۇددا ئىبادەتخانىسىدا ساقلىنىپ قالغان ئۈچ يوپۇرماق شەكىللىك دالان خارابىلىرىنىڭ ئۆزىلا ئىنتايىن روشەن ئالاھىدىلىككە ئىگە قۇرۇلۇش ئىدى. بۇ قۇرۇلۇشنىڭ ئالاھىدىلىكى كەشمىردىكى ئۇزاقتىن بۇيان كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ كېلىۋاتقان كونا ئىبادەتخانىلارغا ئوخشىماستىن، ئەڭ قەدىمىي بولغان قەندھەر ۋىخاراس (Gandhāra Vihāras) خارابىسىنىڭ ئالاھىدىلىكى بىلەن ئوخشاپ كېتەتتى. ئۇنىڭ ھەيكەللىرى توغرىسىدا فۇشي ئەپەندى قەندھەرنىڭ قۇرۇلۇش ئۇسلۇبى توغرىسىدىكى ئەڭ نوپۇزلۇق تەھلىلىدە، ھەيكەللەرنىڭ ئۇسلۇبىنىڭ قەندھەر ئۇسلۇبىدىن قوبۇل قىلىنغانلىقىنى كۆرسەتكەنىدى. سالتىنىڭ تاغلىق رايونى ۋە كافىركوت ئىبادەتخانا قۇرۇلۇشلىرىدا ئۈچ يوپۇرماق شەكىلدىكى ئەگمە ئىشىك ئۇسلۇبى ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدىغان بولۇپ، بۇ گېنېرال كۇننىڭخام بايان قىلغان بىر نەزەرىيەنى ئىسپاتلىغانىدى. يەنى ئۇلارنىڭ قۇرۇلۇش ئۇسلۇبى كەشمىرنىڭ بىۋاستە تەسىرىدە تەرەققىي قىلغانىدى. كەشمىر خانلىقىنىڭ قەدىمىي كىتابلىرىدىكى باھا تەھلىلى مەزكۇر دۆلەتنىڭ سىياسىي تەسىرىنىڭ شۇ دەۋرنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى يازغۇچىلار ئېيتقاندىنمۇ زور ئىدى. بۇ خىل ئەمەلىي كۈچ ئۇنىڭ تەسىر كۈچىنىڭ ئىپادىسى دەپ قارالغانىدى. قەندھەرنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى قۇرۇلۇش خارابىلىرى ناھايىتى ئاز بولغاچقا، مۇنداق بىر ئەمەلىيەت يوشۇرۇپ قىلىنغان: يەنى، سورتو تاغلىق رايونىغا ئىسلام دىنى كىرىشتىن بىرقانچە ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى بۇ رايوننىڭ ئىبادەتخانا قۇرۇلۇشىنىڭ ئۇسلۇبىنى قەندھەرنىڭ گىرىكلاشقان بۇددىزم سەنئىتىنىڭ بىۋاستە تەرەققىياتى دەپ قاراشقا بولىدۇ. قەندھەر بۇددا دىنى ئىبادەتخانىلىرى خارابىلىرىدىن مەزكۇر سەنئەتنىڭ

ئەڭ دەسلەپكى ۋە ئەڭ ياخشى ئىپادىلەش شەكلىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. مۇشۇ بويىچە ئېيتقاندا، گۇمباتنىڭ ئالاھىدە ئەھمىيىتى شۇكى: ئۇ ئاخىرقى دەۋردىكى تەرەققىياتنى نامايان قىلىپ بېرىپ، سەنئەت ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە قەندەھەر بىلەن زىچ ئالاقە باغلىغان. ھازىر ئىبادەتخانىنىڭ سېلىنغان دەۋرىگە قارىتا توغرا ھۆكۈم چىقارغىلى بولمايدۇ. لېكىن، باشقا جايلاردىكى ھازىرچە مەلۇم بولغان مۇناسىۋەتلىك خارابىلەردىن پايدىلىنىشقا بولىدۇ. مېنىڭچە ئۇلار تەخمىنەن مىلادىيە 7 ـ ئەسىردىن 9 ـ ئەسىر ئارىلىقىدا سېلىنغان.

### پەنجكورا دەرياسىنى بويلاپ سەپەر قىلىش

مەن يەنە شادۇدىن پەنجكورانى بويلاپ دىر سەپىرىگە ئاتلاندىم. سەپەرنىڭ ئالدىراشچىلىقىدىن ئىنچىكىرەك كۆزىتىش ۋە تەكشۈرۈشكىمۇ پۇرسەت چىقمىدى. ئەمما، مېنى تاغ ئۈستىدىكى قەدىمىي يادىكارلىقلار ھاياجانلاندۇرۇپ قويىدى. مەن ئاشۇ قەدىمكى دەۋرلەردىكى ئولتۇراق ئۆيلەرنىڭ ئورنى ۋە مۇنارلارنىڭ يېنىنى بويلاپ كېتىپ باراتتىم. ئۇلار تاغ بۇرنىدا شۇنداق روشەن كۆرۈنەتتىكى، سۋات دەريا جىلغىسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنى ۋە تالاش رايونلىرىنى ئېنىق كۆرگىلى بولاتتى. دەريانى بويلاپ تۆۋەنگە چۈشسەك، ھازىرقى زاماندىكى پاتخانلىقلار ئولتۇراقلاشقان قورغان شەكلىدىكى مەھەللىلەر بار ئىدى. پەنجكورانىڭ سىرتىدىكى دىر رايونىدىكى ئاشۇ چوڭ ۋە ئاۋات مەھەللىلەردە ئىككى كۈن ئارام ئالدىم (5 ـ ئاينىڭ 1 ـ، 2 ـ كۈنى). خۇددى ئېكسپېدىتسىيە خاتىرەمدە تەسۋىرلىگەنگە ئوخشاش، بۇ ئىككى كۈندە تەكشۈرۈشتىن باشقا ھېچ ئىش قىلمىدىم، لېكىن، ئەتراپتىكى رايونلاردا بىرەر خارابىنىڭ ئىزناسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. مەن پەقەت بەزى قەدىمىي پۇللارنى ئۇچراتتىم. ئۇنى شۇ يەردىكى بازار (Bāzār) دا ھىندىستانلىق سودىگەرلەر ماڭا كۆرسەتكەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە بەزىلىرى كۆشانلار دەۋرىدىكى پۇللار ئىدى، يەنە بەزىلىرى كېيىنكى ھىندى ـ سكىتاي پۇللىرى ئىدى. بۇ يەرنىڭ قەدىمكى دەۋرلەردە باشقىلار تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى.

### دىر كوھىستاندىكى ئادەملەر ۋە تىل

تىلشۇناسلىق ۋە ئادەم بەدىنىنى ئۆلچەش ئىلمى جەھەتتىن تەكشۈرۈش ئۈچۈن، مەن سىۋات كوھىستاندىكى كالام دېگەن يەردىن ئىككى ئادەم تاپتىم. ئۇلار قوللىنىۋاتقان تىلنىڭ گارۋى (Gārwī) تىلى، يەنى داد تىل گۇرۇپپىسىدىكى بىر خىل تىل بىلەن بىردەكلىكى ئىسپاتلاندى. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، پەنجكورا دەرياسىنىڭ ئەڭ شەرقىدىكى تارماق جىلغىلاردىكى دىر كوھىستانلىقلار (Dīr kōhistān) پاتراك (Patrāk)تىن تالغىچە (Tal) مۇشۇ تىلنى قوللىنىدىكەن. مەن دىرى (Dīrī) دېگەن سۆزدىن بىرەر ئۇچۇرغا ئىگە بولۇشنى ئويلىدىم، ئەمما دوكتور گرېرسون ئۆزىنىڭ پىشدۇ تىلى توغرىسىدىكى تەتقىقاتىدا كۆرسىتىشىچە، «دىرى» دېگەن سۆز ئەمەلىيەتتە «دىر» دېگەن سۆزنىڭ بىر خىل مۇستەقىل ئېيتىلىشى ئىكەن. ئەگەر گارۋى تىلىمۇ دىردىن يۇقىرىقى پەنجكورا دەرياسىنىڭ بېشى ئەتراپىدا تارقالغان دېيىلسە، ئۇنداقتا «دىرى» دېگەنىنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلىش ناھايىتى تەسكە چۈشىدۇ. چۈنكى، ئۇ پەقەت دىر پاشتۇ (Dīr pashtu)نىڭ شىمالىي ۋە غەربىدىكى ئاشۇ كىچىك جىلغىلاردىلا ئىشلىتىلەتتى. ئۇ يەردىكىلەرنىڭ چىرايىدىن ئۇلارنىڭ داد قان سىستېمىسىغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولاتتى. دىردىكى ھازىرقى زامان بىر ئەۋلاد كىشىلەر كافىرلىقلارنىڭ بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلغان ئىشلىرىنى يەنىلا ئېنىق بىلىدىكەن. بۇ ئادەمنى قىزىقتۇرىدىغان ئىسپات بىلەن تەمىن ئېتىدۇ، يەنى يېقىنقى مەزگىللەردىمۇ ئاسمار (Asmār)نىڭ

يۇقىرىسىدىكى كۇنار دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى رايونلار كافىرىستان ياكى ماركوپولو ئېيتقاندەك پاشاي (Pashai)نىڭ بىر قىسمى ئىدى①.

### كوھىستانلىقلارنىڭ ئىرق مەنبەسى

دىردىكى كوھىستانلىقلار ۋە شەرق تەرەپتىكى تېخىمۇ يىراقتىكى سىۋات دەرياسىنىڭ بېشى ئەتراپىدىكى كىشىلەر بەلكىم بۇددا دىنى مەزگىلىدە پەنجكورا ۋە سىۋات دەرياسى ۋادىسىغا ئىگىدارچىلىق قىلغان. كېيىن يۇسۇپزەي باشچىلىقىدىكى پاتخانلار تەرىپىدىن زېمىنلىرىدىن ئايرىلىپ قالغان (خۇددى پولكوۋنىك دېئان ئەڭ بالدۇر كۆرسەتكەنگە ئوخشاش) ئاشۇ كىشىلەر توپىدىكى ھايات قالغانلار بولۇشى مۇمكىن. پولكوۋنىك دېئان بىلەن گودفىرنىڭ قارىشىچە، شۇ يەرنىڭ ئەنئەنىسىدە بىر خىل كېلىپ چىقىش توغرىسىدىكى ئەسلىمىلەر ساقلانغانىكەن. ئېنىقكى، ئۇ ئىسلام دىنى تارقىلىشتىن كېيىن ئەمەس. ئىسلام دىنى بۇ يەردە تەخمىنەن سەككىز - توققۇز ئەۋلاد كىشىلەردىن بۇرۇن تارقالغان. ئادەم بەدىنىنى ئۆلچەش ئىلمى جەھەتتىكى ماتېرىياللار كەمچىل ئەھۋال ئاستىدا، ئەگەر تىلشۇناسلىق جەھەتتىكى ئوخشاشلىقنى ئۆلچەم قىلىدىغان بولساق، باشغار (Bashghar) ياكى باشكار (Bashkār) دىكى بۇ كوھىستانلىقلار ھازىر مەلۇم بولغان پەنجكورا ۋە سىۋات دەرياسىنىڭ بېشىدىكى ئاشۇ جىلغىلارنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشاش، داد نەسەبىگە مەنسۇپ بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭدىن سىرت، بۇددا دىنى مەزگىلىدىكى ئۇدىيانا ئاھالىلىرىنىڭ يىلتىزى توغرىسىدىكى ئوخشاش پەرەزمۇ فىلولوگىيە ۋە تارىخشۇناسلىق جەھەتتىكى پاكىتلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىشى مۇمكىن.

① مۇشۇ كىتابنىڭ 2 ـ بۆلۈمگە قاراڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىلگىسى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكى ئادرېسى

# ئىككىنچى باب

# چىترال ۋە مەستۇجدىن ئۆتۈش

## 1 ـ بۆلۈم   چىترالنىڭ ئىرق تەزكىرىسى ۋە تارىخى

**چىترالغا يېتىپ بېرىش**

4 ـ مايدا لوۋارى تاغ ئېغىزىدىن ئۆتۈپ چىترالغا يېقىنلاشتىم. مۇشۇ پەسىلدىمۇ بۇ تاغ ئېغىزىدا كىشىنى سۈر باستۇرىدىغان توسالغۇلار بار ئىدى، جىلغىغا يىمىرىلىپ چۈشكەن قارلار دۆۋىلىنىپ كەتكەنىدى (6 ـ رەسىمگە قاراڭ). ھىندىقۇش تىغى ئاساسىي تىزمىسىنىڭ جەنۇبىدىكى ئېگىز تاغلىق رايون، چىترال بىلەن تۇتاش كەتكەن قاقاس، تىك ۋە ئېگىز تاغلار، مۇنبەت ۋە تار جىلغىلار، ئاجايىپ شالغۇت ئاھالىلەر، شۇنداقلا رەڭگارەڭ، قەدىمىي ۋە نىسبەتەن تەرەققىي قىلغان مەدەنىيەتلەرنىڭ ھەممىسى جۇغراپىيە، ئىرق تەزكىرىسى ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى جەھەتتىكى تەتقىقاتچىلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلغانىدى. مەن ئېكسپېدىتسىيە خاتىرەمنىڭ ئۈچىنچى، تۆتىنچى بابلىرىدا بۇ يەرگە نەقەدەر مەپتۇن بولغانلىقىم ۋە ئەپسۇسلانغانلىقىم توغرىسىدا توختىلىپ ئۆتتىمەن. بۇ يەردىن تېز ئۆتۈشكە توغرا كەلگەنلىكى ئۈچۈن، تەكشۈرۈشۇم ئىنتايىن چەكلىك بولۇپ قالدى. چىترالدا يول يۈرگەن ۋە توختىغان ۋاقتىم بىر ھەپتە ئىچىدە تىزگىنلەندى. بۇ بىر ئەمەلىيەت مېنىڭ دوكلاتىمدا نېمە ئۈچۈن پەقەتلا شۇ جاينىڭ جۇغراپىيەسىگە ئائىت مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، بۇرۇنقى

دەۋردىكى تارىخقا ئائىت ماتېرىياللارنىڭ كەمدىن ـ كەم كۆرۈلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ. قەدىمكى يادىكارلىقلارنى كۆزىتىشمۇ پەقەت سەپەر ئۈستىدە ئىشلىيەلىگەنلىرىم بىلەنلا چەكلىنىپ قالدى.

### چىترالنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى مۇھىملىقى

چىترالنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى مۇھىملىقى، ئاھالىلەرنىڭ شالغۇتلىشىپ كېتىش ھالىتى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىي قىلغان ئىقتىسادىي ئەھۋالى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى تۆۋەندىكى پاكىتلار ئارقىلىق چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ: تەبىئەت چىترالنى ئەۋزەل شارائىتقا ئىگە ئەڭ يېقىن جايغا، يەنى ھەر تەرەپتىن ئېيتقاندا، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمالىغا ئەڭ ئاسان بارغىلى بولىدىغان سودا يولىغا ئورۇنلاشتۇرغان. بىر قاتار تەبىئىي جۇغراپىيەلىك ئالاھىدىلىكلەر بىرلەشكەن، چىترالدىن ئۆتۈپ، ھىندى دەرياسى بىلەن ئامۇ دەرياسى ئېقىنىنى تۇتاشتۇرىدىغان بۇ قاتناش لىنىيەسى قەدىرلىنىپ كەلگەنىدى. مۇنبەت كۇنار دەرياسى قىيپاش جىلغىسى پېشاۋۇر ۋە سىۋات جىلغىسى تەرىپىدىكى نۇرغۇن يوللار ئارقىلىق ئۇنىڭ بىلەن تۇتىشاتتى ھەمدە بۇ يوللارنىڭ ھەممىسى روشەن ھالدا لىۋارى تاغ ئېغىزىدىن پەس ئىدى. كۇنار دەرياسى جىلغىسى كىشىلەرگە ھەممە تەرەپكە تۇتىشىدىغان يولنى ئاتا قىلغان. ئۇنىڭ بىلەن شىمالغا ماڭغاندا ھېچقانداق توسالغۇلار يوق بولۇپ، بو يول يىل بويى بۇيۇك ـ تاقلىق قاتناشقا ئوچۇق ئىدى. بۇ يولنىڭ شەرق تەرىپىدىكى بارلىق بۆلەكلەردە ھىندىقۇش تېغىنىڭ ئاساسلىق سۇ بۆلگۈچ چوققىسىغا يېتىپ بېرىشتىن بۇرۇن، بىر قاتار ئېگىز دۆڭلەردىن ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. بۇنىڭ بىلەن جىلغا بارغانسېرى تارلىشىپ ۋە قىيىنلىشىپ، بەزى ئۆزۈق ـ تۈلۈكلەرنى ئېلىپ مېڭىشمۇ تەسكە چۈشەتتى. ئەمما، بۇ تاغلىق رايوندا، ئۇلاغلارنىڭ يەم ـ خەشەكلىرىدىن ئەنسىرىمىسەكمۇ بولاتتى.

www.uyghurkitap.com



6 ـ رەسىم دىردىكى قەدىمىي جار ئۆتەڭدىن لوۋارى تاغ ئېغىزىغا نەزەر

## چىترالدىكى ئاساسلىق يوللاردىن ئۆتۈش

كۇنار دەرياسىنىڭ ئاساسىي جىلغىسىدىن چوڭ مەھەللە توپىغىچە بولغان ھەممە جايدا بايلىقلار خېلى مول ئىدى. بۇ چوڭ مەھەللە توپى چىترالنىڭ مەركىزىنى شەكىللەندۈرگەن، ئۇنىڭ ھازىرقى زامان ئىسمىمۇ مۇشۇ يەردىن كەلگەنىدى. ئوخشاش ئەۋزەل شارائىت لۇتكو دەريا جىلغىسىنىڭ يان تەرەپلىرىگىچە سوزۇلغانىدى. بۇ يەردە چىترالنىڭ يۇقىرىسىدىكى ئاساسلىق سودا يولى بىر چوڭ بۇرۇلۇش ھاسىل قىلغان بولۇپ، ئازراق ماڭسىلا دوراھ تاغ ئېغىزىغا يېتىپ بارغىلى بولاتتى. دوراھ تاغ ئېغىزىدىن بىر يىلنىڭ يېرىمىدا يۈك ـ تاق ئارتىلغان ئۇلاغلار ماڭالايتتى. ئۇ يەردە ئاسان ماڭغىلى بولىدىغان بىر يول بار بولۇپ، ئۇ زىباك جىلغىسىغا تۇتىشاتتى. يۇقىرىدا سۆزلەنگەنگە ئوخشاش، بۇ جىلغا ئارقىلىق كىشىلەر بەدەخشان ۋە ئامۇ دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى ۋاخان تۈزلەڭلىكىدىكى مۇنبەت رايونلارغا بارالايتتى.

دوراھەتىن ئۆتىدىغان يولغا سېلىشتۇرغاندا، مەن ئۆزۈم بىۋاسىتە مېڭىپ كۆرگەن چىترال ياكى يارخۇن دەرياسى بېشىدىكى (باروغىل ئەتراپىدا) يولنى قوشۇمچە يول دېيىشكە بولاتتى. چۈنكى، ھازىرقى زامان ئۇلاغ يولى ياسىلىشقا قەدەر جىلغىدىكى چوڭقۇر ھاڭ ۋە تىك قىيالار چىترال بىلەن مەستۇج ئوتتۇرىسىدىكى يولنى ئۈزۈۋەتكەن بولۇپ، يۆك ـ تاقلىق قاتناشقا پۈتۈنلەي تاقىۋېتىلگەنىدى. پەقەت تومۇزنىڭ ئىنتايىن مۆۋاپىق كېلىدىغان مەزگىللىرىدە يارخۇن دەرياسىنىڭ كەلكۈنلىرى باروغىل ۋە ئامۇ دەرياسىنىڭ تارمىقى بولغان پەنج (Ab-i-Panja) دەرياسىدىكى يولنى ئېچىۋېتەتتى.

### بەدەخشان بىلەن بولغان ئالاقىسى

بۇ يەر بىلەن بەدەخشان ۋە ئامۇ دەرياسى رايونى ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش ئىنتايىن قولايلىق بولۇپ، ئۇنىڭ سودا، سىياسىي ۋە باشقا ئالاقىلەردىكى رولىدىن بۇ نۇقتىنى بىلىۋېلىشقا بولاتتى. چىتراللىقلاردىن سودىگەر چىقمىغانىدى. لېكىن، ھۆكۈمرانلىرى تا يېقىنغا قەدەر قۇللارنى سېتىشتەك قىلمىشلارغا بېرىلىپ كەتكەنىدى. ئەمما، ئۇلارنىڭ بەگلىكى بىرقانچە ئەسىر داۋامىدا سانجاق ـ سانجاق ئات ھارۋىلىرى ئۆتۈپ كېتىشىۋاتقان، گۈللەنگەن قاتناش ھالىتىگە شاھىت بولغانىدى. بۇنداق ھالەت تاكى ھىندى دەرياسىنىڭ ئېقىنى بىلەن ئامۇ دەرياسىنىڭ ئېقىنى ئارىلىقىدا كەڭ ساقلىنىپ كەلگەن. بۇنى باجاۋردىكى ئاشۇ كەسىپچانلىقى كۈچلۈك پاتخانلىق سودىگەرلەر ئىلگىرى سۈرگەن بولۇپ، بۇ سودىگەرلەر ئۆزىنىڭ مۇستەملىكىسىنى تاكى پامىرنىڭ شەرق ۋە غەربىگىچە قۇرۇپ چىققانىدى. بۇ سودا يولىدىن ئېلىنىدىغان باجمۇ چىترال دائىرىلىرىنىڭ خېلى كۆپ مالىيە مەنبەسى بولۇپ قالغانىدى. مۇشۇنداق ئوخشىمىغان دەۋردىكى ھۆكۈمرانلارنىڭ شىمالدىن كەلگەنلىكىنى دۇنيا ئېتىراپ قىلغان كاتور كۈشۋاكت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

(Katūr-Khushwakt) خانىدانلىقىنىڭ ئىران ئەۋلادلىرى تەرىپىدىن ئىسپاتلىنىپلا قالماي، (مەزكۇر خانىدانلىق تا هازىرغا قەدەر چىترال ۋە مەستۇجقا رەھبەرلىك قىلماقتا) يەنە نۇرغۇن چىترال ئاقسۆڭەكلەر سىياسىيسىنى تەشكىل قىلغان ئىمتىيازلىق قەبىلىلەر تەرىپىدىن ئىسپاتلىنىدۇ. گەرچە بۇ بويسۇندۇرۇشلار يىلنامىلەردە ئېنىق تىلغا ئېلىنمىغان بولسىمۇ، ئەمما تارىختا ئامۇ دەرياسى تەرىپىدىن كەلگەن بويسۇندۇرغۇچىلارنىڭ تەكرار بويسۇندۇرۇش ئەنئەنىسىمۇ بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلىدى.

## چىترالنىڭ ئىرق تەزكىرىسى

ئەڭ ئەھمىيەتلىكى، دوراھنىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپىدىكى لۇتكۇ جىلغىسىنىڭ كۆپ قىسىم رايونلىرىدىكى ئاساسلىق ئاھالىلەرنىڭ بەدەخشانلىق كۆچمەنلەردىن تەركىب تاپقانلىقى ئىدى. مەسىلەن، يىدگاھلار (Yidghāh) (7 ـ رەسىمگە قاراڭ)نىڭ تىلى ئەمەلىيەتتە مۇنجان (Munjān)دىكى شەرقىي ئىران تىلىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. مۇنجان تاغلىق رايون بولۇپ، دوراھنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان كالادروش (Kaladrōsh) نىڭ ئەتراپىدىكى ماداگلۇشت (Madaglusht)تا پارس تىلىنى قوللىنىدىغان بىر بۆلەك بەدەخشانلىق مۇستەملىكىلەر بار ئىدى. ماۋلاي (Maulai) مىللىتىنىڭ كەڭ تارقىلىشى (ئۇلارنىڭ هازىرقى زامان ئۆيلىرى ئامۇ دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا)، يەنە ۋاخاندىن كۆچۈپ كەلگەن كۆچمەنلەر سانىنىڭ كۆپىيىشى ئىراننىڭ كۈچلۈك تەسىرىنىڭ ئىسپاتىدۇر. مۇشۇ بىسىملار تۈپەيلىدىن چىترالنىڭ ئەسلىدىكى ئاھالىلىرى خېلى بۇرۇنلا چەتكە قېقىلىشقا باشلىغان. شۇڭا، نىمە ئۈچۈن چىترالىقلارنىڭ بەدەن، يۈز ئالاھىدىلىكى (8 ـ رەسىم)نى ئەمەلىيەتتە ئالپىنۇس (Homo Alpinus) تىپىدىكىلەردىن پەرقلەندۈرگىلى بولمايدىغانلىقىنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ. كېيىنكىلەرنىڭ ئامۇ

دەرياسى رايونى ۋە پامىر ئەتراپىدىكى گالچاخ (Ghalchah) ياكى ئىران تىلىنى قوللىنىدىغان تاغ قوۋملىرى ئىچىدىكى ئېپادىسى بىردەك ئىدى. جويس ( T . A.Joyce) ئەپەندىنىڭ مەن چىترالنىڭ مەركىزىدە تۇرغان ۋاقتىمدا توپلىغان ئادەم بەدىنىنى ئۆلچەش ئىلمىگە ئائىت ماتېرىياللارغا قارىتا ئېلىپ بارغان كەسپىي جەھەتتىكى تەھلىلىدىن بۇ خىل تەسىرنىڭ نەقەدەر زورلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئەگەر «داد» قەبىلىسىدىن خېلى يىراق بولغان شەرقىي جەنۇب تەرەپتىكى، مەسىلەن، ئاستور (Astōr) ۋە گۇرېز (Gurēz) قەبىلىلىرى ئارىسىدىكى تولۇق سان ـ سىپىرغا ئىگە ماتېرىياللارنى تەكشۈرۈپ كۆرگەندە، ئەلۋەتتە ئۇنىڭدىكى پاكىتلار تېخىمۇ قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە ئىدى. مېنىڭچە ئاستورلار بىلەن گۇرېزلارنىڭ چىراي ئالاھىدىلىكىدىكى «داد» تىلىنى قوللىنىدىغان چىترالىقلارنىڭ چىراي ئالاھىدىلىكىدىن روشەن پەرقلىنەتتى. ھەر تەرەپتىن ئېيتقاندا، چىترالنى ئۆز ئىچىگە



7 ـ رەسىم چىترالدىكى بەدەخشانلىق كۆچمەنلەر

www.uyghurkitap.com



8 ـ رەسىم بەدەن ئۆلچەشنى قوبۇل قىلغان چىترال ۋە مەستۇجلۇقلار

ئالغان ھىندىقۇش تاغلىق رايونلىرى مەيلى تىل ياكى ئىرق جەھەتتىن بولسۇن، ھەقىقىي مەنىدىكى چېگرا سىزىقىنى شەكىللەندۈرەلمەيتتى.

## چىترالدا قوللىنىۋاتقان تىل

ھازىرقى چىترالدىكى ئارىلاشما ئىرق ئالاھىدىلىكى بۇ يەردە قوللىنىۋاتقان تىلدىمۇ ئىپادىلەنمەكتە. چىترال دەرياسىنىڭ ئاساسىي جىلغىسىدىن مەستۇجنىڭ تۆۋىنىدىكى دروشقىچە (Drōsh)، يەنە شىمال تەرەپتىكى يان جىلغىلارنىڭ ھەممىسى قەشقەربالا (Kāshkār–Bālā) دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ يەردىكى ئاھالىلەرنىڭ ئاساسلىق گەۋدىسى مەيلى ئۇ يەرلىك تىرىقچىلار ياكى ھۆكۈمرانلار قاتلىمى بولسۇن، بىردەك خوۋار (Khōwār) تىلىنى قوللىنىدۇ. بۇ سۆز خو (Khō) دېگەندىن كەلگەن بولۇپ، تىرىقچىلار بۇ سۆز ئارقىلىق ئۆزى ۋە زېمىنىنى كۆرسەتكەن. خوۋار

تىلى بىلەن چىترال تىلى جورج گرىرسون ئېيتقان «هازىرقى زامان پايشاسى (Moden Paiśācī)» تىلىنىڭ بىر مۇستەقىل تىل گۇرۇپپىسىنى شەكىللەندۈرگەن. بۇ تىل تارىخىي ئىسىم «داد» نى ئىشلىتىشنى ئادەتكە ئايلاندۇرغان بولۇپ، ئۇنىڭ هازىرقى دەۋردە ئىنتايىن ئاز ئىشلىتىلىۋاتقانلىقى بىلەن هېسابلاشمايدۇ. ئۇ كافىر ۋە ئوتتۇرا قىسىمدىكى تىل گۇرۇپپىسىنىڭ ئارىلىقىغا جايلاشقانلىقتىن، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇ نىسپىي مۇستەقىل ئورۇننى ساقلاپ كەلگەن. خوۋار تىلى «ئۆزىنىڭ گالچاخ تىلى ئوتتۇرىسىدىكى كۆرۈنەرلىك بىردەكلىكنى نامايان قىلىپ كەلگەن.»

چىترال رايونىنىڭ شىمالىي ۋە شەرقىي شىمالىدىكى رايونلارنىڭ ئىرق جەھەتتە ئىرانىنىڭ شەرقىدىكى تىل گۇرۇپپىلىرى بىلەن بولغان ئالاقىسى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغايدۇ. بۇنداق تىلشۇناسلىق مۇناسىۋىتىنى قانداق چۈشەندۈرۈشتىن قەتئىينەزەر، ئەهمىيەتلىك بولغىنى، چىترالنىڭ لۇتكۇ جىلغىسىدا مىنجىيەندىن كېلىپ، توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ئاشۇ چوڭ ۋە قەدىمىي قەبىلىلەر ئارىسىدا هازىرمۇ بىر خىل گالچاخ شېۋىسى ئىشلىتىلىۋاتاتتى. يۇقىرىدا ئېيتىلغان كافىرىستانلىقلارنىڭ كۇنار دەريا ئېقىنىغا سىڭىپ كىرگەنلىكى توغرىسىدىكى ئىشتىن كىشىلەر ئانچە ئەجەبلەنمەيتتى. چىترالنىڭ مەركىزىنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىدىكى جىلغا ۋە ئاساسلىق جىلغىنىڭ ئاخىرىدىكى جايلارغا توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان قەبىلىلەر ئارىسىدا كالاشا كافىر (Kalāshā kāfir) دىئالېكتى ئىشلىتىلەتتى (8 ـ ، 10 ـ رەسىمگە قاراڭ). ئۇنىڭ ئاخىرىدىكى كۇنار دەريا ئېقىمىنى باشقۇل دەرياسىنىڭ ئېغىزىغىچە سوزۇلغان بولۇپ، ئۇزاقتىن بۇيان چىترالنىڭ بىر قىسمى بولۇپ كەلگەن. بۇ يەردە ئىشلىتىلىۋاتقىنى سۆز گابارباتى (Gabar-bati) ياكى نارىستى

www.uyghurkitap.com

(Naristi) تىلى بولۇپ، كافىرنىڭ يەنە بىر خىل دىئالېكتىغا مەنسۇپ ئىدى. چىترال دەرياسىنىڭ سول قىرغىقىنى بويلاپ، ئاشرېت (Ashret) بىلەن دروشنىڭ ئارىلىقىدىكى دانگارىك (Dangarik) مۇستەملىكە خارابىسىدىن، شىنا (Shīnā) تىلى ياكى سىر جورج گرېرسون ئوتتۇرىغا قويغان «هازىرقى زامان پايشاسى» تىلىدىكى داد تىل گۇرۇپپىلىرى بايقالدى. ئۇنىڭدىن سىرت، «هازىرقى زامان پايشاسى» تىلىغا ئوخشاش خوۋار تىلىدىمۇ غەيرىي ئارىيان تىلى سۆزلۈكلىرى ساقلانغان بولۇپ، بۇنى خۇنزا ناگار (Hunza-Nagar) دا ساقلىنىپ قالغان بۇرۇشاسكى (Burushaskī) تىلىغىچە سۈرۈشكە بولىدۇ. بۇ خىل غەيرىي ئارىيان سۆزلۈكلىرى ھەر خىل پاكىتلار بىلەن تەمىن ئېتىپ، بۇ جىلغىنىڭ خېلى بۇرۇندىلا ئۇلار (گاۋزۇلار، دادلار) تەرىپىدىن سۈرگۈن قىلىنغان ياكى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنغان، ھازىرمۇ بۇرۇشاسكى تىلىنى ئىشلىتىۋاتقانلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى تەرىپىدىن ئىگىلەپ كېتىلگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.



9 ـ رەسىم چىترال دائىرىلىرىنىڭ بەدەن ئۆلچىشىنى قوبۇل قىلغان باشكۆللۈك كافىرلار.



01 ـ رەسىم  چىترال مەسچىت بازىرى ئالدىدىكى باشكۆللۈك كافىرلار

## چىترالنىڭ سىياسىي تەشكىلى

گەرچە مۇشۇنداق ئىرق ۋە تىل جەھەتتىكى ئارىلىشىپ كېتىش ئەھۋالى بولسىمۇ، تارىخىي خاتىرىلەردىن ئېلىپ ئېيتقاندا، چىترال دائىم بىر خىل تەشكىللىك سىياسىي ئورۇن سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ كەلگەن. بۇ جايغا بىر خاندانلىق ھۆكۈمرانلىق قىلغان. ئۇنى ئاشۇ تەشكىلسىز قەبىلىلەر كوممۇناسى بىلەن سېلىشتۇرغاندىن كېيىن، بۇ خىل ئەمەلىيەت تېخىمۇ روشەنلىشىدۇ. ھەتتاكى، بىز ياشاۋاتقان مۇشۇ دەۋردە چىترالنىڭ غەربىي جەنۇب ۋە شەرقىي جەنۇب تەرەپلىرىدە بۇ خىل قەبىلىلەر كوممۇناسىنى كۆرگىلى بولاتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، چىترالدىكى، ئېگىز تاغ، غار ۋە جىلغىلارنىڭ كىشىلەرنىڭ تىنچ بېرىش ـ كېلىش قىلىشى ۋە ھەمكارلىشىشىغا بولغان توسالغۇلار ئىنتايىن زور بولغان. بىرقەدەر ئىپتىدائىي بۇ كوممۇنالار ئۇچۇن ئېيتقاندا، بۇنداق توسالغۇلۇق رول تېخىمۇ زور تەسىر كۆرسىتەتتى. شۇڭلاشقا،

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىندا ئادرېسى

مېنىڭچە چىترال سىياسىي گەۋدىسىدە ساقلىنىۋاتقان تېخىمۇ تەرەققىي قىلغان مەدەنىيەتنى تونۇپ يېتىش كېرەك ئىدى. ئۇ ئاساسلىقى ئۆزى بەھرىمەن بولۇۋاتقان جۇغراپىيەلىك ئەۋزەللىكىنىڭ نەتىجىسى، يەنى ئەتراپتىكى رايون ۋە بەدەخشان (قەدىمىي بىر مەدەنىيەت ۋە ماددىي جەھەتتىكى گۈللىنىپ روناق تاپقان رايون)نىڭ قولايلىق قاتناش ئىشلىرى ئارقىلىق بەھرىمەن بولغان مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشتىكى ئەۋزەللىك بولۇپ ھېسابلىناتتى.

## چىترالنىڭ ماددىي مەدەنىيىتى

باشقا كۆزەتكۈچىلەرگە ئوخشاش، مەن چىترالغا كىرگەن ۋاقتتىن باشلاپلا بۇ يەرنىڭ يۇقىرى سەۋىيەدىكى تۇرمۇشىغا دىققەت قىلدىم. بۇ يەردىكى ئازادە مۇھىت، قائىدە ـ يوسۇن ۋە تىرىشچانلىق ئۇسۇلى مەندە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. لېكىن، بۇ تەسىراتلىرىمنى قانداق قىلىپ تەپسىلىي ئىسپاتلاپ چىقالايمەن؟ مەن بۇ يەردىكى بىر ھەپتىدىن ئاشمىغان ئالدىراش سەپىرىم داۋامىدا، ھەر خىل ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئەھۋاللارغا مۇنداقلا نەزەر تاشلاپ ماڭالايتتىم. لېكىن، بۇنداق ئەھۋاللارنى ئەمەلىيەتتە نۇرغۇن ۋاقىت كۆزىتىپ تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلەتتى. مەن ئېكسپېدىتسىيە خاتىرەمدە پەقەت ئۆزۈمنىڭ بۇ تەسىراتلىرىنىلا ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتتۈم ھەمدە كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان بۇ زېمىنغا قارىتا ئەڭ سەمىمىي ئۈمىدىمنى ئىپادىلىدىم. مەن چىترال ھەمدە مەستۇجنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، جۇغراپىيە ئىلمى، ئىرق تەزكىرىسى ۋە ئىنسانشۇناسلىقىنى سىستېمىلىق تەتقىق قىلىش ئەھمىيىتىگە ئىگە بۇ رايوننىڭ ھازىرقى ھالىتى ھىندىستاننىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، ئېغىر ئۆزگىرىشتىن بۇرۇن، لاياقەتلىك بىر تەتقىقاتچىنىڭ بۇ يەرنى تېپىپ چىقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. چىترالنىڭ ماددىي مەدەنىيىتى (ئەگەر كۆپ قىسمى بولمىغاندا) كىشىگە

تۇركىستاننى ئەسلىتەتتى. ئەمما، ئۇ يەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى ۋە مۇھىتى، مېنىڭچە ھىندىستاندىن ناھايىتى چوڭ پەرقلىنەتتى. مېنىڭچە بەدەخشاندىن بىۋاستە قوبۇل قىلىنغان شۇنچىۋالا كۆپ نەرسىلەرنى كۆرگەندىن كېيىن، چىترالنىڭ تارىخىنى يارىتىش جەريانىدا ئامۇ دەرياسى رايونىدا يارىتىلغان قەدىمىي مەدەنىيەتتە ئۇنىڭ قانچىلىك مۇھىم رول ئوينىغانلىقىنى ھەرقانداق ئادەم ھېس قىلالايدۇ.

## چىترالنىڭ تارىخىي ئەنئەنىسى

ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، چىترالنىڭ ئۆتمۈشىنى ئەسلىتىدىغان ماددىي مىراسلار ئىنتايىن ئاز ئىدى. بۇ زېمىنمۇ ئۆزىنىڭ تارىخىغا ئائىت يازما مىراسلارنى ساقلاپ قالالمىغانىدى. پولكوۋنىك بىداروف توپلىغان 18 ـ ئەسىرگە ئائىت ئەنئەنىۋى ئاغزاكى خاتىرىلەرمۇ بىر مۇجمەل ئەسلىمە بىلەنلا چەكلەنگەن بولۇپ، ئىنتايىن تەرتىپسىز ئىدى. ئەمەلىيەتتە، ئۇنى تارىخىي ماتېرىيال سۈپىتىدە ئىشلەتكىلىمۇ بولمايتتى. ھازىر مۇشۇ زېمىنغا يەنىلا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان جەمەتلەرنىڭ نەسەبلىرىنى تەخمىنەن 17 ـ ئەسىرگىچە سۈرۈشتۈرگىلى بولاتتى. بۇ ئاقسۆڭەكلەر جەمەتى ۋە مېختارس (Mehtars)لار ئارىسىدىكى ھۆكۈمران جەمەتلەر ئۆزىنىڭ ئاساسلىق ۋە تارماق سىستېمىلىرىدا «كاتۇر» (Katūr) دەپ ئاتىلاتتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ جەمەت خوراسان (Khorāsān) دەيدىغان تەۋەككۇلچىنىڭ ئۇرۇق ـ ئەۋلادى بولۇپ، ئۇ رەئىس (Ra'īs) دەپ ئاتىلىدىغان ھۆكۈمرانىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر نەسەبى تەرىپىدىن بىقىۋېلىنغانىكەن. بۇنداق دېيىشتىكى سەۋەب، ئېيتىلىشچە، ئىسلام دىنى كىرىشتىن بۇرۇن بۇ جەمەتنىڭ جىرجىتقا ھۆكۈمرانلىق قىلغان بىر جەمەت بىلەن مۇناسىۋىتى بار ئىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە «ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر تارمىقى ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان مەزگىلدە، بىر تارماق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى

قالماق (Calmak) ياكى جۇڭگو قوشۇنى بەدەخشانلىق بىر شاھزادە بىلەن بىرلىشىپ بۇ يەرگە تاجاۋۇز قىلىپ، ئۇلارنى بويسۇندۇرغانىكەن.» ئۇنىڭدىنمۇ بۇرۇنقى مەزگىللەردە باھمان (Bahman) دەيدىغان بىر پادىشاھ توغرۇلۇق مۇنداق بىر رىۋايەت تارقالغان: ئۇ بىر بۇدپەرەس بولۇپ، چىترالنى قوغداشقا كۆپ تىرىشقان بولسىمۇ، ئامالسىزلىقتىن بىر ئەرەب قوشۇنىغا تەسلىم بولغان. شۇنىڭ بىلەن ئەرەب قوشۇنلىرى بەدەخشان ۋە ۋاخان رايونلىرىنى بويسۇندۇرغانىكەن.

## جۇڭگونىڭ تارىخنامىلىرىدىكى چىترال توغرىسىدىكى خاتىرىلەر

گەرچە بۇ رىۋايەتلەر ئىنتايىن يۇزە ھەم يىللىنى جەزملەشتۈرگىلى بولمىسىمۇ، لېكىن بەدەخشاننى بويسۇندۇرغۇچىلارغا ئائىت نۇرغۇن ئەسلىمىلەرنى تاپقىلى بولاتتى. بۇلار ئەڭ ئىشەنچلىك ئىسپاتلارغا ئىگە بولغان. چۈنكى، ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى چىترالغا ئالاقىدار بىردىنبىر تارىخىي خاتىرىلەرمۇ مۇشۇ ئىشلارغا مۇناسىۋەتلىك ئىدى. ئۇ جۇڭگونىڭ تاڭ دەۋرىدىكى تارىخىي كىتابلىرىدا ساقلانغان بولۇپ، مەن ئۇنى ئەڭ ئاۋۋال «قەدىمكى خوتەن» دېگەن كىتابىمدا ئىزاھلاپ ئۆتكەنىدىم. جۇڭگونىڭ قەدىمىي كىتابلىرىدىكى خاتىرىلەرنىڭ پاكىتى دەل مۇشۇنداق بىر سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ بىۋاسىتە ئاقىۋىتى ئىدى، يەنى گاۋشيەنجىنىڭ مىلادىيە 747 ـ يىلى تىبەتلەر ئىگىلىۋالغان ياسىنغا قارىتا مۇۋەپپەقىيەتلىك جازا يۈرگۈزگەنلىكى، ئارقىدىنلا جۇڭگونىڭ ئۇ يەر ۋە چىترالنى ئىگىلىۋالغانلىقىدىن ئىبارەت ئىدى. ئەڭ تەپسىلىي تارىخىي ماتېرىيال يەنىلا چوڭ قامۇس «كىتابلار جەۋھىرى» دە بايقالغان ئىككى پارچە دىپلوماتىيە ھۆججىتى ئىدى. بۇ كىتابلار مىلادىيە 1013 ـ يىلى نەشر قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭغا كۆچۈرۈۋېلىنغان ئىككى پارچە ھۆججەتنى شاۋان ئەپەندى تەتقىق قىلىپ كۆرگەنىكەن. بۇنىڭ بىرى، توخارىستان (Tokhāristān) نىڭ

يابغۇسى سىرى چانگارا (Shih-lichang-ch ،ieh-lo) نىڭ مىلادىيە 749 ـ يىلى جۇڭگو خان ئوردىسىغا يازغان بىر پارچە خېتى بولۇپ، ئۇ ئەلچى ئەۋەتىپ سوۋغات تەقدىم قىلغان. كۆپچىلىككە مەلۇمكى، توخارىستان بوگۇنكى بەدەخشان بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى.

**توخارىستان يابغۇسىنىڭ خېتى، مىلادىيە 749 ـ يىلى**

ئۇنىڭ خېتىدە مۇنداق دەپ يېزىلغان: «پىقىرلىرىغا قوشنا بىر ئەل بولۇپ، نامى چىپشى (朅师)، تاغلىق رايونغا جايلاشقان. ئۇ يەردىكىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ مۇھىم ئورۇندا تۇرغانلىقىنى دەستەك قىلىپ، ئالىيلىرىنىڭ ئىرادىسىگە مۇخالىپ ئىش قىلدى. ئۇلار تىبەتلەرگە يېقىندىن ياردەملىشىۋاتىدۇ. بالتىستاننىڭ زېمىنى كىچىك، ئادىمى زىچ، تېرىلغۇ يېرى ئاز، ئۇلار ئۇ يەردە لەشكەر تۇرغۇزغاچقا، ئاشلىقنى ئۆتكۈزۈش تەسكە چۈشتى. كەشمىر (Ku-shin-mi)دىن ئاشلىق ۋە تۇز سېتىۋالغاندىلا ئەلنى قامداپ كەتكىلى بولاتتى. سودىگەرلەر بېرىپ ـ كېلىشتە ① جىپشى بەگلىكىدىن ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. ئۇلارنىڭ پادىشاھى تىبەتلەرنىڭ مال ـ مۈلۈك سېتىۋېلىش تەلىپىگە ماقۇل دەپ، ئۇلارنى تىبەتلەرنىڭ قورغانلىرىغا ئاپىرىپ بەردى ھەمدە بالتىستاننىڭ يولىنى قامال قىلىۋالدى. گاۋشيەنجى بالتىستانغا ئاتلانغاندا، مەن 3000 لەشكەر يىغىپ بالتىستانغا ئەۋەتكەنىدىم. جىپشى ۋە تىبەتلەر مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ھۇجۇم قىلىپ كىرمەكچى بولۇۋاتىدۇ. مەن ھەر ۋاقىت ئۇلارنى مەغلۇپ قىلىشنى ئويلاۋاتىمەن.» ②

توخارىستان بۇ يابغۇسى خېتىنىڭ ئاخىرىدا مۇنداق بىر پىلاننى دادىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويغان: «ئەگەر ئۇلار

① چىپشى — ھازىرقى پاكىستاننىڭ شىمالىدىكى چىترال شەھىرى دائىرىسىدە — مۇھەررىردىن.

② بۇ ئابزاس تېكىست «كىتابلار جەۋھىرى»نىڭ 999 ـ جىلدىدا كۆرۈلىدۇ. — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بالتىستاننىڭ شەرقىغە ئۆتۈپ كەتسە، ئۇدۇن، ئاگنى، شاجو قاتارلىقلارغىچە بېسىپ كىرىدۇ. تىبەتلەرمۇ توختىمايدۇ ... كەشمىر پادىشاھى خەن سۇلالىسىگە ساداقەتمەن، ئۇلارنىڭ لەشكەرلىرى تولۇق، يېرى كەڭ، ئاھالىسى كۆپ، ئاشلىقلىرىنىڭ يېتەرلىكلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، كەشمىر پادىشاھىغا پەرمان چۈشۈرۈپ تارتۇقلاپ، تون ۋە بەلۋاغ تەقدىم قىلىپ، ئالىيلىرىنىڭ شەپقىتىنى يەتكۈزۈپ، تېخىمۇ ساداقەتمەن قىلىشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن.»

## ئوردىنىڭ كەش پادىشاھىغا ئۇتۇغات نامى بېرىشى

ئېيتىلىشىچە، پادىشاھ شۇەنزۇڭ توخارىستان يابغۇسىنىڭ تەلىپىگە قوشۇلغان. ئەمەلىيەتتە «كىتابلار جەۋھىرى»گە پادىشاھنىڭ چىپىشى پادىشاھىغا ئۇتۇغات نامى ئىنئام قىلغانلىق توغرىسىدىكى بىر پارچە خېتى كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ۋاقتى مىلادىيە 750 ـ يىلى ئىدى. خاتىرىدە مۇنداق يېزىلغان: «تيەنباۋنىڭ 9 ـ يىلى 3 ـ ئايدا چىپىشى پادىشاھى بوتمۇنىڭ ئاكىسى سۇكا (Su-chia)غا پادىشاھلىق ئۇتۇغات نامى بېرىلدى. يارلىق ئوقۇپ بولۇنغاندىن كېيىن ئويۇن قويۇلدى. ئىنئام قىلىنغان بۇيۇملارنىڭ ھەممىسى داڭلىق نەرسىلەر ئىدى. پادىشاھنىڭ شەپقىتىنى تەسۋىرلەپ بولغىلى بولمايتتى. سىلى چىپىشى پادىشاھى بوتمۇنىڭ ئاكىسى سۇكا (Su-chia) خانغا ساداقەتمەن بولۇپ كەپلا، سىلىنىڭ ئەقىل ـ پاراسەتلىك ۋە باتۇرلۇقلىرىنى بۇرۇنلا ئاڭلىغان. بوتمو خەلققە ۋاپادارلىق، دۆلەتكە ساداقەتمەنلىك بىلدۈرمىدى. سىلى ئۇزاقتىن بېرى ئۆۋالچىلىق ئىچىدە قېلىپ، ئەستىن چىقىپ قالدىلا، ھازىر يامانلار يوقىتىلىپ قاتىللار قولغا ئېلىندى. ئۆزلىرىنىڭ ئوردىغا ساداقەتمەن بولۇپ، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈشلىرىنى ئۈمىد قىلىپ، چىپىشى پادىشاھى دېگەن ئۇتۇغات نام بېرىلدى ...»

بۇ ئوخشاش ۋەقە شاۋان ئەپەندىنىڭ «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا

پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» دىن تەرجىمە قىلغان ئىزاھى ۋە يەشمىسىدىمۇ قىسقا بايان قىلىنغان. ئۇنىڭدا توخارىستاننىڭ يابغۇسى ھەم ئۇنىڭ شاھزادىسى سىرى تاگارا مىلادىيە 749 ـ يىلىدىكى ئەلچى ئەۋەتىش مەلۇماتىدا: «چيېشى پادىشاھى تىبەتلەر بىلەن يېقىنلىشىپ بولۇردا ئەسكەر تۇرغۇزۇپ، ئاشلىق يولىنى توسۇۋالدى. مەن ئۇلارنى مەغلۇپ قىلسام دەيمەن، ئەنشى لەشكەرلىرىنى كېلەر يىلى 1 ـ ئايدا بولۇرغا، 6 ـ ئايدا بالتىستانغا ئەۋەتىشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن، ئىجازەت بەرگەيلا» دېيىلگەن. تيەنباۋنىڭ 9 ـ يىلى (مىلادىيە 750 ـ يىلى) 2 ـ ئايدا «ئەنشى ھىراۋۇلى گاۋ شيەنجى چيېشىنى بىتچىت قىلىپ، پادىشاھى بوتمونى قولغا چۈشۈرگەن. 3 ـ ئايدا بوتمونىڭ ئاكىسى سۇكانى چيېشى پادىشاھى قىلىپ تىكلىگەن.» ئەنشى سەركەردىسى گاۋ شيەنجى غەلىبىلىك ھالدا چيېشى بەگلىكىنى بويسۇندۇرۇپ، پادىشاھىنى قولغا چۈشۈرگەن. 3 ـ ئايدا بوتمونىڭ ئاكىسى سۇكا (Su-chia) چيېشى بەگلىكىنىڭ پادىشاھى قىلىپ بېكىتىلگەن.

### چيېشى بىلەن چىترالنىڭ ئۆيغۇنلىشىشى

«قەدىمكى خوتەن» دېگەن كىتابىمدا، شۇ خاتىرىلەردىكى جۇڭگونىڭ ياسىن ۋە گىلگىتنى ئىشغال قىلغانلىقىغا ئائىت ۋەقەلەرنىڭ ئورنىنى مۇھاكىمە قىلىپ، جيېشى («朅师» ياكى «朅帅»نىڭ) چوقۇم چىترال ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەن سەۋەبلەرنى تەپسىلىي ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتكەنىدىم. چۈنكى، ئىككىنچى خەت «帅» بىلەن «师» نىڭ خەت شەكلى جەھەتتىكى پەرقى ئىنتايىن كىچىك ئىدى. يەكۈن خاراكتېرلىك ئەڭ مۇھىم پاكىت شۇكى، «تاڭنامە» دە توخارلار ياكى توخارىستانغا ئائىت بىر تەپسىلىي خاتىرە بار. ئۇنىڭدا مىلادىيە 729 ـ يىلىدىكى بىر ۋەقە بايان قىلىنغاندىن كېيىن مۇنداق دەپ يېزىلغان: «كېيىن چيېشى تىبەتلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ توخارىستانغا ھۇجۇم قىلماقچى

www.uyghurkitap.com

بولغان. شۇنىڭ بىلەن توخارىستاننىڭ يابغۇسى سىرى چانگارا ئەنشىدىن ياردەمگە لەشكەر تەلەپ قىلغان، پادىشاھ ئەسكەر چىقىرىپ ئۇلارنى بىتچىت قىلغان.» خرونولوگىيەلىك تارىختا ئوتتۇرىغا قويۇلغانغا ئوخشاش، توخارىستان يابغۇغا جاۋاب قايتۇرۇش ئۇچۇن ھەربىي جەھەتتىن ياردەم قىلغان. بۇ مىلادىيە 758 ـ يىلى توپىلاڭچىلارغا قارىتا ئېلىپ بېرىلغان كۇرەشنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، «تاڭنامە» دە تىلغا ئېلىنغان چىيېشىنى بويسۇندۇرۇش ھەرىكىتىنىڭ مىلادىيە 750 ـ يىلى ئېلىپ بېرىلغانلىقىنى جەزملەشتۇرگىلى بولىدۇ. چىيېشى پادىشاھى بوتمو مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئاكىسى سۇكاغا يېڭى پادىشاھ دېگەن ئوتۇغات نامى بېرىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى ئىگىلىگەن.

### «تاڭنامە»دىكى چىترالغا ئائىت خاتىرىلەر

بۇ يەردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان چىيېشى بىلەن توخارىستاننىڭ قوشنا ئەل ئىكەنلىكى ۋە تىبەتلەرنىڭ چىيېشىدىن ئۆتۈپ توخارىستانغا تاجاۋۇز قىلغانلىقى چىيېشى بىلەن چىترالنى بىر ـ بىرىگە باغلاپ تۇرىدۇ. ھىندى دەريا ئېقىنىدىن بالتىستانغىچە تايانچ بازا قۇرغان ھەمدە بولۇر ياكى گىلگىت ـــ ياسىننىڭ ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن قولغا ئالماقچى بولغان تىبەتلەر ئۇچۇن ئېيتقاندا، بەدەخشاننىڭ ئۇدۇلىدىن ئالغا ئىلگىرىلەشتە چوقۇم چىترالدىن ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. بۇ بىر پاكىت «تاڭنامە» دىكى يەنە بىر خاتىرىدە تېخىمۇ ئېنىق ئىسپاتلىنىدۇ. بۇ خاتىرە توخارىستان توغرىسىدا بولۇپ، چىيېشى «劫» دېگەن بىر يەر تەسۋىرلەنگەن. ناھايىتى ئېنىقكى، بۇ چىيېشىنىڭ قىسقارتىلغان نامى ئىدى. «ئۇ كۆكئارت تېغى ئىچىگە جايلاشقان بولۇپ، غەرب ۋە جەنۇب تەرىپى شامىبى بەگلىكى بىلەن، غەربىي شىمال تەرىپى ئېفتالىت بىلەن چېگرالىناتتى.» ئېفتالىتنىڭ نامى توخارىستان بىلەن تەڭ

ئوتتۇرىغا قويۇلغان، ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى توخارىستاننىڭ ئاساسلىق قىسمى شۇبھىسىزكى بەدەخشان بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىنىقكى، ئۇنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى قوشنا ئەل چيې (劫) ياكى (揭师) چيېشى دەل ھازىرقى چىترال ئىدى.

## شامبى بەگلىكى بىلەن كافىرىستاننىڭ ئۇيغۇنلىشىش مۇناسىۋىتى

بۇ پاكىت بىزگە تەبىئىي ھالدىلا شامبى بەگلىكىنىڭ دەل چىترالنىڭ غەرب ۋە جەنۇب تەرىپىدىكى كافىرىستان ئىكەنلىكىنى تونۇتىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە مەن يۇقىرىدىكى مەزمۇنلاردا ئوتتۇرىغا قويغاندەك، بۇنداق ئورۇن ئىسپاتلاش ئۇسۇلى بىلەن سۇڭ يۈننىڭ خاتىرىسىدىكى بايانلار ناھايىتى ماس كېلەتتى. سۇڭ يۈن بەدەخشاندىن ئۇديانىغا بارغۇچە دەل بۇ يەردىن ئۆتكەنىدى①. «تاڭنامە» دىكى چيېشىغا ئائىت تەپسىلىي خاتىرىلەرمۇ بۇنىڭغا ئۇيغۇن كېلەتتى. «تاڭنامە»دە: ئۇ يەرنىڭ «ھاۋاسى ئىسسىق، شال، بۇغداي، تېرىق، ماش تېرىلىدۇ. قوي ۋە ئات قاتارلىق چارۋىلار بېقىلىدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇنداق بايان چىترال دەپ ئاتىلىدىغان ماكاننىڭ ئاساسىي ئەھۋالىغا ناھايىتى ماس كېلىدۇ، بۇ كەڭ ۋە مۇنبەت جاي ھەرقايسى دەۋرلەردە چىترال ياكى كاشكارا دەپ ئاتىلىدىغان بارلىق جايلارنىڭ سىياسىي مەركىزى بولۇپ كەلگەن. بۇ يەر دېڭىز يۈزىدىن 5000 فۇت ئېگىز بولۇپ، كىلىماتى ياكى يەرلىك مەھسۇلاتى جەھەتتىن بولسۇن، كەشمىر ۋادىسىنىڭكىگە بەكمۇ ئوخشاپ كېتەتتى. تارىخىي كىتابلاردا تىلغا ئېلىنغان كاشكارا جۇڭگونىڭ پايتەختىدىن 12 مىڭ مىل يىراقلىقتا ئىدى. بۇ يەردە «ئۆلۈكنى تاغقا قويۇپ قويۇش»تەك دەپنە قىلىش ئادىتىنىڭ بارلىقى ئالاھىدە تىلغا ئېلىنغان. ئۇ يەنە ئەلچى ئەۋەتىش توغرىسىدىكى ئەھۋالىنى خاتىرىلىگەن بولۇپ، مىلادىيە 619 ـ

① بىرىنچى بابنىڭ 2 ـ بۆلۈمگە قارالسۇن.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

يىلى مەزكۇر بەگلىك «ئەلچى ئەۋەتىپ قىممەتلىك كىتاب ۋە ئەينەك، خىرۇستال لوڭقا تەقدىم قىلغان» ئىكەن.

### چىپشى بىلەن قەشقەر رايونىنىڭ ئىسپاتلىنىشى

بىردىنبىر كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى، چىپشىنىڭ ئورنى توغرىسىدىكى پاكىتلار ئۇنىڭ يەر شەكلىنى مۇھاكىمە قىلىش ئارقىلىق بېكىتىلگەن بولۇپ، بۇ تىلشۇناسلىق جەھەتتىنمۇ ئىسپاتلانغاندى. خۇددى مەن ھەرقايسى ئورۇندا كۆرسەتكەنگە ئوخشاش، چىپشى دېگەن بۇ نامنىڭ خەنزۇچە يېزىلىش شەكلىدىن شۇ يەرنىڭ نامى بولغان چىپشى ياكى ئۇنىڭدىنمۇ بۇرۇنقى شەكلىنىڭ ترانسكرىپسىيەسى ئىكەنلىكىنى ناھايىتى ئاسانلا كۆرۈۋالغىلى بولاتتى. بۇ نامنىڭ چىترال رايونىنى كۆرسەتكەنلىكىنى خېلى بۇرۇنقى ۋاقىتتىكى ئىسلام دىنى ماتېرىياللىرىدا ئىسپاتلانغان ھەمدە خېلى يېقىنغا قەدەر چىترال دېگەن نام بىلەن بىرلىكتە مۇشۇ رايوننى كۆرسىتىپ كەلگەن. چىترال دېگەن بۇ نام بەلكىم مۇشۇ رايوننىڭ مەركىزي شەھىرىنى كۆرسەتكەن بولۇشى مۇمكىن. چىپشى دېگەن بۇ نام «كاشكار» دېگەن ئىسمىنىڭ يەنە بىر خىل تەرجىمىسى بولۇپ، خەنزۇچە قەدىمىي كىتابلاردا ئوخشاش بولمىغان شەكىلدە ئىپادىلەنگەن: جېيچا (竭叉) (فاشيەنىنىڭ خاتىرىسىدە)، چىشا (Ch، i–sha,Chih–meng، 奇沙)، جياشى (迦师) (خۇي چاۋنىڭ ئەسىرىدە) چۇشا (佉沙)، «بۇيۇك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى») دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇ ناملار ئوخشىمىغان دەۋردىكى جۇڭگو ئاپتورلىرىنىڭ تارىم ئويمانلىقىدىكى شەھەر ۋە بوستانلىق — قەشقەرنىڭ قەدىمكى نامىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسىدۇر.

### چىترالنىڭ جۇڭگو ھۆكۈمرانلىقى ئۈچۈن مۇھىملىقى

چىترالنىڭ قەدىمكى زامان تارىخىدىكى شۇ دەۋرگە ئائىت

توغرا ئەھۋال ناھايىتى ئاز ساقلىنىپ قالغان. شاۋان ئەپەندىنىڭ «تاڭنامە» دىكى ئوتتۇرا ئاسىياغا ئائىت خاتىرىلەرگە يۈرگۈزگەن تەھلىلىدە كۆرسىتىشىچە، مىلادىيە 8 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىم مەزگىلى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى پامىرنىڭ شەرقى ۋە غەربىدىكى كەڭ ئويمانلىق رايونلارنىڭ تارىخى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئىنتايىن مۇھىم بىر مەزگىل ئىكەن. جۇڭگو شۇ چاغدا ئۆزىنىڭ سىياسىتىنى تارىم ئويمانلىقى ۋە ئەتراپتىكى رايونلارغا زور دەرىجىدە كېڭەيتىپ، ئىككى خىل كۈچنىڭ كەڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىنى كونترول قىلىشىغا تاقابىل تۇرغان. ئەمما، بۇ رايونلارنى ئۇ غەربىي تۈركلەرنىڭ قولىدىن ۋارىسلىق قىلىپ ئالغان. ئۇردىنىڭ بۇ رايوندىكى كۈچى بىر تەرەپتىن ئۆزىنى قوغدىسا، يەنە بىر تەرەپتىن غەربتىكى ئەرەبلەرنىڭ تاجاۋۇزىغا تاقابىل تۇرغان ھەمدە تىبەتلەرنىڭ تارىم ئويمانلىقى ۋە گەنسۇ رايونلىرىغا قارىتا ھەر ۋاقىت ئېلىپ بارغان بۇلاڭچىلىقىغا تاقابىل تۇرغان. تىبەتلەر شۇ چاغلاردا ئەتراپتىكى رايونلارغا داۋاملىق ھۇجۇم قىلىپ تۇراتتى. بۇ بىر مەيدان ئۇرۇشنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى بىز جۇڭگونىڭ تارىخىي كىتابلىرىدىكى خاتىرىلەردىن بىلەلەيمىز. بۇ بىر مەيدان ئوتتۇرا ئاسىيانى تالىشىش كۈرىشىدە تىبەتلەر پۈتۈن كۈچى بىلەن ئامۇ دەرياسى ئەتراپىدىكى ئەرەبلەر بىلەن بىرلىشىپ، ئەڭ ئاخىرىدا پامىر ئارقىلىق جۇڭگونىڭ تارىم ئويمانلىقىغا كىرىدىغان بىر يېڭى ئالغا ئىلگىرىلەش يولىنى ئاچقان. ئەمما، بۇ خىل ھالەت روشەن ھالدا تىبەتلەرنى چەكلەپ قويغان. بىزنىڭ قارىشىمىزچە، تەبىئىي توسالغۇلار تۈپەيلىدىن، تىبەتلەرنىڭ ھىندىقۇش تېغى ۋە پامىر ئېگىزلىكىدىن ئۆتۈپ تاجاۋۇزچىلىق قىلىش خېيىم ـ خەتەر ۋە جەبىر ـ جاپالىرى ئۇلارنىڭ قورۇم تېغىدىن ئۆتۈپ، تارىم ئويمانلىقىغا كىرىشتىكى خېيىم ـ خەتەر ۋە جەبىر ـ جاپالىرىدىن خېلىلا ئاز ئىدى. ئۇ يەر ئىنسان ئاياغ باسمىغان،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىنتايىن خەتەرلىك ئېگىزلىك ۋە تاغلىق رايون بولۇپ، ھەرقانداق ئادەم چوقۇم ئۇنىڭغا دۇچ كېلەتتى.

### تىبەت بىلەن بەدەخشان ئوتتۇرىسىدىكى چىترال

دەل بۇ يەرنىڭ جۇغراپىيەلىك ۋە ئىستراتېگىيەلىك مۇھىم ئەھمىيىتى تۈپەيلىدىن، شۇ مەزگىلدىكى تىبەتلەرنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن ھىندى دەرياسى ئېقىنى ئارقىلىق گىلگىت ۋە ياسىنغا سىڭىپ كىرىپ، ئاندىن بۇ يەر ئارقىلىق داركوت ۋە باروغىل تاغ ئېغىزىدىن ئۆتۈپ، پامىرغا كىرىش يولىنى ئىگىلىشىنى چۈشىنىۋالغىلى بولاتتى. چىترالمۇ تىبەتلەرنىڭ مۇھىم نىشانى بولۇپ قالغانىدى. چۈنكى، بۇ تاغلىق رايوندىكى بەگلىك ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئەگەر ئۇنى تىبەتلەر قولغا چۈشۈرەلىسە، بىر چالمىدا ئىككى پاختەكنى سوقالايتتى. بىر تەرەپتىن، كەشمىر تەرەپتىن كېلىدىغان تەمىنات لىنىيەسىگە پاراكەندىچىلىك سېلىش ئارقىلىق جۇڭگونىڭ چېگرا قوغدىغۇچى قىسىملىرىنىڭ گىلگىتتىكى ئورنىنى ئىگىلەيتتى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، چىترال ئارقىلىق ھىندىستاندىن توخارىستانغا بارىدىغان ئەڭ ئەپلىك يولنى ئۆز ئىلكىگە ئالالايتتى. توخارىستان دائىم ئامۇ دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى ئەرەبلەرنىڭ تەھدىتىگە ئۇچراپ تۇرغاچقا، ھەر ۋاقىت جۇڭگونىڭ ياردىمىگە تايىنىپ، ئەرەبلەرنىڭ ئىستىلاسىدىن ساقلىنىش ئۈمىدىدە ئىدى. شۇڭا، چىترالنىڭ باش ئەمىرى بوتمو تىبەتلەرگە ياردەملىشىپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئامۇ دەرياسىدىكى يۆلەنچۈكى بولغان توخارىستانغا قارشى چىقىشقا ماقۇل بولغىنى تىبەتلەرنىڭ سىياستى ئۈچۈن ئېيتقاندا بىر مۇھىم غەلىبە ئىدى.

### جۇڭگو تەسىرىنىڭ ئاجىزلىشىشى

مىلادىيە 750 ـ يىلىدىكى چىترالدىكى بۇ بىر مەيدان سۇيىقەست سانغۇن گاۋشيەنجىنىڭ ئارىلىشىشى تۈپەيلىدىن

تارمار قىلىنغانىدى. ئەمما، ئۇ ئۆزى بىر كېلىشىمەسلىككە ئۇچرىغان. بىر يىلدىن كېيىن تاڭ سۇلالىسى قوشۇنى فەرغانە (Farghāna)نىڭ شىمالىغا يۆتكەلگەن، بۇ ئېھتىمال جۇڭگونىڭ جەنۇبىي ھىندىقۇش رايونىدىكى تەسىرىنىڭ ناھايىتى تېز ئاخىرلاشقانلىقىنىڭ ئىپادىسى بولسا كېرەك. ئۇزاق ئۆتمەيلا تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىمۇ قالايمىقانچىلىق كېلىپ چىققان. ئۆگلۈكنىڭ زور كۆلەملىك توپىلىڭى (مىلادىيە 765 ـ يىلىدىن 768 ـ يىلىغىچە) گەنسۇنىڭ پۈتۈن تەۋەلىكى، شۇنداقلا جۇڭگونىڭ تىبخىمۇ غەربىدىكى رايونلىرىنىڭ تىبەت تاجاۋۇزچىلىرىغا ئېچىۋېتىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. مىلادىيە 766 ـ يىلىغا كەلگەندە، تىبەتلەر ئوردىسىنىڭ تارىم ئويمانلىقىدا ئەسكەر تۇرغۇزغان نۇرغۇن شەھەرلىرى ۋە ئۇنىڭ شىمالىدىكى رايونلار بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ ئالاقىسىنى تامامەن ئۈزۈۋەتكەن. ناھايىتى مۇۋاپىق بىر پەرەز شۇكى، بۇ يېڭى ماكانىنىڭ ئېچىلغانلىقى (تىبەتلەرنىڭ شەرقىي شىمالدىكى ئىشلىرى) ئۇنىڭ غەربتىكى تىرىشچانلىقىنىڭ بوشىشىپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىراتتى. بۇ كىشىلەرنىڭ نېمە ئۈچۈن تىبەتلىكلەرنىڭ ھىندىقۇش تېغى ۋە پامىر رايونلىرىدا ھەرىكەت قىلغانلىقى توغرىسىدىكى ئۇچۇرلاردىن خەۋەردار بولالمىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيتتى، شۇنداقلا نېمە ئۈچۈن 758 ـ يىلىدىن 759 ـ يىلىغىچە «تاڭنامە» دە ئوتتۇرىغا قويۇلغان «توخارىستان ۋە غەربىي يۇرتتىكى توققۇز بەگلىك» ئەۋەتكەن ياردەمچى قوشۇن شۈەنزۇڭ خانىنىڭ قوشۇنىغا قوشۇلۇپ، توپىلاڭچىلاردىن پايتەخت چاڭئەننى قايتۇرۇۋالغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيتتى. كىشىنى ھەيران قالدۇرغىنى ۋە قىزىقتۇرغىنى شۇكى، جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە كىچىك ئاسىياغا بولغان ئۈمىدىنىڭ يوقىلىشىغا ئەگىشىپ، ئەرەبلەر بۇ ياردەمچى قوشۇنىنىڭ ئارىسىدا پەيدا بولغان. ئۇلار

www.uyghurkitap.com

بەلكىم ئەنشىدىكى تۆت قورغاننىڭ قوبۇل قىلغان ياللانما ئەسكەرلىرى بولۇشى مۇمكىن.

### جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا بولغان مۇداخىلىسى

بىز باياتىن ئىسپاتلاپ ئۆتكەن بۇ خاتىرىلەر ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشكە ئەرزىيتتى. چۈنكى، ئۇ تاغ ئارىسىدىكى كىچىككىنە چىترالنىڭ جۇڭگونىڭ نەچچە ئەسىردىن بۇيانقى تەسىرىنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان مۇھىم پەيتتە، بەزى ئىشلاردا مەلۇم روللارنى ئوينىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى. چىترالنىڭ تارىخىغا ئائىت بىر ئابزاس سۆز بۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. ئۇنىڭدا «بەگلىكىمىز بىر تارماق قالماق (جۇڭگو) قوشۇنى بىلەن بىر بەدەخشان شاھزادىسىنىڭ ئىتتىپاقداش قوشۇنى» نىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا ئۇچرىغان، دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇ جۈملىدە نۇرغۇن پاكىتلار ئاشكارىلانغان. ئەمما، ئەپسۇسلىنارلىقى، بۇ جاينىڭ دەۋر تارىخى ناھايىتى مۈجمەل ئىدى. شۇڭا، «رەئىس دەپ ئاتىلىدىغان خان جەمەتى»نىڭ نەسەبىنى مىلادىيە 8 ـ ئەسىرگىچە سۈرۈشتۈرۈشكە بولامدۇ، يوق؟ دېگەندىن گۇمانلىنىشقا ئاساسىمىز بار ئىدى. ئېيتىلىشىچە، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن تاجاۋۇزچىلىق دەل مۇشۇ خان جەمەتىدىكى بىر خاننىڭ دەۋرىدە يۈز بەرگەنىكەن. ئەمەلىيەتتە، پولكوۋنىك بىدارولفنىڭ كىتابىدا: مەزكۇر ۋەقە «ئېيتىلىشىچە، ئۆزبېك ئابدۇللاخان ئۆلگەندىن كېيىن يۈز بەرگەن» دەپ يېزىلغان. بۇ كىشى ئېنىقلىقكى ئامۇ دەرياسى تەرىپىدىن كەلگەن مۇسۇلمان تۈركلەردىن ئىدى.

### چىترالنىڭ يەرلىك خرونولوگىيە تارىخى

تۈرك ئابدۇللاخان زامانى تەخمىنەن رىۋايەت دەۋرى بولۇشى مۇمكىن. مەن چىترالدا تۇرغان ۋاقىتتا، شۇ يەردىكى بىر

مەدەنىيەتلىك چىتراللىق ئاقسۆڭەك ۋە ئەمەلدار، يەنى دىۋانبېگى (Dīwān-bēgī) ۋاپادارخان (Waffadār Khān) بۇ رىۋايەتنىڭ دەۋرىنى قىسقىچە سۆزلەپ بەرگەندى. بۇ خىل بايانغا ئاساسلانغاندا، داۋاملاشقان رىۋايەت دەۋرى «كافىردەۋر» (Kāfir–daur) ياكى «كافىرلار دەۋرى»، رەئىس خاندانلىقى دەۋرى – بۇ دەۋردىكى ئاۋامنىڭ كۆزقارىشىغا جۇڭگونىڭ تەسىرى سىڭىپ كەتكەن، تۇرك ئابدۇللاخان خانلىقى دەۋرى، گىلگىتتىن كەلگەن خەيرۇللاخان (Khairullah khān) دەۋرى، كاتور دەپ ئاتىلىدىغان ھازىرقى مىختارلار جەمەتىنىڭ ھۆكۈمرانلىق دەۋرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. مىختار جەمەتىدىن بولغان ھازىرقى خەيرۇللاخان پادىشاھ شاھ خەيرۇللا بولۇشى مۇمكىن. بۇ ئادەم توغرىسىدا مۇگۇربەگ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان بولۇپ، راۋۇدنىڭ «ئافغانىستان خاتىرىسى»دىن بۇ ئىسمنى تەرجىمە قىلىپ ۋە ئىزاھلاپ چۈشەندۈرگەن. ئۇ تەخمىنەن 1789 – يىلدىن 1790 – يىلغىچە مەستۇجنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قەشقەر رايونىنىڭ ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانى ئىدى. بۇ ئادەم چىترال جەمەتىنىڭ كۇشۋاكىت تارماق جەمەتىنىڭ نەسەب جەدۋىلىدە كۆرۈلگەن بولۇپ، تەخمىنەن ئوخشايدىغان بىر ئورۇنغا قويۇلغان. بۇنىڭ بىلەن ئابدۇللاخانمۇ 18 – ئەسىرنىڭ مەلۇم بىر دەۋرىگە تىزىپ قويۇلغان بولۇشى مۇمكىن.

### 18 – ئەسىردىكى جۇڭگونىڭ تەسىرى

بۇرۇنقى دەۋردىكى رىۋايەتتە ئوتتۇرىغا قويۇلغان جۇڭگودىن كەلگەن تاجاۋۇزچىلىقنى قانداق چۈشەندۈرۈشتىن قەتئىينەزەر، مۇئەييەنلەشتۈرگىلى بولىدىغىنى شۇكى، تەخمىنەن 18 – ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا چيەنلۇڭ خان تارىم ئويمانلىقىنى قايتىدىن بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، چىترالمۇ جۇڭگو تەسىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى قايتىدىن ھېس قىلغان. 1000 يىلدەك ۋاقىتتىن كېيىن جۇڭگو ھاكىمىيىتى بۇرۇنقى دەۋردىكى تارىخىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

خاتىرىلەرنى قايتىدىن تەكسىتلىگەن. بۇنىڭغا ئائىت قەدىمىي كىتابلار ئىنتايىن چەكلىك بولغاچقا، بۇ يەردە بۇ توغرىسىدا مۇنداقلا توختىلىپ ئۆتىمەن. بۇ ماتېرىيالدا ئەڭ ئىشەنچلىك بولغىنى راۋۇدنىڭ تەكشۈرۈش دوكلاتىدىكى بىر ئاپتورنىڭ ئېنىق بايانى بولۇپ، ئۇ 1789 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە چىترالنى زىيارەت قىلغان. ئۇ چاغدا ئۇ يەرنىڭ ھۆكۈمرانلىرى جۇڭگونىڭ ئاساسلىق ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلغان ھەمدە جۇڭگونىڭ ھىمايىسىدە بەدەخشاندىن كېلىدىغان بۇلاڭچىلىق ئاخىرلاشقانىكەن. بىداروف خاتىرىلىگەن ئاغزاكى رىۋايەتنىڭ بىر بۆلىكى ھەم ئۇزۇن، ھەم جانلىق سۈرەتلەنگەن. ئۇ بىر قېتىملىق تاجاۋۇزچىلىقنى تىلغا ئېلىپ مۇنداق دېگەن: جۇڭگونىڭ بىر قوشۇنى بەدەخشاننىڭ ھۆكۈمرانى مىرسۇلتان شاھ (Mīr Sultan Shāh)نىڭ ھەمكارلىشىشى بىلەن چىترالغا بېسىپ كىرگەن — ئۇ چاغ دەل خۇشئامەد (Khush-āmag) مەستۇجغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ۋاقىت ئىدى. بۇ ئادەم كۇشۋاكىت تارماق جەمەتىنى بەرپا قىلغۇچىنىڭ جىيەنى ئىدى. مەستۇجقا ئۇزاق مۇددەت قورشاپ ھۇجۇم قىلغاندىن كېيىن كېلىشىم ھاسىل قىلىنغان: تاجاۋۇز قىلغۇچىلار يارخۇن دەرياسى جىلغىسى، يەنى باروغىل تەرەپكە چېكىنگەن.

### جۇڭگونىڭ مۇداخىلىسى توغرىسىدىكى خاتىرە

بىر پارچە پايدىلىنىش ماتېرىيالىدا ئوخشاشلا بىر قېتىملىق تاجاۋۇزچىلىق ۋەقەسى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇ جۇڭگونىڭ بىر جۇغراپىيە ئىلمىغا ئائىت ئەسىرىدىن كۆچۈرۈۋېلىنغان. ئۇ 1790 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان بولۇپ، كلاپروت (Klaproth) تەرىپىدىن ئەڭ بۇرۇن تەرجىمە قىلىنغان. بۇ ماقالە بولور (Bolor) رايونىغا ئالاقىدار بولۇپ، ئۇ يەر يەركەننىڭ غەربىي جەنۇبى ۋە بەدەخشاننىڭ شەرقىي تەرىپىدە دەپ كۆرسىتىلگەن، يۇقىرىقى ۋەقەنى ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ يەر مەستۇجنى، ئەڭ ئاخىرىدا يەنە ياسىننى ئۆز ئىچىگە ئالغان قەشقەر بالا

(Kāshkār Bālā) رايونىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ئېيتىلىشىچە، 1749 ـ يىلى ئۇلارنىڭ شاھزادىسى جۇڭگولۇقلارغا ئىتائەت قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ زېمىنىنىمۇ قوشۇۋېلىنغان، بۇ شاھزادىنىڭ ئىسمى كلاپوروتنىڭ جۇڭگو يېزىقىنى فىرانسۇزچە قوشۇپ يازغان ماقالىسىدە چاھۇ چامېد (Cha khou Chamed) دەپ يېزىلغان، ئەمەلىيەتتە شاھ خۇشئامەد (Shāhkhush-āmad) دەپ يېزىلىشى كېرەك ئىدى. كېيىنكى يىلى ئۇنىڭ ئەلچىسى شاھبېك (Shāh Bēg ياكى Chah bek) جۇڭگو ئوردىسىغا بارغان. 1763 ـ يىلى يەنە بىر قېتىملىق ئەلچىلىك تىلغا ئېلىنغان: «كېيىنكى يىلى ئۇنىڭ بەگلىكى بەدەخشانلىق سۇلتان شاھنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا ئۇچراپ، بولور شاھزادىسى جۇڭگونىڭ يەكەندە تۇرۇشلۇق سانغۇنىدىن ياردەم سورىغان. جۇڭگولۇق سانغۇن سۇلتان شاھنى بولوردىن چېكىنىپ، دۈشمەنلىشىشنى توختىتىشقا دەۋەت قىلغان، بەدەخشانلىق پادىشاھ ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان ھەمدە شاھ خۇشئامەدكە تەشەككۇر خېتى يازغان. بۇ ئىككى رەقىبلەر پادىشاھنىڭ يېنىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، سوۋغات تەقدىم قىلغان، بۇلارنىڭ ئىچىدە شۇ بەگلىكتىكى ئەڭ سۈپەتلىك كىچىك شەمشەرلەرمۇ بار ئىدى.» ئېيتىلىشىچە، 1769 ـ يىلى بولور بەگلىكى بەلگىلەنگەن مۆھلەت ئىچىدە يەنە يېڭى مەھسۇلاتلارنى تەقدىم قىلغان.

جۇڭگونىڭ قەدىمىي تارىخنامىلىرىدە خاتىرىلەنگەن ھەقىقىي ئەھۋال ناھايىتى ئېنىق ئىدى. ئىشنىڭ نەتىجىسى مۇنداق ئىدى: بەدەخشان ۋە ۋاخان ۋادىسىدىن كەلگەن تاجاۋۇزچىلىق جۇڭگونىڭ مۇداخىلىسى بىلەن ئاخىر توختىغان. جۇڭگونىڭ مۇداخىلىسى ناھايىتى كۈچلۈك تەسىر قوزغىغان. بۇ، چىترالدىكى رىۋايەتنىڭ بۇ ئىش توغرىسىدىكى پوزىتسىيەسىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. جۇڭگونىڭ ئىلگىرىكى چاغلاردا تاجاۋۇز قىلغىنىغا ئائىت رىۋايەتلەر، تارىخىي پاكىت ئوتتۇرىسىدىكى دائىرە ۋە ئالاھىدىلىك جەھەتتە ھېچقانداق ماھىيەتلىك پەرقىنىڭ يوقلۇقى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# 2 ـ بۆلۈم چىترالدىكى قەدىمىي ئىزلار

## ئارخېئولوگىيەلىك ئىزلار ئىزدىلىكى

چىترالنىڭ تارىخى توغرىسىدىكى پايدىلانغىلى بولىدىغان ماتېرىياللار ئىنتايىن ئاز بولغانلىقى ئۈچۈن، مەن ئىمكانقەدەر ھەرقانداق پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، بۇ يەردىكى ئاساسلىق ۋادىلاردىن تېزدىن ئۆتۈپ كېتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ساقلىنىپ قالغان ھەرقانداق ئىزنى تەكشۈرۈشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتىم. مەن ھەم چەت، ھەم نىسبەتەن نامرات بۇ تاغلىق رايوندا ئىشلەتكىلى بولىدىغان قۇرۇلۇش ماتېرىيالىنىڭ ياغاچ بىلەن تاش ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر چۈشىنەتتىم. شۇڭا، مەن مەشھۇر ئىزلاردىن ئانچە ئۈمىد كۈتمىگەنىدىم. تۈرلۈك سەۋەبلەردىن كۆرە شەرەپ ھېس قىلغىنىم، كاپىتان ئې. نوللىس (Captian E.Knollys)نىڭ ماڭا قىلغان غەمخورلۇقى ئىدى. ئۇ چىترال مەمۇرىي ئەمەلدارىنىڭ ياردەمچىسى بولۇپ، شۇ يەردىكى ساقلىنىپ قالغان ھەرقانداق ئىزغا ئائىت ئۇچۇرلارنى توپلاپ بېرىش تەلپىمگە ماقۇل بولغانىدى. ئۇ تەمىنلىگەن ئىزنىلىك ئارقىلىق لوۋارى تاغ ئېغىزىدىن تېزلىكتە ئۆتتۈم، ھېلىمۇ ياخشى ئۇنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن ۋاپادارخان (دىۋانبېگى) ئەھۋالنى ماڭا تەپسىلىي چۈشەندۈرۈپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش قىممىتىگە ئىگە ئىزلارنى خاتىرىلەش ۋە بۇ ئىزلارنىڭ بىر قىسمىنى تەكشۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدۇم.

## گاخىراتتىكى تاش ئۈيما

ئىزدىلىككە ئاساسەن، مەن سەپەردە ئۇچرىغان بىرىنچى «قەدىمكى ئىز» مېنى سەل ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ قويدى. چۈنكى، مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، ئۇ گاخىرات (Gahirat) قەلئەسى (11 ـ

رەسىمگە قاراڭ)نىڭ يۇقىرىسىدىن ئىككى مىل يىراقلىقتىكى دەريانىڭ سول قىرغىقىدىكى تاش ئويما خارابىسى بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ناھايىتى ھەشەمەتلىك ئويۇلغان ئىككى كۇپلېت شېئىر ئىدى. شېئىر پارسچە يېزىلغان بولۇپ، دېھلىدىكى موغۇل (Moghul) خانىدانلىقىنىڭ بۈيۈك خان ئوردىسىدا پادىشاھ جاھانگىر (Jahāngīr) نىڭ داڭلىق شېئىرىغا ئاساسەن يېزىلغان بېغىشلىما ئىدى. بۇلار، 18 ـ ياكى 19 ـ ئەسىردىكى چىترالنىڭ مەلۇم ھۆكۈمرانىنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن ئويۇلغاندەك تۇراتتى. قارىماققا، بۇ خىل بېغىشلىمىنىڭ قىلچە ئەھمىيىتى يوق بولۇپ، ئۇ پەقەت ناھايىتى چوڭ كۆرۈنەتتى. بېغىشلىما دەريا يۈزىدىن 100 فۇتتىن ئېگىز كېلىدىغان تىك يارغا ئويۇلغان بولۇپ، خۇددى دارىئۇس (Darius)نىڭ بېھىستۇن (Behistūn) دا قىلغىنىغا ئوخشاش پەقەت «شاھنامە» تىپىدىكى خاتىرىلەرگە باب كېلەتتى. مېنىڭچە، ئۇ مەلۇم دەرىجىدىكى ئۆز ـ ئۆزىنى كۆز ـ كۆز قىلىدىغان بەلگە بولۇپ قالغان. يەنى، چىترال كاتتىباشلىرىنىڭ ئۆز زېمىنىنىڭ قانچىلىك چەكلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، نۇرغۇن ئەسىرلەردىن بۇيان ئۆزلىرىنىڭ «پادىشاھ» (Bādshāh) دېگەن نامغا ئىرىشكەنلىكىدىن پەخىرلىنىپ يۈرەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارغا پارس مەدەنىيىتىمۇ ئانچە يات ئەمەس ئىدى. بۇ ھازىرقى زامان رەڭلىرى ئارقىلىق نەقىشلەنگەن ئىككى مىسرا شېئىر ئارىسىغا نۇرغۇنلىغان شىۋا (Śiva) ئىلاھىنىڭ ئۈچ ئۇچلۇق تەبەرسىمان بەلگىلىرى قويۇلغانىدى. شۈبھىسىزكى، بۇنداق بەلگىلەر چىترالنى قوغداشقا قوبۇل قىلىنغان گۇرخاس (Gurkhas)لارنىڭ دىنىي مايىللىقى بولۇشى مۇمكىن. بەلكىم ئۇ ئانچە ئۇزاق ئۆتمىگەن كەلگۈسىدە بىر خىل قەدىمكى ئىزغا ئايلىنىپ، ھازىرقى ھىندىستان تەرەپنىڭ مۇشۇ تاغلىقتا تۇنجى قۇرغان سىياسىي كونتروللۇقىنى ئىسپاتلىشى مۇمكىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com

قورغان شەكلىدىكى مەھەللىلەرنىڭ يېتەرسىزلىكى

چىترالدىكى دەسلەپكى ئىككى كۈنلۈك سەپىرىم (4 ـ ۋە 5 ـ ماي) دە ئۇنىڭ «پايتەختى» گە باردىم. ئەمما، ئۇ يەردە ساقلىنىپ كەلگەن قەدىمكى ئىزلارغا ئائىت بىرقەدەر روشەن قالدۇق ئىزلارنىمۇ بايقىمىدىم. لېكىن، ئۇلارنىڭ چىترالدا ئۇزاقتىن بۇيان ساقلىنىپ كېلىۋاتقان پادىشاھلىق مۇستەبىتلىك ھۆكۈمرانلىق تۈزۈمىنى ئىنكار قىلمىدىغان غەيرىي پاكىتلارنى چۈشىنىشىمگە ياردىمى بولدى. سىۋات ۋە پەنجكورا ۋادىسىغا سىلىشتۇرغاندا، بىز ئۆتكەن چوڭ مەھەللىلەر مەيلى ئۇ يان تەرەپتىكى جىلغا ئېغىزىدىكى تېرىقچىلىق يەرلىرى بولسۇن، ھېچقانداق تۇر ۋە قورغان شەكلىدىكى ئولتۇراق ئۆي ئورنى بايقالمىدى. ئەمما، بۇ يىراق جەنۇبتىكى پاتان چېگرا رايونىدىكى تۇپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان قەبىلىلەرنىڭ بىخەتەرلىكىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، كەم بولسا بولمايتتى. مۇداپىئەنىڭ مۇھىملىقىنى نەزەردە تۇتقان ئاساستا، مىركاننى (Mirkanni) ۋە دروش قاتارلىق جايلاردا ھەقىقەتەنمۇ مۇنارسىمان بىنا شەكلىدىكى قەلئەلەردىن بىرقانچىسى بولۇپ، ئۇلارنىڭ سېلىنغىنىغا خېلى ئۇزاق بولغانىكەن. ئەمما، قايسى نۇقتىدىن ئېيتايلى بۇ قەلئەلەر پەقەت مېختارلارنىڭ ئۆز ئەمەلدارلىرىنى ياكى جەنۇب تەرەپتىن كېلىدىغان قاتناش لىنىيەسىنى قوغداش ئۈچۈنلا ياسالغانىدى.

چىترالدىكى قورغانلار

بۇ تاغلىقتا جايلاشقان ئەلنىڭ ھوقۇق تالىشىشى ۋە پاراكەندىچىلىكى ئىچىدە، ھازىرقى زامان سىياسىي تارىخى باش ـ ئايىغىنى تاپقىلى بولمايدىغان تۈردەك قالايمىقانلىشىپ، قەستلەش، قاتىللىق ۋە ئاسىيلىقلار كۆپىيىپ كەتكەنىدى. شۇڭلاشقا، بىخەتەرلىك مەسىلىسى بىر ھۆكۈمران ئۈچۈن ئېيتقاندا، چوقۇم ھەممىدىن ئاۋۋال ئويلىنىشقا تېگىشلىك



11 ـ رەسىم گاخىراتتىكى قەدىمكى قورغاندىن تۆۋەندىكى چىترال دەرياسى ۋادىسىغا نەزەر

مەسىلە ئىدى. مېختارلارنىڭ قورغانلىرىدا چوڭ، ئېگىز ۋە زىچ سېلىنغان تۆت چاسا شەكىلدىكى تۇرلار بار ئىدى. بۇ تۇرلار تۆت تەرەپتىن روشەن كۆرۈنىدىغان چوڭ مەھەللىلەرنىڭ مەركىزىگە سېلىنغان بولۇپ، چىترالنىڭ پايتەختىنى شەكىللەندۈرگەن. ئۇ مۇھىت شارائىتىنى ئاساس قىلغان ناھايىتى روشەن بەلگە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ قەلئەنىڭ ئۇلى ۋە شەكلى شۈبھىسىزكى، ناھايىتى قەدىمىي ئىدى. غايەت زور تاش، ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئىمارەتلەر نۇرغۇن ئۆزگىرىش ۋە كۈتۈلمىگەن ئىشلارنى باشتىن كەچۈرۈپ، بەرداشلىق بېرەلمىگۈدەك ھالەتكە چۈشۈپ قالغانىدى. ھەتتا يېقىندا يۈز بەرگەن بىر قېتىملىق ۋەقەگە، يەنى 1895 ـ يىلىدىكى كىشىلەر قەلبىدىن تېخىچە كۆتۈرۈلۈپ كەتمىگەن قورشاپ ھۇجۇم قىلىش ۋەقەسىگىمۇ بەرداشلىق بېرەلمىگەنىدى. مەن بۇ قەلئەنى زىيارەت قىلىۋېتىپ، مەسچىت ۋە قەلئەنى ئوراپ

تۇرىدىغان سىرت تەرەپتىكى قەسىرنىڭ چىرايلىق ئىچىۋېتىلگەن كارىدورى ئىچىدە نۇرغۇنلىغان نەپىس ياغاچ ئويمىلارنى ئۇچراتتىم. بەلكىم بۇ ئويمىلارغا بىرقانچە ئەسىر بولغان بولۇشى مۇمكىن، ئۇلار يەنىلا شۇ يەردە ساقلىنىپ قاپتۇ. ئۇ يەردىكى يوغان، ئېگىز ئىشكىمۇ قەدىمكى دەۋرلەرنىڭ يالدامىسى سۈپىتىدە تۇرۇپتۇ ــ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان تاۋاپ قىلغۇچىلار دەل مۇشۇ يەر ئارقىلىق بىر ـ بىرلەپ، قان چېچىلغان قەشقەر «تەخت» «Takht» يولىغا قەدەم قويغانىدى.

يەرلىك شارائىت سەۋەبىدىن، مەن بۇ قەلئەنى ئىنتايىن ئالدىراش تەكشۈردۈم. مېختارلار ئەۋلادمۇئەۋلاد قالدۇرۇپ كەتكەن بۇ قەلئەدىن سىرت، چىترالنىڭ پايتەختىدە يەنە بەزى قەدىمىي ئىزلارمۇ بار ئىدى. ئېيتىلىشىچە، بۇ يەردە يەنە بىر قەدىمىي قەلئە بولۇپ، ئۇ رەئىس دەۋرىدىن قالغان خارابە ئىكەن. ھۆكۈمەت يامۇلىغا يېقىن يەردە بىر مۇنارسىمان ئىمارەتنىڭ خارابىسى كۆرۈنەتتى. ئەمەلىيەتتە بۇ تاش قۇرۇلمىلىق ئىمارەتنىڭ تېمىدىن بىرقەدەر روشەن بولغان ھېچقانداق دەۋر ئالاھىدىلىكى كۆرۈنمەيتتى. مېنىڭچە، ئاشۇ نەپىس سىلىنغان ۋە بازار مەسچىت (Bāzār Masjid) دەپ ئاتىلىدىغان چىترالدىكى ئەڭ قەدىمىي مەسچىت قۇرۇلۇشىنىڭمۇ ئېنىق يىل دەۋرىنى پەرەز قىلغىلى بولمايتتى (10 ـ رەسىمگە قاراڭ). ئۇنىڭ يۇمىلاق ياغاچ تۈۋرۈكلىرى ۋە ئەگمە ئىشىكلىك قۇرۇلۇش ئۇسلۇبلىرىدا ساراسېنىكنىڭ (Saracenic) ئاخىرقى مەزگىلىنىڭ ئالاھىدىلىكى بولۇپ، بۇنداق تىپتىكى ئىمارەتلەر ئىراننىڭ ھەممە يېرىدە تېپىلاتتى.

### چىترالدىكى ياغاچ ئويمىلار

چىترالدا بىر كونا ئۆي بولۇپ، ئۇ 1895 ـ يىلىدىكى مالىمانچىلىقتىن بۇرۇن مەمۇرىي ئىشلار ئەمەلدارلىرىنىڭ تۇرار جايى قىلىنغانىكەن، هازىر ئۇ مېنى قىزغىنلىق بىلەن كۈتۈۋالدى. مەن بۇ يەرگە كېلىپلا ئۇنىڭدىكى ھەقىقىي يەرلىك



12 ـ رەسىم ياغاچ ئويما

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



13 ـ رەسىم ياغاچ ئويما

ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىمارەت ئۇسلۇبىنى ھېس قىلدىم. ئۇنىڭ ئاساسلىق ئۆيلىرىدىكى (ئۇلارنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىدىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئايۋان دېيىشكە بولاتتى) ھىمالايا شەمشاد دەرىخىدىن ياسالغان ۋە نەپىس ئويما نەقىشلەر ئويۇلغان يۇمىلاق تۈۋرۈكلەرنىڭ تۆت بۇلۇڭ شەكلىدىكى ئۆي تورۇسىنى تىرەپ تۇرغانلىقىنى كۆردۈم. ئۇنداق چىترال تىپىدىكى ئادەتتىكى نۇر ۋە ھاۋا ئۆتكۈزگۈچ تۆشۈكلەر ئەسلىدىنلا قەدىمىي ئىمارەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرگەن بولۇپ، كىشىنى ئىنتايىن قىزىقتۇراتتى. مەن بۇلار توغرىسىدا كېيىن توختىلىمەن. بۇ ئۆيلەرگە ئۈستىگە زامانىۋى تۈڭلۈك قويۇلغانىدى. يۇمىلاق تۈۋرۈكلەردىكى بېزەك شەكىللىك ياغاچ ئويمىلار ئۆزگەرتىلمىگەن بولۇپ، مەن بۇ خىل بېزەك نەقىشلەردىن تولىمۇ تەسىرلەندىم. ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، بۇ نەقىشلەر ماڭا شۇنداق تونۇش بىلىنەتتى، بۇنىڭ ئىچىدىكى بىرقانچە خىل تۆت يوپۇرماقلىق نىلۇپەرسىمان گۈللۈك نەقىشلەر بىلەن سەككىز يوپۇرماقلىق، نىلۇپەر سىرتىغا چەمبىرەك قويۇلغان نەقىشلەر كۆرۈنۈشكە خۇددى مەن 1901 ـ يىلى تەكلىماكان قۇملۇقىدىكى نىيە خارابىسىدىن قېزىپ چىققان قەدىمىي ئىمارەتلەردىكى ياغاچ ئويما ۋە بېزەك نەقىشلىرىنىڭ كۆپەيتىلگەن نۇسخىسىغا ئوخشايتتى. روشەنكى، بۇ نەقىشلەر قەندھەر سەنئەت ئۇسلۇبىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانىدى (12 ~ 17 ـ رەسىمگە قاراڭ). بۇنداق تەسىر بىۋاسىتە سىۋات ۋە كابۇل دەرياسى ئېقىنىدىكى رايونلاردىن تارقىلىپ كەلگەنمۇ ياكى ئۇ ئۆزىنىڭ بەدەخشان ۋە قەدىمكى زاماندىكى باكترىيە (Bactria) تەرەپتىن كۆچۈپ كەلگەن مەدەنىيەتنىڭ باشقا شەكلى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەمدۇ؟ مەيلى ئۇنىڭ قايسى تەرەپتىن كېلىشىدىن قەتئىينەزەر، كۆرۈنۈشكە ئىنتايىن روشەنكى، بۇنداق يۆتكىلىپ كەلگەن سەنئەتنىڭ تەسىرى ھەقىقەتەنمۇ بىر ئىشەنچلىك ماكاندا قېلىپ قالغان. دەل مۇشۇ



14 ـ رەسىم ياغاچ ئويمىلار



15 ـ رەسىم ياغاچ ئويمىلار



16 ـ رەسىم ياغاچ ئويما





17 - رەسىم ياغاچ ئويمىلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

يىراق ۋادىدا ئۇ ناھايىتى ياخشى ساقلىنىپ قالغان.

### داۋاۋىشتىكى كافىرلارنىڭ كونا ئۆيى

7 ـ مايدا دوكلاتتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان دەريانىڭ سول قىرغىقىدىكى جۇغور (Jughōr) ئەتراپىدىكى ئىزلارنى داۋاملىق تەكشۈرۈش جەريانىدا، داۋاۋىش (Dawāwish) تىكى بىر كونا ئۆينى كۆرۈش پۇرسىتىگە ئىگە بولدۇم. ئېيتىلىشىچە، بۇ ئۆينىڭ سېلىنغان دەۋرىنى كافىردەۋرى (Kāfir-daur) ياكى ئىسلام دىنى تارقىلىشتىن بۇرۇنقى دەۋرلەرگىچە سۈرۈشتۈرۈشكە بولىدىكەن. كەنتتىكى زامانىۋى ئۆيلەر بۆك ـ باراقسان مېۋىلىك دەرەخلەر ئارىسىدىن كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى. پەقەتلا ئاشۇ ئۆزگىچە كونا ئۆينىڭ غوۋا رەڭلىرى ھەمدە يوغان تاشتىن قوپۇرۇلغان ئىمارەتلەر بىراقلا دىققىتىمنى قوزغىدى. كونا ئۆينىڭ سىرتى بىر چوڭ تاش دۆۋىسىگە ئوخشايتتى. لېكىن، يېقىندىن قارىغاندا ئۇنىڭ تام ئىككەنلىكىنى بىلگىلى بولاتتى، ئەمەلىيەتتە ئۇ باشقا ئورۇنلاردىن پۇختىراق بولۇپ، ناھايىتى پۇختا تاش تاختىلار بىلەن سېلىنغانىدى. ئىچكى قىسمىنىڭ ئەڭ روشەن ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئوتتۇرىسىغا غايەت زور مەركىزىي ئۆي ياكى ئايۋان سېلىنغان بولۇپ، تۈۋرۈكلىرىگە ناھايىتى نەپىس نەقىشلەر ئويۇلغان. تامنى بويلاپ بېزەلگەن ھىمالايا شەمشاد ياغىچىدىن ياسالغان رومبا شەكىللىرىدە، ئۇزاق يىللارنىڭ قارا رەڭلىك يالدامىسى ساقلىنىپ قالغانىدى. بېزەش جەھەتتە، ئاساسلىقى تۆت يوپۇرماق شەكلىدىكى رومبا شەكىللىك كاتەكچە نەقىشلەر ئويۇلغان بولۇپ، ئۇسلۇبى مەن نيە خارابىسىدە بايقىغان ياغاچ ئويمىلارغا ھەمدە قەندەھەردە ئۇچراتقان قاپارتما نەقىشلەرگە ناھايىتى ئوخشايتتى. لېكىن، ھۈنەر ـ سەنئەت جەھەتتە سەل قوپالراق ئىدى. چىترالنىڭ زامانىۋى ئويمىچىلىقىدىكى ئۆسۈملۈك، گۈل نەقىشى ۋە گۈللۈك دېرىزە

كاتەكچىلەرگە سېلىشتۇرغاندا، سىزىقلىرى ۋە سېلىشتۇرما دەرىجىسى ناھايىتى كۈچلۈك ئىدى. چوڭ تىپتىكى قاناتسىمان پايىنى تۆت چاسا تۈۋرۈك كۆتۈرۈپ تۇراتتى، ئۈستىدە نەپىس ياسالغان تەخسە شەكىللىك بۇرجەكلىك بېزەك بولۇپ، ئۇ ماڭا لوپنۇر خارابىلىكىدە (Lop-nōr-Site) بايقىغان نەرسىلەرنى ئەسلەتتى (18 ـ رەسىمگە قاراڭ). تەخسە شەكىللىك بېزەكلەر «كونا كافىر»لارنىڭ ئۇسلۇبىدىكى ئەسەرلەرنىڭ تىپىك ئالاھىدىلىكى دەپ قارالغان. ئۆينىڭ ئۆگزىسىدىن تۈڭلۈك ئېچىلغان بولۇپ، ئۆيگە ھاۋا ئالماشتۇرۇش ۋە كۈن نۇرى چۈشۈشكە لايىق قىلىپ سېلىنغان. بۇ خوۋار تىلىدا ئايۋان (aiwān) ياكى كۇمال (Kumāl) دەپ ئاتىلىپ، بىر خىل تىپىك ئىمارەت قۇرۇلمىسى بولۇپ قالغاندى. ئۇ ئۈستى ـ ئۈستىگە تىزىلغان لىم ياغىچى ئارقىلىق ياسالغان بولۇپ، ئۈستىگە



18 ـ رەسىم كروران قەدىمىي شەھىرىدىكى L . A. Ⅲ خارابىلىكىدىن
قېزىۋېلىنغان ياغاچ ئويمىلارنىڭ پارچىلىرى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

بارغانسېرى تۆت چاسا ئېغىزى كىچىكلەپ بارغان. ئوقۇرمەنلەر مىراگرامدا تارتىلغان سۈرەت ئىچىدىن بۇ خىل «ئايۋان»نىڭ شەكلىنى كۆرۈۋالالايدۇ (19 ـ رەسىمگە قاراڭ). كەشمىردىكى ئاز ساندىكى بىرقانچە ئىبادەتخانىلاردا، مەسىلەن، پەندرېتان (Pandrēthan) دا مۇشۇ شەكىلدىكى تاش قۇرۇلمىلىق ئۆگزىلىرى بار بولۇپ، هازىرغىچە بىجىرىم ساقلانماقتا، ئۇنى ئىمارەتنىڭ ئەڭ توغرا بولغان قوشۇمچە نۇسخىسى دېيىشكە بولىدۇ. بۇ قەدىمكى ئىمارەتنىڭ ئىچى بۇرۇندىنلا بىرقەدەر قاراڭغۇ بولغانلىقتىن، سۈرەتكە تارتىشقا ئامال بولمىدى. ئۆينىڭ ئىگىسى بىر موللا (Mullah) بولۇپ، ئادەتتە ياغاچچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن. ئۇ ناھايىتى پەخىرلەنگەن هالدا، بۇ ئۆينىڭ ئەڭ دەسلەپكى «كافىر»لىق قۇرغۇچىسىنىڭ ئۇستا هۈنەرۋەن ئىكەنلىكىنى بىزگە سۆزلەپ بەردى. ئەمما، بۇ ماڭا بۇزغۇنچىلىقتا ئۇچرىمىغان جانلىق يەرلىك سەنئەت ئەنئەنىسىنى مەقسەتلىك هالدا كۆز ـ كۆز قىلىۋاتقاندەك بىلىنەتتى.



19 ـ رەسىم مىراگرامدىكى ئەبەيدۇللاخان ئۆيىدىكى ئايۋان

## قەلئەدىكى ئىز

جۇغور كەنتىنىڭ يۇقىرىسىدىن بايقالغان ئىزنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق بولۇپ، ئۇ زامانىۋى قەلئەنىڭ ئۇدۇلىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتكەن دەريا كۆۋرۈكىنىڭ ئايىغى تەرىپىدىن بىر يېرىم مىل يىراقلىقتا جايلاشقان. جۇغورگۇل (jughōr–gul) جىلغىسىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر تاغ تىزمىسى ئۈستىدە قەدىمكى دەۋرلەردىكى شەھەر سېپىلىنىڭ ئىزنالىرى بار ئىكەن، ئۇ جاي موچاندېخ (Mochiāndeh)، يەنى «تۆمۈرچىلەر كەنتى» دەپ ئاتىلىدىكەن. ئۇلار كېسىلمىگەن چوڭ ئۇيۇل تاشلار ئارقىلىق ياسالغاندەك كۆرۈنىسىمۇ، ھازىر ئەتراپتىكى كەنت ئاھالىلىرى ئۇنى كولىۋېلىپ باشقا ئىش ئۈچۈن ئىشلەتكەن. بۇ قەدىمىي سېپىل بىر تىك تۆت بۇلۇڭلۇق ئىمارەتنى شەكىللەندۈرگەن بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 40 يارد، كەڭلىكى 17 يارد كېلەتتى. يەنە سېپىلنى ئايرىپ تۇرىدىغان بەزى ئىزنالارمۇ كۆرۈنۈپ تۇراتتى. مەن بۇ يۇمىلاق چوققىنىڭ تار يۈزى ۋە يانباغرىدا باشقا ھېچقانداق خارابىنىڭ يوقلۇقىغا دىققەت قىلدىم. لېكىن، زېرەك دىۋانبېگى ۋاپادارخان (ئۇ ماڭا ھەمراھ بولۇپ بۇ ئىزنى كۆرۈشكە كەلگەن) نىڭ ئېيتىشىچە، بۇ يەردە دائىم ئوقيا ئۇچى، مارجان ۋە ئىنتايىن نەپىس ساپال بۇيۇملار ئۇچراپ تۇرىدىكەن. ئۇچۇست (Uchust) كەنتىنىڭ ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش ئەھۋالىمۇ مۇشۇنداق ئېنىق ئەمەس ئىدى. مەزكۇر كەنت مەھكىمە تۇرۇشلۇق ئورۇننىڭ جەنۇبىدىكى تەخمىنەن ئىككى مىل يىراقلىقتىكى جايغا جايلاشقان بولۇپ، لوماري (Lomārī) نىڭ يۇقىرىسىدىكى تاغ ئۈستىدە ئىدى. ئېيتىلىشىچە، ئۇ يەردىكى ئۆيلەرنىڭ ھەممىسى «كافىر» ياكى «كالاش» دەۋرىدىكى قەدىمىي سېپىللارنى چۇۋۇپ ئەكەلگەن تاشلاردىن سېلىنغانىكەن. مېنىڭ بۇ يەردىكى زىيارىتىمدىن شۇنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، نۇرغۇن سېپىللار

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

خىلى بۇرۇن سېلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ھازىر چۇۋۇۋېتىلىپ، ئۆي ئۇلى قىلىنغان ياكى بەزى پەلەمپەي يەرلەرنى تەرەپ تۈزىدىغان قېپىاش تام قىلىنغان. مەن بۇ يەردە تاش ئويما ياكى باشقا ئىمارەتلەرنى بايقىمىدىم.

## چترال مەركىزىنىڭ مۇھىملىقى

ئەمەلىيەتتە، ئاتقا مىنىۋېلىپ بۇ شالاڭ ئىزلارنى كۆرگەچ سەپەر قىلىش قىزىقارلىق تۇيۇلاتتى. قورغان ۋە مەھكىمىنى مەركەز قىلغان مۇنبەت ۋە كەڭ ۋادا نەچچە ئون مىلغا سوزۇلاتتى. يېزا ـ قىشلاقلار ئۆزئارا تۇتاشقان بولۇپ، كوچىلار بىلەن باغلار گىرەلىشىپ كەتكەن، سۈزۈك ئېقىنلار بىر يەرگە يىغىلىپ، باغ ۋە ئېتىزلارنى سۇغىراتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى تىرىقچىلىقتا باب كېلىدىغان بىر چوڭ بوستانلىقنى شەكىللەندۈرۈپ، ۋادىغا ماس ھالدا ئورۇنلاشقانىدى. شۇڭلاشقا، چترالنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى ھەرقانداق ۋاقىتتا مۇقەررەركى مۇستەقىل بولۇپ كەلگەن، لېكىن ئىقتىسادىي جەھەتتە ئۇ يەنىلا قەشقەر ئېلىدىكى (Kāshkār State) ئەڭ مۇھىم رايون ئىدى.

## چترال دەرياسىنى بويلاپ ماڭىدىغان يول

ماڭا بەرگەن قەدىمىي ئىزلار تىزىملىكىدە «كافىرلار مەزگىلىدىكى سېپىل»دىن يەنە ئىككىسى تىلغا ئېلىنغانىكەن: بىرى، نوغورغى (Noghorghi) دا بولۇپ، چۇمارخون (Chumarkhon)غا يېقىن يەرگە جايلاشقان؛ يەنە بىرى، گانكورىنى (Gankōrini) دا بولۇپ، بلاچ (Blach) قا يېقىن يەرگە جايلاشقان. ھەر ئىككىلىسى چترالغا يېقىن جايلاردا بولۇپ، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا دەريانىڭ سول ۋە ئوڭ قىرغىقىغا جايلاشقان. ئەمما، مېنىڭ ئۇلارنى زىيارەت قىلىشقا ۋاقتىم قالمىغانىدى. شۇنداقتىمۇ، ئۇنى زىيارەت قىلىشنىڭ ئانچە چوڭ زىيىنىمۇ يوق ئىدى. چۈنكى، ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، بۇ ئىككى سېپىلدا بەزى قوپال ياسالغان تاش تاملار بار ئىكەن. بەختىمگە

ياربشا، 9 ـ مايدىن 11 ـ مايغىچە بولغان ئۈچ كۈنلۈك سەپەر مېنى تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك ئىزلارنى كۆزىتىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلدى. ئۇ مەستۇجقا بارىدىغان يول بولۇپ، پۈتكۈل سەپەردە چىترال دەرياسى جىلغىسىنى (ئۇنىڭ بۇ يەردىكى ئاتىلىشى يەركخۇن دەريا جىلغىسى ئىدى) بويلاپ ئىلگىرىلىدىم. بۇ بىر بۆلەك جىلغىدا بىر قاتار چوڭ ـ كىچىك قىساڭلار بار ئىدى. ئەمەلىيەتتە، ئۇ يەلپۈگۈچسىمان ئېقىن چۆكۈندىسى تەرىپىدىن بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىمىغان بولۇپ، پەقەت مۇشۇ يەلپۈگۈچسىمان ئېقىن چۆكۈندىسىنىلا تېرىقچىلىق ئۈچۈن ئىشلەتكىلى بولاتتى. مەيلى بۇ يول كېسىپ ئۆتكەن جىلغىلار قانچىلىك خەتەرلىك ۋە قىيىن بولسۇن، خۇددى مەن ئېكسپېدىتسىيە خاتىرەمدە كۆرسەتكەندەك، گەرچە ھازىرقى زامان تاش يولى ياسالغان بولسىمۇ، بۇ يەردىكى قىيىنچىلىق تېخى تۈگىمىگەنىدى. بۇ يول ئەزەلدىن ناھايىتى مۇھىم قاتناش لىنىيەسى بولۇپ كەلگەنىدى، چۈنكى ئۇ چىترال بىلەن شەرقىي شىمال تەرەپتىكى مۇنبەت ۋادىلار (كېيىن ئۇ قەشقەر بالا رايونى بولۇپ شەكىللەنگەن) ھەمدە يارخۇ دەرياسى بېشىدىكى مەستۇج تاغلىق رايونلىرىنى تۇتاشتۇراتتى.

### پاختورىدىنىدىكى تاش ئويما

دەريا جىلغىسىنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى يولنىڭ يان تەرىپىدە تاش ئويما ئىزى بار جايدىن ئىككىسى ساقلانغان بولۇپ، ھەممىسى بۇددا دىنىغا ئائىت ئىكەن. بىرىنچىسى، مورويى (Moroi) كەنتىنىڭ يۇقىرىسىدا ئىدى. دەريانى كېسىپ ئۆتىدىغان ئاساسلىق يول دەريانىڭ ئوڭ قىرغىقى بىلەن تاكى پرايت (Prait) كەنتىنىڭ يۇقىرىسىدىكى ئۈچ مىل يىراقلىققىچە تۇتىشاتتى. بۇ يەر دەل جومشىلى (Jomshili) كەنتىنىڭ ئۇدۇلى بولۇپ، تار يوللار تىك غارنىڭ يېنىدىكى تاغ باغرىنى بويلاپ ئۆتەتتى. تاغ باغرى پۈتۈنلەي تاشلىق بولۇپ، دەريا يۈزىدىن 150 فۇت ئېگىز ئىدى. پاختورىدىنى (Pakhtōrīdīnī) دېگەن يەردە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

بىر پارچە يوغان تاش بولۇپ، يول ئۇستىدىلا ئىكەن. ئۇ بەلكىم گرانت تاش بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭغا بىر بۇددا مۇنارىنىڭ شەكلى ئويۇلغان بولۇپ، ئاستىدا 11 دانە بىراھمى يېزىقى بار ئىدى. گەرچە ئەسلىدىلا سىلىق بولغان تاشنىڭ يۈزى شامالنىڭ تەسىرىدىن يىمىرىلگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇددا مۇنارىنىڭ ئىزناسىنى يەنىلا پەرق ئەتكىلى بولاتتى.

### تاش ئويمىدىكى بۇددا مۇنارى

20 ـ، 21 ـ رەسىمدىن بۇددا مۇنارىنىڭ بىر قىسمىنى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇنداق بۇددا مۇنارى قۇرۇلۇشىنىڭ



20 ـ رەسىم پاختورىدىنى ۋە چىترالدىكى تاش ئويما بۇددا مۇنارىنىڭ شەكلى



21 ـ رەسىم  چاررۇن ۋە مەستۇجدىكى تاش ئويما بۇددا مۇنارىنىڭ شەكلى

قۇرۇلمىسىنى مەن قەشقەر ۋە خوتەن رايونلىرىدا ئۇچراتقانىدىم. ئۇلار ھازىر ساقلىنىپ تۇرۇۋاتقان بۇددا مۇنارى ئىزنالىرىغا ناھايىتى ئوخشايتتى. ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى جەھەتتە: مۇنارنىڭ ئۇلى ئۈچ بۆلەك بويىچە تەدرىجىي كىچىكلىتىلگەن. مەن «قەدىمكى خوتەن» دېگەن كىتابىمدا ئۇنىڭ ئەنئەنىۋى ئەھمىيىتىنى تەپسىلىي مۇھاكىمە قىلغانىدىم. مۇنار ئۇلىنىڭ ئۈستىدە ئېگىز سىلىندىر شەكىللىك مۇنار گەۋدىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىدە چوقچىيىپ چىققان ماڭلاي ياغاچ بار ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇنار چوققىسى چىقىرىلغان. مۇنار چوققىسى

www.uyghurkitap.com

يىرىم شارسىمان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەنئەنىۋى شەكىللەر بويىچە «كۈنلۈك»سىمان شەكىللەر سىزىلغان. ئۇ تەخمىنەن يەتتە قەۋەت بولۇپ، ئەڭ ئاستىدىكى بىر قەۋەتتى مۇنار گەۋدىسىنىڭ سىرتىغا سەل يانتۇ چىقىپ تۇرغان تىرەك ئۈستىگە سىزىلغان. ئەڭ ئۈستىدىكى ئۈچ قەۋەت «كۈنلۈك»سىمان نەرسىنىڭ مەركىزىدە بىر دانە تىك تۈۋرۈك بار بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ئۇ پۈتكۈل «كۈنلۈك»سىمان جىسىمنى بىر - بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ تۇراتتى. بۇرۇنقى دەۋردىكى بىر خىل ئەنئەنىگە ئاساسەن، ئۇ سەدىقە تەلەپ قىلىدىغان تاياقچىغا سىمۋول قىلىنغانىدى. شۇڭا، ئۇ بۇددا پېشۋاسىنىڭ ئۆزىنىڭ بۇددا مۇنارى ئۈستىگە بېكىتىلگەن.

### بۇددا مۇناردىكى رەسىمنىڭ ئالاھىدىلىكى

فۇشېي ئەپەندى بۇنداق «ۋارىيانت» (ئۆزگەرگەن شەكىل) دەپ ئاتىلىدىغان بۇددا مۇنارى تىپىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى تەپسىلىي شەرھلەپ ئۆتكەن بولۇپ، بۇ ھىندىقۇش تېغىنىڭ شىمالىي رايونلىرىدا بايقالغان، تاغنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلاردا كەڭ تارقالغان ئاشۇ خاتىرىلەش تىپىدىكى ئىمارەتلەرنىڭ قېلىپلاشقان شەكلى ئىدى. بۇ يەردە پاختورىدىنىدىكى بۇ خىل تاش ئويمىدىكى بۇددا مۇنارىنىڭ سۈرىتى بىلەن قېلىپلاشقان شەكىل ئوتتۇرىسىدا، تەپسىلات جەھەتتە زادى قانچىلىك ئوخشاشلىقنىڭ بارلىقىنى تەپسىلىي كۆرسىتىپ ئۆتۈشنىڭ ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى يوق دەپ قارايمەن. لېكىن، بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش لازىمكى، بۇنداق ئاللىقاچان خارابىگە ئايلىنىپ كەتكەن بۇددا مۇناردىكى رەسىم ئىمارەتنىڭ مەلۇم ئالاھىدىلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە شەرھلەپ چۈشەندۈرۈشتە ئالاھىدە مۇھىم ئەھمىيەت ۋە قىممەتكە ئىگە. مۇنارنىڭ ئاستىدىن باشلاپ ئۈچ قەۋەت تۆت چاسا ئاساس بولغان بۇ خىل ئەنئەنىنى شۇەنزاڭ بالىق (Balkh) ئەتراپىدىكى بەزى كىچىك

بۇددا مۇنارىنى بايان قىلغاندا تىلغا ئالغان، بۇ بىۋاستە بۇددانىڭ ئۆزى بەلگىلىگەن بىر خىل ئۆلچەملىك ئەندىزىگىچە بىرىپ يەتكەنلىكىنى چۈشەندۇرۇپ بېرىدۇ. بۇ خىل ئۈچ قەۋەتلىك ئۇل قۇرۇلمىسى مۇشۇ يەردىكى ھەمدە كېيىن تونۇشتۇرماقچى بولغان چاررۇن (Charrun) تاش ئويما بۇددا مۇنارىنىڭ سۈرىتىدىمۇ كۆرۈلىدۇ. بۇ ئىنتايىن مۇھىم ئىدى، چۈنكى ئۇ مەدەنىيەتنىڭ تەسىر كۆرسىتىش ۋە سىڭىپ كىرىشىدىكى يەنە بىر خىل ھالەت بولۇشى مۇمكىن. بۇ خىل تەسىر ھىندىقۇش تېغى تەرەپتىن، بولۇپمۇ قەدىمكى باكترىيەدىن كەلگەن. بۇنى مەن يۇقىرىدا چىترالنىڭ مەدەنىيەت ۋە سىياسىي تارىخىنى مۇھاكىمە قىلغاندا تەكىتلەپ ئۆتكەنىدىم. ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمال چېگرا رايونى ۋە كابۇل دەريا ۋادىسىدا ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلگەن بۇددا مۇنارى خارابىلىكىدىكى كۆپىنچە مۇنارلارغا بىر خىل تۆت چاسا شەكىللىك ئۇل قويۇلغان بولۇپ، بۇرۇنقى بىر خىل يۇملاق شەكىلدىكى قەدىمىي بۇددا مۇنارى شەكلىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىگەن ھەمدە بۇ خىل مۇنارلاردا شۇنىڭ ئىنتايىن ئېنىق قىلىپ شەرھىلىگەن «ئۈچ» دېگەن رەقەمنى ئۆلچەم قىلغان ئەنئەنىمۇ مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، مەن تارىم ئويمانلىقىدا تەكشۈرگەن ئاشۇ بۇددا مۇنارى ئىزلىرىدىمۇ ئىنتايىن قېلىپلاشقان ھالەتتىكى ئۈچ قەۋەتلىك ئاساسىي ئۇل قۇرۇلمىسى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بۇنىڭدىن شۇنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇكى، شۇنىڭ خاتىرىلىگەن بۇددا مۇنارى ئەنئەنىلىرى ئەسلىدە قەدىمكى دەۋردىكى باكترىيە رايونىدا تەرەققىي قىلىپ چىققان بىر خىل بۇددا مۇنارى قۇرۇلۇش تېپىغا ئالاھىدە ماس كېلەتتى. بۇ خىل بۇددا مۇنارى ئۇسلۇبى يەنە باشقا مەزمۇنلارغا، يەنى سەنئەت، مەدەنىيەت ۋە دىن ئەدەبىياتى قاتارلىقلارغا قوشۇلۇپ، شەرققە قاراپ تاكى پامىرنىڭ شەرقى ۋە چىترال دەريا ۋادىسى رايونلىرىغىچە تارقالغانىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بۇددا مۇنارىدىكى رەسىمنىڭ تەركىبىي قىسمى

ئۈچ قەۋەتلىك قۇرۇلمىدىكى ئاساسىي ئۇلنىڭ ئېگىزلىكى تەدرىجىي ھالدا كىچىكلىگەنىدى، پاختورىدىنىدىكى تاش ئويمىدا كۆرۈلگەن بۇ خىل ئالاھىدىلىك بۇنداق مۇنارنىڭ ئاساسىي تەرىپى ئەمەس ئىدى. بۇنى چاررۇن بۇددا مۇنارى بىلەن سىپلىشتۇرۇپلا كۆرۈۋالغىلى بولاتتى (20 ـ، 21 ـ رەسىمگە قاراڭ). ئۇنىڭدىن سىرت، بۇ خىل يۇملاق گۇمبەز شەكىللىك چوققا بىلەن مۇنار گەۋدىسىنى ئايرىپ تۇرىدىغان تار ھەم چوقچىيىپ چىققان قىسمى گەرچە بىر خىل ئايرىش سىزىقى شەكلىدە ئىپادىلەنگەن بولسىمۇ، ئۇنى چاررۇندىمۇ ئۇچراتقىلى بولاتتى. قەشقەر ئەتراپىدىكى مورىتامىدا بۇ خىل قۇرۇلمىنى ئېنىق كۆرگىلى بولاتتى. مۇنار گەۋدىسىنىڭ ئېگىزلىكى يېرىم شارسىمان ھالەتتە ئۈستى قىسمىدىن ئاشقان بولۇپ، بۇ خىل ئالاھىدىلىك مەن بىلىدىغان تارىم ئويمانلىقىدىكى بارلىق بۇددا مۇنارى خارابىلىرىدىمۇ ئوخشاشلا بار ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمال چېگرا رايونلىرىدا بايقالغان كۆپ ساندىكى بۇددا مۇنارلىرىدىمۇ بۇ خىل ئالاھىدىلىك بار ئىدى. مۇنار گەۋدىسى بىلەن بىر قاتار كۇنلۇكسىمان بۇيۇملاردىن تەشكىللەنگەن مۇنار ئۇچىنىڭ ئارىلىقىدىكى نەقىشلەر بىر قەدەر يىرىك بولغاچقا، تېخىمۇ ئېنىچكە چۈشەندۈرۈش ئىمكانىيىتى يوق ئىدى. ئەمما، مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدىغىنى شۇكى، ئۇنىڭ سىرتىغا يانتۇ چىقىرىلغان يۈزى مەقسەتلىك لايىھەلەنگەن بولۇپ، كۆپلىگەن بۇددا مۇنارىنىڭ قىسمەن ئورۇنلىرىنى گەۋدىلەندۈرگەنگە ئوخشاش، ئۇ تەدرىجىي ھالدا سىرتىغا چوقچىيىپ چىققان تەگلىككە ۋەكىللىك قىلغان بولۇشى ياكى بىر خىل سىرتىغا قارىتىپ يانتۇ چىقىرىلغان سىمۋول خاراكتېرلىك تىرەك بۇيۇم بولۇشى مۇمكىن. خۇددى مەن يوتقان (Yōtkan) خارابىلىكىدە ئۇچراتقان سوپۇن تاشقا نەپىس ئويۇلغان

كىچىك بىر بۇددا مۇنارى سۈرىتىگە ئوخشاش، كۇنلۇكسىمان جىسىمنىڭ تۆۋىنىڭ ئاستى تەرىپىدە مۇشۇ خىل تىرەك بۇيۇم بار ئىدى (22 ـ رەسىمگە قاراڭ).

**بۇددا مۇنارىنىڭ كۇنلۇكسىمان مۇنار ئۇچى**

بۇددا مۇنارىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بۆلىكى — پۇتكۇل ئىمارەتنىڭ ئەڭ ئۈستىدىكى كۇنلۇكسىمان جىسىمدىن ئىبارەت. فۇشيې ئەپەندى ئۇنى ئوبرازلاشتۇرۇپ، «كۇنلۇكسىمان كىچىك مۇنار» دەپ ئاتىغان. بۇنداق ئەپچىل مۇنار ئۇچى خۇددى سىزىلغان رەسىمگە ئوخشاش كىشىنى ناھايىتى قىزىقتۇراتتى. فۇشيې ئەپەندى قەتئىي ھالدا، بۇ خىل كۇنلۇكسىمان مۇنار ئۇچى مۇقەررەر ھالدا بۇددا مۇنارىنىڭ ئىمارەتچىلىك ئۇنۇمى جەھەتتە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان، دەپ قارىغان. بۇ خىل «كۇنلۇكسىمان كىچىك مۇنار» ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمال چېگرا رايونىدىكى ئاز ساندىكى بىرقانچە كىچىك تىپتىكى بۇددا مۇنارىدا ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، ئۇلار قاپارتما نەقىش شەكلىدە سىيلىنغانىدى. ئادەتتە، ئۇ پۇتكۇل ئىمارەتنىڭ ئۇچتىن



22 ـ رەسىم كىچىك تاش بۇددا مۇنارى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

بىر قىسمىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيتتى. تاش ئويمىدا كۆرۈلگەن ئېگىزلىك نىسبىتى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، كۇنلۇكسىمان مۇنار ئۈچىنچى ئۇنىڭ تەگلىك قىسمى قوشۇلغان، ئېگىزلىكى 17 دىيۇم كېلەتتى. پۇتكول بۇددا مۇنارىنىڭ ئومۇمىي ئېگىزلىكى 50 دىيۇم ئەتراپىدا ئىدى. كۇنلۇك ياكى تەخسىسىمان جىسىمنىڭ يەتتە تال ئىكەنلىكىنى كۆزىتىپ چىققاندىم. بۇ ھەقىقەتەنمۇ قەندەھەر ۋە كابۇل دەريا ۋادىسىدا ساقلانغان ئەمەلىي جىسىم ئەۋرىشكىسىدىكى ئادەتتىكى بەش تال جىسىمدىن ئېشىپ كېتەتتى. ئەمما، ھەممىمىزگە مەلۇمكى، بۇ سانغا قارىتا ھېچقانداق چەكلىمە يوق ئىدى. چۈنكى، جۇڭگونىڭ قەدىمكى دەۋرىدىكى غەربتىن نوم ئەكەلگۈچىلەرنىڭ ئىسپاتلىشىچە، كانىشكا (Kaniska)نىڭ پېشاۋۇردىكى چوڭ بۇددا مۇنارىدا 13 قەۋەت كۇنلۇكسىمان نەرسە بار ئىكەن. نېپال (Nepāl)نىڭ بۇددا مۇنارلىرى ۋە دراس (Drās) ئەتراپىدىكى تاش ئويما بۇددا مۇنارلىرىدىمۇ ئوخشاش ساندىكى كۇنلۇكسىمان مۇنار ئۈچىنى ئۇچراتقىلى بولىدىكەن. بۇ خىل كۆزقاراشنىڭ تېخىمۇ ئىشەنچلىك بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، مەن لوپنۇر خارابىلىكىدە بايقىغان ياغاچ ئويمىلىق ئىككى بۇددا مۇنارىنىڭ مودېلى ئارقىلىق چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ (23 ـ، 24 ـ رەسىمگە قاراڭ). ئۇلاردىمۇ يەتتە قەۋەت كۇنلۇكسىمان نەرسە بار ئىدى. بەلكىم بۇ يەردە كىشىلەر بۇ خىل ئۈچ قەۋەتلىك چاسا شەكىللىك تەگلىك قۇرۇلمىمۇ باكترىيە بۇددا مۇنارى تىپىنىڭ قىلىپلاشقان ئالاھىدىلىكىمۇ؟ دەپ سورىشى مۇمكىن.

### پاختورىدىندىكى بىغىشلىما

بۇددا مۇنارى سۇرىتىنىڭ ئاستىغا ئويۇلغان بېغىشلىما مەزكۇر پارچە تاشنىڭ تېگىدىن 6 فۇت كېلىدىغان يەردە بولۇپ، ئىنتايىن قىزىقارلىق بىلىنەتتى. ئويۇلغان خەتلەرنىڭ سىزىقلىرى گەرچە شامالدا ئۆچۈپ، ناھايىتى سۇس ئىزناسى



23 ـ رەسىم  كىچىك بۇددا مۇنارىنىڭ مودېلى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



24 ـ رەسىم كىچىك بۇددا مۇنارىنىڭ مودېلى



25 ـ رەسىم چىترالنىڭ پاختورىدىنىدىكى تاش ئويما،
بۇددا مۇنارى ۋە بېغىشلىما

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قالغان بولسىمۇ، ئۇلارنى يەنىلا تاش يۈزىدىكى تەبىئىي يېزىقلاردىن خۇددى رەسىمدە كۆرسىتىلگەنگە ئوخشاش ناھايىتى ئېنىق پەرقلەندۈرگىلى بولاتتى (25 ـ رەسىمگە قاراڭ). خەت ئىزى ناھايىتى يۇزە بولغانلىق، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىسسىقلىق ۋە شامالدىن پەيدا بولغان تېز پارلىنىش تۈپەيلىدىن، رازى بولغۇدەك بىرەر تاش پارچىسىغىمۇ ئېرىشەلمىدىم. لېكىن، خارابە مەيدانىنى چۆشەندۈرۈشۈم مەن تارتقان بىر پارچە سۈرەت ئارقىلىق ئىسپاتلىناتتى. 13 دانە بىراھمى يېزىقى ھەرپلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 1.5 ديۇمدىن ئىككى ديۇمغىچە كېلەتتى، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 3 فۇتقا يېقىن كېلەتتى. ئۇلارنىڭ شەكلى غەرب تەرەپتىكى گۇپتا (Gupta) تىپىغا ناھايىتى يېقىنلىشىدىغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ قول يازما شەكلىنىڭ ۋارىيانتى (ئۆزگەرگەن شەكىل) بۈخلېر (Bühler) نىڭ قەدىمىي خەت شەكلى جەدۋىلىدىمۇ چۈشەندۈرۈلگەنىدى. مەزكۇر جەدۋەلگە توپلانغان ئەۋرىشكىلەر سورتو تېغىدا بايقالغان توراماتا (Toramaṇa) بېغىشلىمىسىدىن كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ دەۋرى تەخمىنەن مىلادىيە 5 ـ ئەسىر ئەتراپىدا بولۇشى مۇمكىن.

بېغىشلىمىنىڭ چۈشەندۈرۈلۈشى:

देवधर्मोयं राजजीवर्मण

يۇقىرىدىكى بېغىشلىما سانسكرىتچە يېزىلغان. پەرىزىمچە، تاشنىڭ يەنە بىر تەرەپ يۈزىدىن «ۋىسارگا» (Visarga) دېگەن خەت چۈشۈپ قالغانىدى. ئۇنى يەنە: devadharmo , yaṃ Rā jajivarmaṇaḥ دەپ ئوقۇشقا بولاتتى. ئۇ: راجا جىۋارماندىن كەلگەن، بارلىق ئىلاھقا تەقدىم قىلىنغان سوۋغا، دېگەن مەنىدە ئىدى. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، چاررۇندىكى بېغىشلىمىدىمۇ «Rājajivarmaḥ» دېگەن ئىسىم بار ئىدى. بۇنى

چۈشەندۈرۈش ئانچە تەس ئەمەس. ھىندىستان ئاۋام تىلى شەكلىدىكى «Fivarman» دېگەن سۆز «Fayavarman» دېگەندىن كېلىپ چىققان. بۇ ئىككى بېغىشلىمىنىڭ ئىنتايىن ئوخشاشلىقىدىن تۆۋەندىكىدەك پەرەزنى ئوتتۇرىغا قويغىلى بولىدۇ، يەنى ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە ئوخشاشلا بىر ئادەم كۆرسىتىلگەن. يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئېيتساق، بۇ بېغىشلىمىنى يازغان كىشى چوقۇم بىر تەقۋادار بۇددا دىنى مۇخلىسى بولۇشى مۇمكىن. شۇنداق دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇكى، بۇ ئەتىۋارلىق تاش ئويمىلار ئەينى ۋاقىتتىكى مەزكۇر جىلغا ۋە قوشنا جايلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان بىرەر شاھزادىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئويۇلغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ ھىندىچە ئىسمى ۋە ئوتتۇغات نامى ناھايىتى قىزىقارلىق پاكىت بولۇپ، مىلادىيە 5 ـ ئەسىرنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى ھىندىستان مەدەنىيىتىنىڭ مەزكۇر رايوندىكى تەسىرىنى ئىسپاتلاپ بەرگەن.

### شۇ جايدىكى بېغىشلىمغا مۇناسىۋەتلىك رىۋايەتلەر

ئەھمىيەتلىكى شۇكى، بۇ يەردىكى ئىپتىدائىي چوقۇنۇش ئېتىقادىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ پاكىتى سۈپىتىدە، بۇ تاش ئويما بىر رىۋايەت ئوبيېكتى بولۇپ قالغان. بۇ رىۋايەتتىكى ھۆرمەت تۇسى پەقەت مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزىنى ئەيىبلەش كەيپىياتىنى شەكلەنگە پەسەيتىش ئۈچۈنلا ئىكەن. دىۋانىېگىنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ يەردە ئادەم يەيدىغان يالماۋۇز ياكى دىۋە بار بولۇپ، «كالامدار» (Kalamdār) دەپ ئاتىلىدىكەن. ئۇ دائىم بۇ يەردە تۇرۇپ، ئىنسانلارنى ھالاك قىلىدىكەن. كېيىن بىر داموللا ئۇنى تۇتۇۋېلىپ سولاپ قويغاندىن كېيىن، بۇ ئىش ئاخىرلىشىپتۇ. بۇ دىۋىنى باغلىغان ئارغامچا دەل بۇددا مۇنارىغا ئويۇلغان سىزىقچە ئىمىش. ئاستىغا ئويۇلغان خەتنى كىشىلەر «خەنزۇ يېزىقى»دىن كەلگەن دەپ ئىشىنىدىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا، مۇلخو (Mūlkhō) جىلغىسىدىكى رەيىن (Rayin)دىمۇ شۇنىڭغا ئوخشايدىغان يەنە

بىر تاش ھەيكەل بار ئىكەن، دەپ ئاڭلىدىم.

پاختورىدىنىدىكى بىغىشلىما يېقىنقى مەزگىللەرگە كەلگەندە بىر ھەقىقىي تارىخىي رىۋايەتنىڭ ئاساسىي تېمىسىغا ئايلىنىپ قالغان. مايور بىداروف گېنېرال كۇننىڭخام (Cunningham)غا بۇ بىغىشلىمىنىڭ كۆچۈرۈلمىسىنى تەقدىم قىلغانىكەن. بەلكىم ئۇ قاراپ تۇرۇپ يازغان بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، گېنېرال كۇننىڭخام خاتا ھالدا «Deva dharmaya Raja Fiva Pâla» — راجا جىۋا پالاغا قىلىنغان ھۆرمەت سوۋغا بۇيۇمى» دەپ ئوقۇغان. بۇنىڭدىن شۇنداق يەكۈن چىقارغىلى بولىدۇكى، «جىۋا پالا» بۇرۇنقى زاماندىكى مۇسۇلمان ئاپتور جەيپال (Jeipal)»، يەنى ھىندى شاھى جەيپال (Hindu Shāhi Jaipāl) ئىدى. مەزكۇر كىشى مىلادىيە 10 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا پېشاۋۇر ۋادىسىدىن چىقىپ، غەزنى (Ghazni)نىڭ مەخمۇد (Mahmūd) دېگەن يېرىگە بارغان. بۇ خىل «ھەقىقىي ئىسپاتلانغان خاتالىق» ھازىرقى چىترالنىڭ ھۆكۈمەت تەرەپ ھۆججەتلىرىدىمۇ تولۇق بايقالغۇاتىدۇ.

مەن ئېكسپېدىتسىيە خاتىرەمدە، پاختورىدىنىدىن ئاتلىق يولغا چىقىپ، ئېقىنىنىڭ خەتەرلىك ئوڭ قىرغىقىنى بويلاپ، دراسان (Drāsan R.) دەرياسى ئېغىزىغا بارغان ئەھۋاللارنى تەسۋىرلىگەنىدىم. بۇ دەرياغا قەشقەر بالادىن كەلگەن بارلىق ئېقىنلار يىغىلغان بولۇپ، مەن دەريانىڭ قارشى تەرەپتىكى قىرغىقى ئارقىلىق رېشۇن (Rēshun) كەنتى ۋە كۇراغ (Kurāgh) نىڭ ئاخىرىدىكى خەتەرلىك يوللار بىلەن ماڭدىم. ئەمەلىيەتتە، ئۇلارنىڭ ھەممىسى قەدىمكى زاماندىكى ئىزلار ئىدى. لېكىن، ئۇلار چىترالغا يۈرۈش قىلىش جەريانىدىكى تىراگېدىيەلىك ۋەقەلەرنى باشتىن كەچۈرگەن بولۇپ، قەدىمىي ئىزلارنى تەكشۈرۈش جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۇ يەنىلا يېقىنقى زامانغا توغرا كېلەتتى. بىز خېلى كەچ بولغاندا دەريا ئېغىزىغا يېقىن بولغان كۇشت (Kusht) كەنتىگە ئاران يېتىپ كەلدۇق. «رەئىس» دەۋرىدىكى قورغاننى تەكشۈرۈشكە ۋاقتىمىز چىقمىدى.

مايور بىداروفنىڭ كۆرسىتىشىچە، مەزكۇر مۇنار «چىترال جىلغىسىدىكى، كۆشت جىلغىسىغا يېقىن يول بويىدىكى كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدىغان جايدا ئىكەن ... يەنىلا ‹مەبۇد› دەپ ئاتىلىدىكەن».

**چاررۇندىكى تاش ئۈيما**

دراسان ۋە يارخۇندىن ئىبارەت ئىككى دەريادىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇلار قوشۇلغان جايدىن سەل يۇقىرىغا مېڭىپ، چاررۇن كەنتىگە يېتىپ بېرىپ، مەستۇج تەۋەلىكىگە قەدەم قويدۇم. مەن بۇ يەرلەرنىڭ تارىخىي ئىزنالىرى توغرىسىدا توختىلىشتىن بۇرۇن، چاررۇن كەنتىدە ساقلىنىپ قالغان، پاختورىدىنىدا تەكشۈرۈپ ئۆتكەن شۇ خىل تاش ئۈيمىنى بايان قىلىشىمغا توغرا كېلىدۇ. مەن چىترالدىكى ۋاقتىمدىلا بۇ كەنتتىكى تاش ئۈيمىنى ئاڭلىغانىدىم. 11 ـ ماي چۈشتىن بۇرۇن، مەن خان ساھىب پىر باخش (Khān Sāhib Pir Bakhsh) نىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن ئىز بار جايغا كەلدىم. بۇ ئادەم ھىندىستان دوختۇرخانىسىنىڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر يارىدەمچىسى بولۇپ، بۇرۇن مەستۇجدىكى يەرلىك ئەمەلدارنىڭ مەسلىھەتچىسى بولغانىكەن. قەۋەت ـ قەۋەت پەلەمپەي ئوتتۇرىسىدا كەنتكە بىر مىل كېلىدىغان، تۆۋەندىكى جىلغىغا ئانچە يىراق بولمىغان بىر جايدا بىر دېھقان ئولتۇرىدىكەن. ئۇ بۇنىڭدىن سەككىز يىل بۇرۇن بىر يوغان يۇمىلاق پارچە تاشنى ئۇچراتقان. ئۇنىڭ شىمال تەرىپىگە بىر بۇددا مۇنارىنىڭ سۈرىتى ئويۇلغان بولۇپ، ئىككى تەرىپىگە بىراھمى يېزىقىدىكى قىسقا بىرقۇر بېغىشلىما ئويۇلغانىكەن (26 ـ رەسىمگە قاراڭ). بۇرۇندىن قالغان ئېتىقاد ئەنئەنىسىنىڭ تەسىرىدە كەنت ئاھالىلىرى (ئۇلار ناھايىتى ياخشى مۇسۇلمانلار ئىكەن) بۇ پارچە تاشنى ھازىرغىچە سۈپۈرۈپ، ئۈستىگە ئاددىي بىر كەپە ياساپ، ئۇنى قوغداپ قالغانىكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

بۇددا مۇنارىنى تونۇشتۇرۇش

تاش ئويمىغا نىسبەتەن بويىچە رەسىم سىزىۋېلىنىپ (20 ـ رەسىمگە قاراڭ)، ئاندىن ئۇنىڭغا بىر بۇددا مۇنارىنىڭ سۈرىتى ئويۇپ چىقىرىلغان. ئۆلچەشكە ئاساسلانغاندا، ئېگىزلىكى 3 فۇت 7 دىيۇم، ئەڭ تېگىدىكى بىر قەۋەت تەگلىكنىڭ كەڭلىكى 2 فۇت 6 دىيۇم ئىدى. بۇ يەردىكى بۇددا مۇنارىمۇ پاختورىدىنىدىكىگە ئوخشاش، قارىماققا شىمالىي ھىندىقۇش تاغلىق رايونلىرىدا كەڭ تارقالغان بۇددا مۇنارلىرىنىڭ تىپىك ئالاھىدىلىكىگە ئوخشايتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە تەدرىجىي كىچىكلىگەن ئۈچ قەۋەت تەگلىك بولۇپ، ئەڭ ئۈستىدىكى بىر قەۋەت تەگلىك ئەڭ ئېگىز ئىدى. ئەڭ ئۈستىدىكى بىر قەۋەت تەگلىك بىلەن سىلىندىر شەكىلدىكى مۇنار گەۋدىسىنىڭ ئارىلىقىدا سىرتىغا چوقچىيىپ چىققان بىر بۆلەك قىستۇرۇلغانىدى. بۇ خىل ئەھۋالنى تارىم ئويمانلىقىدىكى بۇددا مۇنارلىرى ئىچىدە ئۇچراتقىلى بولمايتتى. لېكىن، خۇنزانىڭ تول (Thōl) دىكى كىچىك بۇددا مۇنارىنىڭ ئوخشاش بۆلىكىدە بۇ خىل قۇرۇلمىلار بار ئىدى. ئۇ ئېنىقلىكى قەندەھەر ۋە ئۇدىيانا بۇددا مۇنارلىرىدا دائىم كۆرۈلىدىغان ئالاھىدىلىك بولۇشى مۇمكىن. بۇلارنى ئويۇلغان بىرقانچە بۇددا مۇنارى مودېللىرى ۋە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان لايدىن ياسالغان ھەيكەللەرنىڭ تەگلىك قالدۇقلىرىغا قاراپ پەرق ئەتكىلى بولاتتى. مەن ئالدىنقى مەزمۇنلاردا بۇ خىل ئوتتۇرا ماڭلاي ياغاچ شەكلىدە چوقچىيىپ چىققان قىسمىنىڭ بىر ئاددىي سىزىقتەك ئويۇلۇپ، مۇنارنىڭ يۇمىلاق چوققىسى بىلەن تەگلىكنى ئايرىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدىم. مۇنارنىڭ يېرىم شارسىمان يۇمىلاق چوققىسىنىڭ ئېگىزلىكى ھەقىقىي يېرىم شارسىمان جىسىمدىن ئېگىز بولۇپ، پاختورىدىنىدىكى تاش ئويما بۇددا مۇنارىنىڭ يېرىم شارسىمان بۆلىكىدىن چوڭ ئىدى. يۇمىلاق شەكىلدىكى مۇنار چوققىسىنىڭ ئۈستىدە تەگلىك

كۆرۈنەتتى. ئۇ كۈنلۈكسىمان مۇنار ئۈچىنى تىرەپ تۇراتتى. ئۇنىڭ شەكلى قەندەھەر بۇددا مۇنارى مودېللىرى ئىچىدە دائىم ئۇچرايتتى. ھەيران قالغىنىم، تىرەپ تۇرىدىغان بۇ تەگلىك ئۈستىدە تۇتاش كەتكەن كۈنلۈكسىمان ياكى تەخسىسىمان جىسىمنى مەركەز قىلغان تۆۋرۈك ئىپادىلەنمىگەنىدى.

## چاررۇن تاش ئويمىسىدىكى بېغىشلىما

بۇددا مۇنارىنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئويۇلغان خەتلەرنىڭ ئوڭ تەرەپتىكىسى ناھايىتى ئېنىق ئويۇلغان ئالتە دانە بىراخمان يېزىقى بولۇپ، ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 5/2 دىيۇم، خەتنىڭ ئويۇلۇش چوڭقۇرلۇقى تەخمىنەن 1/8 دىيۇم كېلەتتى. بۇ تاشنىڭ سول تەرىپى بىرقەدەر چۇرۇك بولغاچقا، يۈزىنىڭ قىسمەن يەرلىرى سويۇلۇپ چۈشۈپ كەتكەن. پەقەت ئۈچ دانە بىراخمان يېزىقى ساقلىنىپ قالغان. لېكىن، باش تەرەپتىكى ئىككى خەتنى پەرق ئېتىشمۇ ناھايىتى تەس ئىدى. بۇ يەردىكى ئۈچ ھەرىپنىڭ ئالدىدا يەنە خەت بولسىمۇ، ئۇنىڭ ھېچقانداق ئىزناسى يوق ئىدى. لېكىن، شۇ بىر تەرەپتىكى تاش پوستىنىڭ ساقلىنىش ئەھۋالى ئىنتايىن ناچار بولغانلىقتىن، بۇنىڭغا ئالدىراپ يەكۈن چىقارغىلى بولمايتتى. ناھايىتى روشەنكى، ئوڭ تەرەپتىكى ئويما خەت ھېچقانداق تەسىرگە ئۇچرىمىغان. ئۇنى रजजीवर्म راجا فىۋارماھ «Raja Fivarmah» دەپ ئوقۇشقا بولاتتى. ئۇ پاختورىدىنىدا تىلغا ئېلىنغان شاھزادە بىلەن بىر ئادەم ئىدى. لېكىن، بۇ ئىسىمنىڭ ئەسلىي سانسكرىتچە شەكلى (بەلكىم Fayavarman بولۇشى مۇمكىن) مەسىلىسىدىن باشقا، مۇنداق بىر گۇمان ساقلانماقتا ئىدى. يەنى: Fivarmah دېگەن سۆز بىر ئىسىمنىڭ ئۆزگىرىشىمۇ، يوق؟ ئۇ ئويمىچىنىڭ خاتالىقىمۇ؟ ئەمما، ئۇنىڭ توغرا شەكلى Fivarmanah ئىدى. لېكىن، قېلىپ قالغان قىسمىدىكى غەلىتە بىراخمان يېزىقىدا روشەن يېزىلىش خاتالىقى بار بولۇپ، بىز ئۇچۇن ھىندىستان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



26 ـ رەسىم: مەستۇج چاررۇن ئەتراپىدىكى چوڭ تاش، مەزكۇر تاشقا
بۇددا مۇنارى ۋە بېغىشلىما ئويۇلغان

تىلى شەكلىدە بولمىغان يېزىقنى تەييارلاپ قويغان بولۇشى مۇمكىن.

مەيلى بۇ بېغىشلىمىنىڭ توغرا ئوقۇلۇشى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدىغىنى شۇكى: شۇبھىسىزكى، ئۇ بىر ئابزاس ھەدىيە سۆزى بولۇپ، ۋاقىت جەھەتتە پاختورىدىنىدىكى بېغىشلىما بىلەن ئوخشىشىپ كېتەتتى. بۇ خەتلەرنىڭ يېزىلىشى قالايمىقان بولماستىن، ئوخشاش بولغان قەدىمىي خەت شەكلىنىڭ تىپىنى نامايان قىلغان.

## شۇ يەردىكى ئېتىقادنىڭ يالدامىلىرى

چارروندىكى تاش ئويما شۇ يەردە بۇرۇنقى دىنىي ئېتىقادنىڭ ئۆزگەرگەنلىكى توغرىسىدىكى ئېنىق پاكىت بىلەن تەمىن ئەتتى. بۇ مەسىلىنى مەن ھىندىقۇش تېغىنىڭ شىمالىي قىسىم رايونىدىكى بۇرۇنقى دىنىي ئېتىقادنى ئۆزگەرتىش مەسىلىسى توغرىسىدىكى بىر پارچە قىسقا ماقالەمدە ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتكەنىدىم. بۇ بۇددا دىنى خاتىرە بۇيۇمى ئىمزاسى بايقالغان ئاھالىلەر ئولتۇراق رايونى ماخاجاتۇگۇچ (Mahajātu-guch) دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، «مۇقەددەس جاي» دېگەن مەنىدە ئىكەن. بۇ ئىسىم يوغان تاش ئويما بايقىلىشتىن بۇرۇن بارمۇ ياكى شۇنىڭدىن كېيىن پەيدا بولۇشقا باشلىغانمۇ؟ بىز بۇ توغرىسىدا ھازىرچە مۇھاكىمە ئېلىپ بارمايمىز. لېكىن، مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدىغىنى شۇكى، كەنت ئاھالىلىرى (ئۇلار بىرقانچە ئەسىردىن بۇيان تەقۋادار مۇسۇلمان بولۇپ كەلگەن) بۇ تاش ئويمىدىن ئىنتايىن ئەيمىنىدىكەن، شۇڭلاشقا ئۇنىڭغا ئىخلاس قىلىش مەزمۇنىدىكى رىۋايەتلەرمۇ بار ئىكەن. كىشىلەر قەدىمكى زاماندا ئۆتكەن بىر ئەۋلىيا كىشىنىڭ ياكى «بۇزۇرك» (Buzurg) نىڭ بۇ يەردە ئولتۇرغانلىقىغا، كېيىن سىرلىق ھالدا غايىب بولغانلىقىغا ئىشىنىدىكەن. بۇ چوڭ ئۇيۇل تاش ۋە ئۇيۇل تاش ئۈستىدىكى ئويما بۇ مۇقەددەس ئورۇننى

www.uyghurkitap.com

ئىسپاتلارمىش. كىشىنى قىزىقتۇرىدىغىنى، كەنت ئاھالىلىرىدە بۇ بۇددا ئىزناسىغا قارىتا ھېچقانداق مەزمۇنسىز ۋە تىلەكسىز چوقۇنۇش ھاسىل بولغان. بۇ بىر نۇقتىنى ئۇلار ياسىغان قوغداش كەپسىدىن چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ. چۈنكى، ئەتراپتىكى مۆھىتتا يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەردىن شۇنى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، بۇ يوغان تاش كەلكۈن چۆكۈندىسى تەرىپىدىن كۆمۈۋېتىلگەن بولۇپ، بەلكىم بۇنىڭغا بىرقانچە ئەسىر بولغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇ بىر كىچىك يەلپۈگۈچسىمان ئېقىن چۆكۈندىسىنىڭ گىرۋىكىگە جايلاشقان بولۇپ، ئۇ يەردىكى چۆكمىلەر يىلمۇيىل يىغىلىپ قالغان. ئىشىنىمەنكى، ئەتراپتىكى كىشىلەر بۇ يەرگە كېلىپ تېرىقچىلىق قىلىش ئۈچۈن، پەلەمپەي يەرلەرنى ئاچقان بولغاچقا، يەر يۈزىدىن ھېچقانداق نەرسىنى تاپقىلى بولمايتتى. ئۇنداقتا، بۇ تاشلار كۆمۈلۈپ قالغان چاغدىلا ئىلاھىي ئىزلار توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر بارمىدى ياكى ئىسلام دىنى ئاھالىلىرىنىڭ بۇ خىل ئاڭسىز ھالدىكى ئېتىقادىغا تەسىر كۆرسىتەلمىگەنمۇ؟ شۇ سەۋەبتىن ئۇلار ئۆزىنىڭ بۇ قەدىمىي يادىكارلىقا بولغان چوقۇنۇشنى قايتا تىكلىمەكچى بولغانمۇ؟ شۇ يەردە بۇ خىلدىكى چوقۇنىدىغان نەرسىلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشى بەلكىم 1895 ـ يىلىدىن بۇيانقى ئەنگلىيەنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى تىنچ ۋەزىيەتنىڭ بۇ جىلغىغا كۆرسەتكەن ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئۈنۈمىنىڭ تەسىرىدىن بولغان بولۇشى مۇمكىن. چىترال ۋە مەستۇجنىڭ باشقا جايلىرىغا ئوخشاش بۇلاردا كۆرۈنگەن ئەڭ روشەن تەسىر شۇكى، كىشىلەر ئاشۇ گىياھمۇ ئۈنمەيدىغان قاقاس تاغلارنىڭ باغرىدىن بەزى تېرىلغۇ يەرلەرنى ئاچقان. شۈبھىسىزكى، بۇ خىل ئەھۋال كۆپىيىۋاتقان نوپۇس بېسىمىنىڭ تەبىئىي نەتىجىسى، شۇنداقلا نوپۇسنىڭ كۆپەيگەنلىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي شارائىتنىڭ ياخشىلانغانلىقىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. بۇ تارىخشۇناسلىق تەتقىقاتى ئەھمىيىتىگە ئىگە مەسىلە توغرىسىدا كېيىنكى قىسىملاردا يەنە مۇھاكىمە يۈرگۈزىمەن.

# 3 ـ بۆلۇم   مەستۇجنىڭ تارىخىي ئەھۋالى

**مەستۇجنىڭ تارىخىي مۇستەقىللىقى**

مەستۇج تاغلىق رايونغا ـــ بەلكىم يارخۇن دەرياسى بىلەن دراس دەرياسى قوشۇلۇشتىن بۇرۇنقى سۇ ئېقىپ ئۆتىدىغان جىلغا دېسەك تېخىمۇ توغرا بولار ـــ ئائىت ئىنتايىن چەكلىك تارىخىي خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئۇ چىترالنى ئۆز ئىچىگە ئالغان رايونلارنىڭ مەركىزى بولۇشتەك رولنى ئويناپ كەلگەن بولۇپ، ئىككى ئورۇن دائىم بىرلىشىپ كەتكەن. دەرۋەقە مەستۇجمۇ سىياسىي جەھەتتە مۇستەقىل ئورۇندىمۇ تۇرغان بولۇپ، ئۇ كۇشۋاكىت جەمەتى ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن دەۋرلەرگە توغرا كېلەتتى. مەزكۇر جەمەت 17 ـ ئەسىردىن باشلاپلا چىترالدا خانلىق قۇرغان جەمەتلەرنىڭ بىر تارمىقى ئىدى. ئۇلار بەزىدە چىترالدىن ئايرىلىپ چىقسا، بەزىدە چىترالنى قوشۇۋېلىشقىمۇ ئۇرۇنغان. يېقىنقى مەزگىللەردە كۇشۋاكىت جەمەتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ياسىنغىچە، بەزىدە ھەتتا گىلگىتقىچە كېڭەيگەن. بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ مۇستەقىل بولۇش ئىمكانىيىتىمۇ زورايغان. ئۇلار ئاساسلىقى مەستۇجنىڭ باشقا جەھەتتىكى ئازغىنە بايلىقىنىڭ يىلسېرى ئېشىپ توپلانغانلىقىدەك ئەمەلىي كۈچىگە تايانغان.

**يۇقىرى يارخۇن دەريا ۋادىسىنىڭ جۇغراپىيەلىك مۇستەقىللىقى**

لېكىن، كۇشۋاكىتلارنىڭ ئەمەلىي كۈچىنىڭ شەرق تەرەپكە كېڭەيگەنلىكىنى شەندۇر (shandur Pass دېگىز يۈزىدىن 12250 فۇت ئېگىزلىكتە) تاغ ئېغىزىدىن ئۆتۈپ، مەستۇج بىلەن ياسىننى تۇتاشتۇرىدىغان، نىسبەتەن ئاسان يۈرگىلى بولىدىغان قاتناش لىنىيەسى ئارقىلىق چۈشەندۈرگەنگە ئوخشاش، چىترال بىلەن مەستۇجنىڭ تارىختا ئايرىلىپ تۇرغان ئەھۋالىنى (گەرچە ئۇلارنىڭ نوپۇس ۋە ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچىلار ئوتتۇرىسىدا خۇسۇسىيەتداشلىق ساقلانغان بولسىمۇ) جۇغراپىيەلىك

www.uyghurkitap.com

ئالاھىدىلىك جەھەتتىن ئاسانلا چۈشەندۈرۈپ كەتكىلى بولاتتى. يارخۇن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى كەڭ ۋە مۇنبەت ۋادا مەستۇجدىن شۇيىستىنىڭ ئايىغىغىچە سوزۇلغان بولۇپ، تەخمىنەن 60 مىل ئەتراپىدا ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، شەندۇر تاغ ئېغىزىنىڭ ئايىغىدىكى لاسپۇرنىڭ يان تەرەپلىرىدىكى دەريا ۋادىلىرى گەرچە سەل تار بولسىمۇ، ئوخشاشلا مۇنبەت ئىدى. بۇ ۋادىلار ماھىيەت جەھەتتە چىترال بىلەن ئايرىلىپ تۇرىدىغان بولۇپ، پەقەت سەل كىچىكرەك ئىدى. ئۇنىڭدىن سىرت، دراسان دەرياسىنىڭ يان تەرەپتىكى ۋادىلىرى بىلەن ئايرىلىپ تۇرغان بولۇپ، ئوتتۇرىسىنى يارخۇن دەرياسىدىكى بىر قاتار جىلغىلار ئايرىپ تۇراتتى. ئۇ يەردە مۇداپىئەلەنگىلى بولىدىغان نۇرغۇن جايلار بار ئىدى. پەقەت ئىنتايىن كۈچلۈك بولغان سىرتنى كونترول قىلىش ئەۋزەللىكىگە ئىگە بولغاندىلا، چىترال بىلەن مەستۇجنىڭ مەڭگۈلۈك ئىتتىپاقداشلىقىنى قوغداپ قالغىلى بولاتتى. ھەتتا ھازىر پۈتكۈل ھىندىقۇش تاغلىق رايونىنىڭ دىنىي ھاكىمىيىتىنى كونترول قىلىش پۈرسىتى بولۇپ، مەستۇج بىلەن چىترال ئوخشاشلا بىر مەمۇرىي ئەمەلدارنىڭ باشقۇرۇشىدا بولسىمۇ، يالغۇز بىر يولباشچىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى مۇستەقىللىقتىن بەھرىمەن بولۇپ تۇراتتى.

### «تاڭنامە» دە خاتىرىلەنگەن مەستۇج

مەستۇجنىڭ يېقىنقى تارىخىي ئەھۋالىنى مۇنداقلا ئەسلەش مەن تەكشۈرۈۋاتقان رايونلارنىڭ دەسلەپكى تارىخىي ئەھۋالىنى چۈشىنىشىمدە ئىنتايىن زۆرۈر ئىدى. «تاڭنامە» دە بىر ئابزاس خاتىرە بار بولۇپ، ئۇنىڭغا «قەدىمكى خوتەن» دېگەن كىتابىمدا باھا بېرىپ ئۆتكەنىدىم. شاۋان ئەپەندى «تاڭنامە» دىكى بۇ بىر ئابزاس خاتىرىنى ئەڭ بالدۇر تەرجىمە قىلغان. بۇ خاتىرىدە مۇنداق يېزىلغان: «جۈۋبي ياكى سىياماكا بەگلىكى دەپ ئاتىلىدۇ. ئاشېيۇشىدو شەھىرىنى باشقۇرىدۇ، چوڭ قارلىق تاغ ۋە بولور دەرياسىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان، ھاۋاسى سوغۇق بولۇپ،

زېمىنىدىن بەش خىل دانلىق زىرائەت ھەمدە ئۈزۈم، ئانار قاتارلىقلار چىقىدۇ. كىشىلەر قىشتا ئۆڭكۈردە ئولتۇرىدۇ. پۇقرالىرى بولورنى جۇڭگو بەگلىكى دەپ دائىم يادەم بېرىدۇ».

### سىياماكا (شامبى) توغرىسىدىكى خاتىرىلەر

بولور دەرياسى ئېھتىمال ھازىرقى گىلگىت دەرياسىنى كۆرسەتسە كېرەك، ئۇ ياسىن قاتارلىق جايلار قوشۇلۇپ، جۇڭگونىڭ تارىخ كىتابلىرىدا «كىچىك بولور»[①] دەپ ئاتالغان بولۇشى مۇمكىن. سىياماكا ياكى شامبى بەگلىكىنىڭ زېمىن دائىرىسى مەزكۇر دەريانىڭ شىمالى، «چوڭ قارلىق تاغنىڭ ئوتتۇرىسى»دىكى ئاستانىگىچە ئىدى. ئەمەلىيەتتە، ئۇ ھازىرقى مەستۇج ۋە يارخۇن دەرياسى ۋادىلىرىنىڭ ئەڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى جايلارنى كۆرسىتىدۇ. مەستۇجنىڭ يۇقىرىسىدىكى پۈتكۈل ۋادىلار گىلگىت دەرياسى تارماق ئېقىنىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ، گىلگىت دەرياسى شەندۇر كۆلىنى مەنبە قىلىپ، شەرققە قاراپ گىزەر ۋە گۇپىسنى كېسىپ ئۆتەتتى.

«تاڭنامە» دە خاتىرىلەنگەن مەزكۇر بەگلىكنىڭ ھاۋاسىنىڭ سوغۇقلۇقى توغرىسىدىكى ئەھۋال ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئىدى. يېقىنقى مەزگىللەردىكى مەستۇج توغرىسىدىكى ماتېرىياللاردىمۇ: «قىش پەسلىدە ھاۋا ئىنتايىن سوغۇق بولۇپ، بۇ ئاساسلىقى دەريا ۋادىسىغا ئۇرۇلىدىغان سوغۇق شامال تۈپەيلىدىن بولغان» دەپ تىلغا ئېلىنغان. مۇشۇ سوغۇق شامالدىن ئۆزىنى قاچۇرۇش ئۈچۈن بولسا كېرەك، كىشىلەر دائىم ئۆيىنىڭ مەلۇم قىسمىنى خۇددى ئۇلارنىڭ قوشنىسى بولغان ۋاخان ۋادىسىدىكىگە ئوخشاش يەر ئاستىغا سالىدىكەن. بۇ ئەمەلىيەتتە دەل جۇڭگونىڭ قەدىمىي تارىخنامىلىرىدىكى، قىش پەسلىدە كىشىلەر «ئۆڭكۈر» دە ئولتۇراتتى، دېگەن بايانىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى. گەرچە بۇ يەر

---

① كىچىك بولور — كىچىك بولور رايونى بۈگۈنكى كەشمىرنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى گىلگىت دەرياسى ۋادىسىدا بولۇپ، ئۇ تارىختىكى گىلگىتنى كۆرسىتىدۇ. — مۇھەررىردىن.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

دېڭىز يۈزىدىن ئېگىز بولسىمۇ ــ مەستۇج تەخمىنەن 8000 مىل، شۈيىست ئەتراپى 10 مىڭ مىل ــ ئاساسلىق ۋادىلىرى يەنىلا ناھايىتى مۇنبەت ئىدى. خۇددى بىر لاياقەتلىك كۆزەتكۈچى يازغانغا ئوخشاش، بۇ يەرگە «ناھايىتى زور مىقداردىكى نوپۇس سىغىپ كېتەتتى». ئاساسلىق دەريا ۋادىسىنىڭ تۆۋەن ئېقىن قىسمى مەستۇج بىلەن چارروۇن ئوتتۇرىسىدا بولۇپ، «خو» (Kho) دەپ ئاتىلاتتى. بۇ يەر ئىنتايىن دالىدا بولۇپ، سوغۇق شامالنىڭ ھۇجۇمىغا ئاز ئۇچرايتتى. مېۋىلىك دەرەخلەر كەنتلەرنى يېشىللىققا ئوراپ تۇراتتى. بۇنى (Būni) دىن تارتىپ سانوغار (Sānoghar) غىچە بولغان ھەممە كەنت مۇشۇنداق ئىدى. بۇ مەندە ناھايىتى چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى①. مەستۇجنىڭ بىر قىسمى بولغان خو توغرىسىدا، جۇڭگونىڭ تارىخنامىلىرىدە ئۇ يەردە ئىشلەپچىقىرىلغان ئۈزۈم ۋە ئانار تىلغا ئېلىنغان.

### سىياماكانىڭ نامى

ئاشپىۇشىدو شەھىرىنىڭ ئورنىنى جەزملەشتۈرۈش ئۈچۈن شۈيىستتىنىڭ يۇقىرىسىدىن بايقالغان ئىزلارنىڭ تەپسىلىي ئەھۋالىدىن پايدىلىنىشىمغا توغرا كېلىدۇ. مەن بۇ ئىزنىڭ ئورنىنى بېكىتىپ چىقتىم. جۇڭگونىڭ تارىخنامىلىرىدە يارخۇن دەريا ۋادىسىنىڭ ئىككى نامى خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى دەل سىياماكا ئىدى. بۇ بەلكىم ھازىرقى زامان خو تىلىدا ساقلىنىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. بىز خونى مەستۇجنىڭ تۆۋەنىدىكى قىسمىدىن دەريا ۋادىلىرىنىڭ نامى دەپ كۆرسەتكەندۇق. بۇ سۆز قەشقەر بالادىكى ھەرقايسى چەت ـ ياقا ۋادىلاردا ئوخشاش بولمىغان شەكىلدە ئاتىلىپ كەلگەن. مەسىلەن، تۇرىخو (Turī-khō)، مۇلخو (Mul-kho)، لۇتخو (Lūt-khō) قاتارلىق بۇ خىل ئاتىلىش شەكلى ۋە خونىڭ ياسالما سۆزى بولغان خوۋار (Khōwār)، چىترال تىلىنى ئاتاشتىمۇ

① كېيىنكى بابنىڭ 4 ـ بۆلۈمىگە قاراڭ.

ئىشلىتىلىدۇ) دېگەن سۆزلەرنىڭ ھەممىسى كەڭ كۆلەمدە ئىشلىتىلگەن. ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا «جۇ» (俱) بىلەن «ۋېي» (位) دېگەن ئىككى خەت ياكى ئوخشاش بولمىغان خەنزۇچە قوشۇپ يېزىلىشى تۆۋەندىكى پەرەز بىلەن بىردەك بولغان، يەنى ئۇلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ يەرنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى نامىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇپ، خو دېگەن ئىسىم ھازىرقى زاماندىكى ياسالما سۆزدىن ئىبارەت.

## جۇڭگونىڭ مەستۇجدىكى سىياسىي مەنپەئەتى

«تاڭنامە»دىكى سىياماكا توغرىسىدىكى خاتىرىلەر ھىندىقۇش تاغلىق رايونىدىكى بۇ كىچىك مەركىزىي شەھەرنىڭ تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەرەبلەرنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى كۈرىشىدىكى مۇھىم ئەھمىيىتىنى ئىپادىلىگەن. «تاڭنامە» دە سىياماكانىڭ پادىشاھى ئۇدىيانا ۋە قۇتۇ (Ku-t'u، يەنى ھازىرقى ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى قوتل (Khotl) نىڭ پادىشاھلىرى بىلەن بىرلىكتە تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا دېيىلىشىچە، كەييۈەن (K'ai-yü an)يىللىرى (713 - يىلىدىن 741 - يىلىغىچە)، ئۇلار ئارقا - ئارقىدىن تازىك (Ta-shih) ياكى ئەرەبلەرنىڭ مەجبۇرلىشىغا ئۇچرىغان. ئەرەبلەر ئۇلارنى ئۆزىگە قاراتماقچى بولغان. لېكىن، ئۇلار ئەرەبلەرگە ئەل بولۇشنى رەت قىلغان. شۈەنزۇڭ خان (Emperor Hsü an-tsung) مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن مىلادىيە 720 - يىلى ئەلچى ئەۋەتىپ، باشقا ئىككى ھۆكۈمرانغا ئوخشاش سىياماكا بېگىگە پادىشاھ دېگەن ئۇتۇغات نامىنى بەرگەن. ئەلۋەتتە، ئۇ چاغدا مەستۇجنىڭ ئۆز پادىشاھى بولىسمۇ، چىيېشى ياكى چىترالدىن ئايرىپ باشقۇرۇلغان، چىيېشى 30 يىلدىن كېيىن ئوتتۇرىغا چىقىپ، تىبەتلەر بىلەن ئەرەبلەرنىڭ بىرلىشىشىنى قوللىغان[1].

① مۇشۇ بابنىڭ 1 - بۆلۈمىگە قاراڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## شۈەنزاڭنىڭ خاتىرىسىدىكى سىياماكا

مەن كىتابىمىنىڭ ئالدى تەرىپىدە ۋۇكۇڭنىڭ سەپىرىنى تەپسىلىي مۇھاكىمە قىلغانىدىم، ئۇ مىلادىيە 751 ـ يىلى ياكى 752 ـ يىلى ئۇديانىغا بېرىش يولىدا يارخۇن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى ۋادىلارنى بېسىپ ئۆتكەن. ئالدىدىكى مۇھاكىمە ناھايىتى تەپسىلىي بولغاچقا، بۇ يەردە ئۇنى تىلغا ئېلىپ قويۇشلا كۇپايە①. لېكىن، شۈەنزاڭنىڭ بۇ رايون توغرىسىدىكى خاتىرىلىرىنى ئىنچىكە تەكشۇرۇپ كۆرۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئۇنىڭ «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى»دە مۇنداق دېيىلگەن: «راستتىبىر（达磨悉铁帝国）يەنى ۋاخان بەگلىكى ئارقىلىق چوڭ تاغدىن ئۆتۈپ جەنۇبقا ماڭسىلا سىياماكاغا يېتىپ بارغىلى بولىدۇ.» ئۇ مەزكۇر بەگلىكنىڭ دائىرىسىنى 2500 ~ 2600 چاقىرىمغىچە دەپ تەسۋىرلەپ كېلىپ مۇنداق يازغان: «تاغ ـ دەريالىرى گىرەلىشىپ كەتكەن، ئېگىز تاغلار كۆپ ئىكەن، دانلىق زىرائەتلەر كۆپ تېرىلىدىكەن، شال ۋە بۇغدايلار بەك ئوخشايدىكەن، ئۈزۈم ۋە زەرنىخ كۆپ چىقىدىكەن، تاغدىكى تاشلارنى ئەكىلىپ ئىشلىتىدىكەن، تاغ مۇئەككىلى ئىنتايىن ۋەھشىي بولۇپ، دائىم بالايىئاپەت ئېلىپ كېلىدىكەن، ئاۋۋال نەزىر ـ چىراغ قىلىپ، ئاندىن كىرگەندىلا خاتىرجەم بېرىپ ـ كەلگىلى بولىدىكەن. دۇئا ـ تىلاۋەت قىلمىغاندا، بوران چىقىپ مۆلدۈر ياغىدىكەن. بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى سوغۇق بولۇپ، شامال كۆپ چىقىدىكەن. كىشىلەرنىڭ مىجەزى ناھايىتى تۈز بولۇپ، قائىدە ـ يوسۇنغا ئېسىلىۋالمايدىكەن، ئەقىل ـ پاراستى كەمچىل، ئىقتىدار ۋە ماھارىتى تۆۋەنرەك ئىكەن. يېزىقى توخرىلارنىڭكىگە ئوخشايدىكەن، تىلدا پەرق يوق ئىكەن. كۆپىنچە يۇڭ چەكمەن كىيىشىدىكەن. پادىشاھى ساكىيا ئۇرۇقىدىن بولۇپ، بۇددا

① مۇشۇ كىتابنىڭ 1 ـ باب 3 ـ بۆلۈمىگە قاراڭ.

قانۇنغا ھۆرمەت قىلىدىكەن. پۇقرالىرى ئىتائەتمەن بولۇپ، ئىناۋەتكە ئەھمىيەت بېرىدىكەن. ساڭرام (ئىبادەتخانا) دىن ئىككىسى بولۇپ، راھىب ۋە شاگىرتلىرى ئاز ئىكەن».

## شۇەنزاڭنىڭ خاتىرىسىدىكى سىياماكانىڭ ئىسپاتلىنىشى

مەيلى كونىنگخام ياكى د. سانىكت مارتىن بولسۇن، ئۇلار ئوخشاشلا مۇنداق بىر كۆزقاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان. يەنى شۇەنزاڭنىڭ كىتابىدىكى بۇ بىر ئابزاستا دەل چىترال تەسۋىرلەنگەن. لېكىن، ئۇنىڭ سۆز ـ ئىبارىلىرىدىن قارىغاندا، ئۇ ئۆزى بۇ يەرنى زىيارەت قىلىپ باقمىغان. ئۇلارنىڭ كۆزقارىشى ھېنرى يۇلنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن. ئۇنىڭ دېيىشىچە، شۇەنزاڭ زەرنىخنى تىلغا ئالغان بولۇپ، ئۇ چىترالنىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتى ئىكەن. يۇقىرىدا توختالغان «تاڭنامە» دىكى قىسقا خاتىرىلەردىكى شامىبى ياكى ئۇنىڭ يەنە بىر نامى بولغان سىياكاما ھېنرى يۇلنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىدىن چۈشۈپ قالمىغان. لېكىن، ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخ، جۇغراپىيە ئىلمى ساھەسىدىكى بۇ ئۇلۇغ پېشۋا ئۇچۇن ئېيتقاندا، بۇرۇنقى ئاددىي چۈشەندۈرۈش ئۇسۇلى بىلەنلا، شامىبى دېگەن بۇ نامنىڭ ئەمەلىيەتتە قوللىنىلىشىنىڭ ئىنتايىن چەكلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ كېتەلمەيتتى.

## شۇەنزاڭنىڭ خاتىرىسىدىكى سىياماكا

شۇەنزاڭ ئاڭلىغان ۋە خاتىرىلىگەن ئۇچۇرلار ئىچىدە، بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغىنى يۇقىرى يارخۇن دەريا ۋادىسى ياكى مەستۇجغا مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇر ئىدى. بۇنىسى ئىنتايىن ئېنىق بولۇپ، تۆۋەندىكى پاكىتلاردىن كۆرۈۋالغىلى بولاتتى: يەنى ئۇ پۇتكۇل ۋاخان ۋادىسىدىن ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن، ئارقىدىنلا پامىر (پومىلو Po-mi-lo) نى تەسۋىرلەشتىن بۇرۇن، شۇ جايغا بارىدىغان سەپەر تەرتىپىدە بۇنى تىلغا ئالغان. شۇڭلاشقا، بۇنى

www.uyghurkitap.com

مۇنداق مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ، ئۇ جەنۇبقا ماڭىدىغان يولنى سارخاردتىن باشلاپ، باروغىل ئارقىلىق يارخۇن دەرياسىنىڭ بېشىغا بېرىشنى پىلانلىغان. شۈەنزاڭنىڭ ئېيتىشىچە، سىياماكا سوغۇق جاي بولۇپ، زېمىنى نىسبەتەن كىچىك ئىكەن. خەلقلىرى بۇدد' دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىكەن. پۈتۈن مەملىكەتتە پەقەت ئىككى ئىبادەتخانا بار ئىكەن. بۇنداق زېمىن ۋە بايلىقى ئىنتايىن چەكلىك بولغان تاغلىق رايون هازىرقى مەستۇجنىڭ ئەھۋالى بىلەن ناھايىتى بىردەك ئىدى. يەنە ئېتىراپ قىلىشقا تېگىشلىك بىر مەسىلە شۇكى، جۇڭگولۇق تاۋاپ قىلغۇچىلار تەسۋىرلىگەن ياپلاق زەرنىخ هازىر چىترالدىن تېپىلاتتى. بۇ يەردىكى ئەمەلىي ئەھۋال بەلكىم مۇنداق بولغان بولۇشى مۇمكىن، يەنى شۈەنزاڭ يول باشلىغۇچىلارنىڭ تەسىرىدە، قەشقەر بالا رايونىنىڭ باشقا جايلىرى ياكى پۈتكۈل چىترالنى ئۆز ئىچىگە ئالغان رايونلارنىڭ ھەممىسىگە مۇشۇ بىر نامنى قويغان. هازىر چىترال دېگەن سۆزنىڭ ئىشلىتىلىشى جەھەتتىكى مۈجمەللىكى ۋە توغرا بولماسلىقىغا قارىتا، ئۇنى مۇنداق بىر توغرا مىسال ئارقىلىق چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ: بۇ يەرنىڭ نامى سىرتقا كېڭىيىپ كەتكەن بولۇپ، دائىم ناتونۇش كىشىلەر تەرىپىدىن مەستۇجغىچە كېڭەيتىۋېتىلگەن. مەستۇج ئەمەلىيەتتە مۇستەقىل رايون بولۇپ، ئۆزىنىڭ مەركىزى بار ئىدى ھەمدە يەرلىك مەلۇمات جەھەتتە چىترال بىلەن دائىم پەرق ساقلاپ كەلگەن. تونۇپ يېتىشكە تېگىشلىك يەنە بىر مەسىلە شۇكى: شۈەنزاڭ بۇ يەرگە سەپەر قىلغان چاغ مەستۇج بىلەن چىترال بىر پادىشاھنى ئېتىراپ قىلغان مەزگىل بولۇشى مۇمكىن. بۇ خۇددى ئىككى جاينىڭ هازىرقى زامان تارىخىدىمۇ مۇشۇنداق مۇناسىۋەتنى ساقلاپ قالغىنىغا ئوخشاش، ئۇلار كۆپ قېتىم شۇنداق ئۆتكەن①. بۇنىڭدىن نوم ئەكىلىش ئۇچۇن غەربكە سەپەر قىلغان شۈەنزاڭنىڭ بۇ يەرنى ئۆزى بىۋاستە زىيارەت

① مۇشۇ بابنىڭ 1 ـ بۆلۈمى بىلەن مۇشۇ بابنىڭ مۇشۇ بۆلۈمىگە قاراڭ.

قىلمىغانلىقى توغرىسىدا ناھايىتى ئاسانلا يەكۈن چىقارغىلى بولىدۇ. ئۇ يا كېيىنكى مەنىدىكى سىياماكا دېگەن نامنى ئىشلەتكەن ياكى ئەسلىدىكى قوشنا رايوننىڭ نامىنى ئۆز خاتىرىسىدە قالدۇرۇۋالغان. شۈەنزاڭنىڭ باشقا جەھەتتىكى تەسۋىرلىشى مەستۇج ۋە قەشقەر بالاغا ماس كېلەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇ بۇددا دىنىنىڭ گۈللىنىش ئەھۋالىنى ئېنىق تىلغا ئالغان، بۇ نۇقتا كىشىنى ناھايىتى قىزىقتۇرىدۇ.

**«خەننامە» دە خاتىرىلەنگەن شامىي ئورنى**

بۇ رايونغا ئائىت تېخىمۇ قەدىمىي خاتىرىلەر توغرىسىدا، بىز يەنە جۇڭگونىڭ خەن سۇلالىسى ۋە باشقا بۇرۇنقى مەزگىللەردىكى تارىخنامىلەردىن يىپ ئۇچى تاپالايمىز. ئەگەر سىياماكا بۇ تارىخىي كىتابلاردا تىلغا ئېلىنغان شامىي دېگەن نام بىلەن ئۆزئارا ماس كەلسە، بۇ جەھەتتىكى تارىخىي ماتېرىياللار بىرقەدەر مول بولغان بولاتتى. بۇ كىتابلاردا تىلغا ئېلىنغان «شامىي» ئەسلىدە توخارىستاننى ئىگىلەپ تۇرۇۋاتقان تۇخرىنىڭ بەش يابغۇسىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ يولباشچى سەردارى يابغۇ (hsi-hou) دەپ ئاتىلىدىكەن. لېكىن، «خەننامە» دە شامىينىڭ كونكرېت ئورنى ئېنىق كۆرسىتىلمىگەن. ئەمما، «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» دا بەزى تولۇقلىما ئىزاھاتلار كىرگۈزۈلۈپ، مىلادىيە 7 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى بەزى ئۇچۇرلار ئاساس قىلىنغان. «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»دا ئېيتىلىشىچە، شامىي چېشۆموسۇن (折薛莫孙) دەپ ئاتىلىدىكەن، ئۇنىڭ ئورنى جيابېي (休密) بەگلىكىنىڭ شىمالىدا بولۇپ، جيابېي بەگلىكى شيۇمى ياكى ۋاخان بولۇشى مۇمكىن ئىكەن. ئەمما، بىز شۇنى كۆرۈۋالالايمىزكى، بۇنداق ئورۇن بېكىتىشتە ئۇنى مەستۇجنىڭ ئورنى بىلەن ماس كەلتۈرۈشكە بولمايدۇ ھەمدە ۋاخاننىڭ جەنۇبىدىكى چىترالنىڭ ئورنى بىلەن ماس كەلتۈرۈشكە تېخىمۇ بولمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، بىز دەل كۇشان يابغۇسى ۋە ئۇنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەركىزى شەھىرى خۇزاۋ (护澡)نىڭ ئورنىنى جەزملەشتۈرەلمىگەنلىكىمىزگە ئوخشاش، مېنىڭچە شامبىنىڭ ئورنىنىمۇ هازىرچە جەزملەشتۈرگىلى بولمىغاچقا، بۇ توغرىسىدا ئەركىن مۇهاكىمە يۈرگۈزۈشكە توغرا كېلەتتى. مەن شۇنىڭغا دىققەت قىلدىمكى، «خەننامە» دە كۇشان يابغۇسى ۋە خۇزاۋ شەهرى شيۇمى ۋە شامبىنىڭ شىمالىدا دەپ كۆرسىتىلگەندى. توخرىلارنىڭ بەدەخشان رايونىدا قۇرغان بىرقانچە ئەسىرگە داۋاملاشقان هۆكۈمرانلىقى ماهىيەت جەھەتتە مەستۇج ۋە چىترال رايونلىرىغا كېڭەيگەن بولۇشى مۇمكىن. بۇنى يېقىنقى مەزگىلگە قەدەر بولغان تارىختىكى ئوخشاش ئەهۋاللاردىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

## 4 ـ بۆلۈم مەستۇجدىكى قەدىمىي ئىزلار

مەن مەستۇجدىكى تۈنجى كۈنلۈك (11 ـ ماي) سەپىرىمدە، يارخۇن دەرياسى يۇقىرى ئېقىنىدىكى بۇ ۋادىنىڭ زېمىنى ۋە بايلىقى ناهايىتى چەكلىك بولسىمۇ، ئەمما يەنە بەزى قەدىمىي ئىزلارنىڭ بارلىقىدىن خەۋەردار بولدۇم. ئاشۇ ئاۋى (Awi)، مېم (Mēm) ۋە مىراگرام دېگەن كىچىك كەنتلەرگە يېتىپ كەلگىنىمدە، سەپىرىم يېرىملاشقانىدى. مەن بۇ جايدىكى ئاشۇ بوك ـ باراقسان مېۋىلىك باغلار، قامەتلىك چىنار دەرەخلىرى، ئۇنىڭ ئارقا تەرىپىدە كۆرۈنگەن ئېگىز ۋە غايەت زور مۇز تاغلار، بۇ مۇز تاغلاردىن هاسىل بولۇپ، شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان ئېقىنلار ھەمدە بۇ ئېقىنلار ئاتا قىلغان هاياتلىقنى كۆرۈپ، ئىنتايىن خۇشاللاندىم. بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر قەدىمىي مەدەنىيەتنىڭ روشەن دەلىلى ئىدى. مەن يەنە ئالدىمغا قاراپ تۈت مىلدىن كۆپرەك مېڭىپ، سانوغار (Sanōghar) دېگەن بىر چوڭ كەنتكە يېتىپ كەلدىم. ئۇ كەنت ناهايىتى يوغان چىنار دەرەخلىرى ۋە

مېڭىلىدىغان يول ئىككىلا ئۇچرايدىغان خەتەرلىك خىسلەتلەر ئاتاقلىقى بىلەن بۇ يەرنىڭ قىسمەن سۈرەتلىرى بەرلا ساقلانغان دۆڭلۈكتە ئىپتىدا مۈشكۈل قىلىنغان. ئۇلار جايى

مېڭىلىك دەرەخلەر ئارىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بۇ چاغدا چىترال تۇرنىڭ تاغقا چىقىش مەشىق بازىسى بىلەن بىر ھەقىقىي «قەدىمىي ئىز» دىققىتىمنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالدى.

## سانوغاردىكى قەدىمىي قەلئە

كەنت بىلەن دەريانىڭ تىك، ئېگىز قىرغىقى ئارىسىدا تامامەن يەككە ـ يېگانە تار ۋە ئېگىز ـ پەس ئېدىرلىق بار ئىكەن، ئۇ ئەتراپىدىكى ئېتىزلاردىن ئاز دېگەندىمۇ 200 فۇت ئېگىز بولۇپ، بىر تەبىئىي ئېگىزلىكنى شەكىللەندۈرگەن. ئۇقۇشۇمچە، بۇ يەر سانوغارونوغور (Sanōgharonoghor) بولۇپ، سانوغار «قەدىمىي قەلئە ئىزى» دېگەن مەنىدە ئىكەن. دۆڭنىڭ ئۈستىدە ھېچنېمە كۆرۈنمەيتتى، پەقەت بەزى قەدىمىي قەبرىلەر ۋە ناھايىتى كۆپ تاش دۆۋىلىرى ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، ئۇلار بەلكىم قەدىمىي قەلئە تېمىنىڭ ئىزنالىرى بولسا كېرەك. ئۇ ھازىر پۈتۈنلەي ئۆرۈلۈپ چۈشكەندى. دۆڭنىڭ ئۈستى ناھايىتى تۈز بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 350 فۇت، كەڭلىكى 50 فۇت كېلەتتى. تۆت تەرىپىدىكى تاغ باغرىدا ناھايىتى قېلىن بىر قەۋەت سۇنۇق ساپال پارچىلىرى بار بولۇپ، ھەممىسى قىزىل ساپال ئىدى. ئۇلار ناھايىتى قاتتىق بولۇپ، بۇ ئەتراپتىكى ۋادىلاردىن بايقالغان ساپالدىنمۇ قاتتىق ئىدى. بۇ ئىنتايىن ئاز ساندىكى ئىزلارنىڭ ئالامەتلىرى ۋە شۇ يەردە ئاندا ـ مۇندا بايقالغان بىرونزىدا ياسالغان باشاق ھەمدە ناتونۇش قوراللارنىڭ قالدۇق پارچىلىرىدىكى ئالامەتلەردىن قارىغاندا، بۇ قەلئەنىڭ يىل دەۋرى خېلى بالدۇر ئىدى. ھەرقايسى تەرەپتىن قارىغاندا، بۇ ئىزلارنىڭ ئورنى ناھايىتى مۇھىم بولۇپ، ئۇ ئۇدۇلدىكى نىسارگول (Nisar-gol) ئېگىزلىكىنى كونترول قىلغان. پولكوۋنىك كېللىي (Kelly) 1895 ـ يىلى دەل شۇ يەردىكى بىر مەيدان ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىپ، چىترال قورغىنىدىكى قورشاۋنى بىتچىت قىلغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

بىز دەريا قىنىدىكى بىر قاراڭغۇ جىلغا ئارقىلىق سانوغارنىڭ يۇقىرىسىدىن بىر مىل يىراقلىقتىكى ئوڭ قىرغاقتا يېتىپ بارغىنىمىزدا، ئۇلار مېنى بىر كىچىك خارابىلىككە باشلاپ باردى. ئۇ ئىشلىتىلمىگەن پارۋاك (Maidān of Parwak) مەيدانىنىڭ شەرقىي بېشىدا بولۇپ، دارباتشالى نوغور (Darbatshālī-noghōr) دەپ ئاتىلىدىكەن، ئۇچۇرغا ئاساسلانغاندا، ئۇنىڭ يىل دەۋرى ناھايىتى ئۇزۇن ئىدى. ئېيتىلىشىچە، بۇ ئىز بىر «بۇزرۇك» بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەن، بۇ ئادەم پىخسىقلىقتا نام چىقارغانىكەن. مەن كۆرگەن ئىزلاردىن پەقەت بەزى بۇزۇلغان تاملار قالغان بولۇپ، تىك تۆت بۇلۇڭلۇق بىر ئىمارەت شەكىللەنگەن. ئۇ مەزمۇت، ئەمما، قوپالراق ئىدى. ئۆلچىشىمىزچە، چوڭ ـ كىچىكلىكى 17 ×21 يارد كېلەتتى. ئېچىلىپ قالغان تاشتىن سېلىنغان ئىمارەت قىسمى يەر يۈزىدىن 8 ~ 10 فۇتقىچە كېلەتتى. تاش ماتېرىياللارنىڭ بىر قىسمىدا «ساڭغور» ياسالغان، بۇ ئىش بەلكىم چىترالار بىلەن پاتان بىرلەشمە ئارمىيەسى نىسارگول كەنتىنى قوغداۋاتقاندا يۈز بەرگەن بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ سىرتىدا تۆت تەرەپلىك تامنىڭ ئىزناسىنى كۆرگىلى بولاتتى. پۈتكۈل ئىزلار بىر قاقاسلىقتا بولۇپ، تىرىلغۇ رايوندىن يىراق ئىدى. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ بىر ئىبادەتخانا خارابىسى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى. كەچ بولۇپ قالغاچقا، مەستۇجغا مېڭىشقا توغرا كېلەتتى، شۇڭلاشقا تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ تەكشۈرۈشۈمگە ۋاقىت قالمىغانىدى.

### مەستۇجنىڭ «ئاستانىسى»

مەن مەستۇجنىڭ بۈگۈنكى ئاستانىسىنى شەكىللەنگەندۇرگەن نۇرغۇن كەنتنىڭ بىرىدە بىر كۈن تۇردۇم. بۇ بىر كۈندە قەدىمىي بۇيۇملاردىن ھېچ نەرسىگە ئېرىشەلمىدىم. بەلكىم ئاشۇ پېشقەدەم

ئاقساقال باھادۇرخان (Bahādur Khān) نى قەدىمىي بۇيۇم دەپ ھېسابلىسام بولغۇدەك. ئۇنىڭ 1895 ـ يىلىدىكى ۋەقەلىكتىكى ساداقەتمەنلىكى ئۇنىڭ يارخۇن دەرياسى ۋادىسىنىڭ ھۆكۈمرانى بولۇشتەك مۇستەقىل ئورنىنى ساقلاپ قالغان. ئۇ گەرچە 80 ياشقا كىرگەن بولسىمۇ، ھاياتىي كۈچكە تولۇپ تاشقان بولۇپ، يۇرۇش ـ تۇرۇشلىرى قەدىمكى جەمئىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرىغا ئوخشايتتى. ئۇ تەخمىنەن 6000 دىن كۆپرەك ئائىلىنى باشقۇرىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ جىسمىدىن تارىخىي ۋە قەدىمىي نەرسىلەر نامايان بولۇپ تۇراتتى. ئەمما، بۇ نەرسىلەر بۇگۈنكى كۈندە تەدرىجىي يوقىلىشقا باشلىغاندى. بۇ كەنتلەر توپى جايلاشقان ئورۇن دەل يارخۇن دەرياسىغا جەنۇب تەرەپتىن كىرگەن بىرىنچى ئاساسىي تارماق ئېقىن بولغان لاسپۇر دەرياسى بويىدا ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ يەر ۋاخان، چىترال ۋە گىلگىتتىن كېلىدىغان يوللار تۇتىشىدىغان جاي بولۇپ، سودا ۋە ھەربىي ئىشلاردا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. بۇنىڭدىن ئاشۇ قۇرۇلمىسى ئاددىي بولغان چاسا مۇنار شەكلىدىكى قورغاننى بۇ پېشقەدەم ئاقساقال ئۇزاق مەزگىللىك ئولتۇراق ئۆي ئورنىدا ئىشلەتكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى (27 ـ رەسىمگە قاراڭ). ئەمما، شۇنىڭ بىلەن بىللە مۇشۇ مەھەللىلەر توپلاشقان غىلتاڭ تاشلىق ئېگىزلىكتىن، بۇ يەردىكى تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ يېتەرلىك ئەمەسلىكىنى ھەم يېتەرلىك سۇغىرىش ئەسلىھەلىرى كەمچىل بولۇپ، تارىختىكى چوڭ دائىرىدە توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ھەرقانداق قەبىلىنى بېقىپ كېتەلمىگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى. مەن يارخۇن دەريا ۋادىسىدىكى بۇرۇنقى زاماندىكى ئاستانىنىڭ ئورنىنى تېپىشقا تەمشەلگىنىمدە، ئىنكار قىلىش تېپىدىكى قاراشلار ئۆزىنىڭ قىممىتىنى ئاشكارىلىدى.

www.uyghurkitap.com



27 ـ رەسىم مەستۇج قەلئەسىدىن يارخۇن دەرياسى ۋادىسىغا نەزەر

### برېپتىكى قەدىمىي قورغان

13 ـ مايدىكى جىلغا بويلاپ ماڭغان سەپىرىمدە، برېپتىكى (Brep) قەدىمىي قورغاننى بىرقەدەر تەپسىلىي تەكشۈرۈپ چىقتىم. مەزكۇر قورغاننى مەن چىترالدىكى ۋاقتىمدىلا دىۋانبېگى ۋاپادارخاندىن ئاڭلىغانىدىم. ئاڭلىشىمچە، ئۇنىڭ دەۋرىنى «قالماقلار» ياكى جۇڭگو دەۋرىگىچە سۈرۈشتۈرۈشكە بولىدىكەن. برېپ بىر ئومۇمىي نام بولۇپ، ئۇ بەزى كىچىك مەھەللىلەردىن تەركىب تاپقانىكەن. ئۇ مەستۇجنىڭ يۇقىرىسىدىن 14 مىل كېلىدىغان چىكانوگول (Chikano – gol) دىن شەكىللەنگەن يەلپۈگۈچسىمان ئېقىن چۆكۈندىسىگە جايلاشقان بولۇپ، بۇ كىچىك كەنتلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر دۆڭ بار ئىكەن. ئۇنى يەرلىكلەر نوغورودوك (Noghōro – dōk) دەپ ئاتايدىكەن. ئۇ «توپا دۆڭ» دېگەن مەنىدە بولۇپ، يانتۇ تەرىپىدىن

ئۇنىڭ راست ئىمارەت ئەمەسلىكىنى بىلىۋالغىلى بولاتتى. ئۈستىدە نۇرغۇن ئېرىقچىلار بولۇپ، سىغىز بىلەن شىغىلنىڭ ئارىلاشمىسى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ تاغ ئۈستىدە بايقالغان تامنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشايتتى. دۆڭ ئۈستىنىڭ شەرق تەرىپى يەر يۈزىدىن 34 فۇت ئېگىز بولۇپ، بۇ يەردىكى دۆڭ باغرىنىڭ گىرادۇسى 41 ° كېلەتتى. دۆڭنىڭ غەرب تەرەپتىكى باغرى تەدرىجىي ھالدا دەريا قىنىغىچە سوزۇلغان بولۇپ، ئېگىزلىكى شەرق تەرەپتىن ئېگىز ئىدى. دۆڭ ئۈستىدىكى قورغان تۆت تەرەپلىك ئۆلچەمسىز ئىمارەت بولۇپ، شەرق بىلەن غەربتىن ئىبارەت ئىككى قىسقا تەرىپىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 103 فۇت ۋە 133 فۇت كېلەتتى. تامنىڭ بىر قەۋەت ئۇلى ياكى تۈۋى چوڭ تاش پارچىلىرىدىن قوپۇرۇلغان، ئۈستى كېسەك تام ئىدى. ئۇلتەرەپتىكى تامنىڭ قالدۇق ئېگىزلىكى 9 فۇت بولۇپ، قالغان تاملارنىڭ ھەممىسى قاتتىق بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، ناھايىتى ئېغىر دەرىجىدە يىمىرىلىپ چۈشكەن. شەرقىي تامنىڭ ئۇلى 3 فۇت ئېگىزلىكتە، غەربىي تامنىڭ 6 فۇت ئەتراپىدا كېلەتتى. تام يىمىرىلىپ چالمىلار دۆۋىلىنىپ كەتكەنلىكتىن، قېزىلمىغان ئەھۋالدا تامنىڭ قېلىنلىقىنى توغرا ئېنىقلاپ چىقىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. تامغا قويۇلغان كېسەكلەر بىر قەدەر چوڭ بولۇپ، ئۆلچىشىمىزچە ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇق ۋە كەڭلىكى 18 فۇت ۋە 10 فۇت، قېلىنلىقى 3 فۇتتىن 4 فۇتقىچە كەلدى. كېسەكنىڭ قېتىدىن تاش، شىغىل ۋە قاتتىق ساپال پارچىلىرى قاتارلىق ئارىلاشما نەرسىلەر كۆرۈنۈپ تۇراتتى. شەرقىي تامدىكى بەزى تۆشۈكچىلەر 3 ـ 4 فۇت چوڭقۇرلۇقتا بولۇپ، ئارىلىقى ئانچە ئۆلچەملىك ئەمەس ئىدى.

### نوغورودوكتىكى ئىمارەت ئىزلىرى

دۆڭنىڭ ئۈستى ئانچە تۈز ئەمەس ئىدى، ھەممە يەرنى ئۆيئىچىدىكى نەرسىلەرنىڭ قالدۇقلىرى قاپلاپ كەتكەن بولۇپ،

هازىر ئۇنىڭ ئۆلچەملىك تەكشى يۈزى ياكى ئىزناسىنىمۇ پەرق ئەتكىلى بولمايتتى. ئەڭ ياخشى ساقلانغىنى خارابە مەركىزىنىڭ ئەتراپى بولۇپ، ئۇ بىر پارچە كېسەك تامدىن ياسالغان. قېلىنلىقى 2 فۇت 8 ديۇم، ئۇزۇنلۇقى 18 فۇت كېلەتتى، تامنىڭ تاش ئۇلىدىن 8 فۇت ئەتراپىدا ئېگىز ئىدى. كېسەكنىڭ ئوتتۇرىچە ئۇزۇنلۇقى 14 دىيۇم، كەڭلىكى 12 دىيۇم، قېلىنلىقى 4 دىيۇم بولۇپ، سېغىز توپا بىلەن قوي مايىقىنىڭ ئارىلاشمىسىدا قۇيۇلغان. بۇ خىل كېسەك قۇيۇش ئۇسۇلى هازىر قوللىنىلمايدۇ، ساقلىنىپ قالغان تاملار قارىماققا ئەسلىدىكى خارابىلەرنىڭ ھەممىسى ئەمەستەك قىلاتتى، بەزىلىرى يىرىك تاش پارچىلىرى ۋە ئۇششاق تاشلارنى لاي بىلەن قۇيۇپ قوپۇرۇلغان بولۇپ، ئېنىقكى، بۇلار كېيىن سېلىنغان تاملار ئىدى. كىچىك دۆڭنىڭ مەركىزى ئازگال بولۇپ، تېگى بايا ئېيتىلغان تام ئۇلىدىن تەخمىنەن 10 ~ 12 فۇتقىچە پەس ئىدى. بۇ، كىشىلەرنىڭ كولىغانلىقىدىن بولغان بولسا كېرەك. ئۇ خۇددى مەن دۆڭنىڭ باشقا يەرلىرىدە بايقىغان كولانغان يەرلەرگە ئوخشايتتى، كەنت ئاھالىلىرى بۇ يەردىن توپا ئېلىپ، كەپە ئۆيلىرىنىڭ ئۆلىنى سوۋىغان. چۈنكى، ئېيتىلىشىچە بۇ يەرنىڭ تۇپىسى ئۇلار ئادەتتە ئىشلىتىدىغان توپىلاردىن قاتتىقراق ئىكەن. شۇنداق پەرەز قىلىشقا بولىدۇكى، بۇ يەرنىڭ تۇپىسىنى ئوغۇت ئورنىدىمۇ ئىشلەتكىلى بولاتتى. لېكىن، بۇ تۇپىنىڭ ھەقىقەتەن ئوغۇت ئورنىدا ئىشلىتىلگەنلىكىگە جەزم قىلالمايتتىم. قەلئەنىڭ ھويلا تېمىدىن سىرت، شەرق تەرەپتىكى تامنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر تۆت چاسا ئىستىھكام ھەمدە غەربىي جەنۇب بۇلۇڭدىكى بىر يۇمىلاق مۇنار قەلئەنىڭ سېلىنغان يىل دەۋرىنى ئىسپاتلاپ بېرەتتى. بۇلۇڭدىكى كېسەك تامنىڭ ئۇلى ئىچى تەرەپكە يانتۇ بولۇپ قالغان بولۇپ، ئۆلچىشىمىزچە ساقلىنىپ قالغان يېرىنىڭ ئايلانمىسى 27 فۇت ئىدى. قەلئەگە



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كىرىش ئېغىزى شەرق تەرەپتىكى تامنىڭ جەنۇب تەرىپىدىرەك بولغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇ يەردىن سىرتقا قارىتىلغان بىر ئىشىكنىڭ ئىزناسىنى تاپقىلى بولاتتى. كونا قەلئەنىڭ ئۇلى قات ـ قات يىرىك تاش پارچىسى بىلەن قوپۇرۇلغان بولۇپ، بۇنى كېيىنكى مەزگىللەردە ياسالغان توپاتاش قۇرۇلمىلىق ئىمارەتلەردىن ناھايىتى ئاسانلا پەرقلەندۈرگىلى بولاتتى. كېيىن ياسالغان بۇنداق ئىمارەتلەرنى دۆڭنىڭ غەربىي ۋە جەنۇبىي باغرىدىكى بىرقانچە ئىمارەت خارابىسىدىن پەرقلەندۈرگىلى بولاتتى. بۇنداق توپا تاشتىن ئاساسلىقى سۇپا سېلىنىپ ئۇستىگە قەبرە ياسىلاتتى. دۆڭنىڭ ئۇستىدىكى ئىزلار ۋە دۆڭ باغرىدىكى يانتۇلۇقتا زور مىقداردىكى ساپال پارچىلىرىنى ئۇچراتقىلى بولاتتى. ساپال يۈزىنىڭ رەڭگى ئادەتتە قىپقىزىل بولۇپ، بىرقەدەر سىلىق ئىدى. ئىچىنىڭ رەڭگى سۇس كۆل رەڭ ياكى بېغىر رەڭ ئىدى. كەنت ئاھالىلىرى بۇ يەردىن پات ـ پات مارجان ۋە مېتالدىن ياسالغان ئوقيا ئۇچىنى ئۇچرىتىپ تۇرىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. لېكىن، ئۇلار باشقا نەرسىنى ئۇچراتقانلىقىنى دېمىدى.

دۆڭنىڭ بۇرۇنقى ئىگىلىگەن ئەھۋالىنى ئاشۇ قېلىن بىر قات سۇئىي دۆۋىلەنمە بويۇملاردىن ئېنىق چۈشەندۈرۈپ كەتكىلى بولىدۇ. بۇنداق سۇئىي قالدۇق بويۇملار پۈتۈن دۆڭنى قاپلاپ كەتكەن بولۇپ، بەلكىم پۈتۈن دۆڭ مۇشۇنىڭدىن شەكىللەنگەن بولۇشى مۇمكىن. شۇ يەردىكى رىۋايەتلەردە ناھايىتى مۇجمەل قىلىپ، بۇ قەدىمكى قەلئەنى «قالماق»لار ياكى جۇڭگولۇقلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلنىڭ قالدۇقى دەپ قارايدىكەن. بۇنداق چوڭ شەكىلدىكى كېسەك كىشىگە قەشقەرنىڭ ئەتراپىدىكى ئاشۇ بۇددا دىنى خارابىلىرىدىكى كېسەكلەرنى ئەسلىتەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇنىڭ ئالاھىدە قۇرۇلمىلىرى ۋە ساپاللارنىڭ قاتتىقلىقى قاتارلىقلاردىن بۇ قەلئەنىڭ يىل دەۋرىنى 18 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن تاكى ۋاخان ۋادىسىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كەلگەنلەر بۇ يەرنى ئىشغال قىلغانغا قەدەر بولغان مەزگىلدىكى ئىمارەت دەپ پەرەز قىلغىلى بولاتتى. ھازىرغىچە بۇلارنى دەۋرلەرگە بۆلۈشتە پايدىلانغىلى بولغۇدەك نەرسىلەر تېپىلمىدى. لېكىن، يەنىلا ئۈمىد بار. يېقىنغا قەدەر تېخى پۇل ئىشلىتىشنى بىلمەيدىغان، بېزەك بۇيۇملىرى (مەيلى ئۇ مېتال ياكى باشقا قاتتىق ماتېرىياللاردىن بولسۇن) كەمچىل بولغان بۇ جىلغىلاردا، دەۋرگە بۆلۈشتە ئاساسلانغىلى بولىدىغان قالدۇق ئىزلار بايقىلىشى مۇمكىن.

### ئەبەيدۇللاخاننىڭ مىراگرامدىكى ئۆي ـ جايى

مېنىڭ ئىنتايىن رازى بولغىنىم، مەن مىراگرام كەنتىدە ئارام ئېلىۋاتقان ئاشۇ كۈنى كەچتە، قەدىمكى ھۈنەر ـ سەنئەت ئەنئەنىلىرىنىڭ قانداق قىلىپ قەدىمدىن تارتىپ تا ھازىرغىچە يەرلىك قول ھۈنەرۋەنلەرنىڭ قولىدا ساقلىنىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگىنىم ئىدى. مەن دەريا قىرغىقى بىلەن ئەبەيدۇللاخان (Obaidullah Khān) ئۆيىنىڭ ئارىلىقىدىكى بىر كىچىك مېۋىلىك باغقا چېدىرىمنى قۇرغانىدىم. ئەبەيدۇللاخان يارخۇن دەرياسىنىڭ ئەڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى ۋادىنىڭ مۇۋەققەت ھاكىمى (Deputy-Hākim) ئىدى. ئۇنىڭ ئۆيى سىرتتىن قارىغاندا، تاش بىلەن سېلىنغان كەپىگە ئوخشايتتى. لېكىن، مەن ناھايىتى تېزلا بۇ ئۆينىڭ بەزى نەقىشلەنگەن تۈۋرۈكلىرىگە ۋە ئايۋان شەكىللىك ئىمارەتنىڭ قەدىمىي ۋە كۆركەم تام رەسىملىرىگە قىزىقىپ قالدىم. ئىككىنچى كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، يەنە ۋاقىت چىقىرىپ، بۇ ئىمارەتنى زىيارەت قىلدىم. ئۇ خۇددى شۇ يەرنىڭ ئۆي ـ ئىمارەت بېزەكچىلىكى ۋە ئۆي سەنئىتى جەھەتتىكى بىر كىچىك مۇزېيغا ئوخشايتتى. بۇ ئۆيدە كارىدوردىن باشلاپ، ناھايىتى كۆڭۈل قويۇپ لايىھەلەنگەن تۈۋرۈكلەر بار بولۇپ، زىننەتلىك نەقىشلەرمۇ ئويۇلغانىدى. مېنىڭ قارىشىمچە، بۇ

ياغاچ ئويمىلىق نەقىش ـ بېزەكلەر قەندەھەر سەنئىتى ۋە خوتەندىكى قەدىمىي ئىزلاردىكى ياغاچ ئويمىلارغا ئاجايىپ ئوخشايتتى (28 ـ رەسىمگە قاراڭ). بۇ ئىمارەت تۈۋرۈكىنىڭ تۆت تەرىپى قاپارتما نەقىشلەر بىلەن بېزەلگەنىدى. روشەنكى، ئۇلار كىلاسسىك يوپۇرماق شەكىللىك تاختايلار بولۇپ، ئۇ بىر خىل زىننەت نەقىشلىرى ئىدى. مەن كېيىنكى ۋاقىتلاردا لوپنۇردىمۇ بۇنداق نەقىشلەرنى ئۇچراتقانىدىم (29 ـ، 30 ـ رەسىمگە قاراڭ). يۇمىلاق تۈۋرۈكنىڭ ئۈستىدىكى باستۇرمىغا پورەكلەپ ئېچىلغان نىلۇپەر گۈلىنىڭ شەكلى نەقىشلەنگەنىدى، بۇ قەندەھەر بېزەكچىلىكىدە دائىم ئۇچرايتتى. بۇ خىل ئەھۋالنى شەرقتىكى بەزى رايونلاردىمۇ ئۇچراتقىلى بولاتتى (31 ـ، 32 ـ رەسىمگە قاراڭ). ئىمارەتنىڭ تۈۋرۈك بېشى بىلەن باستۇرمىسىنىڭ ئارىلىقىدىكى قىستۇرما بۆلەك يوپۇرماق شەكىللىك نەقىشلەر بىلەن بېزىلىپ، كىشىگە يېرىم ئېچىلغان نىلۇپەر گۈلىنى ئەسلىتەتتى ياكى «⊡» (تۆت چاسا) شەكىللىك نەقىشلەر بىلەن بېزەلگەنىدى. قەدىمكى تارىم ئويمانلىقىدىكى ياغاچ ئويمىلاردىمۇ ئۇنىڭ كۆچۈرۈلمە نۇسخىسى بار ئىدى. يۇمىلاق تۈۋرۈكنىڭ تۆت تەرىپىگە ئويۇلغان رومبا شەكىللىك نەقىشلەر ئىچىدىن بۇ خىل نەقىشلەرنىڭ شۇ خىلدىكى ئۆزگىچە تۆت يوپۇرماقلىق نەقىشتىن تەرەققىي قىلىپ چىققانلىقىنى ناھايىتى ئاسانلا پەرقلەندۈرۈۋالغانىدىم. نىيە ۋە دامىكۇ قەدىمكى خارابىلىكلىرىدىن قېزىۋېلىنغان ياغاچ ئويمىلار بۇ خىل تۆت يوپۇرماقلىق نەقىشنىڭ 3 ـ ئەسىردىن بۇيان خوتەن بۇددا دىنى سەنئىتىدە كىشىلەر ئەڭ ياقتۇرىدىغان بېزەكچىلىك نەقىشى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيتتى. ئۇ ئېلىلىپىس شەكلىدىكى بوشلۇقنى تولدۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن، بۇ خىل بېزەكچىلىك ئۇسلۇبى شۇبھىسىزلا قەندەھەرنىڭ گىرېكلاشقان بۇددىزم سەنئىتى ئۇسلۇبىنىڭ تەسىرىنىڭ نەتىجىسى ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قەندھەر سەنئىتىدىكى نەقىشلەر

ئوخشاشلا ئادەمنىڭ دىققىتىنى قوزغايدىغىنى ئايۋان تېمىنىڭ ئۈستى تەرىپىدىكى نەقىش بېزەك شەكلىدىكى تام رەسىملىرى ئىدى. ئۇ قىزىل، قارا، ئاق قاتارلىق ئۈچ خىل رەڭدە سىزىلغان بولۇپ، كىشىگە قەندھەرنىڭ گىرېكلاشقان بۇددىزم سەنئەت ئۇسلۇبى ۋە ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى تەقلىدىي بۇيۇملىرىنى ئەسلىتەتتى. بۇ يەردىكى نەقىش بېزەكلەر خۇددى تولۇق ئېچىلغان ياكى ئېچىلىش ئالدىدا تۇرغان غۇنچىدەك نىلۇپەر شەكلى، «چاكارا» (Chakara) نەقىشى ھەمدە تۆت يوپۇرماق سىزىقلىق نىلۇپەردەك گۈل نەقىشلىرى بولۇپ، بەزىلىرىدە رومبا شەكلىدىكى تۆت چاسا رامكا بار ئىدى، قارىماققا ئۇلار خۇددى نىيە خارابىسىدىن كەلگەندەك قىلاتتى. مەن تۇنجى قېتىم نىيە خارابىسىدە قېزىش ئېلىپ بارغاندا، بىر قەدىمكى چوڭ ئولتۇراق ئۆينىڭ رەسىم سىزىلغان تېمىدا مۇشۇنىڭغا ئوخشايدىغان نەقىش شەكلىنى كۆرگەنلىكىم تېخىچىلا ئېنىق ئېسىمدە ئىدى. بۇ نەقىشلەرنىڭ ھەممىسى، ھەتتا بۇلۇڭنى تولدۇرۇش ئۈچۈن ئوتتۇرىدىن كېسىپ ئىشلەتكەن تۆت يوپۇرماقلىق گۈل نەقىشلىرىمۇ قەندھەرنىڭ گىرېكلاشقان بۇددىزم قاپارتما نەقىشلىرىنىڭ بېزەك شەكىللىرىگە توغرا كېلىدىغان قوشۇمچە نۇسخىلار ئىدى. بۇ قەدىمكى دەۋر نەقىشلىرىنىڭ قايتىدىن ئىشلىتىلگەنلىكى ئادەمنى ھەيران قالدۇراتتى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ياسىلىشى ھەم يىرىك، ھەم كۆرۈنەرلىك ھالدا يېڭى ئىدى. ئەمەلىيەتتە، ئەبەيدۇللاخاننىڭ ئېيتىشىچە، بۇ رەڭلىك بېزەك رەسىملەر پەقەت مەن كېلىشتىن ئۈچ - تۆت يىل بۇرۇن سىزىلغان بولۇپ، پىشايۋاندىكى يۇمىلاق ئويما تۈۋرۈكلەر تەخمىنەن 20 نەچچە يىل بۇرۇن ياسالغانىكەن.



28 ـ رەسىم مەستۇجدىكى مىراگراملىق ئەبەيدۇللاخان ئۆيىنىڭ پېشايۋىنى



29 ـ رەسىم بىزەك شەكلىدىكى ياغاچ ئويما

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



30 ـ رەسىم بېزەك شەكلىدىكى ياغاچ ئويما



31 ـ رەسىم ياغاچ ئويما

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرېسى



32 ـ رەسىم ياغاچ ئويما

### ئۆينىڭ ئىچكى قۇرۇلمىلىرى

ئادەمنى تېخىمۇ قىزىقتۇرىدىغىنى يەنىلا ئەبەيدۇللاخان ئۆيىنىڭ ئىچكى قىسمى ئىدى. ئېيتىلىشىچە، ئۇ ياسالغىلى 60 نەچچە يىل بولغانىكەن. باشقا ياتاق ئۆيلەر ئارىسىدا نەپىس ياسالغان يەنە ئىككى ئېغىز ئۆي بار ئىكەن، ئۇنىڭغا ھاۋا ئالماشتۇرغۇچى تۆشۈك ياكى تۈڭلۈك قويۇلغان بولۇپ، تۆۋرۈك ۋە چاپلانغان تاختايلار تۈجۈپلەپ سىپتا ئىشلەنگەنىكەن، مەن بۇلار ئىچىدىن «بايپاش» (baipash) ياكى ئايۋان ئورنىدا ئىشلىتىلگەن بىر ئۆيدە بىر پارچە سۈرەت (19 ـ رەسىمگە قاراڭ) تارتىۋالدىم ھەمدە تەكشىلىك خەرىتىسىنى (33 ـ رەسىمگە قاراڭ) سىزىۋالدىم.

ئىمارەتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى دەل مۇشۇ تەكشىلىك خەرىتىسىدە كۆرسىتىلگەنگە ئوخشاش بولۇپ، دىققىتىمنى قوزغىغانىدى. ئۆينىڭ تورۇسى قاتار، زىچ تىزىلغان ۋاسا بىلەن ياسالغان، بۇ ۋاسىلار بىر قاتار تەدرىجىي كىچىكلىگەن چاسا شەكلىنى ھاسىل قىلغان. بىزگە مەلۇمكى، ئۆي تورۇسىنىڭ بۇنداق ياسىلىش ئۇسۇلى كەشمىردىن باميان (Bāmiān)غىچە بولغان كەڭ رايونلاردىكى قەدىمكى ئىبادەتخانىلاردا كەڭ كۆلەمدە قوللىنىلغان. ئۇلارنىڭ تورۇسى تاش پارچىلىرىنى تىزىش ئارقىلىق مۇشۇنداق ياسىلىپ چىققان. بۇ ئۆينىڭ تەكشىلىك خەرىتىسىدىن نىيە خارابىسىدىن قېزىۋېلىنغان قەدىمكى ئۆيلەردىكى ئايۋاننىڭ مۇشۇ خىل قۇرۇلمىدا ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى. ئايۋاننىڭ ئىككى تەرىپىدە يەر يۈزىدىن ئېگىزرەك چىقىرىلغان سۇپا بار ئىدى. سۇپىنىڭ ئارىلىقى بۇ ئۆينىڭ ئاساسلىق كىرىپ ـ چىقىش ئېغىزى ئىدى. ئايۋاننىڭ ئۇدۇلىدىكى ئەگمە ياغاچ ئىشىك ئاستىدا بىر تار سۇپا بار ئىدى. پۈتكۈل ئۆينىڭ دەل ئوتتۇرىسىدا بىر ئوتدان بولۇپ، دەل تۈڭلۈكنىڭ ئاستىدا ئىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى نىيە خارابىسىدە دائىم كۆرۈلىدىغان قەدىمكى زاماندىكى ئايۋاننىڭ ئەھۋالى بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



ياغاچ قاپقاق ........ | ........ ياغاچ قۇرۇلمىلىق تام
لىم ........ | ........ توپا ـ تاش قۇرۇلمىلىق تام
ئاساسىي تۈۋرۈك ........ | ........ سېغىز توپىلىق سۇپا

33 ـ رەسىم مىراگرامىنىڭ ھاكىمى ئەبەيدۇللاخاننىڭ ئۆيى، تەكشىلىك خەرىتىسىدە تورۇسى كاتەكچە قۇرۇلمىلىق قىلىپ بېزەلگەن ئۆي لايىھەسى نامايان قىلىنغان.

بىر دەك ئىدى.

### ياغاچ ئويمىدىكى نەقىش بېزەكلەر

ياغاچ ئويمىدىكى بېزەك نەقىشلەر قارىماققا قەدىمكى زاماندىكى ئەۋرىشكىلەردىن ئۆرنەك ئېلىنغاندەك قىلاتتى. ئاساسلىق تۈۋرۈك ۋە تام تۈۋرۈكلىرىمۇ بىر خىل رومبا شەكىللىك نەقىشلەر بىلەن بېزەلگەندى. ئۇلار ئاساسلىقى تۆت يوپۇرماقلىق گۈل نەقىشى بولۇپ، گۈل يوپۇرمىقىنىڭ ئىچكى

قىسمى تۆت چاسا ياكى يۇمىلاق رامكا ئىچىگە ئېلىنغان، رامكا گىرۋەكلىرى ۋە لىمنى كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان تۈۋرۈكنىڭ ئۈستىدىكى باستۇرمىلار ئېچىلغان نىلۇپەر شەكىللىك نەقىشلەر بىلەن بېزەلگەن. غەربىي تامدىكى ئۈچ تۈۋرۈكنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بوشلۇقنىڭ ئوتتۇرىسىغا تەكچە ياسالغان بولۇپ، گىرۋەكلىرى ياغاچ تاختاي بىلەن ياسالغاندى. دەرۋەقە، بۇ خىل ئەھۋال قەدىمكى ئىمارەتچىلىكتىكى يانتۇ ئىشىك ـ دېرىزىلەرنىڭ يان تاملىرىغا ئوخشايتتى. بۇمۇ نىيە خارابىسىدىكى ئولتۇراق ئۆينىڭ ياغاچ قۇرۇلمىلىرىدىن قېلىشمايتتى. مۇشۇ تاختايلار ئۈستىدىكى ئۈچ بۇلۇڭ ياكى دولقۇنسىمان تۆت چاسا شەكىللىك نەقىشلەر تارىم ئويمانلىقىدىكى قەدىمىي خارابىلەردىكى ياغاچ ئويما بېزەك بۇيۇملىرىدا كۆپلەپ ئۇچرايتتى، بەلكىم ئەڭ قەدىمىي بولغىنى بىر خىل بۇددا مۇنارى شەكلىدىكى تۆت چاسا ئويما نەقىش بولسا كېرەك. ئۇ ئويما ـ قاپارتما شەكلىدە بولۇپ، ئۆتتۇشمە لىم قىلىنغان تاختاي ئۈستىگە ئويۇلغان، بۇ خىل بېزەك نەقىشلەر بۇرۇنقى ھىندىستان ئىمارەت بېزەكچىلىكى ۋە گىرېكلاشقان بۇددىزم ئىمارەت بېزەكچىلىكىدە دائىم كۆرۈلەتتى. تۇركىستان رايونلىرىدىمۇ بۇنىڭغا ئوخشايدىغان بايقاشلار بولغانىدى.

### ئۆي جاھازلىرىدىكى نەقىشلەر

ئۆي جاھازلىرىدىكى ئويما بېزەك نەقىشلەرنىڭ تۈرى كۆپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە قەدىمىي ئىدى. شۇبھىسىزكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى شۇ يەرنىڭ مەھسۇلاتى بولۇپ، كىيىم ساندۇقى، كامۇت (جاۋەن)، ساندۇق قاتارلىقلار ئىدى. ئەمما، ۋاقىت مۇناسىۋىتى بىلەن رەسىمنى سىزىۋېلىشقا ئۈلگۈرەلمىدىم، شۇڭا بۇ يەردە ئۇلار ئۈستىدە تەپسىلىي توختالمىمەن. مېتالدىن ياسالغان بەزى نەپىس بۇيۇملار بولۇپ، شۇ يەرنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا، «ئاپتۇۋا» (Aptābas)، «چوگون» (Chaugāns)، «چىلاپچا»

www.uyghurkitap.com

(Chilapchis) ياكى يوغان ئېغىزلىق چەينەك قاتارلىقلار ئىدى. ئۇلارنىڭ شەكلى ۋە ھۈنەر ـ سەنئىتىدىن قارىغاندا، غەربىي تۈركىستان ياكى خوتەندىن كەلتۈرۈلگەنىدى. بۇلارنىڭ قىممىتى شۇ يەردىكى، بۇلار مۇشۇ رايونلار ئارا ئۈزۈلمەي كېلىۋاتقان سودا ئالاقىسىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرەتتى. بۇ خىل ئەھۋالمۇ ئوخشاشلا ئاشۇ سايمان ـ جابدۇقلارغا ماس كېلەتتى. مەسىلەن، ئۈنچە ـ مەرۋايىت، زىبۇ ـ زىننەت بۇيۇملىرىدىن ھالقا، زەنجىر، تىلتۇمار (مىس بىلەن قاپلاپ تەقلىدىي ياسالغان ئاياللار تاقايدىغان تىلتۇمار) قاتارلىقلارنىڭ ئىشلىنىشى كىشىنى تولىمۇ زوقلاندۇراتتى. مۇشۇ سايمان ـ جابدۇقلار ئىچىدە ئىشلىنىش سەل يېرىك ۋە بەزى قەدىمكى نەقىشلەر بىلەن بېزەلگەن سايمان ـ جابدۇقلارنىمۇ ئۇچراتتىم. دەرۋەقە، بۇلار مۇشۇ يەردە ياسالغانلىرى ئىدى. بۇ قەدىمكى نەقىشلەرنى كارىدورنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى سۇپىغا سېلىنغان چىتىرال كىچىك گىلەمدىن كۆرگىلى بولاتتى. بۇ گىلەمنىڭ بىر بۆلەك يەرلىرىنى سۈرەتكە تارتىۋالدىم، ئوقۇرمەنلەر سۈرەتتىن بۇ نەقىشلەرنى كۆرۈۋالالايدۇ (19 ـ رەسىمگە قاراڭ). گەرچە بۇلارنىڭ ھەممىسى ھازىرقى زاماننىڭ بۇيۇملىرى ھەمدە يېرىك ئىش قوشۇلغان ئانىلىن بوياقلىرى بىلەن بويالغان بولسىمۇ، نۇرغۇن گېئومېترىيەلىك شەكىللەر قەدىمكى زاماندا ئىشلىتىلگەن شەكىللەر ئىدى. مەن ئۇدا ئۇچرىغان بىرقانچە خىل نەقىش نۇسخىلىرىغا دىققەت قىلدىم. مەسىلەن، 卍 بەلگىسى، + بەلگىسى، بۇددا مۇنارى (ستۇپا) شەكلى ۋە تەقلىدىي ياسالغان گىرىكچە تۆت چاسا (رومبا) شەكىللىك نەقىش قاتارلىقلار. بۇلارنىڭ كۆپىنچىلىرىنى فوتو سۈرەتتىن پەرقلەندۈرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇ نەقىشلەر ناھايىتى كۆپ جايلارنىڭ سەنئىتىدە كەڭ كۆلەمدە كۆرۈلگەچكە، ئۇنىڭغا ناھايىتى قىزىقىپ قالغانىدىم. مەن يۇقىرىقى نەقىش شەكىللىرىنىڭ ئۆزۈم خوتەندىن لوپنۇرغىچە قېزىپ چىققان

قەدىمكى كىلەملەرنىڭ نەقىشلىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغانلىقىغا دىققەت قىلىپ قالدىم.

### مەستۇجدىكى «دارباند»

ئەبەيدۇللاخاننىڭ بۇ قىزىقارلىق جاۋاھىراتلارغا تولغان ئۆيىنى ھەيرانلىق ئىچىدە كۆرگەندىن كېيىن، بۇ ئۆيدە ھىندىقۇش ۋادىسىنىڭ قەدىمكى زامان سەنئەت ئەنئەنىسىنىڭ ساقلىنىپ قالغانلىقىدىن ئىنتايىن خۇشال بولدۇم. مىراگرامدىن شۇيىستقىچە ھەممە يەرنىڭ كىلىمات مۇھىتى بىرقەدەر ناچار بولغاچقا، ئىنسانلار مەدەنىيىتى يەر شەكلى تېخىمۇ ئېگىز بولغان يارخۇن جىلغىسىغا قاراپ تەرەققىي قىلىشقا مەجبۇر بولغان. ئاشۇ يوغان غىلتاڭتاش ۋە ئۇششاقتاش پارچىلىرى بىلەن تولغان ئۇزۇن تاغ باغرىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، بىز جخوپ (Jhōpu) كەنتىگە يېتىپ كەلدۇق. تۇي (Tui) تاغ ئېغىزىدىن ياسىنغا بارىدىغان يول دەل مۇشۇ يەردىن ئايرىلاتتى. مەن جىلغىدىكى مېۋىلىك دەرەخلەرگە نەزەر سالدىم، ئۇلارنىڭ شاخلىرىدا خۇددى قىش پەسلىدىكىگە ئوخشاش ھېچنېمە كۆرۈنمەيتتى. جىلغا بارغانسېرى تارلىشىپ، كۈن نۇرىمۇ غۇۋالىشىپ باردى. بۇ خىل يەر شەكلىنى شۇ يەرلىكلەر ناھايىتى مۇۋاپىق كەلتۈرۈپ «دارباند» دەپ ئاتىشىدىكەن (34 ـ رەسىمگە قاراڭ). بۇ يەرنىڭ ئىككى تەرىپى يامىشىپ چىققىلى بولمايدىغان تىك قىياپاشلىق بولۇپ، ئېگىز ۋە تىك ئىدى. مەن بۇ يەردىكى تۇرلارنى تەكشۈرۈپ چىقتىم. ئۇلار دەريانىڭ ئىككى قىرغىقىغا سېلىنغان بولۇپ، مەستۇجنىڭ بۇ تەبىئىي دەرۋازىسىنى قوغداپ تۇراتتى. مۇشۇنداق مۇداپىئە ئەۋزەللىكىگە ئىگە جايلار تاكى يېقىنغا قەدەر، ۋاخان تەرەپتىن كېلىدىغان تاجاۋۇزچىلىقتىن مۇداپىئەلىنىش جەھەتتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. لېكىن، ئىلگىرى بۇ ئېغىزدا ئۇرۇش بولغانلىقى توغرىسىدا ھېچقانداق خاتىرە ۋە رىۋايەتلەرمۇ يوق ئىدى. ۋارسام (Warsam، جخوپنىڭ بىر كىچىك

www.uyghurkitap.com



34 ـ رەسىم: «دارباند» جىلغىسىدىن جخوپقا نەزەر

مەھەللىسى)غا يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن، بىر چوڭ يەلپۇگۇچسىمان ئېقىن چۆكۇندىسىدىكى قەدىمكى تېرىلغۇ يەر ئىزناسىغا دىققەت قىلدىم. ھازىر بۇ تېرىلغۇ يەرلەر تېرىلمىغاچقا قۇم ـ تاش دۆۋىسىگە ئايلىنىپ قالغاندى. دارباندتىن باشقا، يېيىلىپ تۇرغان سايلىق ۋە ئاسان يىمىرىلىپ چۇشىدىغان ئېگىزلىك دىققىتىمنى قوزغىدى. يول ئۇلارنىڭ ئۇستىدىن ئۆتەتتى، قارىماققا ھەممە يەردە تېرىقچىلىق قىلىشقا بولىدىغاندەك قىلاتتى، بىر قىسىم يەرلەر بوك ـ باراقسان پاكار دەرەخ ۋە چاتقاللار بىلەن قاپلانغانىدى، لېكىن، مەن پەقەت ئىككى جايدىلا بەزى پارچە ـ پۇرات تېرىلغۇ يەرلەرنى ئۇچراتتىم.

### شۇيىستىنىڭ تېرىقچىلىق ئەھۋالى

ئۇنىڭدىن كېيىن مەن شۇيىستتا بىرەر نەرسىنى بايقاش كويىدا بولدۇم. بۇ يارخۇن دەريا ۋادىسىدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر مەھەللە بولۇپ، بايلىقى كەمچىل جاي ئىدى. مېنىڭ بۇ ئۇمىدىم

يوققا چىقمىدى. مەن چاتقاللار ئۆسۈپ كەتكەن دەريا قىرغىقىغا چېدىر تىكتىم، بۇ يەردىن ئاز ساندىكى پەلەمپەي ئېتىز ۋە پاكار تاش ئۆيلەرنى كۆرگىلى بولاتتى. دەريا قىرغىقىنىڭ قارشى تەرىپى بىر تار تارماق ئېقىننىڭ چىقىش ئېغىزى ئىدى، بۇ تارماق ئېقىن رىچ (Rich Pass) تاغ ئېغىزى تەرەپتىن ئېقىپ كەلگەن بولۇپ، ئۇ تاغ ئېغىزىدا تۇرىخوغا بارغىلى بولىدىغان يول بار ئىدى. مېنى ئەڭ ھەيران قالدۇرغىنى، بۇ يەردىكى نۇرغۇن يۈك توشۇغۇچى ئۇلاغ ۋە ئادەملەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ يەرگە يىغىلغانىكەن. خان ساشبوپىر پاخاش ئۇلارنى يۈك ـ تاقلىرىمنى توشۇپ، تاكى ۋاخانغا بارغۇچە ماڭا ياردەملىشىش مەقسىتىدە ئورۇنلاشتۇرغانىكەن. ئەتىسى چۈشتىن بۇرۇن مەن قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئاشۇ ئەنگلىيە دائىرىلىرىنىڭ مەستۇجدا تۇرۇشلۇق ۋەكىلى بىلەن خوشلاشقاندىن كېيىن، بۇ ۋادىدىكى سەپىرىمنى باشلىۋەتتىم. بۇ چىغىر يوللاردىن مېڭىش ئاسان ئىدى. دەسلەپتە ئېگىز دەريا قىرغىقىدىكى پەلەمپەي يەرنىڭ گىرۋىكىدىن ماڭدۇق، بۇ يەردە مەن ئاشۇ توپخانا ئىزىيا بەگ (Tōpkhāna-i-Ziā-bēg) دەپ ئاتىلىدىغان چوڭ تۇردىن ئۆتتۇم. ئېيتىلىشىچە، ئۇ تەخمىنەن 100 يىل بۇرۇن ۋاخانلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىدىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن ياسالغانىكەن. ئېگىز تۇردا تۇرۇپ، كىشىلەر تۇرمىغىلى ئۇزۇن بولغان ئاشۇ ئىمارەتلەرگە دىققەت قىلدىم. بۇ جاي يەرلىكلەرنىڭ تىلىدا «چىتىسار» (Chitisar) ۋە ئىمكىپ (Imkip) دەپ ئاتىلىدىكەن ھەمدە، شۇيىستقا قارايدىكەن. لېكىن، ئۈچ مىلدىن كۆپرەك يول ماڭغاندىن كېيىن، يەر يۈزىدىكى ئەھۋال ئۆزگىرىشكە باشلىدى ھەمدە ئوخشىمايدىغان يەنە بىر خىل كۆرۈنۈش نامايان بولدى. باياتىنقى يىپتەك تار تاش جىلغىلىق ياكى تاشلىق قىيپاش يوللار (مەن دەسلەپ چىترالدىن يولغا چىققاندا، ئادەمنىڭ ئىچى سىقىلىدىغان زېرىكىشلىك ۋە ئۆزگىرىشى بولمىغان بۇنداق

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىنى تور ئادرېسى

يوللاردا مېڭىپ باققانىدىم) ئاخىرلىشىپ، كەينى ـ كەينىگە ئۇلىنىپ كەلگەن چوڭ ئېقىن سايلىقلىرى باشلاندى. بۇ سايلىقلار ناھايىتى يۇمشاق بولۇپ، دەريا قىنىغا قاراپ قىيپاش كەتكەنىدى. بۇ كەڭ كەتكەن مەيدانلار (Maidān)، مېنىڭ ئاشۇ ھەمراھلىرىم مۇشۇنداق ئاتىشاتتى) ناھايىتى تېزلا بىر مىلدىن كۆپرەككە كېڭىيىپ كەتتى. بۇ يەردە نۇرغۇن تېرىلغۇ يەرلەر بولۇپ، سۇ مەنبەسىمۇ ناھايىتى تولۇق ئىدى. ھىندىقۇش تاغ تىزمىسىدىكى يىغىلىپ قالغان قارلاردىن شەكىللەنگەن ئېقىنلار ۋە شۇساروگول (Shus aro – gol) كۆلىدىغان سۇ بۇ تېرىلغۇ يەرلەرگە ئىشلىتىلەتتى.

## شۇيىستتىكى يېڭىدىن ئېچىلغان تېرىلغۇ يەرلەر

بۇ مۇستەملىكىلەشتۈرۈش پۈرسىتىگە كىشىلەر سەل قارىمىغانىدى. يولنىڭ ئىككى ياقىسىدىكى تۆت مىلغا يېقىن يول بۆلىكىدە يېڭىدىن يەر ئېچىلغان، چاتقاللار چاناپ ئېلىۋېتىلگەن، قالايمىقان ئۆي ئورنى ۋە ئېتىزلىقلار دائىرىگە ئېلىنمىغانىدى. ھەقىقەتەنمۇ بۇ «يېڭى ئېتىزلار» تېخى سالالاشتۇرۇلمىغانىدى. يەنە نۇرغۇن ياخشى يەرلەرنى چاتقاللىقلار قاپلاپ تۇرغان بولۇپ، ئېچىشقا قالدۇرۇلغانىدى، بۇ يەردە يەر ئاچقانلارنىڭ ئولتۇراقلاشقان ۋاقتى ئانچە ئۇزاق ئەمەس ئىكەن. مەن بۇ يەردىن ئۆتكەن ۋاقىتتىن 17 يىل بۇرۇن بۇ يەردە يەر ئېچىش تۇنجى باشلىنىپ، بۇگۈنگە قەدەر ئاھالە سانىمۇ 30 ئائىلىدىن ئاشمىغان. كۆپىنچە ئائىلىلەر سانوغار، تۇرىخو ۋە قەشقەر بالانىڭ باشقا جايلىرىدىن كەلگەن بولۇپ، ئۇ يەردە نوپۇس بېسىمى پەيدا بولۇشقا باشلىغانىدى. يەنە بىر قىسىم كىشىلەر ۋاخاندىن كەلگەنىدى. دەل مۇشۇ يېڭى ئېچىلغان مۇستەملىكە رايونىدىن ناھايىتى ئاسانلا خېلى كۆپ ئادەم ۋە پاكار ئاتلارنى تاپتۇق. بۇ بىز دۇچ كېلىۋاتقان قاتناش قىيىنچىلىقى مەسىلىسىنى ھەل قىلىشىمىزدا ئىنتايىن زۆرۈر ئىدى. ئۇلار نۆۋەتتىكى

تىرىقچىلىق ئۈچۈن پەقەت كىچىك بىر بۆلەك يەر ئاچقان بولۇپ، ئىچىپ تىرىغىلى بولىدىغان پۈتكۈل يەرنىڭ 10 / 1 قىسمىغىمۇ يەتمەيتتى. بۇ مۇنبەت يانتۇ يەردە ئاتقا مىنىپ ماڭغاندا، باراقسان چاتقاللارنىڭ يوللارنى توسىۋېلىشىدىن ئاسانلا قۇتۇلغىلى بولاتتى. مەن بۇ يەرنىڭ يارغۇن دەريا ۋادىسىدىكى تېرىشقا بولىدىغان ئەڭ كۆپ يەر بار جاي ئىكەنلىكىنى، توپلىشىپ ئولتۇراقلىشىشقا بولىدىغان زېمىنىنىڭ چىترالنىڭكىگە ئوخشاش چوڭ ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتىم. مەن مىراگرامنىڭ مۇۋەققەت ھاكىمى ۋە ئۇنىڭ يەرلىك چاكارلىرىدىن يېڭى يەر ئېچىپ تېرىغۇچىلارنىڭ پەقەت بۇرۇن تېرىلىپ باققان يەرلەرنى تېرىيدىغانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم. بۇ رىۋايەتلەر توغرىسىدا ئۇزاق ئۆتمەيلا ناھايىتى توغرا پاكىتلارغا ئېرىشتىم: قايتا تېرىلىشنى كۈتۈپ تۇرغان ئاشۇ يەرلەردىكى تاش بىلەن قوپۇرۇلغان تاملارنى قاراپلا پەرقلەندۇرۇۋالغىلى بولاتتى. بۇلار ئېتىزلىقنىڭ پەلەمپەيلىرىدىن ئېلىۋېتىلگەن بولۇپ، ئاشۇ پاكار دۆڭلەر قەدىمكى دەۋردىكى تاش قۇرۇلمىلىق ئۆيلەرنىڭ خارابىلىرىدىن دېرەك بېرەتتى. بۇ چوڭ «مەيدان»نىڭ مەركىزىي قىسمى «ئابدۇللاخان لاشت» (Abdullah-khān Lasht)، يەنى «ئابدۇللاخان تۈزلەڭلىكى» دەپ ئاتىلاتتى. مەن چىترالدىكى ۋاقتىمدىلا، بىر چوڭ دالىدا بىر كونۇسسىمان چوڭ تاش بار ئىدى، ئۇ ئابدۇللاخان قالدۇرۇپ قويغان بەلگە بولۇپ، بۇ يەرگە «نوغور» (Noghor) ياكى قورغان ياسىماقچى بولغانلىقى توغرىسىدىكى بىر رىۋايەتنى ئاڭلىغانىدىم.

### «ئابدۇللاخان لاشت» خارابىلىكى

«تۈرك»لەردىن بولغان ئابدۇللاخان خۇددى يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەندەك، چىترال — مەستۇج تارىخىدا ناھايىتى ئېنىقسىز ئۆتكەن ئادەم ئىدى. ئېيتىلىشىچە، ئۇ خەيرۇللادىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى www.uyghurkitap.com

بۇرۇن، رەئىس ياكى ئالدىنقى مۇسۇلمانلار خاندانلىقىدىن كېيىن ئۆتكەنىكەن. شۇڭلاشقا، ئۇ بىر ھۆكۈمران بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇنىڭ دەۋرى 17 ـ ياكى 18 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن ئانچە يىراق بولمىسا كېرەك. رىۋايەتلەردە، بۇ يەردە بىر قورغان سالدۇرۇلغان، دەپ گەپنى ئۈزۈۋەتمىگەن. مېنىڭچە، بۇ يەرنىڭ نامى بىلەن مەن ئاڭلىغان ھېكايىلەر ئالدىنقى دەۋردىكى ئىشلارنى قايتا ئەسلەش بولسا كېرەك. ئابدۇللاخان دەۋرىدە قەدىمكى زاماندىن قالغان بۇ تېرىلغۇ رايوننى قايتىدىن ئىگىلەشكە ئۇرۇنۇپ باققان بولۇشى مۇمكىن. بۇ تەسەۋۋۇر توغرىسىدا يەنە پاكىتلار تېپىلىدۇ. مۇگۇر بەگ 1790 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە يول ئۆلچەش خىزمىتى جەھەتتە ناھايىتى توغرا خاتىرىلەرنى قالدۇرغان بولۇپ، ئۇنىڭدا بۇ خارابىلىك تىلغا ئېلىنغانىدى. ئۇ: «گاززىن (Gazzin)، يەنى جخوپتىكى گازان) دىن ئايرىلغاندىن كېيىن، چوقۇم بىر ياغاچ كۆۋرۈك ئارقىلىق چىترال ياكى قەشقەر دەرياسىدىن ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. شىمالغا قاراپ 12 كۇروخ (Kuroh) يول ماڭغاندىن كېيىن، سارىيارخۇن (Sar-i-Yár-Khún) غا بارغىلى بولاتتى. بۇ بىر چەت مەھەللىنىڭ نامى بولۇپ، يىل بويى قار ئېرىمەيدىغان تاغ باغرىغا جايلاشقانىدى. ئۇ قارلىق تاغنىڭ نامى تىراجمىر (Tiraj-Mir) ياكى ساروۋار (Sarowar) دەپ ئاتىلاتتى» دەپ خاتىرىلىگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن، كوتال (Kotal) ياكى پالپىساڭ ( Palpisang، يەنى باروغىل)غا يېتىپ بارىدىغان سەپەرنى خاتىرىلىگەن. گازان بىلەن بولغان ئارىلىق دەل ئابدۇللاخان لاشت بىلەن بولغان ئارىلىققا توپتوغرا كېلەتتى. شۇنىڭدىن مۇئەييەنلەشتۈرگىلى بولىدۇكى، مېنىڭچە مۇشۇ تاشلاندۇق يېزا ـ قىشلاقنىڭ ئۆزى دەل شۇ ئىدى ھەمدە ئۇنىڭدىن يېقىندا ئېچىلغان يەرلەردىن تېخىمۇ كۆپ نەرسىلەرنى ئۇچراتقىلى بولاتتى.

ئابدۇللاخان لاشت خارابىسىدىن سىرت، يەنە بىر كەڭ

چاتقاللىق ئورمان بەلۋېغى بار بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى دەريا قىنىنى بويلاپ ئىككى مىل كېلەتتى. بۇ جايدا كۆپىنچە يۇلغۇن، توغراق ۋە قارا ئارچا قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەر بار بولۇپ، چاكاركۇچ (Chakārkuch) دەپ ئاتىلاتتى. گەرچە بۇ چاتقاللىقتىن ھازىر كېسىپ ئۆتكىلى بولمىسىمۇ، شۈبھىسىزكى، ئۇ دەل بۇرۇن تېرىلغان ئېتىزلاردا ئۆسكەندى، بۇلارنى رەتلىك دۆۋىلەنگەن تاشلىق قىرلاردىن كۆرۈۋالغىلى بولاتتى. قارا ئارچا ئورمانلىقى باشتىن ـ ئاخىر تۇتاشقان بولۇپ، بارغانسېرى تارلىشىپ، تاكى كانخۇنكۇچ (Kankhunkuch) قىچە سوزۇلغانىدى. ئۇ يەردە بىر ئېقىن بار بولۇپ، ناھايىتى ئېگىز بىر تاغنىڭ ئېغىزىدىن ئېقىپ چۈشۈپ، مۇشۇ يەردىن دەرياغا قوشۇلۇپ كېتەتتى. ئاشۇ تاغ ئېغىزى ھىندىقۇش تېغىنىڭ سۇ ئايرىش جىلغىسىغىچە، ھەتتا ۋاخاننىڭ سانىن (San̄in) دېگەن يېرىگىچە تۇتىشاتتى. مەن بۇ يەردە توختاپ بىر كېچە تۇنىدىم. ئىمكىپىنىڭ يۇقىرىسىدىن كانخۇنكۇچىقىچە دەريانىڭ ئوڭ قىرغىقىدىكى بۇ كەڭ يەرنىڭ ئۇزۇنلۇقى سەككىز مىل ئەتراپىدا بولۇپ، ئەڭ كەڭ يېرى بىر مىل كېلەتتى. بۇ يول بۆلىكىنىڭ ئاخىرقى يېرىم بۆلىكىگە كەلگەندە تېرىلغۇ يەرلەر يارماق شەكلىدىكى پارچە ـ پۇرات يەرلەرگە ئۆزگەردى.

«تاڭنامە» دىكى ئاشپىۇشىدو

مەن ئاتلىق بۇ بىرقانچە مىل ئۇزۇنلۇقتىكى يېزا ـ قىشلاقلارنىڭ تاشلاندۇق يەرلىرىدە كېتىۋېتىپ، بىردىنلا كاللامغا «تاڭنامە» دىكى ئاشپىۇشىدو توغرىسىدىكى خاتىرىلەر كېلىپ قالدى. ئۇنىڭدا ئاشپىۇشىدو سىياماكا ياكى مەستۇج تاغلىق ئۆلكىسىنىڭ مەركىزى دەپ كۆرسىتىلگەن[1]. يارخۇن دەريا ئېقىنىدىكى باشقا يەرلەردە ھەقىقەتەنمۇ بۇنىڭدىن

---

① مۇشۇ بابنىڭ 3 ـ بۆلۈمىگە قاراڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

چوڭراق تېرىقچىلىق قىلغىلى بولىدىغان رايونلارنىڭ يوقلۇقىنى نەزەردە تۇتقاندا ھەمدە ۋۇكۇڭنىڭ ساياھەت خاتىرىسىدىكى سىياماكا (ئاشپيۇشىدو سىياماكانىڭ مەركىزى ئىدى)نىڭ ئورنىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەرگەنلىكىگە ئاساسلانغاندا، «ئاشپيۇشىدو» دېگەن نامنىڭ ئەمەلىيەتتە «شۇيىست» دېگەن نامنىڭ بۇرۇنقى شەكلىدىن خەنزۇچىغا ئۆزگەرتىپ تەرجىمە قىلىنغانلىقىنى جەزملەشتۈرۈشكە بولاتتى. بۇ يەر مۇشۇ رايوننى ئەزەلدىن پۇتكۇل تېرىلغۇ يەر بىلەن تەمىنلەپ كەلگەن.

### تاشلاندۇق قىشلاقلاردىكى يەرلەر

يەرلىكلەر تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ بۇرۇن تاشلىنىپ قېلىنىشىنى، مۇزلۇقلارنىڭ ئالدىغا سۈرۈلۈپ، بارغانسېرى سوغۇق بولۇپ كەتكەنلىكىدىن بولغان، دەپ قارايدىكەن. بۇ بىر نۇقتىنى تەبىئەت مەنزىرىسىدىنلا ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولاتتى.



35 ـ رەسىم  تاشلاندۇق مەھەللىلەرنى قايتا ئىگىلەش

ئابدۇللاخان لاشتىنىڭ ئۇدۇلىدا بىر غايەت زور مۇز دەريا بولۇپ، شايوس (Shayōs) دەپ ئاتىلاتتى. قارامتۇل مۇزلۇق جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ، دەريا قىرغىقىغا سوزۇلغاندى (35 ـ رەسىمگە قاراڭ). دەريا قىرغىقىدا تۇرۇپ مۇزلۇقلارنىڭ ئۈستىگە قارايدىغان بولسا، 100 نەچچە فۇت ئېگىز كۆرۈنەتتى. ئېيتىلىشىچە، ئۇ يېقىنقى بىرقانچە يىل ئىچىدە ئالدىغا خېلى كۆپ يۆتكەلگەن. ئەمما، مۇزلۇقلار يېقىندىن بۇيان ئالدىغا سۈرۈلگەن بولسىمۇ، كىشىلەرنىڭ دەريانىڭ ئوڭ قىرغىقىدىكى مۇنبەت يەرلەرنى قايتىدىن ئىگىلىۋالغانلىقىنى ئېتىراپ قىلماي بولمايتتى. بۇ ئالدىنقىلارنىڭ بۇ يەرنى تاشلىۋەتكەنلىك مەسىلىسى توغرىسىدىكى چۈشەندۈرۈشنىڭ توغرىلىقىغا كىشىدە گۇمان پەيدا قىلاتتى.

### تاشلاندۇق مەھەللىلەرنى قايتا ئىگىلەش

ئاشۇ سوغۇق مۇزلۇق تاغلار قوشنا بولمىغان تەقدىردىمۇ، شۇيىستىنىڭ ھاۋا كىلىماتى (بۇ يەر دېڭىز يۈزىدىن 10 مىڭ 500 فۇت كېلەتتى) يەنىلا ئىنتايىن سوغۇق ئىدى. جۇڭگونىڭ قەدىمكى سىياماكا توغرىسىدىكى تارىخنامىلىرىدە بۇ بىر ئالاھىدىلىك خېلى بۇرۇنلا كۆرسىتىلگەنىدى. ئەمەلىيەتتە مەن بۇ يەردىن ئۆتكەن چاغدا (15 ـ ماي) دەل ـ دەرەخلەر ئەمدىلا كۆكەرگەنىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئېيتىلىشىچە، بۇ يەردە دانلىق زىرائەتلەر ۋە سۈلۈ ناھايىتى ياخشى ئوخشايدىكەن، كېيىن مەن يەنە ۋېدىنكوت (Vedinkōt) ئەتراپىدا يېڭىدىن ئېچىلغان تېرىلغۇ يەرلەرنى ئۇچراتتىم. بۇ دەريا ۋادىسىدىن يىراق بىر يەر بولۇپ، مۇزلۇققا ناھايىتى يېقىن ئىدى. شۇڭلاشقا، بۇرۇنقىلارنىڭ بۇ تېرىلغۇ يەرلەرنى تاشلىۋەتكەنلىكىنىڭ سەۋەبى توغرىسىدىكى مەسىلىنى ۋاقتىنچە قويۇپ قويساق بولغۇدەك. لېكىن، بۇ يەردە

ناھايىتى قىزىقارلىق بىر ئەمەلىيەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا ئىدى. يەنى، كىشىلەرنىڭ بۇ يەرلەرنى قايتىدىن ئىگىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئاساسىي سەۋەب (بىر قانچە ئەسىردىن بۇيان، بۇ يەرلەر ئورمان بىلەن قاپلانغانىدى) بۇ جىلغىلاردىكى نوپۇس بېسىمىنىڭ بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتقانلىقى ۋە بۇيۈك بىرىتانىيەنىڭ بۇ دۆلەتنى تىنچلاندۇرغانلىقىنىڭ بىۋاسىتە نەتىجىسى ئىدى. لېكىن، چوڭ جەھەتتىن قارىغاندا، چىترال بىلەن مەستۇج ئەزەلدىن جەمەتلەرنىڭ كۈرەش قىلىش ۋە تاجاۋۇزچىلىق قىلىش سەھنىسىگە ئايلىنىپ قالغان، ئەتراپتىكى رايونلارغا قۇللارنى سېتىشنى ھۆكۈمرانلار بىر تۇرلۇك مالىيە مەنبەسى قىلىۋالغانىدى. بۇرۇن مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن تاشلىنىپ قالغان تېرىلغۇ يەرلەرنى قايتىدىن تېرىشقا ئېشىنچا نوپۇس يوق ئىدى.

تەخمىنەن 20 نەچچە مىل ئەتراپىدا يول يۈرگەندىن كېيىن، مەن داركوت مۇز تېغىنىڭ باغرىغا يېتىپ كەلدىم. بۇ دەل 16 ـ مايدىكى ئىشلار ئىدى. بۇ يەرنىڭ باش باھارىدا يول مېڭىشنىڭ بۇنداق ئاسانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدىم. لېكىن، كېيىنكى سەپەر بۇنداق ئوڭۇشلۇق بولمىدى. ئۇ بىر تار جىلغا بولۇپ، ئىككى تەرىپىنى چوڭقۇر ھاڭ، تىك قىيا ۋە مۇز تاغ ئوراپ تۇراتتى. پەقەت دەريانىڭ قىنىدىلا ماڭغىلى بولاتتى، بۇ خەتەرلىك سەپەرنى ئېكسپېدىتسىيە خاتىرەمدە تىلغا ئېلىپ ئۆتكەنىدىم. بۇ يول مەندە شۇنداق چوڭقۇر تەسىر قالدۇردىكى، ئۇنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسىنىڭ زورلۇقىدىن قار ئېرىگەن مەزگىللەردە دەريا قىنىنى يول قىلىپ مېڭىش پەقەت مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەمەلىيەتتە ئەتىياز ۋە ياز پەسىللىرىدە بۇ يول دېگۈدەك قاقاسلىق ئىدى. ئادەمنى قورقۇنچقا سالىدىغان مۇشۇنداق مۇھىتتىمۇ بۇرۇنقى بەزى پەلەمپەي ئىزلارنى كۆرۈپ قالدىم.

بۇ يەرلەر يان تەرەپتىكى جىلغىلاردىكى دەرياغا كىرىش ئېغىزىدا ئىدى. بۇ جىلغىلار جەنۇب تەرەپتىن تۇتاش كەلگەن بولۇپ، ئاشۇ پەلەمپەي ئېتىزلارمۇ مۇز تاغنىڭ ئايىغىدىن سوزۇلۇپ كەلگەن شېغىللىق سايلىقتا ئىدى.

مۇز تاغ باغرىدىكى تېرىلغۇ يەرلەر

بىز كوتالقاش (Kōtal-kash) مۇز تېغى (ئۇ ھازىر ئۇلۇك تەرەپكە سوزۇلۇپ، دەريا قىنىنىڭ گىرۋىكىگە كېلىپ قالغانىدى)دىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئەھۋالنى ئۇچراتتۇق. ئۇ بىر خىلۋەت تاغ رايونى بولۇپ، يەر يۈزى ناھايىتى كەڭرى ئىدى. ئۇ سول قىرغاقتا بولۇپ، كويو (Koyo) مۇز تاغلىقىدا تۇرۇپمۇ ئۇنى كۆرگىلى بولىدىغان بولۇپ، تېرىلغۇ يەر قىلىپ ئېچىلغانىدى. بۇ يەرلەر تۆت دېھقان ئائىلىسىگە مەنسۇپ ئىدى. بۇ دېھقان ئائىلىلىرى تەخمىنەن ئالتە ـ يەتتە يىل بۇرۇن ۋاخان تەرەپتىن بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلگەن، ئۇلار بۇ يېرىم يا شەكىللىك جايلاردا ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، قارىماققا تاشلىنىپ قالغىنىغا خېلى ئۇزاق بولغان تېرىلغۇ يەرلەرنى قايتىدىن تېرىغاندەك قىلاتتى. مەن ئۇنىڭدىن باشقا بەزى يەرلەرگىمۇ دىققەت قىلدىم. بۇ يەردە قەدىمدە تېرىلغان پەلەمپەي ئېتىزلارنىڭ ئىزنالىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇلار قايتىدىن ئاغدۇرۇۋېتىلمىگەنىدى. بۇ قەدىمكى پەلەمپەي ئېتىزلار ۋېدىنكوتتا بولۇپ، بۇ ئېتىزلاردا ياپپېشىل ئوت ـ چۆپلەر ئۆسكەنىدى. ئۇنىڭ ئۇدۇلىدا ھەيۋەتلىك چاتىبوي (Chatiboi) مۇز تېغى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇستىدە رۇكاڭ (Rukang) دەيدىغان بىر ئېگىزلىك بار ئىدى. بۇ ئېگىزلىكنىڭ يېنىدىكى تاغ جىلغىسىدىن داركوت مۇز تېغىنىڭ سولىرى ئۆركەشلەپ ئاقاتتى (36 ـ رەسىمگە قاراڭ).

www.uyghurkitap.com



36 ـ رەسىم  روكاك ئېگىزلىكىدىن جەنۇب تەرەپتىكى داركوت مۇزلۇقىغا نەزەر

# 5 ـ بۆلۈم  گاۋ شيەنجىنىڭ يىراققا يۈرۈش قىلىشى ۋە داركوت

داركوت تاغ ئېغىزىنىڭ چوققىسىغا يامىشىپ چىقىش تەييارلىقىنى قىلىش ئۈچۈن، روكاك تېغى باغرىدا بىر كۈن چېدىر تىكتىم. مەن ئېكسپېدىتسىيە خاتىرەمدە بۇ تاغ ئېغىزى توغرىسىدا تەپسىلى توختالغانىدىم. كۆڭلۈمدىكى هاياجىنىمنى باسالماي بۇ تاغ ئېغىزىدىن بالدۇرراق ئۆتۈپ كېتىشنى ئارزۇ قىلاتتىم. لېكىن، ئەتىياز پەسلىدىكى تاسادىپىي قاتتىق قاردىن كېيىن، بۇنداق جەبىر ـ جاپا ۋە خېيىم ـ خەتەرنىڭ مېنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى خىيال قىلمىغانىدىم. بۇنىڭدىكى سەۋەب شۇكى، مەن داركوت تاغ ئېغىزىدىن ئىبارەت خاتىرىلەشكە ئەرزىيدىغان بۇ جايىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن بىر كۆرۈشنى بەكلا

ئارزۇ قىلاتتىم. مىلادىيە 747 ـ يىلى جۇڭگولۇق سانغۇن گاۋ شيەنجى 3000 ئەسكەردىن تەركىب تاپقان قوشۇننى باشلاپ، داركوت تاغ ئېغىزىدىن ئۆتۈپ، ياسىن ۋە گىلگىتتا مۇۋەپپەقىيەتلىك يۈرۈش قىلغان. مەن «قەدىمكى خوتەن» دېگەن كىتابىمدا بۇ قېتىمقى يىراق سەپەرگە ئائىت بەزى ھەرىكەتلەرنى (كىچىك بولورغا ئائىت قىسمى) يىغىنچاقلاپ بايان قىلغانىدىم. گاۋ شيەنجى قوشۇنى بېسىپ ئۆتكەن ھەرقايسى ئوخشىمىغان جايلارنىڭ تەپسىلىي ئەھۋالىنى تېخىمۇ ئاسان چۈشىنىۋېلىش ئۈچۈن، مەن بۇ يەردە ئۇنىڭ ئاساسىي ئەھۋالىنى يەنە بىر قېتىم ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن. بۇ جايلاردىن مەنمۇ ئەمدىلا ئۆتكەن ئىدىم. بىزنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئىگىلىگەنلىرىمىزنىڭ ھەممىسى جۇڭگونىڭ «تاڭنامە» نى ئۆز ئىچىگە ئالغان قەدىمكى ھۆكۈمەت تەرەپ خاتىرىلىرىدىن كەلگەن. بۇ ماتېرىياللارنى يىغىنچاقلاش ۋە چۈشەندۈرۈشنى شاۋان ئەپەندى تاماملىغان.

### جۇڭگو بىلەن تىبەتنىڭ تالاش ـ تارتىشى

مىلادىيە 741 ـ يىلىدىن كېيىنكى بىرقانچە يىل ئىچىدە، تىبەتلەر مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا كىچىك بولور (يەنى ھازىرقى گىلگىت ۋە ياسىن) نىڭ پادىشاھى سۇشىلىچى (Su-shih-li-chih) نى قولغا كەلتۈرۈۋېلىپ، ئۇنى بىر تىبەتلىك مەلىكىگە ئۆيلەپ قويغان. بۇنىڭدىن بۇرۇن تىبەتلەر ئەزەلدىن جۇڭگو بىلەن تارىم ئويمانلىقىنىڭ كونترول قىلىش ھوقۇقىنى تالىشىپ كەلگەنىدى. بۇنىڭ نەتىجىسى خۇددى «كونا تاڭنامە»دە يېزىلغاندەك: «غەربىي شىمالدىكى 20 نەچچە بەگلىكنىڭ ھەممىسىنى تىبەتلەر تىزگىنلىۋالغان بولۇپ، ئوردىغا تەقدىم قىلىنىدىغان نەرسىلەر ئۇلارنىڭ دائىرىسىدىن ئۆتەلمەيتتى». «تۆت بازار ھىراۋۇلى» ــ تاڭ سۇلالىسىنىڭ ھازىرقى جۇڭگو شىنجاڭ رايونىنى ئاساسلىق باشقۇرىدىغان باش ھەربىي ۋالىيسى تەشكىللىگەن ئۈچ قېتىملىق جازا يۈرگۈزۈش ھەرىكىتى مەغلۇپ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى


بولغاندىن كېيىن، مىلادىيە 747 ـ يىلى ئوردا ياندىش قورۇقچىبەگ گاۋ شيەنجىنى قوشۇن باشلاپ كىچىك بولوردىكى تىبەت قوشۇنلىرى بىلەن جەڭ قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. گاۋ شيەنجىنىڭ قوشۇنىدا ئاتلىق ۋە پىيادە ئەسكەرلەر بولۇپ، 10 مىڭ ئادەم بار ئىدى. ئۇلار ئەنشىدىن يولغا چىقىپ، 35 كۈن يول يۈرۈپ، سۇلى (ھازىرقى قەشقەر) غا يېتىپ بارغان. ئۇلار ئاقسۇ ۋە مارالبېشىنىڭ شىمالدىكى قەدىمكى يوللار ئارقىلىق ماڭغان. 20 نەچچە كۈندىن كېيىن، بۇ قوشۇن تاڭ سۇلالىسىنىڭ پامىر ئېگىزلىكىدە تەسىس قىلغان ھەربىي ئىشلار ئۆتكىلى ـــ كۆكئارت قاراۋۇلخانىسىغا يېتىپ بارغان. ئۇنىڭ ئورنى ھازىرقى تاشقورغان ياكى سارىقولدا ئىدى. بۇ يەردىن 20 كۈن يۈرۈش قىلغاندىن كېيىن، «پومى»، يەنى پامىرغا يېتىپ بارغان. يەنە 20 كۈن يۈرۈش قىلىپ، گاۋ شيەنجى «بەش شىغنان دۆلىتى»گە يېتىپ بارغان. بۇ يەر ھازىرقى ئامۇ دەرياسىنىڭ يۇقىرىسىدىكى سىغناندا ئىدى.

## گاۋ شيەنجى قوشۇنىنىڭ پامىردىن ئۆتۈشى

ئەسكەرلەرنىڭ يۈرۈش قىلىشىغا كەتكەن يۇقىرىدىكى ۋاقىت ھازىرقى يوك ـ تاقلارنى توشۇيدىغان ئۇلاغلار ۋە ئادەمدىن تەركىب تاپقان چوڭ سودا ئەترىتىنىڭ ئوخشاش مۇساپە ئۈچۈن كەتكەن ۋاقتىغا ماس كېلەتتى. لېكىن، بۇ جۈڭگو سانغۇنى ھازىرقى قەشقەر ۋە يېڭىسار (Yangi-Hisar) بوستانلىقىدىن ئايرىلىپ، بۇ قاقاس، ئېگىز تاغلىق رايونغا كىرگەندىن كېيىن، بۇ چوڭ قوشۇننىڭ ئوزۇق ـ تۈلۈكىنى قانداق ھەل قىلىشتىن ئىبارەت ئىنتايىن قىيىن مەسىلە ھەرقانداق زاماننىڭ قوماندانىنىمۇ قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قوياتتى. «تاڭنامە»دىكى تەزكىرىلەردە: «ئۇ چاغدىكى پىيادە ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسى شەخسىي ئاتلىرىنى بىللە ئېلىپ ماڭغانىدى»، دەپ ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن («يېڭى تاڭنامە» 135 ـ جىلد «گاۋ شيەنجى

قاتارلىقلار تەزكىرىسى»). مۇشۇنداق تەمىنلەش ۋە توشۇش ئەھۋالى جۇڭگو قوشۇنلىرىنىڭ جانلىقلىقىنى ئاشۇرغانىدى. بۇ يەنە بىر جەھەتتىن، تاغ ئارىسىدىكى يۇرۇشنىڭ قىيىنلىشىپ كەتكەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى. چۈنكى، پامىر ئېگىزلىكىنىڭ بەزى يەرلىرىدە ئوت - چۆپلەر كەمچىل بولۇپ، ئارتۇق يەم - خەشەك ئېلىۋالمىغان ئەھۋال ئاستىدا، ئۇلاغلارنىڭ يەم - خەشەك مەسىلىسى ئادەمنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قوياتتى.

ئېھتىمال، ئىستراتېگىيە جەھەتتىن ئويلاشقان بولسا كېرەك، پامىر ئېگىزلىكىدىكى ناچار مۇھىتتا يۈرۈش قىلىشتىكى تەمىنلەش قىيىنچىلىقىنى ئازايتىش ئۈچۈن، گاۋ شيەنجى قوشۇننى ئۈچ ئاساسىي بۆلەككە ئايرىپ، ليەنيۈن قورغىنىدىكى تىبەتلەر كونتروللۇقىدىكى تايانچ بازىغا ھۇجۇم قىلغان. شاۋان ئەپەندى بۇنى ناھايىتى ياخشى چۈشەندۈرگەن، ئۇ قىياسەن مۇنداق دېگەن: خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، ليەنيۈن قورغىنىنىڭ ئالدىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان پولې (Po-le)، سولې (Sole) ئېقىنى ھازىرقى ئامۇ دەرياسىنىڭ تارمىقى بولغان پەنج (Ab-i-Panja) دەرياسى بولۇشى مۇمكىن، ليەنيۈننىڭ ئۆزى ھازىرقى سارخاد كەنتى ئەتراپى بولۇشى مۇمكىن. دەريانىڭ قارشى قىرغىقى ياكى جەنۇبىي تەرىپىدە باروغىل تاغ ئېغىزىدىن ئۆتىدىغان يول بار بولۇپ، ئۇ پەنج دەرياسىنىڭ قىرغىقىنى بويلاپ ئۆتەتتى. بۇ پاكىتلار توغرىسىدا، ئاخىرىدا يەنە تەپسىلىي توختىلىپ ئۆتىمىز. بۇ يەردە كۆرسىتىپ ئۆتىدىغىنىم شۇكى، مۇشۇ ئورۇننىڭ جەزملىشىشى گاۋ شيەنجىنىڭ ليەنيۈندە ئۇچراشقانلىقىغا ئائىت تەپسىلىي جەريانلاردا ئېنىق كۆرسىتىلگەن بولۇپ، بۇ ناھايىتى ئېنىق پاكىت ئىدى.

### ليەنيۈندە ئۇچرىشىش

ئۈچ بۆلەككە ئايرىلغان قوشۇن ئوخشىمىغان يۆنىلىشتىن ھەرىكەتلىنىپ، 7 - ئاينىڭ 13 - كۈنى (تەخمىنەن 8 - ئاينىڭ

www.uyghurkitap.com

ئوتتۇرىلىرى) ئوخشاش ۋاقىتتا لىيەنيۈننىڭ ئالدىدا ئۇچراشقان. گاۋ شيەنجى ئۆزى ۋە ئوردىنىڭ ھەربىي نازارەتچىسى بىيەن لىڭچېڭ باشلاپ ماڭغان ئاساسىي قوشۇن ۋاخان بەگلىكىنىڭ شىمالىدىن ئامۇ دەرياسىنىڭ ئاساسىي جىلغىسىغا كىرگەن. ئېيتىلىشىچە، يەنە بىر تارماق ئەترەت، قىزىل بۇتخانا يولى ئارقىلىق لىيەنيۈن قورغىنىغا باستۇرۇپ كىرگەن. قىزىل بۇتخانا (مەيلى بۇ ئىسىم نېمىدىن دېرەك بېرىشىدىن قەتئىينەزەر) نىڭ ئورنى توغرىسىدا گاۋ شيەنجىنىڭ تەرجىمىھالىدا بىزگە ناھايىتى ئېنىق پاكىت كۆرسىتىپ بېرىلگەن. ئۇ بۇنى ئۆزىنىڭ كىچىك بولۇردىن قايتىش سەپىرىدىكى خاتىرىسىگە يازغانىكەن. ئۇ كىچىك بولۇرنىڭ پادىشاھى ۋە خانىشىنى قولغا چۈشۈرۈپ، پۈتكۈل دۆلەتنى تىنچلاندۇرغاندىن كېيىن، ئېيتىلىشىچە، مىلادىيە 747 ـ يىلىنىڭ 8 ـ ئېيىدىكى قايتىشىدا، دەل چېكىنىش يولىدىكى قىزىل بۇتخانا دېگەن يەردىن ئۆتكەن. ئۇ كېيىنكى ئايدا لىيەنيۈن قورغىنىدا ئارقىدا قالغان قوشۇنلارنى يىغۋاشتىن توپلاپ، شۇ ئاينىڭ ئاخىرىدا پومى، يەنى كىچىك پامىرغا يېتىپ بارغان. تارىخىي كىتابلاردىكى گاۋ شيەنجىنىڭ بۇ دۆلەتنى تىنچىتىپ بولغاندىن كېيىنكى چېكىنىپ چىقىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى ئېنىق تەپسىلاتلارنى نەزەردە تۇتۇپ، كىشىلەر ئۇنىڭ گىلگىت، يەنى كىچىك بولۇر بەگلىكىدىكى نوپۇسى ئەڭ كۆپ ۋە ئەڭ مۇھىم رايوننى زىيارەت قىلمىغانلىقىغا ئىشەنمەيتتى. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئۇ خۇنزا دەرياسى يولى ئارقىلىق قايتقان، بەلكىم بۇ ئەڭ روشەن ئەۋزەللىك بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن، نىسبەتەن ئاۋات جايلاردىن ئۆتكەندە ئۇ يەرلەر پاراكەندىچىلىككە ئۇچرىمىغانلىقتىن، ئۇ يەردىكى خەلقلەر قوشۇنغا ئاشلىق دېگەندەك لازىمەتلىكلەرنى تەمىنلەپ بېرەلەيتتى. بۇ پەرەزنى بىر ئايغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە ئىسپاتلاپ ئۆتكىلى بولىدۇ. گاۋ شيەنجىنىڭ لەشكەرلىرىنى باشلاپ يولغا چىقىپ، لىيەنيۈنگىچە

يېتىپ بارغان سەپىرى بۇ مەسىلىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ.
مېنىڭ پەرىزىمچە، «قىزىل بۇتخانا» (چىقىتاتاڭ) دېگەن يەر دەشتى مىرزا مۇراد (Dasht-i-Mīrzā Murād) دېگەن يەرنىڭ ئۇدۇلىدا بولۇشى مۇمكىن. شەرق تەرەپتىن سارخاردقا كىرمەكچى بولغانلار چوقۇم بۇ دەشتى دەيدىغان يەردىن ئۆتۈشى كېرەك ئىدى. ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى شۇكى، بىز دەل مۇشۇ دەشتى مىرزا مۇراد دېگەن يەرنىڭ شەرق تەرىپىدە تۇرۇپ، «كارۋانبالاش» دېيىلىدىغان كىچىك خارابە ئىزىنى بايقىدۇق. ئۇنىڭ پۈتكۈل ئىمارەت ئالاھىدىلىكىدىن بۇتخانا ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. ئەمما، ئۇ ھازىر ئىسلام دىنى مۇرىتلىرىنىڭ مازىرى قىلىنغانىدى. بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ ئۇزاقتىچە ساقلىنىپ قالغان بۇ يەرگە چوقۇنىدىغان بىر خىل ئادىتى بارمۇ؟ ياكى مۇشۇ ئەھۋال ئاستىدىكى چوقۇنۇشنىڭ بۇ يەككە - يېگانە يول ئۈستىدىكى بىرمەھەل ئېتىقاد قىلىنغان «قىزىل بۇتخانا» بىلەن بىرەر مۇناسىۋىتى بارمۇ؟

كېيىنكىلەرنىڭ خاتىرىسىگە ئاساسەن قىياس قىلغاندا، مەزكۇر تارماق ئەترەت ئۇدۇلىدىن ھەرىكەت قىلىپ، پەنجى دەرياسىنىڭ بېشى تەرەپكە يۆتكەلگەن. بۇ ئىككى تارماق ئەترەت سارىقۇلدىكى بازىدىن يولغا چىققاندىن كېيىن، مەيلى ئۇلار تاغدۇمباش پامىر (Tāghdumbāsh Pāmīr) ياكى ۋاخجىر (Wakhjīr) دىن ئۆتۈش بولسۇن، ياكى نەيزىتاش (Naiza-tāsh) ئېغىزى ۋە كىچىك پامىردىن ئۆتۈش بولسۇن، يول بويى ئانچە ئېغىر قىيىنچىلىقلارغا يولۇقمايلا لەنيۇن قورغىنىغا يېتىپ بارغان. ئەڭ ئاخىرىدا ئۈچىنچى تارماق قىسىم 3000 ئاتلىق لەشكەر بىلەن «شىمالىي ۋادا» (Pel-ku) يولىدىن لەنيۇنگە يېتىپ بارغان. ئېھتىمال، چوڭ پامىر (The Great Pāmīr) نىڭ يان تەرىپىدىن لەنيۇنگە بارغان بولسا كېرەك. مۇشۇنداق شىمالدىن شەرققە قاراپ يۆتكىلىشتە ئۇلار بەلكىم ۋىكتورىيە (Victoria Lake) كۆلىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى نىكولاس

www.uyghurkitap.com

(Nicholas Range) تىغىدىكى بىرقانچە تاغ ئېغىزىنىڭ بىرىدىن پايدىلانغان ياكى سارخادنىڭ شەرق تەرىپىدىن ئايرىلىپ چىققان جىلغىدىكى بەزى چىغىر يوللاردىن پايدىلانغان بولۇشى مۇمكىن. ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا كىشىلەر شۇنى ئېنىق تونۇپ يېتەلەيدۇكى، قىسىملارنى مۇشۇنداق يۆتكەش ھەم مەركەزلىك ھالدا ئوخشىمىغان يوللار ئارقىلىق ھەرىكەتلەندۈرۈش، شۇنىڭدەك يىراقتىكى شىغناندا ئۆزى ئۈچۈن بىر ئۈنۈملۈك بازا بولۇشقا كاپالەتلىك قىلىش ئارقىلىق، بۇ جۇڭگو سانغۇنى ئەمەلىيەتتە تەمىنلەش ۋە توشۇش جەھەتتىكى قىيىنچىلىقتا تاقابىل تۇرغان. ھازىرقى ۋاقىتتىمۇ مۇشۇنداق نۇرغۇن ئادەمنى پامىر تىغىدىن بىراقلا ئۆتكۈزۈش سالامەتلىك نۇقتىسىدىن ئېيتقاندىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئومۇمىي سانى 10 مىڭغا يېتىدىغان مۇشۇنداق زور قوشۇننىڭ پامىر ئېگىزلىكىدىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتۈشى ھەربىي ئىشلار جەھەتتىكى ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەت ھېسابلىناتتى. يالغۇز سانىنىلا ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ مۇمكىن ئىدى. بۇنى يەنىمۇ تەكشۈرۈپ كۆرۈشكە ئەرزىيتتى. ئەمما، بىز ئاساسلانغان جۇڭگونىڭ قەدىمكى كىتابلىرىدىكى خاتىرىلەر ناھايىتى ئىخچام ئىدى. مېنىڭ قارىشىمچە، گاۋ شيەنجى ھەربىي يۈرۈش قىلىشتا بىرلىكتە ھەرىكەت قىلماستىن، بەلكىم ئۈچ تارماق ئەترەتكە ئايرىلىپ قەشقەردىن يولغا چىقىپ، كۆكئارت قاراۋۇلخانىسى تۇرۇشلۇق تاشقورغاننى ئالغا ئىلگىرىلەش بازىسى قىلىپ، ئوخشاش يولدا مېڭىپ، بۆلەكلەر بويىچە ئالغا ئىلگىرىلىگەن بولسا كېرەك. ئەگەر گاۋ شيەنجى يېتەكچىلىك قىلغان بىرىنچى تارماق قىسىم ياكى باشقا ئەۋەتىلگەن قىسىملار شىغنان تەرەپكە يۆتكىلىپ، ئارقىدىن ئۇ ماڭسا ياكى باشقا ئىككى تارماق قىسىم ماڭسا، ئۇنىڭ قولغا كەلتۈرىدىغان تەمىنات ۋە يۆتكەش جەھەتتىكى ئەۋزەللىكى تېخىمۇ ياخشى بولاتتى. ئىككىنچى تارماق قىسىم پامىر ئېگىزلىكىنىڭ ئاساسلىق رايونلىرىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان، ئۈچىنچى تارماق قىسىم تۈزلەڭلىكتىن

سارىقولغا يېتىپ كەلگەن چاغدا، گاۋ شيەنجى يېتەكلىگەن قىسىم بەلكىم شىغناننىڭ ئوزۇق ـ تۈلۈك بىلەن تەمىنلەيدىغان بىر يېڭى بازىسىغا يېتىپ بارغان بولۇشى مۇمكىن. مۇنداق بولغاندىلا، ئوزۇق ـ تۈلۈك مۇتلەق كەمچىل بولغان نامرات رايوننىڭ ئوخشاش ۋاقىتتا پۈتكۈل قوشۇننى ئوزۇق ـ تۈلۈك بىلەن تەمىنلەشتەك غايەت زور بېسىمى ئاسانلا ھەل بولاتتى. شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئەگەر ئامۇ دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىن رايونىغا يېتىپ بارالىسىلا، جۇڭگو قوشۇنىنىڭ ئارقا سەپ قىسىملىرى ناھايىتى ئاسانلا بەدەخشاندىن نۇرغۇن مەھسۇلاتلارغا ئېرىشەلەيتتى ھەمدە ئارقىدا قالغان پامىر قىسىملىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئالاي (Alai)دىكى ئاسان ماڭغىلى بولىدىغان يول ئارقىلىق فەرغانىدىكى باي تۈزلەڭلىكلەردىن تولۇق تەمىناتقا ئېرىشەلەيتتى. ئۇ چاغدا فەرغانە رايونى تېخى جۇڭگونىڭ كونتروللۇقىدا ئىدى.

گاۋ شيەنجى قوشۇننى شىغناندىن سارىقولغىچە شوتىسىمان ئەترەت شەكلىدە ئورۇنلاشتۇرغانلىقى ئۈچۈن ئىستراتېگىيەلىك ئەۋزەللىككە ئېرىشكەنىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قىسىمنى ماسلاشتۇرۇپ، بىرلا ۋاقىتتا توپلىشىپ، سارخادتىكى تىبەت قوشۇنىغا ھۇجۇم قوزغىغان. نامۇۋاپىق ھالدا ھەرقانداق بىر تارماق قىسىمنى ئايرىپ، ئايرىم ھۇجۇم قوزغىمىغان. شۇڭا، كۈچلۈك تىبەت قوشۇنى تەرىپىدىن مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىمىغان. ئەگەر تىبەتلەر باروغىل بىلەن ئالاقىلىشىش لىنىيەسى ئۈزۈلۈپ قېلىشتەك جىددىي خەتەرگە ئۇچرىمىغان بولسا، ئۇلارنىڭ سارخادتىكى تايانچ بازىدىن ئايرىلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، جۇڭگو قوشۇنلىرى تىبەت قوشۇنلىرىنىڭ سارىقول ياكى بەدەخشان تەرەپكە سۈرۈلۈش يولىنى توسۇپ بولغانىدى. گاۋ شيەنجىنىڭ پامىر ئېگىزلىكىدىن ھالقىپ ئۆتۈش ھەرىكىتى ئىنتايىن جاپالىق بولسىمۇ، ئۇ غايەت زور ئەۋزەللىككە ئىگە ئىدى، يەنى ئۇلار ئىككى (ئەگەر ئۈچ

www.uyghurkitap.com

بولمىغان تەقدىردە) مۇستەقىل تەمىنلەش لىنىيەسىنى كونترول قىلىپ تۇرۇۋاتاتتى (بىرى، قەشقەر ـ يەكەن، يەنە بىرى بەدەخشان، ئەڭ ئاخىرقىسى فەرغانە). ئەمما، لەشكەر سانى جەھەتتىن تەڭلىشىپ كېتىدىغان تىبەت قوشۇنلىرى باروغىلنىڭ دەرىيادىن چىقىش ئېغىزىغا قاپسىلىپ قېلىپ، پەقەت بىرلا تەمىنلەش لىنىيەسىگە تايانغان. ئەمما، بۇ لىنىيەدە ئادەمنىڭ خىيالىغىمۇ كىرمەيدىغان تەبىئىي توساقلار كۆپ ئىدى. بۇ لىنىيە بويىدىكى جايلار (ياسىن، گىلگىت، بالتىستان) دىن شۇنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، ئۇلار بۇ قوشۇننى ئارتۇقچە تەمىنات بىلەن تەمىنلەپ كېتەلمەيتتى.

مېنىڭ قارىشىمچە، جۇڭگولۇق سانغۇننىڭ پامىر ئېگىزلىكىدىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتۈپ، يۈرۈش قىلىش جەھەتتىكى قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىشى ئانچە چوڭ مەسىلە ئەمەس ئىدى. لېكىن، 9000 دىن 10 مىڭغىچە ئادىمى بار تىبەت قوشۇنى ئۈچۈن ئېيتقاندا، داركوتتىن ئۆتۈپ سارخادقا بېرىش ھەمدە يەرلىك بايلىقى تامامەن كەمچىل بولغان جايدا داۋاملىق تۇرۇش، بۇ دەل ئەكسىچە ئىش ئىدى. ھەقىقەتەن ئەھمىيەتلىك بولغىنى شۇكى، بۇ ئىشنىڭ ئالدى ياكى كەينىدە ئەمەس، ئاڭلىشىمىزچە، تىبەتلەر جۇڭگونىڭ تارىم ئويمانلىقىدىكى تەسىر كۈچىگە زەربە بېرىش ئۈچۈن، باشقا ھەر خىل تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتكەنىكەن. ئۇلار ماڭغان يول ئامۇ دەرىياسىنىڭ يۇقىرى تەرىپىدىن كەلگەن بولۇپ، بۇنداق ھۇجۇم قايتا ـ قايتا ئېلىپ بېرىلىپ، ئاخىر مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن. بۇ ئىشلار مىلادىيە 8 ـ ئەسىردە يۈز بەرگەن.

پىلان كەسكىن بولغانلىقتىن، گاۋ شيەنجى قوشۇنى ئاخىر غەلىبىگە ئېرىشكەن. كەسكىن ۋە جۈرئەتلىك روھ، مېنىڭچە، بۈگۈنكى كۈندە داركوت تاغ ئېغىزىدىن ئۆتكەنگە ئوخشاشلا ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇشقا تېگىشلىك دەپ قارايمەن. ھەربىي ئىشلار تارىخىنى تەتقىق قىلىدىغان ئالىملار جۇڭگونىڭ

خاتىرىلىرىدە پامىر ئېگىزلىكىدىن كەڭ كۆلەمدە ئۆتكەن قوشۇنىنىڭ تەشكىللىنىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى تەپسىلىي جەريانىنىڭ يوقلۇقىدىن ئەپسۇسلىناتتى. بىزنىڭ بىلىشىمىزچە، بۇ جۇڭگو قوشۇنىنىڭ پامىر ئېگىزلىكىدىن تۇنجى قېتىم، شۇنداقلا ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق چوڭ كۆلەملىك ئۆتۈشى بولۇپ ھېسابلىناتتى. لېكىن، بىزنىڭ ئۆلچىمىمىز بويىچە باھا بەرگەندە، مەيلى بىز جۇڭگو ئەسكەرلىرىنىڭ ئۇرۇش قىلىش ساپاسىغا قانداق قارايلى (بىر نۇقتىنا ئېنىقكى، ئۇلار بەلكىم تاڭ سۇلالىسى مەزگىلىدە ھازىرقىدەك بۇنداق جىددىي بولمىغان بولۇشى مۇمكىن)، شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، بۇگۈنكى كۈندە جۇڭگو قىسىملىرىنىڭ قوملۇق ۋە تاغلىقتىكى ئادەم قارىسىلا سۈر باسىدىغان تەبىئىي توساقلارنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يەڭگەنلىكىنى چۈشىنىدىغانلار تەبىئىي بايلىق كۈچى، جاپالىق كۆڭۈل قويۇپ تەشكىللەش ھەمدە گاۋ شيەنجىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ھەرىكەت قوللانغانلىقىنىڭ رېئاللىقىنى ئايلانغانلىقىدىن بىردەك ھەيران قېلىشتى. ھەي! ئۇزاقتىچە باشقىلار تەرىپىدىن ئۇنتۇلۇپ قالغان جۇڭگولۇق قوماندان، شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە تەڭ تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن كىشىلەر!

### تىبەتنىڭ ليەنيۈندىكى مەغلۇبىيىتى

ليەنيۈن قورغىنى سارخادنىڭ ئەتراپىغا جايلاشقان، دېگەن قاراشنى ئەڭ ئاۋۋال شاۋان ئەپەندى ئوتتۇرىغا قويغاندى. بۇ ئورۇن توغرىسىدىكى پەرەزنى ئاشۇ ئۇرۇش توغرىسىدىكى خاتىرە يەنىمۇ ئىسپاتلاپ ئۆتتى. بۇ بىر مەيدان ئۇرۇشتا جۇڭگولۇق سانغۇن تىبەتلەر ئىگىلەپ تۇرغان مۇھىم قورغاننى تارتىۋېلىپ، بۇ تايانچ بازا قوغدايدىغان قاتناش لىنىيەسىنى كونترول قىلغان. لېكىن، مەن ئاخىرىدىكى بۇ جاينىڭ تەپسىلىي يەر شەكلى ئەھۋالىنى مۇھاكىمە قىلىشنى نەزەردە تۇتۇپ، بۇ يەردىكى ئىشلارنى ئومۇمەن قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتىمەن. قىسقىسى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

لىەنيۇن قورغىنىدا 1000دەك تىبەت ئەسكىرى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتىدىغان دەريا سۈيى بىر تەبىئىي توساق بولۇپ شەكىللەنگەن. ئۇ چاغ دەل كەلكۈن مەزگىلى ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، تىبەتلەرنىڭ ئاساسلىق كۈچىدىن 8000 ياكى 9000 ئادەم جەنۇب تەرەپتىكى 15 چاقىرىم (ئۈچ مىل) يىراقلىقتا تاغلىق يەر ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ بارگاھ قۇرغان. لېكىن، گاۋ شيەنجى دەرياغا نەزىر ـ چىراغ قىلىپ بولغاندىن كېيىن، بىر ئەترەت ئاتلىق ئەسكەرنى تاللاپ دەريادىن ئۆتۈشكە باشلىغان. ئۇلار ھېچقانداق قارشىلىققا ئۇچرىماي، ھېچقانداق زىيان تارتمايلا دەريادىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكەن. كىيىم ھۆل بولماي، ئېگەر سۇغا چىلاشماي دەريادىن ئۆتۈش جۇڭگو قوشۇنلىرىغا يەنە بىر ئىلھام بولغان. گاۋ شيەنجى دەرھال قوشۇنى بىلەن تاغ تەرەپتىن ھۇجۇمىنى باشلاپ، ئاشۇ مۇداپىئە لەشكەرلىرىنى مەجبۇرىي جەڭگە ئاتلاندۇرغان. بۇ بىر مەيدان جەڭدە تىبەتلەر ئۇزۇل ـ كېسىل مەغلۇپ بولۇپ، ئېغىر زىيانغا ئۇچرىغان. كەچ بولغاندا قالغان قوشۇن مەغلۇپ بولۇپ قېچىشقا باشلىغان. جۇڭگو قوشۇنلىرى غەلىبىسىرى ئالغا ئىلگىرىلەپ، دۈشمەن ئارمىيەسىدىن 5000 ئادەمنى يوقىتىپ، 1000 ئادەمنى ئەسىر ئالغان. قالغانلىرى مەغلۇپ بولۇپ، پىتىراپ كەتكەن. تاڭ قوشۇنى 1000 دىن ئارتۇق ئات، نۇرغۇنلىغان ماددىي ئەشيا ۋە قورال ـ ياراغنى ئولجا ئالغان. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، بۇ بىر مەيدان ئۇرۇش جەنۇب تەرىپى ئېگىز، سارخادنىڭ ئۇدۇلىدىن باروغىلغا بارىدىغان جىلغا ئېغىزىدا بولغان①.

### جۇڭگو قوشۇنىنىڭ تەنچۇ چوققىسىدىن ئۆتۈشى

ئۇردا ھەربىي نازارەتچىسى بىيەن لىنچېڭ ۋە بىرقانچە ئالىي

---

① ئۇچىنچى بابنىڭ 2 ـ بۆلۈمىگە قاراڭ.

ئەمەلدارلار توخۇ يۇرەكلىك قىلىپ، تەۋەككۇل قىلىشتىن قورقۇپ، ئالغا ئىلگىرىلەشكە جۈرئەت قىلمىغانلىقتىن، گاۋ شيەنجى ئۇلار بىلەن 3000 دىن كۆپ كېسەلچان ۋە چارچاپ ھالىدىن كەتكەن ئەسكەرنى ئارقىدا قالدۇرۇپ، ليەنيۈن قورغىنىنى ساقلاشنى قارار قىلىدۇ. ئۇ قالغان قوشۇننى باشلاپ ئالغا ئىلگىرىلەپ ئۈچ كۈندىن كېيىن، تەنچۇ (Tanchu) چوققىسىغا يېتىپ بارىدۇ. بۇ يەردىن تىك ۋە خەتەرلىك غارنى بويلاپ 40 نەچچە چاقىرىم تۆۋەنگە چۈشۈشكە توغرا كېلەتتى. گاۋ شيەنجى «ئەگەر ئانۇيۆ (Anuyaeh) شەھىرىدىكى لەشكەرلەر تېزدىن كېلىپ بىزنى قارشى ئالسا، بۇ ئۇلارنىڭ تەييارلىق قىلىپ قويغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ»، دەپ پەرەز قىلىپ، («كونا تاڭنامە 140 ـ جىلد، «گاۋ شيەنجى قاتارلىقلار تەزكىرىسى»دە: «ئانۇيۆدىكى لەشكەرلەر ئەگەر تېزدىن كېلىپ قارشى ئالغان بولسا، بۇ ياخشى نىيەتتە بولغان بولاتتى» دېيىلگەن.) لەشكەرلىرىنىڭ چوققىدىن چۈشمەسلىكىدىن ئەنسىرەپ، پەم ئىشلىتىپ 20 ئاتلىق لەشكەرنى ئانۇيۆ شەھىرىدىكىلەرنىڭ سىياقىغا كىرگۈزۈپ، تاغ چوققىسىغا كېلىپ، چوڭ قوشۇننى ساقلاتقۇزىدۇ. قوشۇن تەنچۇ چوققىسىغا كەلگەندە، راستتىنلا تاغدىن چۈشۈشنى رەت قىلىپ، «سانغۇن بىز زادى نەگە بارىمىز؟» دەپ تۇرۇۋالىدۇ. ئۇلارنىڭ سۆزى ئاخىرلاشمىشى بىلەنلا، ئالدىن ئەۋەتىلگەن 20 ئادەم دەرھال كېلىپ ئۇلارنى قارشى ئېلىپ: «بىز ئانۇيۆ شەھىرىدىكىلەر سىلەرنى ياخشى نىيەت بىلەن قارشى ئېلىش يۈزىسىدىن سويى (Soyi) دەرياسىغا شۇڭ بىلەن كۆۋرۈك ياساپ بولدۇق» دېگەن. گاۋ شيەنجى ناھايىتى خۇشال بولغان ھالەتكە كىرىۋېلىپ، پۈتۈن قوشۇننى تاغدىن چۈشۈشكە بۇيرۇغان.

**جۇڭگونىڭ كىچىك بولورنى ئىشغال قىلىشى**

جۇڭگو قوشۇنى يەنە ئۈچ كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن، ئانۇيۆ

شەھەرىدىكىلەر ئۆلارنى راستتىنلا قارشى ئالغان ھەمدە ئەل بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشكەن. شۇ كۈنى گاۋ شيەنجى 1000 ئاتلىق لەشكەردىن تەشكىللەنگەن تۇرشاۋۇل قوشۇننى بولورغا ئەۋەتىپ، تاكتىكا ئىشلىتىپ، كىچىك بولور بەگلىكىنىڭ سەردارلىرىنى خاتىرجەم قىلغان. بۇ بۇيرۇقنى چىقارغان ئىككىنچى كۈنى گاۋ شيەنجى قوشۇننى باشلاپ ئانۇيۈنى ئىشغال قىلىپ، تىبەتلەرنى قوللىغان بەش ـ ئالتە سەردارغا ئۆلۈم جازاسى بەرگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ تېزدىن بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ئادەم ئەۋەتىپ، ئانۇيۈدىن 60 چاقىرىم (تەخمىنەن 12 مىل) يىراقلىقتىكى شۇڭدا ياسالغان كۆۋرۈكنى بۇزدۇرۇۋەتكەن. «كەچ بولغاندا كۆۋرۈك كېسىۋېتىلگەنىدى. تىبەتلەر قوشۇنى يېتىپ كەلگەندە، كۆۋرۈك كۆرۈنمەيتتى. كۆۋرۈكنىڭ كەڭلىكى بىر ئوقياچىلىك بولۇپ، بىر يىلدا پۈتكەنىدى. كىچىك بولورلۇقلار تىبەتلەرنىڭ ئالدام خالتىسىغا كىرىپ، يول ئارىيەت بېرىپ، بۇ كۆۋرۈكنى ياسىغان»، بۇنىڭ بىلەن گاۋ شيەنجى تىبەت قوشۇنىنىڭ ياسىنغا قايتۇرما ھۇجۇم قىلىشنى توسۇپ قالغان ھەمدە «كىچىك بولور ۋە مەلىكىنى تەسلىم بولۇشقا يارلىق چىقىرىپ، ئەلنى تىنچلاندۇرغان.»

## گاۋ شيەنجىنىڭ ھەربىي يۈرۈش قىلغان يولىنى ئىسپاتلاش

«قەدىمكى خوتەن» دېگەن كىتابتا گاۋ شيەنجىنىڭ ھەربىي يۈرۈش قىلغان يوللىرى ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بارغانىدىم. ئۆزۈمنى ئېلىپ ئېيتقاندا، يارخۇن ۋە سارخادتىكى سەپىرىم ئارقىلىق بۇ رايونلار بىلەن پىششىق تونۇشۇپ چىقتىم، بۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن يەرلەرنى جەزملەشتۈرۈشمۇ ئاسانغا چۈشەتتى. جۇڭگونىڭ تارىخنامىلىرى تەمىنلىگەن تەپسىلىي ئەھۋاللارمۇ ناھايىتى توغرا ھالدا ئاشۇ مۇھىم قاتناش لىنىيەسى بىلەن ماس كېلەتتى. ئاشۇ يول ھىندىقۇش تاغ تىزمىسىدىكى ئويداڭ يەردىن ئۆتەتتى. ئۇنىڭ دائىرىسى قوشنا بولغان باروغىل ۋە ساۋتاخ

(Shawitakh) تاغ ئېغىزى ئارقىلىق مەستۇج دەرياسىنىڭ بېشىغا بېرىپ، ئاندىن جەنۇب تەرەپتىكى مۇز بىلەن توسۇلۇپ قالغان داركوت تاغ ئېغىزىدىن ئۆتۈپ، ئۇ يەردىن ياسىن دەريا جىلغىسىغا چۈشۈپ، گىلگىت دەرياسىنىڭ ئاساسىي دەريا يولىنىڭ كىرىش ئېغىزىغىچە باراتتى. ئالدىدىكى ئىككى تاغ ئېغىزى دېڭىز يۈزىدىن ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 12 مىڭ 460 فۇت ۋە 12 مىڭ 560 فۇت ئېگىز، كېيىنكى تاغ ئېغىزى دېڭىز يۈزىدىن 15 مىڭ 380 فۇت ئېگىز ئىدى.

### داركوتتىن ئۆتىدىغان ئىككى مۇزلۇق يول

ئالاھىدە ئېگىز تاغ شەكىل قۇرۇلمىسى تۈپەيلىدىن، داركوت تاغ ئېغىزىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىن ئىككى چوڭ مۇزلۇق ئېقىپ چۈشكەنىدى. بىرى، داركوت مۇزلۇقى دەپ ئاتىلىپ، غەربىي شىمال يۆنىلىشىنى بويلاپ ئېقىپ چۈشەتتى. ئۇ تەخمىنەن سەككىز مىل ئەتراپىدا كېلەتتى، يانتۇلۇقىمۇ ئانچە تىك ئەمەس ئىدى. بۇ مۇزلۇقنىڭ ئۇچى رۇكاڭ ئېگىزلىكىنىڭ تۈۋىگىچە سوزۇلۇپ كەلگەنىدى. يەنە بىر مۇزلۇقنى خەرىتىدىن كۆرسە ئوخشاش كۆرۈنەتتى. لېكىن، ئىشەنچلىك ئۇچۇرلارغا ئاساسلانغاندا، ئەمەلىيەتتە سەل قىسقىراق ئىدى. ئۇمۇ شەرق شىمال تەرەپكە قاراپ تۆۋەنلىگەن بولۇپ، ئەڭ ئاخىرى شوۋارشۇر (Showar-shur) نىڭ يازلىق ئوتلاقلىرىنىڭ يۇقىرىسىدىن بىرقانچە مىل كېلىدىغان يەرلەرگىچە سوزۇلغانىدى. بۇ يەر يارخۇن دەرياسىنىڭ ئەڭ يۇقىرى ئېقىن رايونى ئىدى. بۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككى مۇزلۇق جەنۇب تەرەپتىن داركوت تاغ ئېغىزىدىن ئۆتۈپ، ئامۇ دەرياسى رايونىغا داۋاملىق يۈرۈش قىلىدىغانلار ئۈچۈن پايدىلانغىلى بولىدىغان يولنى ھازىرلىغانىدى. بۇنىڭ ئىچىدە داركوت تاغ ئېغىزىنى زىيارەت قىلغان چاغدا، داركوت مۇزلۇقىنى بويلاپ ماڭىدىغان يولدىن ئۆزۈم بىۋاسىتە مېڭىپ باققان. بۇ مۇزلۇق يول ئاشۇ ئاسان ماڭغىلى بولىدىغان چىغىر

يولغىچە داۋاملىشاتتى. بۇ چىغىر يول ئارقىلىق، رۇكاڭ ئېگىزلىكىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ تۆۋىنىدىكى يارخۇن دەرياسىدىن ئۆتۈپ، باروغىل يايلىقى (Barōghil Yaylak) دەيدىغان كەڭرى جىلغىغا كىرگىلى بولاتتى. ئۇ يەر ئارقىلىق ناھايىتى تۈز كەتكەن يېشىل ئوت ـ چۆپلەر ئۇنگەن تاغ باغرىنى بويلاپ، باروغىلنىڭ ئېگەرسىمان تاغ تىزمىسىغا يېتىپ بارغىلى بولاتتى. ئۇ يەردە ناھايىتى روشەن ئالاھىدىلىككە ئىگە «دەشتى باروغىل» (Dasht-i-Barōghil) يەنى «باروغىل تۈزلەڭلىكى» دەيدىغان بىر جاي بار ئىدى. بۇ يەردىن باشلىنىدىغان يوللاردا مېڭىش ئاسان ئىدى. بۇ يول «زارتىغار» (Zartighar) دەيدىغان بىر كىچىك مەھەللىدىن ئۆتۈپ، سارخادنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئابۇئى پەنجىغا يېتىپ باراتتى. يەنە بىر يولدا داركوت تاغ ئېغىزىنىڭ شەرقىي شىمال تەرەپتىكى مۇزلۇق يول ئارقىلىق تۆۋەنگە چۈشۈپ، يارخۇن دەرياسىدىن ئۆتۈپ، شوۋارشۇر يايلىقى ئارقىلىق شاۋىتاخ يايلىقىغا (Shawitakh-yailak) يېتىپ بېرىپ، ئاندىن شاۋىتاخ ياكى سارخىنزو (Sarkhin-zhoe) كۆلىنىڭ ئەتراپىدىكى تەكشى تاغ باغرى ئارقىلىق ھىندىقۇش ئېغىزىنىڭ سۇ بۆلگۈچ چوققىسىغا يېتىپ بارغىلى بولاتتى. بۇنى باروغىل ۋە شاۋىتاختىكى ئېگەرسىمان تاغ ئومۇرتقىسى ئايرىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئارىلىقىدا ئىككى مىل كېلىدىغان ھەم كەڭ، ھەم پاكار تەكشى بولغان بىرقانچە تاغ چوققىلىرى بار ئىدى. زارتىغارغا كەلگەندە، ئىككى يول يەنە بىرلىشىپ كېتەتتى.

### شەرقىي شىمالدىكى يولنىڭ ئەۋزەللىكى

داركوت تاغ ئېغىزىدىن سارخادقىچە بولغان ئارىلىقتىكى يۇقىرىقى ئىككى يولنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئوخشاش كېلەتتى. مەن دەسلەپتە بۇ ئىككى يولنىڭ داركوت مۇزلۇقى ۋە مەڭگۈلۈك قارلىق بۆلىكىدىكى يولنى ئۆزۈم يالغۇز تەكشۈرۈپ كۆرمەكچى بولغانىدىم. لېكىن، مەن تاغقا چىقىشقا باشلىغاندىن كېيىن،

ئاشۇ پەسىلدە ناھايىتى تۇراقسىز ناچار ھاۋا كىلىماتى پەيدا بولغانلىقى، ئەتىيازدا ياغقان قار ناھايىتى قېلىن بولغانلىقى ئۈچۈن، ئويلىمىغان قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلدىم. بۇلارنى ئۆزۈمنىڭ ئېكسپېدىتسىيە خاتىرەمدە بايان قىلىپ ئۆتكەنىدىم. مېنىڭ پىلانىم توسقۇنلۇققا ئۇچراپ ئەمەلگە ئاشمىدى. ئەسلىدە مەن ۋېدىنكوت تەرەپتىكى تاغ ئېغىزىدىن ئۆتۈپ، شوۋارشۇرغا بارماقچى بولغانىدىم. مەن پەقەت غەربىي شىمال يول لىنىيەسىدىن ئۆتۈپ باققاچقا، بۇ خىل ھاۋا كىلىماتى شارائىتىدا شەرقىي شىمالدىكى مۇزلۇق يولنىڭ زادى قانچىلىك ئاسان ماڭغىلى بولىدىغانلىقى توغرىسىدىكى دوكلاتقا ھۆكۈم چىقىرالمىدىم. لېكىن، بىر پاكىت شۇكى، پامىر چېگرا كومىتېتى 1895 ـ يىلى 600 ئاتلىق ھەربىي لازىمەتلىكلەرنى ئېلىپ، شەرقىي شىمالدىكى يولدىن بىر بېرىپ ـ كەلگەن، گىلگىتتىن يولغا چىقىپ، يەنە گىلگىتقا قايتقان. دوكلاتتا ئېيتىلىشىچە، ئۇلار نۇرغۇن ئۇلاغ ۋە ھەربىي لازىمەتلىكلەردىن زىيان تارتقان. بۇنىڭدىن بۇ مۇزلۇقنىڭ ئارىلىقىدىكى ئىشەنچلىك بولمىغان قار بىلەن قاپلانغان مۇزلۇق يوللارنىڭ ئىنتايىن مۇشەققەتلىك ۋە خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ۋاخان تەرەپتىن كەلگەن بىر قوشۇن ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئەڭ يېقىنىدىكى بازىدىن يولغا چىقىپ، داركوت تاغ ئېغىزىدىن ئۆتۈپ، شوۋارشۇردىكى يولدىن ماڭغاندا، رۇكاڭ ئېگىزلىكىدىن ماڭىدىغان يولغا سېلىشتۇرغاندا 1300 فۇت مۇساپىنى ئاز باساتتى. شۇڭلاشقا، مەن يەنىلا ئالدىنقى يولدا مېڭىشنى مۇۋاپىق دەپ قارايمەن.

### گاۋ شيەنجى ماڭغان يول لىنيەسى

گاۋ شيەنجىنىڭ خاتىرىسىدە كۆرسىتىلىشىچە، ئۇلار تەنچۇ جىلغىسىغا بارغۇچە ئۈچ كۈن ۋاقىت سەرپ قىلغان، لېكىن ئۇ تاڭ قوشۇنىنىڭ زادى تاغنىڭ ئېتىكىگە ياكى تاغ چوققىسىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بارغانلىقىنى ئېنىق كۆرسەتمىگەن. ئەگەر ئۇ تاغ چوققىسى دەپ چۈشەندۈرگەن بولسا، ئۇلارنىڭ ئىنتايىن تېز سۈرئەتتە يۈرۈش قىلغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. بۇنداق بولغاندا، نېمە ئۈچۈن ئۈچ كۈن ۋاقىت سەرپ قىلىپ بۇ يولدا ماڭغانلىق سەۋەبىنى ئاسانلا چۈشەندۈرۈپ بەرگىلى بولاتتى. چۈنكى، مەيلى شاۋتاخ ـ باروغىل ئويمانلىقى بولسۇن، ياز پەسلىدە قىلچە قىينالماي ئۆتۈپ كەتكىلى بولاتتى. لېكىن، بۇنداق كۆپ ئۇلاغ ۋە ھەربىي لازىمەتلىكلەرنى ئېلىپ ماڭغان ئەھۋال ئاستىدا، ھەرقانداق قوشۇن ئۈچ كۈنگە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە سارخادتىن داركوتنىڭ جەنۇبىي تاغ باغرىغا بارالمايتتى. بۇ يولنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 30 مىل ئەتراپىدا ئىدى. ئەگەر بىز داركوتنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكىنى، شۇنداقلا مۇزلۇقنىڭ تاغقا چىققۇچىلارغا ئەكىلىدىغان جەبىر ـ جاپاسىنى نەزەرگە ئالغىنىمىزدا، گەرچە تۆت كۈن ۋاقىت ئىچىدە تاغ چوققىسىغا يېتىپ بارغان تەقدىردىمۇ، ئالدىدا ئېيتىلغان بىرىنچى خىل چۈشەندۈرۈشتە كۆرسىتىلگەنگە ئوخشاش، بۇمۇ ئانچە كۆپ ۋاقىت ئەمەس ئىدى.

### تەنچۇ جىلغىسى بىلەن داركوت تاغ ئېغىزىنىڭ ئۇيغۇنلىشىشى

تەنچۇ جىلغىسى بىلەن داركوت تاغ ئېغىزىنى ئىسپاتلايدىغان ئەڭ روشەن پاكىت تارىخنامىلەردىكى خاتىرىلەردىن كەلگەن. مەزكۇر خاتىرىدە «تىك ۋە چوڭقۇر غارنى بويلاپ 40 نەچچە چاقىرىم تۆۋەنگە چۈشۈشكە توغرا كېلەتتى» دەپ كۆرسىتىلگەن. بۇنىڭ بىلەن جۇڭگو ئەسكەرلىرى تەنچۇ چوققىسىدىكى ئېگىز تاغدا تۇرۇپ، پەسكە قاراپ، روھى چۈشكۈنلىشىپ، ئىشەنچىنى يوقاتقاندى. بۇ تاغ ئېغىزى توغرىسىدىكى پۈتكۈل بايانلاردا داركوتنىڭ جەنۇبىي تاغ باغرىنىڭ ئىنتايىن تىك ئىكەنلىكى تەكىتلەنگەن. بۇ تاغ يولىنىڭ ھەممە يېرىدە مۇز پارچىلىرى ۋە يالتاڭ تاشلار بولۇپ، داركوت كەنتىنىڭ يۇقىرىسىدىكى ئەڭ

يېقىن بارگاھ بىلەن بولغان ئارىلىقى 5 مىلدىن كەم كەلمەيتتى. ئېگىزلىكى 6000 فۇتقا يېقىن ئىدى. مەن سانغۇن گاۋ شيەنجىنىڭ ئاشۇ ئېھتىياتچان ئەزىمەتلىرىنىڭ پوزىتسىيەسىنى، ئالغا ئىلگىرىلەشكە ئۈنىمغانلىقىنى ناھايىتى چۈشىنەتتىم. چۈنكى، تاغ ئېغىزىدىكى چوققىدىن تۆۋەنگە قارىغاندا، بۇلۇت ۋە تۇمانلارنىڭ ئارىسىدىن تاغ باغرى خۇددى بىر چوڭقۇر ھاڭغا ئوخشايتتى. بۇلۇتقا تۇتىشىدىغان بۇ مۇز تاغنىڭ ئارىسىدىن بۇ خىل تىكلىك تېخىمۇ روشەن كۆرۈنەتتى. مۇز تاغنىڭ شەرقىي جەنۇب قىسمى ياسىن دەريا جىلغىسىدىن ئۆتۈپ، خۇددى بۇلۇت كۆتۈرۈۋالغاندەك كۆرۈنەتتى. سىلىشتۇرما بولۇش سۈپىتىدە مېنىڭ ئالدىمدىكى بۇ جىلغا ۋە ئۇنىڭ چوڭقۇرلۇقى بىر كەڭرى كەتكەن ئاپپاق مۇزلۇق ئارقىلىق نامايان قىلىنغان. ئۇ مۇزلۇق بارا - بارا شىمال تەرەپكە قاراپ تۆۋەنلىگەندى (36 - رەسىمگە قاراڭ). جۇڭگونىڭ تارىخنامىلىرىدىكى خاتىرىلەر بىلەن داركوتنىڭ يەر شەكلى ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشلىقنى نەزەردە تۇتۇپ، قىلچە ئىككىلەنمەيلا «تەنچۈ» دېگەننىڭ ئەمەلىيەتتە «داركوت» دېگەن نامنىڭ بالدۇرقى خەنزۇچىغا ئۆزگەرتىپ يېزىلىش شەكلى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكىلى بولاتتى. خەنزۇچىنىڭ ئايلاندۇرۇپ يېزىش سىستېمىسىدا بۇ خىل مۇكەممەل بولمىغان شەكىلنى قوللىنىشقا يول قويۇلاتتى.

### گاۋ شيەنجىنىڭ تەدبىرى

گاۋ شيەنجىنىڭ قوشۇنىنىڭ چېكىنىش كەيپىياتىنى يېڭىشتا قوللانغان تەدبىرى (ئۇ تاڭ قوشۇنىنىڭ قارىماققا قولغا كىلىپ بولغان غەلىبىسىگە تەھدىت ئەكەلگەنىدى) مۇ باشتىن - ئاخىر جۇڭگونىڭ نىقابىغا ئورالغانىدى. بۇ ئاساسلىقى پىلانىنى ئالدىن مۆلچەرلىگەنلىكتە ئىپادىلىنەتتى. گاۋ شيەنجى يىراقنى كۆزلەپ، چوڭقۇر ئويلىنىپ ھەم لەشكەرلەرنىڭ پىسخىكىسىنى

www.uyghurkitap.com

چۈشىنىپ، ئىنتايىن ئېھتىياتچان بولغانىدى. دەل مۇشۇ نۇقتىغا ئاساسەن، ئۇ ئۇلۇغ ئىشلىرىنىڭ ھەربىر باسقۇچىنى پىلانلاپ چىققان. ئەمما، مۇشۇنداق بىر ئۇنۇملۇك تەدبىرمۇ چوقۇم گۇمان پەيدا قىلىپ قويماسلىقى كېرەك ئىدى. مەن ئۆزۈمنىڭ قىياسىمنى يوشۇرالمايمەن. مەن مۇنداق ئويلىغان: ئۇ بۇ تەدبىرنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، داركوتنىڭ پەۋقۇلئاددە يەر شەكلى قۇرۇلمىسىدىن تولۇق پايدىلانغان. خۇددى بىز كۆرگەنگە ئوخشاش تاغ ئېغىزىغا كىرىدىغان يولدىن ئىككىسى تەييارلانغان. ئەگەر ئالدىدا ئەۋەتىلگەن ئانۇيۇ شەھىرىدىكىلەر سىياقىغا كىرىۋالغان كىچىك ئەترەت باروغىل ۋە رۇكاڭ يولىدا ماڭغان بولسا، شۇنىڭ بىلەن بىللە چوڭ قوشۇن ماڭغان يول شاۋىتاخ ـ شوۋارشۇر يولى بولغان بولسا، سەپەر جەريانىدا ئاشكارىلىنىپ قالماسلىقى كاپالەتلىك قىلغىلى بولاتتى. ئالاھىدە يەر شەكلىگە دىققەت قىلىش — جۇڭگولۇقلارنىڭ بىر خاسلىقى ئىدى. شۇڭا، سانغۇن گاۋ شيەنجى بۇ ئىككى يولنىڭ بىرىنى تاللاشتىن تولۇق پايدىلانغان. بۇ يەردە ئۇنىڭ ئۇچۇن ئېيتقاندا، مۇۋاپىق كېلىدىغان رول ئالغۇچىلارنى تېپىش ئانچە قىيىن ئەمەس ئىدى. چۈنكى، جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قوشۇنلىرى ئىچىدە نۇرغۇن يەرلىك ياللانما ئەسكەرلەر بار ئىدى.

### ياسىن دەرياسى ۋادىسىدىن ئالغا ئىلگىرىلەش

گاۋ شيەنجى ھەربىي يۈرۈش قىلغان يولنىڭ قالغان بۆلەكلىرىنىمۇ ئوخشاشلا ئاسان تاپقىلى بولاتتى. ئۇ تاغ ئېغىزىنىڭ جەنۇبىي باغرىدىن ئانۇيۇ شەھىرىگىچە ئۈچ كۈن ۋاقىت سەرپ قىلغان. بۇ بىر بۆلەك يول ناھايىتى روشەنكى، ئۇ دەل داركوتنىڭ ئايغىدىكى بىرىنچى بارگاھتىكى ياسىن كەنتىگىچە بولغان ئارىلىق ئىدى. ھېسابلىغاندا 24 مىلدىن كۆپرەك كېلەتتى. ياسىن كەنتى بىر چوڭ مەھەللە بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنى ۋە ئەتراپىدىكى كەڭ كۆلەملىك تېرىلغۇ يەرلەردىن

قارىغاندا، بۇ يەر ئەزەلدىن ياسىن دەريا ۋادىسىنىڭ سىياسىي مەركىزى بولۇپ كەلگەن. شۇڭلاشقا، «ئانۇيۇ» دېگەننى «ئارنىيا» (Arniya) ياكى «ئارنىياخ» (Arniyah) دېگەن نامنىڭ يەنە بىر خىل شەكلى دەپ قاراشقا بولاتتى. گىلگىت دەريا ۋادىسىدىكى دادلار ياسىننى مۇشۇ نام بىلەن ئاتىشاتتى.

### گىلگىت دەريا كۆۋرۈكى

ئانۇيۇ بىلەن ياسىننى ئىسپاتلاشتىكى ئەڭ ياخشى پاكىت يەنىلا جۇڭگونىڭ تارىخىي كىتابلىرىدىكى مۇناسىۋەتلىك خاتىرىلەر، يەنى «تاڭنامە» دە تىلغا ئېلىنغان ئانۇيۇ شەھىرىدىن 60 چاقىرىم كېلىدىغان، سويى دەرياسىنى كېسىپ ئۆتىدىغان شۇڭدا ياسالغان كۆۋرۈك ئىدى. «تاڭنامە»دىكى كىچىك بولورغا ئائىت خاتىرىدە دېيىلىشىچە، پادىشاھ تۇرۇشلۇق شەھەر سويى دەرياسى، يەنى هازىرقى گىلگىت دەرياسىنىڭ بويىدا ئىكەن. ياسىن دەرياسى ۋادىسىنى بويلاپ تۆۋەنگە مېڭىپ، تەخمىنەن 12 مىل ماڭغاندىن كېيىن گىلگىت دەرياسىغا بارغىلى بولاتتى. 12 مىل جۇڭگونىڭ 60 چاقىرىمىغا توغرا كېلەتتى. ئېنىق تونۇپ يەتكىلى بولىدىغان يەنە بىر مەسىلە شۇكى، گىلگىت ۋە هىندى دەرياسى تەرىپىگە بىردىنبىر ماڭغىلى بولىدىغان يول گىلگىت دەرياسىنىڭ ئوڭ قىرغىقى ياكى جەنۇبىي قىرغىقىنى بويلاپ ماڭىدىغان يول ئىدى. شۇڭا، شۇ تەرەپتىن ئالدىراپ ـ تېنەپ يېتىپ كەلگەن تىبەتنىڭ ياردەمچى قوشۇنلىرى چوقۇم دەريادىن ئۆتكەندىلا ياسىنغا يېتىپ كېلەلەيتتى. بۇ گىلگىت دەرياسى (سويى دەرياسى)دىكى ئاشۇ كۆۋرۈكنىڭ مۇھىملىقى ۋە جۇڭگو قوماندانىنىڭ كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ، بۇ كۆۋرۈكنى ۋەيران قىلىۋەتكەنلىكىنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى. چۈنكى، ياز پەسلىدە گىلگىت دەرياسىدىن كېچىپ ئۆتكىلى بولمايتتى. بۇ كۆۋرۈكنى ۋەيران قىلىۋەتكەندىلا، ياسىننى تىنچ ـ ئامان ئىشغال قىلىشقا كاپالەتلىك قىلغىلى بولاتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

يىراقتا مۇۋەپپەقىيەتلىك يۈرۈش قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى

كىچىك بولۇرنىڭ تىنچلاندۇرۇلغانلىقى ھەمدە گاۋ شيەنجىنىڭ ئوردىغا غەلىبە بىلەن قايتقانلىقى توغرىسىدىكى خاتىرىنى بىز باشتا تەرەپتە مۇھاكىمە قىلىپ ئۆتكەنىدۇق. «تاڭنامە» دىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، بۇ زەپەر قۇچقان سانغۇن ئەسىرگە چۈشكەن كىچىك بولۇرنىڭ پادىشاھى سۇشىلىچى (苏失利之) ۋە خانىشنى ئېلىپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ پايتەختىگە غەلىبە بىلەن قايتىپ كەلگەن. پادىشاھ كىچىك بولور پادىشاھىغا كەڭچىلىك قىلىپ، ئۇنى تاڭ سۇلالىسىنىڭ ھامىيلىقىغا ئالغان. لېكىن، ئۇنىڭ بەگلىكى جۇڭگونىڭ بىر ھەربىي رايونى قىلىپ ئۆزگەرتىلىپ، «گۈيرېن» (归仁) دەپ ئاتىلىپ، ئۇردا ئۇ يەرنى قوغداشقا 1000 كىشىلىك قوشۇن تۇرغۇزغان. گاۋ شيەنجىنىڭ يىراقتا ھەربىي يۈرۈش قىلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىقى، ئەتراپتىكى رايونلاردا چوڭقۇر تەسىر قوزغىغان. بۇلار «تاڭنامە»دىكى مۇناسىۋەتلىك خاتىرىلەردە تولۇق نامايان قىلىنىپ: بۇنىڭ بىلەن فۇلىن (Fu–lin، سۈرىيە Syria)، ئەرەب (تازىك) قاتارلىق 72 بەگلىكنىڭ ھەممىسى ھەيران قېلىپ، قورقۇپ ئەل بولغان» دەپ كۆرسىتىلگەن.

تاڭ سۇلالىسى قوشۇنى پامىر ئېگىزلىكى ۋە ھىندىقۇش تېغىدىكى تەبىئىي توسالغۇلاردىن ئوڭۇشلۇق ئۆتۈپ، ئادەم ئىشەنگۈسىز جەبىر ـ جاپا ۋە خەتەرلەرنى يەڭگەچكە، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق مۇۋەپپەقىيەتلىك ھەربىي يۈرۈشى ھەممە يەرگە كەڭ تارالغان. مەن ئامۇ دەرياسىنىڭ ئەڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى داركوت ئەتراپىدىكى تەبىئىي مۇھىتنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرەلىگەنلىكىمدىن ئىنتايىن رازى بولدۇم. ئۇ «تاڭنامە»دىكى گاۋ شيەنجىنىڭ ھەربىي يۈرۈش قىلغانلىقىغا ئائىت خاتىرە

بىلەن ئوخشاش ئىدى. نوقۇل ماددىي جەھەتتىكى قىيىنچىلىق ھەم غەلىبە قىلغان قىيىنچىلىق دەرىجىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ گاۋلى (كورىيەلىك)-لىق مەشھۇر سانغۇن گاۋ شيەنجى قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلەرنى ياۋروپا تارىخىدىكى ئاشۇ ئاتاقلىق قوماندانلارنىڭ تاغقا چىققان ئۇلۇغ نەتىجىلىرى بىلەن تەڭ ئورۇندا قويغىلى بولىدۇ. ئۇ تۇنجى قېتىم، شۇنداقلا ئەڭ ئاخىرقى قېتىم تەشكىللىك ئاساستا بىر قوشۇننى يېتەكلەپ، پامىر ئېگىزلىكىدىن ئۇدۇللا ئۆتۈپ، ياسىن ۋە گىلگىتنى قوغداش، شىمالدىن كېلىدىغان تاجاۋۇزچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئاشۇ غايەت زور تەبىئىي توساقلارنى مۇۋەپپەقىيەتلىك بۆسۈپ ئۆتكەن. بۇ رەھبەرلىك قىلغۇچىنىڭ قابىلىيىتى ۋە ئىقتىدارىغا بولغان ھۆرمەت كىشىلەرنىڭ تارىخىي كىتابلاردىكى خاتىرىلىرىدە ئاشكارىلانغان، قول ئاستىدىكىلەرنىڭ ئەنئەنىۋى ئاجىزلىقىغا بولغان تونۇشىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ تېخىمۇ داڭ چىقارغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورىخانىسى
www.uyghurkitap.com

# ئۈچىنچى باب

# ئامۇ دەرياسىدىن خوتەنگىچە

## 1 ـ بۆلۈم دەسلەپكى مەزگىلدىكى ۋاخان

1906 ـ يىلى 19 ـ مايدا مەن باروغىلنىڭ ئېگىز ئىگەرسىمان تاغ تىزمىلىرىدىن ئۆتۈپ، ۋاخان ۋادىسىغا كەلدىم. ئۇنىڭ ئۇزۇنغا سوزۇلغان ۋادىلىرى مېنى ئەزەلدىن جەلپ قىلىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ مېنىڭ سەپىرىمدىكى ئەڭ ھەۋەس قىلىدىغان يول بۆلىكىنىڭ بىرى ئىدى. مەن دەسسەپ تۇرغان بۇ زېمىن ۋاخان ئىدى. ئۇ ئىراننىڭ ئەڭ شەرق تەرىپى ۋە ئامۇ دەرياسىنىڭ بېشى بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئەزەلدىن كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان، تارىخىي قىزىقارلىقا تولغان زېمىندىن ئىدى. كىچىككىمدىن تارتىپلا ئىنتىلىپ كەلگەندىم. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ زېمىن ئەڭ دەسلەپكى ۋاقىتلاردىن باشلاپلا، غەربىي ئاسىيانىڭ كىلاسسىك دۇنياسى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا ئىچكى قۇرۇقلۇقى، ھەتتا يىراق شەرقنى تۇتاشتۇرىدىغان ئاساسلىق يول ئىدى.

### ۋاخاننىڭ جۇغراپىيەلىك ئورنىنىڭ مۇھىملىقى

تەبىئەت ئەسلىدىنلا خۇددى ئۆزى ئىپادىلەپ بەرگەنگە ئوخشاش، ۋاخاننى مۇنبەت بەدەخشان رايونىدىن تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي گىرۋىكىدىكى بوستانلىقلار ئارىسىدىكى ئەڭ بىۋاسىتە چوڭ يول قىلىپ ياراتماقچى بولغان بولسا كېرەك. چۈنكى، پۈتكۈل پەنج دەرياسى ۋادىسىنى بويلاپ، بەدەخشان يولى بىلەن تۇتىشىدىغان ئىشكاشىم (Ishkāshim)دىن سارخادقىچە

بولغان 120 مىلغا يېقىن بۆلەكتە، ناھايىتى قولايلىق يەر شەكلى ۋە تېرىقچىلىق ئىشلىرى مەۋجۇت بولغاچقا، بۇ يەردە سەپەر قىلىش ئاسانغا چۈشكەنىدى. دەرۋەقە، سارخادتىن باشقا ئابۇئى پەنج بىر تار جىلغا بىلەن چەكلىنىپ قالغان بولۇپ، ئىككى كۆن جاپالىق يول مېڭىشقا توغرا كېلەتتى. لېكىن، تۆۋەنگە مېڭىپ، كىچىك پامىردىن ئۆتۈپ، ۋاخجىر تاغ ئېغىزىغا كەلگەندە، يول كېڭىيىپ باراتتى. ۋاخجىر تاغ ئېغىزى بىر يىلنىڭ خېلى ئۇزاق ۋاقىتلىرىدا ئوچۇق ئىدى. ئۇ يەردىن ناھايىتى ئاسانلا سارىقۇلغا يېتىپ بارغىلى بولاتتى. بۇ يەر ياركەند (Y ārkand R.) دەرياسىنىڭ بېشىغا جايلاشقان بولۇپ، ئەڭ غەربىتىكى ئادەم ئولتۇراقلاشقان جىلغا ئىدى. ۋاخان ۋادىسىنىڭ غەرب بىلەن شەرقنى تۇتاشتۇرىدىغان چوڭ يول بولۇشتەك مۇھىملىقىنى تۆۋەندىكى پاكىتلار ئارقىلىق يەنىمۇ جەزملەشتۈرۈشكە بولىدۇ. سارخادنىڭ يۇقىرىسىدىكى ئىككى كۈنلۈك جاپالىق يولدىن سەل ئۇزۇن بولغان باشقا يوللار ئارقىلىق ئانداپ ئۆتكىلى بولاتتى. بۇ يول ئارقىلىق پەنج دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى تارماق ئېقىنىدىن چوڭ پامىرغا چىقىپ، ئاندىن پامىردىن ئۆتۈپ سارىقۇلغا يېتىپ بارغىلى بولىدۇ. بۇ ئارىلىقتا بىر ياكى بىرقانچە تاغ ئېغىزىدىن ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. ئەمما، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ۋاخجىر تاغ ئېغىزىدىن پاكار ئىدى.

### جۇڭگونىڭ دەسلەپكى مەزگىللەردىكى تارىخنامىلىرىدە يېزىلغان ۋاخان توغرىسىدىكى خاتىرىلەر

ئامۇ دەرياسى بىلەن تارىم ئويمانلىقى ئوتتۇرىسىدىكى ئەڭ بىۋاستە قاتناش لىنىيەسى بولغان ۋاخاننىڭ ئورنىنى جەزملەشتۈرۈشتە، بىر قەدەر مول بولغان دەسلەپكى مەزگىللەردىكى تارىخىي خاتىرىلەرگە تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ تارىخىي ماتېرىياللار جۇڭگونىڭ يىلنامە تارىخشۇناسلىرى ۋە ساياھەتچىلەرنىڭ خاتىرىلىرىدىن توپلاپ چىقىلغان. بۇنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىچىدە ئەڭ قەدىمىي بولغان تارىخىي ماتېرىيال ئېھتىمال «خەننامە» تەمىنلىگەن ماتېرىيال بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭدا، ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلارنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىنكى توخرىلار بەش يابغۇ ھۆكۈمرانلىقىدىكى زېمىنغا ئىگە بولغان، بۇنىڭ ئىچىدىكى بىرى شيۇمى (休密) يەنى ۋاخان بەگلىكى دەپ ئاتىلاتتى، دەپ كۆرسىتىلگەن. «تاڭنامە»دە شيۇمى خۇمى (护密، يەنى ۋاخان بەگلىكى) دەپ ئاتالغان. «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»دىكى بىر خاتىرىدىن قارىغاندا، ئۇ ۋاخاننىڭ قەدىمىي نامىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئۆزگەرتىپ تەرجىمە قىلىنغان شەكلى بولسا كېرەك. «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» دىكى بۇ خاتىرە قەدىمكى توخرىلارغا ئائىت تېخىمۇ بۇرۇنقى تارىخىي ماتېرىياللاردىن كۆچۈرۈۋېلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ناھايىتى ئېنىق قىلىپ، شيۇمى يەكەن (莎车) ھازىرقى يەكەن نىڭ غەربىي تەرىپىگە جايلاشقان، دەپ كۆرسىتىلگەن. «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» دېگەن كىتاب 7 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تۈزۈپ چىقىلغان بولۇپ، كىتابتا شيۇمى جيابېي (伽倍) دەپ ئاتالغان، ئۇنىڭ مەركىزى يەنىلا خېمو (和墨) دەپ ئاتالغان، «بۇ خەننامە»دىكى بىلەن ئوخشاش ئىدى.

### سۇڭ يۈننىڭ ۋاخان توغرىسىدىكى بايانلىرى

ۋاخان توغرۇلۇق ئەڭ بالدۇرقى ئەمەلىي خاتىرىلەر سۇڭ يۈن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھى خۇي شېڭنىڭ ساياھەت خاتىرىسىدىن كەلگەن. ئۇلار مىلادىيە 519 ـ يىلى سارىقولدىن ئۇدياناغا بېرىش يولىدا ۋاخان ۋادىسىدىن ئۆتكەن. سۇڭ يۈننىڭ بايان قىلىشىچە، كاۋانتا (汉盘陀، يەنى سارىقول) بەگلىكى تەرەپتىن كۆكئارت ياكى پامىردىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇلار 9 ـ ئاي (غەرب كالېندارى 10 ـ ئاي)نىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ۋاخان بەگلىكىگە يېتىپ كەلگەن. سۇڭ يۈننىڭ بايانىدىكى «ئېگىز تاغ، چوڭقۇر يارلىق، خەتەر دائىم كۆرۈلۈپ تۇراتتى» دېگەنلەردىن بۇ غەربكە يۈرۈش

قىلغۇچىلارنىڭ پەنج دەرياسىدىن سارخادقا بارىدىغان يولدىن ماڭىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى، چۈنكى، تۆۋەندىكى بايانلار بۇ يولغا تېخىمۇ ماس كېلەتتى، ئەمما بۇ چوڭ پامىر ئارقىلىق ماڭىدىغان يولغا ئانچە ماس كەلمەيتتى. ئۇ ئاخىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دەپ يازغان: «پادىشاھ تۇرۇشلۇق شەھەر تاغلىقتا جايلاشقان بولۇپ، پۇقرالىرى پەقەت كىگىز كىيىملەرنى كىيەتتى، زېمىنى قاتتىق سوغۇق بولۇپ، گەمىدە يېتىپ ـ قوپاتتى. بوران ۋە قار كۈچلۈك بولغاچقا، ئادەم بىلەن چارۋىلار بىر ـ بىرىگە چاپلىشىپ ياتاتتى، بەگلىكنىڭ جەنۇبىي چېگراسىدا چوڭ قارلىق تاغ بار بولۇپ، قار كۈندۈزى ئېرىپ، ئاخشىمى توڭلايتتى، قارىماققا قاشتېشى چوققىسىغا ئوخشايتتى».

## خۇيشېڭنىڭ ۋاخان توغرىسىدىكى بايانلىرى

«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» دا ساقلانغان خۇيشېڭنىڭ بۇ يەر توغرىسىدىكى بايانلىرى تېخىمۇ ئورۇنلۇق بولۇپ، ئۇنىڭغا بەزى تەپسىلاتلارمۇ كىرگۈزۈلگەنىدى. «ۋاخان بەگلىكى كاۋانتا (渴槃陁، يەنى سارىقۇل) نىڭ غەربىگە جايلاشقان بولۇپ، ھاۋاسى ئىنتايىن سوغۇق ئىدى. ئادەم بىلەن چارۋا گەمىدە بىللە تۇراتتى. بىر چوڭ قارلىق تاغ بولۇپ، قاراشقا كۈمۈش چوققىدەك كۆرۈنەتتى. ئادەملىرى سۇلۇ نانلىرىنى يەيتتى. سۇلۇ ھارىقى ئىچەتتى. كىگىز ۋە تېرىدىن قىلىنغان كىيىملەرنى كىيەتتى. بۇ يەردە ئىككى يول بولۇپ، بىرى غەربتىكى ئېفتالىت بەگلىكىگە، يەنە بىرى غەربىي جەنۇبتىكى ئۇدياناغا تۇتىشاتتى. بۇلار ئېفتالىت بەگلىكىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ئىدى». بۇ ئابزاستا بەدەخشان ۋە مەستۇجقا بارىدىغان يولنىڭ يۆنىلىشى كۆرسىتىپ بېرىلگەن بولۇپ، ۋاخان بەگلىكىنىڭ ۋاخان ۋادىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىكەنلىكىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ. بۇ ئىككى تاۋاپ قىلغۇچىنىڭ بۇ بەگلىك توغرىسىدىكى ئادەتتىكى بايانى كىشىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شۇنداق قايىل قىلالايدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ۋاخان توغرىسىدىكى بايانىنىڭ روشەن ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ۋاخاننى ناھايىتى ئاسانلا پەرقلەندۈرۈپ كەتكىلى بولاتتى. ۋۇدىن كېيىنكى بارلىق ھازىرقى زامان سەيياھلىرى ۋاخاننىڭ كىلىمات مۇھىتىنى، ئادەملىرىنىڭ جېنىدىن ئۆتىدىغان سوغۇق ۋە ناچار شارائىتىنى خاتىرىلىگەن. جەنۇب تەرەپتىكى چوڭ قارلىق تاغ توغرىسىدىكى بايان ناھايىتى مۇۋاپىق ھالدا پۈتكۈل ۋادىنىڭ يۇقىرىسىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ھىندىقۇش تاغ تىزمىسىنىڭ جەسۇرانە قىياپىتىنى نامايان قىلغان. ئۇلار ھەتتا تاغ چوققىسىنى قاشتېشى ياكى كۈمۈشكە ئوخشاتقان. بۇ ھەقىقەتەنمۇ شۇ يەرنىڭ رەڭگىگە مۇۋاپىق كەلگەن. بۇنى كىشىلەرنىڭ يەرلىك تىلىدىكى «بولىپ» (伯勒) دېگەن سۆزنىڭ ئاممىباب چۈشەندۈرۈلۈشىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇ سۆز بۇرۇندىن تارتىپ كۆپ خىل شەكىلگە ئىگە بولۇپ، ئىشلىتىلىشىمۇ ناھايىتى مۇجمەل ئىدى. ئۇ ئەزەلدىن جەنۇب تەرەپتىكى تاغلىق رايونلار بىلەن چىتىشلىق بولۇپ، ئەنئەنە جەھەتتە ئىزچىل تۈردە «خىرۇستال» (水晶، bilaur) دېگەن سۆز بىلەن باغلىنىشچانلىقى بار ئىدى. لېكىن «بوخىپ» (钵和)، يەنى «ۋاخان» دېگەن بۇ سۆزنىڭ ئۆزى خۇددى پروفېسسور ماركۇئاد ئوتتۇرىغا قويغاندەك، ۋاخاننى كۆرسەتكەن بولۇشى مۇمكىن. بۇ مىلادىيە 9 ـ ئەسىردىكى بىر مۇسۇلمان ئاپتورنىڭ ئەسىرىدىن بايقالغان.

**«تاڭنامە» دىكى ۋاخان**

مىلادىيە 658 ـ يىلى جۇڭگو غەربىي تۈركلەرنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ تەۋەلىكىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا زېمىنى تاڭ سۇلالىسىنىڭ تېررىتورىيەسىگە كىرگۈزۈلگەن. ۋاخانمۇ «بوخىپ» دېگەن نام بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ مەمۇرىي رايون تىزىملىكىدە بار ئىدى. بوخىپ بىلەن سولېسىخې (娑勒色河 So-lê-so-ho) شەھىرى ئۇ چاغدا خۇمىدو

（护密多）بەگلىكىدە قۇرۇلغان بىر مەمۇرىي رايوننىڭ بىر قىسمى بولۇپ كەلگەنىدى. بۇ بەگلىك ھازىرقى ۋاخان ۋادىسىغا جايلاشقان. «يېڭى تاڭنامە. غەربىي يۇرت ھەققىدە قىسسە»دىكى بىر ئابزاس خاتىرە بۇ يەرنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى بىلىشكە ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بەرگەن. شۇنىڭ قىسمەنلىرى شۆەنزاڭنىڭ «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» دىن ئېلىنغان. بۇ توغرىسىدا كېيىن مۇھاكىمە ئېلىپ بارىمەن. «يېڭى تاڭنامە. غەربىي يۇرت ھەققىدە قىسسە» دە «خۇمى تاموستېتى ياكى خۇپىڭ دەپ ئاتىلاتتى. يۈەن، ۋېي سۇلالىسىگە كەلگەندە، بوخې دەپ ئاتالغان بولۇپ، توخارلارنىڭ تەۋەلىكىدە ئىدى... ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1600 چاقىرىم كېلەتتى. توغرىسىغا تار بولۇپ، تۆت ـ بەش چاقىرىم كېلەتتى. پادىشاھ سكاشىم[①]（塞迦审）شەھىرىدە تۇراتتى، شىمال تەرىپى ۋۇخۇ دەرياسى（乌浒، يەنى ئامۇ دەرياسى)غا تۇتىشاتتى. بۇ يەر سوغۇق، يېرى ئېگىز ـ پەس بولۇپ، ھەم قۇم ـ شېغىللىق ئىدى. بۇ يەردىن ماش، بۇغداي چىقاتتى، مېۋىلىك دەرەخ ئۆستۈرۈشكە باب كېلەتتى؛ ئاتنىڭ ياخشىسى چىقاتتى؛ ئادەملىرىنىڭ كۆزى كۆك ئىدى. شۇ يەردىكى تۆت بەگلىك توخارلارغا قارايتتى، كېيىن تىبەتلەرگە قارايدىغان بولدى» دەپ خاتىرىلەنگەن.

**«تاڭنامە» دىكى تارىخىي ماتېرىياللار**

بىز تەپسىلىي ئاساس كۆرسەتمىسەكمۇ، تۆۋەندىكى ئابزاستا كۆرسىتىلگەن جۇغراپىيەگە ئائىت ئىلمىي ماتېرىيال ۋاخاننىڭ ئەھۋالى بىلەن ناھايىتى ئوخشاش ئىدى. بۇ يەرنى كېسىپ ئۆتىدىغان قاتناش لىنىيەسى ۋە تىبەتلەرنىڭ بۇ يەرگە بولغان بىر مەزگىللىك تەسىرى توغرىسىدىكى خاتىرىلەر روشەن تارىخشۇناسلىق قىممىتىگە ئىگە ئىدى. ئۇنىڭ مەركىزىي

① سكاشىم شەھىرى بۈگۈنكى ئىشكاشىم رايونىنى كۆرسىتىدۇ ـــ مۇھەررىردىن.

شەھىرى ــ سىكاشىمىنىڭ ئورنى ھازىرقى ئىشكاشىمدا بولۇپ، بۇ يەر ۋاخاننىڭ ئەڭ غەربىدىكى بىر چوڭ قىشلاق ئىدى. «تاڭنامە» دە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ۋە بۇ يەردە ئاددىي يىغىنچاقلانغان تارىخىي ماتېرىياللار بىر جەھەتتىن، جۇڭگونىڭ مىلادىيە 7 ـ، 8 ـ ئەسىرلەردە ۋاخان رايونلىرىنى كونترول قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرسە؛ يەنە بىر جەھەتتىن، شۇ يەردىكى ھۆكۈمران جەمەتنىڭ ئارىسىدا تۈركلەرنىڭ كۈچلۈك تەسىرىنىڭ ساقلىنىپ كېلىۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى. بۇ خىل تەسىر بەلكىم بەدەخشان رايونى بىلەن بولغان زىچ ئالاقە ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشقان بولۇشى مۇمكىن. مىلادىيە 656 ـ يىلىدىن 660 ـ يىلىغىچە بۇ يەر جۇڭگونىڭ مەمۇرىي رايونى قىلىپ ئۆزگەرتىلىپ، زېمىنى نياۋفېي (乌飞州) ئايمىقى دەپ ئاتىلىپ، پادىشاھىغا مەمۇرىي رايون ئەمەلدارى، يەنى ئايماقبېگى ئۇتۇغاتى بېرىلگەن، ئۇنىڭغا تۈركچە ئالىپ ئىلتەبىر (颉利发) دېگەن ئۇتۇغات نام بېرىلگەنىدى. «تاڭنامە»دە يەنە تىلغا ئېلىنىشىچە، مىلادىيە 720 ـ يىلى ۋاخان بەگلىكىنىڭ پادىشاھىغا تاڭ پادىشاھى تەرىپىدىن بىر قاتار تۈركچە نام ـ ئەمەل بېرىلىپ، ئۇنىڭ مەنسىپى ۋە دەرىجىسى ئۆستۈرۈلگەن. مىلادىيە 728 ـ يىلى ۋە 729 ـ يىلى بۇ بەگلىكنىڭ پادىشاھىنىڭ ئوردىغا سوۋغات تەقدىم قىلغانلىقى، 741 ـ يىلى بەگلىك پادىشاھى خۇچىنتەن (护真檀) نىڭ ئۆزى بىۋاسىتە ئوردىغا كېلىپ، پادىشاھ بىلەن كۆرۈشكەنلىكى خاتىرىلەنگەن.

ئېنسىكلوپېدىك ئەسەر «كىتابلار جەۋھىرى» دە بىر پارچە ئەمىلىنى ئۆستۈرۈش پەرمانى ساقلانغان بولۇپ، ئوردا بۇنى ۋاخان ئەلچىسىگە بەرگەنىكەن. مەزكۇر ئەلچىلەرنى ۋاخاننىڭ ھۆكۈمرانلىرى ئەۋەتكەن بولۇپ، ئۇلار ئوردىغا تىبەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئۈزگەنلىك ئارزۇسىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن كەلگەنىكەن. بۇ ئىش مىلادىيە 742 ـ يىلى يۈز بەرگەن.

مۇشۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، گاۋ شيەنجى باشلىغان، خاتىرىلەشكە ئەرزىيدىغان مىلادىيە 747 ـ يىلىدىكى ئۇزۇن سەپەر، تىبەتلەرنىڭ داركوت ۋە باروغىل تاغ ئېغىزى ئارقىلىق ئالغا ئىلگىرىلەش يولىنى ئۈزۈۋېتىشتىن بۇرۇن، ۋاخان ناھايىتى روشەن ھالدا تىبەتلەرنىڭ تاجاۋۇزچىلىق بېسىمىغا ئۇچرىغانىدى. بەلكىم بۇ نۇقتىلىق ئۇلۇغ غەلىبىنىڭ نەتىجىسى بولسا كېرەك. خۇچىنتەن مىلادىيە 749 ـ يىلى يەنە بىر قېتىم ئۆزى بىۋاستە ئوردىغا بېرىپ، سۇلالىنىڭ قوماندانى دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشكەن. 758 ـ يىلىغا كەلگەندە، تارىخىي كىتابلاردا بىر ۋاخان «پادشاھى»نىڭ سۇلالە پايتەختىگە بېرىپ، ئوردىدا قوبۇل قىلىنىشقا ئېرىشكەنلىكى توغرىسىدا خاتىرە قالدۇرۇلغان. ۋاخان خېلى ۋاقىتلارغىچە توخارستانغا بىۋاستە تەۋە بولۇپ كەلگەن، بۇ خۇددى بەدەخشاننىڭ ھازىرقى سىياسىي تەقدىرىنى ئۈستىگە ئالغانغا ئوخشاش ئىدى. بۇنداق ئەھۋالنى توخارستان يابغۇسىنىڭ ئاكىسى ئوردىغا سۇنغان مۇراجىئەتنامىدىن ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇ ئىش مىلادىيە 718 ـ يىلى يۈز بەرگەن بولۇپ، بۇ ھۆججەت «كىتابلار جەۋھىرى»دە ساقلانماقتا. بۇ مۇراجىئەتنامىدە ئېنىق قىلىپ، ۋاخان مەركىزىي شەھەر بولۇپ، بۇرۇن ئەۋلادتىن ـ ئەۋلاد توخارستاننىڭ ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىپ كەلگەن، دەپ يېزىلغان.

### شۈەنزاڭنىڭ خاتىرىسىدىكى ۋاخاننىڭ نامى

ۋاخان بىلەن توخارلار ئوتتۇرىسىدىكى قويۇق مۇناسىۋەتنى شۈەنزاڭ ۋاخانغا ئائىت ساياھەت خاتىرىسىدە تەپسىلىي خاتىرىلىگەنىدى. مىلادىيە 642 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە، شۈەنزاڭ بەدەخشاندىن پامىر ۋە سارىقولغا بېرىش يولىدا، تاموستېتى بەگلىكىدىن ئۆتكەنىكەن. بۇ يەر بىلەن ۋاخاننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يەر — ئورۇن پاكىتىنى ئەڭ ئاۋۋال گېنېرال

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

كۆنىنگخام ئۆتتۈرىغا قويغانىدى. كېيىن، ۋ . د. سانكت مارتىن ۋە ھېنرى يۇل قاتارلىقلارمۇ شۇەنزاڭنىڭ بۇ سەپىرى ئۈستىدە توختالغاندا ئۇنى ئېتىراپ قىلغان؛ گەرچە نۆۋەتتە تاموستىپتى دېگەن نام توغرىسىدا رازى بولغۇدەك بىر چۈشەندۈرۈش بولمىسىمۇ، لېكىن «تاڭنامە»دىكى نەقىل ۋە «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى»دىكى بىر ئىزاھاتتىكى بۇ يەرنىڭ يەرلىك نامى ۋاخان دەپ ئاتىلاتتى، دېگەن ئەھۋاللاردىن قارىغاندا، تاموستىپتى بەلكىم ۋاخاننى كۆرسەتكەن بولۇشى مۇمكىن. يەنە شۇ ئىزاھاتتا، ۋاخاننىڭ يەنە بىر نامى چېنكەن (镇侃 Chên-k'an) ياكى خۇكەن (镬侃) دەپ ئاتىلاتتى، دەپ كۆرسىتىلگەن. كېيىنكى بىر نام «تاڭنامە» دىمۇ خاتىرىلەنگەن بولۇپ، بۇنى ۋاخانىڭ يەنە بىر خىل تەرجىمىسى دەپ قاراشقا بولىدۇ.

تاموستىپتى بەگلىكى توغرىسىدا «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» دە مۇنداق دېيىلگەن: «تاموستىپتى بەگلىكى ئىككى تاغ ئارىسىغا جايلاشقان بولۇپ، توخار ئېلىگە قارايتتى. شەرقتىن غەربكىچە 1500 — 1600 چاقىرىم، جەنۇبتىن شىمالغىچە تۆت - بەش چاقىرىم كېلەتتى. ئەڭ تار يېرى بىر چاقىرىممۇ كەلمەيتتى، بۇ بەگلىك ئامۇ دەرياسىنىڭ بويىدا ئىدى. يەر شەكلى ئەگرى - بۈگرى ۋە ئېگىز - پەس بولۇپ، پۈتۈنلەي شېغىللىق ئىدى. ھاۋاسى ئىنتايىن سوغۇق ئىدى. بۇغداي بىلەن ماشلا تېرىلاتتى. دەل - دەرەخلىرى ئاز، گۈل - گىياھ ۋە مېۋە - چېۋىلەر كەمچىل ئىدى. ياخشى ئاتلار كۆپ چىقاتتى. ئاتنىڭ جۇغى كىچىك بولسىمۇ، چىدامىلىق ئىدى. ئادەملىرى قائىدە - يوسۇنغا ئانچە ئەھمىيەت بېرىپ كەتمەيتتى. مىجەز - خۇلقى سەل چېپىلاڭغۇ، چىراي - شەكلى سەترەڭ ئىدى. كۆل رەڭ كىگىزدە كىيىم كىيەتتى. كۆزلىرى كۆپىنچە كۆك بولۇپ، باشقا ئەللەردىن پەرقلىنەتتى. ئون نەچچە ئىبادەتخانىسى بار بولۇپ، راھىبلىرى ئىنتايىن ئاز ئىدى».

«بۈيۈك تاغ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى»دە يەنە مۇنداق دەپ يېزىلغان: «خوتەن (昏驮多) شەھىرى بەگلىكنىڭ مەركىزى ئىدى. ئالدىنقى پادىشاھ شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئىبادەتخانا سالدۇرغانىدى ئالدىنقى پادىشاھ سالغانىدى. دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىش ئۈچۈن زال بۇ بەگلىكتە بۇرۇن ھېچكىم بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلمىغان، دىۋە ـ ئالۋاستىلار پەيدا بولغاندىن كېيىن، نەچچە بالا ـ قازادىن ساقلىنىش ئۈچۈن يۈز يىل ئىلگىرىلا بۇددىغا ئېتىقاد قىلغان»، «ئىبادەتخانىنىڭ چوڭ زالىدا بىر تاش بۇددا ھەيكىلى بار بولۇپ، ھەيكەلنىڭ ئۈستىگە ئالتۇن ۋە مىستىن ياسالغان يۇمىلاق تۇۋاق ئېسىلغان، ئادەم چۆرگىلىسە تۇۋاقمۇ چۆرگىلەيتتى، ئادەم توختىسا تۇۋاقمۇ توختايتتى، ئۇنىڭ خاسىيىتىنى بىلىپ بولغىلى بولمايتتى».

### شۇەنزاڭنىڭ بايانىنى تۈزىتىش

شۇەنزاڭ ۋاخان ۋادىسىنىڭ توغرىسىغا تار، لېكىن ئۇزۇن بولۇشتەك جۇغراپىيەلىك ئالاھىدىلىكىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغان. لېكىن، ۋادىنىڭ شەرقتىن غەربكىچە بولغان ئۇزۇنلۇقىنى ئارتۇق مۆلچەرلەپ قويغان. چۈنكى، ۋاخجىر تاغ ئېغىزىدىن ئىشكاشىمغىچە بولغان يول، بۇ جەھەتتە يولنىڭ ئەگرى ـ بۈگرى ئەھۋالى ۋە سارخادنىڭ يۇقىرىسىدىكى جاپالىق يول بۆلىكىنى نەزەردە تۇتقان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى ئەڭ جىق بولغاندىمۇ 200 مىلدىن ئاشمايتتى. پۈتكۈل ۋادىنىڭ ئادەم ئولتۇراقلاشقىلى بولىدىغان يەرلىرىنىڭ نىسپىي تارلىقىنى شۇەنزاڭ خاتىرىسىدە ناھايىتى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغانىدى. ئەمما، بىز شۇنى ئېنىق بىلىشىمىز كېرەككى، شۇەنزاڭ ئۆزى بۇ ئاساسلىق جىلغىنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى ئۆلچەش پۇرسىتىگە ئىگە بولالمىغان. چۈنكى، ئۇنىڭ پامىردىن ئۆتكەن يولى لەنگاركىشت (Langar Kisht) تا بولۇپ، يۇقىرىغا قاراپ ماڭغاندا ۋىكتورىيە كۆلىگە بارغىلى بولاتتى. شۇەنزاڭ ماڭغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يوللار ئادەتتە هازىرقى يوللار دائىرىسى ئىچىدە چەكلىنىپ قالغان. ئۇنىڭ بۇ يول توغرىسىدىكى باياناتى سەپەر جەريانىدىكى ئەمەلىي ئەھۋالنى تولۇق نامايان قىلىپ بەرگەن. ئوخشاش بولمىغان يەر شەكلى، شىبغىللارغا كۆمۈلگەن يەلپۈگۈچسىمان ئېقىن چۆكۈندىسى، ئېگىز - بەس تاغ تىزمىلىرى، يىراقتا سوزۇلغان دەريا ساھىللىرى، زىرائەت ۋە يېشىللىقتا پۈركەنگەن ۋادىلار دائىم ئۆزئارا ئالمىشىپ كەلگەن.

## ۋاخانلىقلار

شۆەنزاڭنىڭ ۋاخاننىڭ بايلىقى ۋە مەھسۇلاتلىرى توغرىسىدىكى باياني ئىنتايىن توغرا بولغان. بۇ يەرگە كېلىپ باققانلارنىڭ ھەممىسى بۇ كۆزقاراشقا قوشۇلاتتى، يەنى بۇ يەرنىڭ ئەتىياز ۋە ياز پەسىللىرىدە بوران توختىمايتتى. بۇ ھال بۇ يەرنىڭ كىلىماتى ۋە ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ ئۆسۈشىگە پايدىسىز تەسىرلەرنى ئېلىپ كەلگەن. لېكىن، دەل مۇشۇنداق جاپا - مۇشەققەتلىك شارائىت تۈپەيلى ۋاخاننىڭ پاكار ئاتلىرى ناھايىتى چىدامچان بولۇپ يېتىلەتتى. ۋاخاننىڭ خاسلىقى ئۇنىڭ ناچار كىلىمات شارائىتى ۋە يىرىك كىيىم - كېچەكلىرىدە ئىپادىلىنەتتى. بۇ خىل كىيىملەر قوي تېرىسى ۋە يۇڭدىن تىكىلگەن بولۇپ، ۋاخانلىقلارنىڭ بىردىنبىر بايلىقى ھېسابلىناتتى ھەمدە شۇ دەۋردىكى قاتتىق سوغۇق بولىدىغان رايوندىكى ئاھالىلەرگە بىر خىل جاپالىق ۋە بەستلىك مىجەز - خاراكتېر بەخش ئەتكەندى. شۆەنزاڭ دەۋرىدىكى ۋاخانلىقلارنىڭ ھازىرقىغا ئوخشاش ئالپىنۇس (Homo Alpinus) تىپىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان گالچا (Galcha) تارماق سىستېمىسىغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىدە بەلكىم ئانچە كۆپ مەسىلە بولمىسا كېرەك. ئۇلار خېلى بۇرۇندىن تارتىپلا پامىر ئېگىزلىكىنىڭ غەربىي ۋە جەنۇبىي باغرىنى ئىگىلىگەن. مەن ئۇچراتقان ۋاخانلىقلاردا خۇددى ئۇلارنىڭ قوشنىسى

سارىقوْللوْقلارغا ئوخشاش ساپ ئىران تاغلىق تاجىكلىرىنىڭ بەدەن ئالاھىدىلىكى تولۇق نامايان بولۇپ تۇراتتى. ئادەم بەدىنىنى ئۆلچەش خاتىرىسى ۋە مەن تارتقان سۈرەتلەرمۇ بۇنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيتتى. سېرىق چاچ ۋە كۆك كۆزلۈكلەرمۇ ئۇلار ئارىسىدا كۆپ ئىدى. بۇمۇ شۆەنزاڭنىڭ مۇناسىۋەتلىك خاتىرىلىرىنى ئىسپاتلايدۇ. شۆەنزاڭ كابۇل تەرەپتىن كېلىپ، شۇ يەردىكى ئادەملەرنىڭ ئىرق تەركىبىنىڭ ئىران ئامىلىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىنى ھېس قىلغان. كېيىن ئۇ توخارىستاندىن ئۆتكەن. ئەمما، ئۇ يەردىكى ئىپتىدائىي ئىران ئىرقى كېيىنكى ۋاقىتلاردا تۈرك ۋە سىرتتىن كەلگەن باشقا قان سىستېمىسىدىكىلەر بىلەن روشەن شالغۇتلاشقانلىقىنى ھېس قىلغان. شۇڭا، ۋاخانغا كىرگەندىن كېيىن، بۇ يەردىكى ئاھالىلەرنىڭ چىرايىدىكى ئۆزگىرىش بۇ تاۋاپ قىلغۇچىغا ناھايىتى روشەن بىلىنگەن.

### ۋاخاننىڭ كونا پايتەختى

ۋ. د. سانكت مارتىن شۆەنزاڭنىڭ خاتىرىسىدىكى خۇنتوتو بىلەن ھازىرقى خاندۇت (Khandūt)نىڭ ماسلىشىشچانلىق مۇناسىۋىتىنى تۇنجى بولۇپ تونۇپ يەتكەن. بۇ بىر چوڭ مەھەللە بولۇپ، پەنج دەرياسىنىڭ ئىككى تارماق ئېقىنىنىڭ بىرلىشىدىغان يېرىدىن 20 مىل تۆۋەنگە جايلاشقان. ئۇ تا ھازىرغىچە ۋاخاندىكى تۆت مەمۇرىي رايوننىڭ بىرىنىڭ مەركىزى بولۇپ كەلگەندى. بۇ يەرنىڭ جۇغراپىيەلىك ئورنىنىڭ مۇھىملىقىنى ھازىرقى قورغان كەنتىنىڭ ئۇدۇلىدىكى بىر قورغان ئىزناسىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ۋۇدي، بۇ قەدىمىي قەلئە ئىسلام دىنى مەزگىلىدىن بۇرۇنقى خارابە بولۇپ، ئۇ «زامرى ئاتەشپەرەس (Zamr-i-ātish-parast)» دەپ ئاتىلاتتى، دەپ ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ يەردە نۇرغۇن تېرىلغۇ يەر ۋە يايلاق بولۇپ، بۇ جەھەتتىكى ئەۋزەللىك تۈپەيلىدىن ۋاخاننىڭ ھۆكۈمرانلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىرمەھەل ھۆكۈمەتنىڭ تۈرۈشلۈق ئورنىنى كىلا پەنجا (Kila Panja)دىن خاندۇتقا يۆتكەمەكچىمۇ بولغانىدى. بۇ يەردە شۈەنزاڭنىڭ خاتىرىسىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان بۇددا دىنى ئىبادەتخانىسى ئىزناسى ساقلىنىپ قالدىمۇ - يوق؟ بۇنى پەقەت شۇ يەردە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق جەزملەشتۈرگىلى بولىدۇ.

ۋۇكۇڭنىڭ ۋاخاندىن ئۆتۈشى

تاڭ دەۋرىدىكى جۇڭگونىڭ ھۆججەتلىرىدە ۋاخان توغرىسىدىكى ئەڭ ئاخىرقى خاتىرە ۋۇكۇڭنىڭ ساياھەت خاتىرىسى بولۇپ ھېسابلىناتتى. ئۇ مىلادىيە 751 - يىلى قەشقەردىن يولغا چىقىپ، چۇۋېي (يەنى مەستۇج)غا بېرىش يولىدا بۇ رايوندىن ئۆتكەن. بۇ غەربكە يۈرۈش قىلغۇچىنىڭ خاتىرىسى ئەزەلدىن ناھايىتى ئىخچام بولۇپ، خاتىرىدە پەقەت شۇ يەرنىڭ نامىنى ئاتاپلا ئۆتكەن. ئۇ كەينى - كەينىدىن «كۆكئارت»، «ياغيۇ تاغ ئېغىزى» ۋە «پامىر تېغىدىكى بەش شىغنان بەگلىكى»دىن ئۆتۈپ، ۋاخانغا يېتىپ بارغان. بەش شىغنان بەگلىكى ھازىرقى شىغناننى كۆرسىتىدۇ. پامىر ھازىرقى پامىر تېغىنىڭ ئۆزى ئىدى. بۇ ئىككىسىنى تەڭ ئوتتۇرىغا قويۇشتا، بۇ ئىككىلىسىنىڭ ئامۇ دەريا ئېقىنىدىكى ئاشۇ تاغلىق رايون مەركىزىگە قارايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن بولسا كېرەك. «تاڭنامە»دىكى شىغنان توغرىسىدىكى خاتىرىلەر بىلەن شۈەنزاڭنىڭ شىغنان توغرىسىدىكى بايانلىرىدىمۇ شىغناندىكى چىداملىق تاغ يۇقىرىلىرىنىڭ بۇلاڭ - تالاڭچىلىق خاراكتېرىنى لايىق ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتكەن. ئۇلار بۇ خىل ئادەتنى ھازىرغا قەدەر داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن بولۇپ، بەزىدە پامىردىن ئۆتۈپ بۇلاڭ - تالاڭچىلىق قىلاتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، ۋۇكۇڭنىڭ كۆكئارت توغرىسىدىكى بايانىدىن ناھايىتى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، ئۇ سەپىرىدە سارىقۇلدىن ئۆتكەن. ئۇ بەلكىم نەيزىتاش

(Naiza-tāsh) (ياكيۇ؟) تاغ ئېغىزى ۋە چوڭ پامىر ئارقىلىق ۋاخانغا يېتىپ بارغان بولۇشى مۇمكىن.

**ماركوپولونىڭ خاتىرىسىدىكى ۋاخان**

ۋۇكوڭنىڭ ساياھەت خاتىرىسىدىن كېيىن، جۇڭگونىڭ پامىر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلارغا ئائىت ماتېرىياللىرى 1000 يىلغا يېقىن ئۈزۈلۈپ قالغان. لېكىن، ۋاخاندىن باشلىنىپ بۇ يەردىن ئۆتىدىغان يوللار ئىسلام دىنى مەزگىلىدىمۇ ئەزەلدىن ئۆز مۇھىملىقىنى ساقلاپ كەلگەنىدى. بۇلارنى ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئەڭ ئۇلۇغ سەيياھ — ماركو پولو ئارقىلىق ئىسپاتلىغىلى بولاتتى. مەن «قەدىمكى خوتەن» دېگەن كىتابىمدا ئۇنىڭ پامىردىن قەشقەرغىچە بولغان سەپىرى توغرىسىدا توختالغانىدىم. بۇ يەردە پەقەت ئۇنىڭ بەدەخشاندىن پامىرغىچە بولغان سەپىرىدە بىزگە نېمىلەرنى دېمەكچى بولغانلىقىنى ئاددىيلا ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن. ئۇ مۇنداق يازغان: «بەدەخشان (Badakhshān) دىن يولغا چىقىپ، ئات ـ ئۇلاغلىق 12 كۈن يول يۈردۇق. شەرق ۋە شەرقىي شىمال تەرەپكە قاراپ بىر دەريانى بويلاپ ماڭدۇق. بۇ دەريا ئېقىپ ئۆتىدىغان جايلار بەدەخ پادىشاھىنىڭ ئىنىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا ئىكەن. بۇ يەردە سېپىلغا ئوخشاش سېلىنغان كەنتلەر بار بولۇپ، ۋادىدىكى ھەرقايسى جايلارغا سېلىنغان ئۆيلەرمۇ ئاز ئەمەس ئىكەن. ئاھالىلىرىنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمانلار بولۇپ، جەڭگە ماھىر ئىكەن. 12 كۈنلۈك سەپەر ئاخىرلىشىپ، بىر چوڭ رايونغا يېتىپ كەلدۇق. ئۇنىڭ دائىرىسىدىن ئۈچ كۈندە ئۆتكىلى بولىدىكەن، ئۇ يەر ۋاخان دەپ ئاتىلىدىكەن. ئاھالىلىرى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىكەن. ئۇلارنىڭ ئۆز تىلى بار بولۇپ، ئۇرۇشقا ماھىر ئىكەن، پادىشاھىنىڭ ئىسمى نون (None) بولۇپ، گىراف دېگەن مەنىدە ئىكەن. باشقىلار ئۇنى پادىشاھ بەدەخ دەپ ئاتايدىكەن.»

گىراف ھېنرى يۇلىنىڭ پەرىزى ئىنتايىن توغرا ئىدى، ئۇ

www.uyghurkitap.com

مۇنداق دەپ قارىغان: «ماركو پولو بەدەخشاندىن بويلاپ ماڭغان دەريا ئامۇ دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى بولۇشى مۇمكىن، يەرلىكلەر ئۇنى «پەنجا» (Panja) دەپ ئاتىشىدىكەن ... دەرۋەقە، بەدەخشان تەرەپتىن بۇ دەريا تەرەپكە ئۆتۈشتە يەنە بىر دەريانىڭ بېشى تەرەپكە قاراپ مېڭىپ (ۋاردوج vardoj)، ئىشكاشىم ئېغىزى ( Ishkáshm، يەنى سەيجاشىن شەھىرى)دىن ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. ئىنچام بايان قىلىش تۈپەيلىدىن بىزنىڭ چوقۇم مۇشۇنداق قىسقارتىشىمىز كېرەك ئىدى». ماركو پولونىڭ بۇ چوڭ ئوبزورچىسىنىڭ قارىشىچە، ماركو پولونىڭ يۇقىرىقى سۆزىدە هازىرغا قەدەر ئامۇ دەريا ۋادىسىدا يولغا قويۇلۇۋاتقان شۇ خىل ئوخشاش هۆكۈمەت تۈزۈلمىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ خىل تۈزۈلمە ئاستىدا ئىشكاشىم ۋە ۋاخاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان بەدەخشانغا قارايدىغان كۆپىنچە تاغلىق رايونلار بىۋاستە مىرنىڭ هۆكۈمرانلىقىنى قوبۇل قىلماستىن، بەلكى مىرنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ياكى بۇ رايونغا بىرلىشىپ ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان مىراسخور ئەمەلدارلارنىڭ هۆكۈمرانلىقىدا ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ماركو پولونىڭ خاتىرىسىدە، بەدەخشان بىلەن ۋاخاننىڭ ئارىلىقى 12 كۈنلۈك يول ئىدى، دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان. مېنىڭچە، ئۇ مەركىزىي شەھەردىن مەركىزىي شەھەرگىچە بولغان ئارىلىقنى كۆرسەتكەن بولسا، بۇنى ناھايىتى ئاسانلا چۈشەنگىلى بولاتتى. چۈنكى، باخاراك Bahārak) ۋاردۇج دەرياسى بويىدىكى بەدەخشاننىڭ كونا پايتەختى) تىن كىلا پەنجاغىچە بولغان ئارىلىق دەل 12 كۈنلۈك يول ئىدى.

### ماركو پولو ماڭغان پامىر يولى

ماركو پولو ساياھەت خاتىرىسىدە سەپىرىنىڭ كېيىنكى بۆلىكىنى بايان قىلغاندا، ئۇ چاغدا كىلا پەنجا (هازىرمۇ شۇنداق) ۋاخاننىڭ مەركىزى ئىدى، دەپ ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ: «بۇ كىچىك بەگلىكتىن ئايرىلغاندىن كېيىن، شەرقىي شىمال تەرەپكە قاراپ

ئۈچ كۈن يول ماڭدۇق. ماڭغان يولنىڭ ھەممىسى تاغلىق ئىدى. بۇ تاغلىق ئېگىز چوققىنى كىشىلەر دۇنيا بويىچە ئەڭ ئېگىز يەر دەپ قارايدىكەن. تاغ ئۈستىگە چىققىنىمىزدا بىر ئېگىزلىك كۆرۈندى، ئوتتۇرىسىدا بىر دەريا بار ئىدى ... بۇ ئېگىزلىك پامىر دېيىلىدىكەن» دەپ خاتىرىلىگەن. بۇ يەردە كۆرسىتىلگەن ئورۇن ۋە تەپسىلاتتىن قارىغاندا، تۈزلەڭلىك دېگىنى چوڭ پامىر تۈزلەڭلىكى ئىدى، چوڭ كۆل دېگىنى ۋىكتورىيە كۆلى ئىدى. ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكىمۇ كۆرسىتىلگەنىدى. لەنگاركىشتىن مازارتاپا (Mazār–tapa) بولغان ئارىلىق غىچە تەخمىنەن 62 مىل كېلەتتى. بۇ دەل ماركو پولو ئوتتۇرىغا قويغان ئۈچ كۈنلۈك يول بىلەن ماس كېلەتتى. ئالدى تەرەپتە كۆرسىتىلگەن ئورۇن پەنجا (پەنج) دەرياسىنىڭ شىمالىي تارمىقىدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر كەنت ئىدى. ئۇ كىلا پەنجانىڭ يۇقىرىسىدىن 60 چاقىرىم يىراقتا ئىدى. كېيىنكى بىر ئورۇن چوڭ پامىر تۈزلەڭلىكىدىكى باشلىنىش نۇقتىسى ئىدى.

### ۋاخاننىڭ تارمىقى

ماركو پولونىڭ ۋاخاننى بىر چوڭ ئايماق، ئۈچ كۈنلۈك يولغا توغرا كېلىدۇ، دەپ پەرەز قىلىشىدىن قارىغاندا، بۇ ۋادىنىڭ بىر قىسمى كېيىن ئىشكاشىم ياكى زىباكنىڭ مەركىزى بولغان. بىزچە، بۇ يەر دەل «بەدەخشان پادىشاھى بىلەن ئۇنىڭ ئىنىسىنىڭ» ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايون بولۇشى مۇمكىن. ۋاخان دائىرىسىدىكى بۇ خىل مۇقىمسىزلىقنى ھازىرمۇ كىشىلەر ئەسلەپ ئۆتەلەيتتى. پولكوۋنىك تروتتېر (Trotter) 1874 ـ يىلى يەكەن ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ بىر قىسمىغا ئەگىشىپ ۋاخاننى زىيارەت قىلغان. ئۇ ئېنىق قىلىپ: «ۋاخان بۇرۇن ئۈچ ساد (Sads) ياكى 100 رايوننى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى، ھەر 100 رايوندا 100 دىن ئائىلە ئولتۇراقلاشقان، (ساد ئىسارخاد Sad–i–Sar–hadd، ساد سىپانج Sad Sipanj ۋە ساد خاندۇت

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

(Sad Khandūt) دەپ ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇنىڭدىن سىرت، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، يېقىندا بىر ساد ئىشتاراغ (Sad Ishtaragh) قوشۇلغان بولۇپ، ئۇ دىگارگەند (Digargand) تىن ئىشكاشىمغىچە بولغان جاينى باشقۇرغان، ئۇ بۇرۇن بىر مۇستەقىل رايون ئىدى. ئەڭ ئاخىرىدا بىردىنبىر كۆرستىپ ئۆتىدىغىنىمىز: ماركو پولونىڭ ۋاخان ۋادىسى ئاھالىلىرىنىڭ قوللىنىدىغان تىلى توغرىسىدىكى خاتىرىسى توغرا ئىدى. چۈنكى، ۋاخان تىلىنى ۋاخانلىقلار ئىشلىتىپلا قالماستىن، مەستۇج، خۇنزا، سارىقۇل، شۇنداقلا تېخىمۇ شەرق تەرەپتىكى تاغلىقلارغا تارقالغان ۋاخان كۆچمەنلىرىمۇ ئارىسىدىمۇ ئىشلىتىلەتتى. بۇ بىر مۇستەقىل تىل بولۇپ، گالچا تىلىنىڭ ناھايىتى چەكلىك بىر تارمىقىغا مەنسۇپ ئىدى. ئۇ ھازىر ساقلىنىپ كېلىۋاتقان شەرقىي ئىران تىلىنىڭ ئاساسلىق تارمىقىنى شەكىللەندۇرگەن.

## 2 ـ بۆلۈم ۋاخاندىكى قەدىمىي ئىزلار

مەن ئېكسپېدىتسىيە خاتىرەمدە ئۆزۈمنىڭ سارخادنىڭ تۆۋىنىدىكى ئامۇ دەريا رايونىغا بارالمىغانلىقىمدىكى سەۋەبنى تەپسىلىي چۈشەندۈرۈپ ئۆتكەنىدىم. ئادەمنى ھاياجانغا سالىدىغان ئۇ جاي مېنى كۈچلۈك جەلپ قىلغانىدى. مەن ياش ۋاقتىمدىلا ئۇ يەرگە ئىزچىل دىققەت قىلىپ كەلگەن. بۇ جەھەتتە كەلگۈسىدە ۋاخاننىڭ قەدىمكى يادىكارلىقلىرىغا قارىتا بىر قېتىملىق سىستېمىلىق تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، بۇ بابنىڭ مەزمۇنىنى تولۇقلىشىمغا توغرا كېلەتتى. بۇ يەردە بەزى ئىزلار بار بولۇپ، ئۇ بۇ يەردىن ئۆتكەن سەيياھلارنىڭ دىققىتىنى تولۇق قوزغىغانىدى. بۇ بىر نۇقتىنى ۋۇد ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى سەيياھلارنىڭ خاتىرىلىرىدىن ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولاتتى، ۋۇد كىتابىدا ئۈچ ئورۇندىكى كافىر قەلئەسىنى تىلغا ئالغان.

يەرلىكلەر ئۇنى گۇئېبېرسلار(Guebers) ياكى ئاتەش دىنى مۇرىتلىرىنىڭ ياسىغانلىقىغا ئىشىنىدىكەن. ئۇلارنىڭ بىرى «زامرى ئاتەشپەرەس» دەپ ئاتىلىدىكەن. ئۇ خاندۇتنىڭ ئۇدۇلىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۇنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەنىدىم. قالغان ئىككىسىنىڭ بىرى زەنگىبار (Zangibar) دەپ ئاتىلىدىكەن. ئۇ كالا پەنجا (Kala-Panja)نىڭ يۇقىرىسىدىن ئانچە يىراقتا ئەمەس ئىكەن؛ يەنە بىرى، كالائى كاكا (Kala-i-kāka) دەپ ئاتىلىدىكەن، ئۇ سىپانچقا يېقىن ئىكەن. بۇ ئىككى قەلئەنىڭ ھەممىسى ئامۇ دەرياسىنىڭ ئوڭ قىرغىقىغا (ھازىر رۇسىيەنىڭ زېمىنى) جايلاشقان. يېقىن كەلگۈسىدە بەزى قابىلىيەتلىك ئارخېئولوگلار بۇ يەردە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشى مۇمكىن.

## گاۋ شيەنجىنىڭ سارخاد ئەتراپىدىكى غەلىبىسى

ئەگەر ۋاخاننىڭ ئاساسلىق رايونلىرى ماڭا شۇنچىۋالا توسالغۇلارنى ئەكەلدى دېگەن تەقدىردىمۇ، مەن شۇ جايدا ئالدىراشلا تەكشۈرگەنلىكىمدىن يەنىلا رازى ئىدىم. بىز ھازىر ساقلاپ كېلىۋاتقان خاتىرىلەرنىڭ نۇرغۇن جايلىرىدا، ۋاخاندا ئىنتايىن قىزىقارلىق بىر قەدىمىي ئىز بار، دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان. مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، سارخادنىڭ جەنۇبىدىكى ئاشۇ خارابىلىك بولۇپ، جۇڭگولۇق سانغۇن گاۋ شيەنجى مىلادىيە 747 - يىلى ئاشۇ يەردە تىبەت قوشۇنلىرىنى يەڭگەن. تىبەتلەر شۇ چاغدا باروغىل ۋە داركوتتىن ئۆتىدىغان يولنى قوغداپ تۇرغانىدى. مەن شۇ قېتىملىق مەشھۇر ئۇزۇن سەپەرنىڭ ئادەتتىكى جەريانى ۋە ئاشۇ جۇڭگو قوماندانىنىڭ قىسىملارنى قانداق تەشكىللەپ پامىردىن ئۆتۈپ، ياسىنغا بېرىش يولىنى قولغا ئالغانلىقىنى تەپسىلىي ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتكەنىدىم. شۇڭلاشقا، مەن تۆۋەندە «كونا تاڭنامە. گاۋ شيەنجىنىڭ تەرجىمىھالى» قاتارلىق كىتابلار تەمىنلىگەن يەر شەكلىگە

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى

مۇناسىۋەتلىك تەپسىلىي مەزمۇنلارغا ئاساسەن شۇ ئۇرۇشنىڭ ئەھۋالىنى تەھلىل قىلىپ ئۆتىمەن.

«كونا تاڭنامە» دە خاتىرىلەنگەن ئۇرۇش ئەھۋالى

جۇڭگونىڭ ئۈچ تارماق قىسمى (خۇددى مەن كۆرسىتىپ ئۆتكەنگە ئوخشاش) ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا غەرب، شىمال، شەرقتىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپتىن ھەرىكەت باشلىغان. ئۇلار «تەخمىنەن 7 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ئەتىگىنى سەھەردە تىبەتلەرنىڭ لىەنيۇن قورغىنىنىڭ ئۇدۇلغا يىغىلغان. قورغاندا 1000دەك ئەسكەر بار ئىدى. قورغاننىڭ جەنۇبىدىن 15 چاقىرىم كېلىدىغان تاغلىق تىبەتلەرنىڭ بارگاھى قىلىنغان بولۇپ، 8000 دىن 9000 غىچە ئەسكەر بار ئىدى. شەھەرنىڭ ئالدى تەرىپىدە ساباھ (پولي) دەرياسى بولۇپ، سۇ ئۆرلىگەندە ئۆتكىلى بولمايتتى. گاۋ شيەنجى ئۈچ ئۇلاغنى ئۆلتۈرگۈزۈپ نەزىر ـ چىراغ قىلىپ، بارلىق سەركەردىلەرنى ئەسكەر ۋە ئات تاللاشقا بۇيرۇيدۇ ھەمدە ئۈچ كۈنلۈك ئوزۇقلۇق ئالدۇرۇپ، ئەتىگەندە دەريانىڭ بويىغا يىغىلىشقا بۇيرۇيدۇ. دەريادىن ئۆتۈشتە ھېچقانداق توسالغۇغا ئۇچرىمايدۇ، بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن قوشۇن ھاياجانلىنىپ كېتىدۇ. ئەسكەرلەرنىڭ كىيىمى، ئاتنىڭ ئېگەرلىرى ھۆل بولمايلا، قوشۇن دەريادىن ئۆتۈپ قەلئەنى قولىغا ئالىدۇ. بۇنىڭدىن گاۋ شيەنجى ئىنتايىن خۇشال بولۇپ: ‹بىز ئەمدىلا دەريادىن ئۆتۈپ تۇرۇشىمىزغىلا دۈشمەن ھۇجۇم قىلىپ كەلسە چوقۇم مەغلۇپ بولىمىز، بوگۇنلا قوشۇننى تەشكىللەپ دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلىشىمىز كېرەك، بۇ دۈشمەننى يوقىتىشىمىز ئۈچۈن تەڭرى بىزگە بەرگەن پۇرسەت› دەپ دەرھال قوشۇننى تەشكىللەپ، تاغقا قاراپ ھۇجۇمغا ئۆتكەن. چۈشتىن بۇرۇن سائەت 7 — 9 لاردىن 9 — 11 لارغىچە دۈشمەننى ئۇزۇل ـ كېسىل مەغلۇپ قىلىغان. كەچ بولغۇچە 5000 دۈشمەننى قوغلاپ يوقىتىپ، 1000 دۈشمەننى تىرىك تۇتقان.

قالغانلىرى ھەر تەرەپكە قېچىپ كەتكەن. 1000 دەك ئات، سان ـ ساناقسىز ھەربىي مەنقۇلاتلارنى قولغا چۈشۈرگەن».

### سارخاد ئەتراپىغا جايلاشقان لىيەنيۈن قورغىنى

يۇقىرىدا مەن جۇڭگو قوشۇنىنىڭ ماڭغان يولى ۋە گاۋ شيەنجىنىڭ ئۈچ كۈن يۈرۈش قىلىپ تەنچۇ جىلغىسىغا يېتىپ كەلگەنلىكىنى تەھلىل قىلىپ، بۇ ئارقىلىق شاۋان ئەپەندىنىڭ، تىبەتلەرنىڭ لىيەنيۈن قورغىنى ھازىرقى سارخاردىنىڭ ئەتراپىدا ئىدى، دېگەن پاكىتنى ئىسپاتلاپ ئۆتتۇم. دەريادىن ئۆتكەنلىك توغرىسىدىكى باياندىن شۇنى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى: جۇڭگو قوشۇنى توپلاشقان جاي چوقۇم پەنج دەرياسىنىڭ ئوڭ قىرغىقى، يەنى شىمالىي قىرغىقى بولۇشى مۇمكىن. ئۇ يەردە ھازىر سارخادنى شەكىللەندۈرگەن مەھەللىلەر بار ئىدى. لىيەنيۈن قورغىنى دەل مۇشۇلارنىڭ ئۇدۇلىدىكى سول قىرغاقتا جايلاشقانىدى. «قەدىمكى خوتەن» دېگەن كىتابىمدا مەن شۇ قېتىملىق ئۇزۇن سەپەر توغرىسىدىكى خاتىرىنى قىسقىچە مۇھاكىمە قىلىپ ئۆزۈمنىڭ قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدىم ھەمدە لىيەنيۈن قورغىنىنىڭ جەنۇبىدىن 15 چاقىرىم يىراقلىقتىكى تىبەتلەرنىڭ ئاساسلىق قوشۇنلىرى تۇرۇشلۇق ئورۇننى چوقۇم سارخادنىڭ ئۇدۇلىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان پەنج دەرياسى (ئابۇئى پەنجا دەرياسى)دىن ئۆتۈپ، شەرققە بۇرۇلۇپ باروغىل ۋە شاۋىتاخ ئېغىزىدىن ئۆتىدىغان جىلغىدىن تېپىش كېرەك، دەپ ئوتتۇرىغا قويغانىدىم. گاۋ شيەنجىنىڭ غەلىبىسىنى پەقەت دەريادىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكەنلىكىنىڭ ئىلھامى دەپلا قالماستىن، بەلكى ئىككى تەرەپتىكى ئايلىنىپ ھەرىكەت قىلىش دەپ قاراشقىمۇ بولاتتى. ئۇنىڭ قوشۇنى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئېگىزلىكنى ئىگىلەپ، دۈشمەننىڭ مۇداپىئەلىنىش لىنىيەسىدىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئايلىنىپ ئۆتكەن. بىزگە مەلۇمكى، بۇ لىنىيەنىڭ ئارقىسىدا تىبەتلەر ئۇلارنى كۈتۈپ تۇراتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

پىتخار جىلغىسى

مەن 19 ـ مايدا باروغىلدىن تۆۋەنگە قاراپ ماڭغاندا كۆرگەن ئامۇ دەرياسىغا تۇتىشىدىغان جىلغا، شۇنداقلا ئىككى كۈندىن كېيىن مەن غەربىي جەنۇبتىكى ئاشۇ جىلغىنىڭ سۇ چىقىش ئېغىزىنىڭ يان تەرىپىدە ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈشۈم يۇقىرىقى قارىشىمنى ئىسپاتلىدى. بۇ جىلغا باروغىلدىن كېلىدىغان يول بىلەن تۇتىشاتتى. ئەڭ جەنۇبتىكى زارتىغار مەھەللىسى ئەتراپىدىكى يوللار كەڭرى ھەم مېڭىشقا قولايلىق ئىدى. ئۇ يەردە بىر تاشلىنىپ قالغان تۇر بار ئىدى. بۇنىڭدىن كىشىلەرنىڭ بۇ يولنى قوغداشقا ئەزەلدىن كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى. تا ھازىرقى ۋاقىتتىمۇ شۇنداق ئىدى. سەل ئاخىرىغا كەلگەندە دەريا جىلغىلىرى بارغانسېرى تارلىشىشقا باشلىغان بولسىمۇ، مېڭىش يەنىلا قولايلىق ئىدى. ئۇنىڭ دائىرىسى زارتىغارنىڭ ئايىغىدىن ئىككى مىل كېلىدىغان يەردىن باشلىنىپ، پىتخار (Pitkhar) دېگەن ئاشۇ تارقاق ئولتۇراقلاشقان مەھەللىنىڭ سىرتىغىچە ئىدى. بۇ بىر بۆلەك جىلغىنىڭ كەڭلىكى يېرىم مىل، ھەتتا ئۇچتىن بىر مىلغىچە تارلىشىپ كەتكەنىدى. جىلغىنىڭ ئىككى تەرىپى ئېگىز ۋە تىك تاشلىق ھاڭ ئىدى. ئۇلار ھىندىقۇش تېغىنىڭ ئاساسلىق سۇ ئايرىش جىلغىسىنىڭ بۇ يەرگە سوزۇلۇپ كەلگەن تاغ بۇرنىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قالدۇق تىزمىلىرى ئىدى. بۇ جىلغىنىڭ تەبىئىي توسالغۇلىرى قارىماققا تىبەتلەر ئۈچۈن پايدىلىق شارائىت ھازىرلاپ بەرگەنىدى. بۇنىڭ بىلەن باروغىلغا بارىدىغان يولنى توسۇۋەتكىلى، ئۇلارنىڭ ھىندى دەرياسى ۋادىسىدىكى جايلار بىلەن تۇتىشىدىغان بىردىنبىر قاتناش لىنىيەسىنى قوغداپ قالغىلى بولاتتى. جىلغىنىڭ كەڭلىكىدىن جۇڭگونىڭ تارىخ كىتابلىرىدا خاتىرىلەنگەن نىسبەتەن كۆپ ئەسكىرىي كۈچنىڭ دۈشمەننىڭ ئاساسلىق لىنىيەسىنى ساقلاپ تۇرغانلىق سەۋەبىنى چۈشىنىپ يەتكىلى بولاتتى. جىلغىنىڭ ئاستىدىكى تۇپراق ئىنتايىن

يۇمشاق بولۇپ، ناھايىتى تۇز ئىدى. بۇ يەرنى ياز كۈنلىرى يېشىل ئوت ـ چۆپلەر قاپلاپ كېتەتتى. ئەمما، ئەتىياز كېلىشى بىلەن قالايمىقان سۇ چىقىرىش تۇپەيلىدىن، بۇ جاي سازلىققا ئايلىنىپ كېتەتتى، بۇ ئەھۋالنى بەلكىم چۈشەندۈرگىلى بولىدۇ. بۇ نېمە ئۈچۈن مۇداپىئە قىلغۇچى قوشۇننىڭ بۇ تاغلىقتا غەلىتە كۆرۈنىدىغان قوشامداش ئارقىلىق قوغدىنىش ئۇسۇلىنى قوللانغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى. مەن «قەدىمىي خوتەن» دېگەن كىتابىمدا: سارخادنىڭ ئەتراپىدا ئەزەلدىن ياغاچ ماتېرىياللار كەمچىل بولغانلىقتىن، «تاڭنامە»نىڭ تەرجىمىسىدە ئۇتتۇرىغا قويۇلغان «قاشا» بەلكىم بەزى پارچە تاشلار بىلەن ياسالغان تام ياكى «سانگار» (Sangars) بولۇشى مۇمكىن، دېگەن قاراشنى دادىل ئوتتۇرىغا قويغانىدىم. بۇ مېنىڭ يەنە بىر قېتىم جۇڭگونىڭ تارىخ كىتابلىرىدىكى شۇ يەرنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدىكى بىلىمىمنىڭ كەمچىللىكى تۇپەيلىدىن، ئوخشايدىغان يەر شەكلى توغرىسىدىكى خاتىرىنىڭ توغرىلىقىغا قارىتا گۇمانىمنى قوزغاپ قويىدى. بىر جەھەتتىن، مەن بۇ جىلغىنىڭ ئالاھىدە يەر شەكلىگە دىققەت قىلدىم، ئاشۇ ئېغىر تاشلار بىلەن ئىمارەت ياساش مۇمكىن ئەمەس ئىدى، ئەگەر ئاسان بولسا ئۇ باشقا ئىش؛ يەنە بىر جەھەتتىن، مەن كېيىنكى ئابۇئى پەنجادىكى سەپىرىمدە شۇنىڭغا دىققەت قىلدىمكى، گەرچە سارخاد ئەتراپىدا مەن پەرەز قىلغاندەك ياغاچ ماتېرىياللار كەمچىل بولسىمۇ، شائور (Shaor) ۋە باخاراك (Bahārak) دەرياسىغا كىرىش ئېغىزىدىن يۇقىرىسىغا بىر كۈنلۈك يول ماڭىدىغان جايدا بىر تار جىلغا بولۇپ، ئۇ يەردە سۆگەت ۋە باشقا دەل ـ دەرەخلەر ئۆسكەنىدى. بۇ ياغاچلارنى سۇدا ئېقىتىش ئارقىلىق يۆتكەپ كەلگەندە ناھايىتى ياخشى قوشام قىلىپ ياسىغىلى بولاتتى. ئەڭ ئاخىرقىسى، بۇ قوشامنىڭ ئورۇن مەسىلىسى بولۇپ، ئۇلار قارىماققا ھازىرقى زاماندا يۈز بەرگەن ئىككى قېتىملىق جەڭگە ناھايىتى ئوخشاپ كېتەتتى. بۇ ئىككى

قېتىملىق جەڭنىڭ بىرى 1904 ـ يىلى يۈز بەرگەن بولۇپ، ئورنى گۇرۇ (Guru) دا ئىدى؛ يەنە بىرى، شۇ يىلى كارولا (Karola)دا يۈز بەرگەن. بۇ ئىككى قېتىملىق جەڭدە تىبەتلەرنىڭ ئاشۇ تىپىك، ئۇزاقتىن بۇيان قوللىنىپ كېلىۋاتقان مۇداپىئەلىنىش ئۇسۇلى چىقىپ تۇراتتى، يەنى جىلغىنىڭ كەڭرى كەتكەن يېرىگە تام سېلىپ، ئاندىن ئادەملىرى تامنىڭ كەينىگە مۆكۈنۈۋېلىپ ھۇجۇم قىلىشنى كۈتۈپ تۇراتتى. مەن ليەنيۈن قورغىنىدىكى ئۇرۇشنىڭ 1904 ـ يىلى يۈز بەرگەن ئۇرۇش بىلەن ئوخشايدىغانلىقىغا دىققەت قىلدىم. ئۇ چاغدىكى تىبەتلەرنىڭ ئىستراتېگىيەسى ئەنگلىيەنىڭ تىبەتكە ئەۋەتىلگەن قوشۇنىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىنى توسۇپ قېلىش ئىدى. گۇرۇ بىلەن كارولادىكى ئۇرۇشتا نۇرغۇن تىبەت ئەسكەرلىرى بىر يەرگە يىغىلىپ، ئەسكەر كۈچىنى جىلغىنىڭ كەڭ كەتكەن يېرىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، تامنىڭ كەينىگە مۆكتۈرۈپ قويغان ھەمدە دۈشمەننىڭ ئىككى تەرەپتىكى ئېگىزلىكنى ئىگىلىشى بىلەن كارى بولمىغان، بۇنىڭ بىلەن ئۇدۇل تەرەپتىكى ئالدىنقى سەپتە باتۇرلارچە جەڭ قىلغان بولسىمۇ، باشقا جەھەتتىن مەغلۇپ بولۇش تەقدىرىنى ئۆزگەرتىپ قالالمىغان.

### پىتخار جىلغىسىنىڭ يان تەرىپىدىكى ئېگىزلىك

بۇ يەردە قېلىپ قالغان مەسىلە ــ دەل جۇڭگونىڭ تارىخىي كىتابلىرىدىكى خاتىرىلەردە ئېنىق كۆرسىتىلگەنگە ئوخشاش، پىتخار جىلغىسى ئىككى تەرەپتىكى ئېگىزلىكنىڭ ھۇجۇمغا ئۇچرامدۇ ـ يوق؟ دېگەن مەسىلە بولۇپ قالدى. شەرق تەرەپتە ئايلىنىپ ھەرىكەت قىلىش ئىمكانىيىتىنى ئېنىقكى ئۇنىڭ خەتەرلىك ۋە تىك يانتۇ تاغ سىستېمىلىرى توسقۇنلۇققا ئۇچرىتاتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە تۆۋەندىكى پاكىتلارمۇ بار ئىدى، يەنى: ئابۇئى پەنجا دەرياسىنىڭ ياز پەسلىدىكى كەلكۈن سۈيى سارخادنىڭ يۇقىرىسىدىكى ئاشۇ تار جىلغىنى بىر تەبىئىي توسۇققا ئايلاندۇرۇۋېتەتتى. بۇنىڭ بىلەن جۇڭگو قوشۇنلىرى

دەريانىڭ شىمالىي قىرغىقىدىن ھۇجۇمغا ئۆتۈشتە ئۇ تاغ تىزمىلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈشكە ئامالسىز ئىدى. لېكىن، مېنىڭ رازى بولغىنىم شۇكى، ۋاخانلىق يول باشلىغۇچىدىن ئاڭلىشىمچە، غەرب تەرەپكە سوزۇلغان تاغنىڭ يانتۇ قانىتىنىڭ تىك تاغ ئۈستىدە پىتخارنىڭ ئۇدۇلىغا توغرا كېلىدىغان بىر قەدىمىي قورغاننىڭ ئىزناسى بار بولۇپ، ئۇ «كەنسىر» (Kansir) دەپ ئاتىلىدىكەن، يول يۈرۈشنى توختاتقان بىر كۈن ئىچىدە مەن باشقا ئىشلار بىلەن ئالدىراش بولۇپ، ئۇ يەرنى بىر يېقىن ئارىلىقتا تەكشۈرۈپ چىقالمىدىم، مۇشۇ قەدىمكى قەلئە بەلكىم تىبەتلەرنىڭ لىيەنيۈن قورغان خارابىسى بولۇشى مۇمكىن. ئەپسۇسلىنارلىقى، ئەسلىدە مەن سارخادتا تۇرغان بۇ بىر كۈن ئىچىدە بۇ ئىشلارنى قىلىپ كېتەلەيتتىم. مېنىڭ ئاشۇ ئۇچۇرغا باي، باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىدىغان يەرلىك يول باشلىغۇچىلىرىمدىن سارقاد ئاقساقال (Sarkad Ak-sakāl)، مۇبارەك شاھ (Mubārak Shāh) قاتارلىق كىشىلەر ئاشۇ كەڭرى، ئەمما بىر قىسمىنى سۇ بېسىپ كەتكەن تۈزلەڭلىكتە قەدىمىي يادىكارلىقلارنىڭ بار ـ يوقلۇقىدىن قىلچە خەۋىرى يوق ئىكەن. ئۇ تۈزلەڭلىك باروغىلدىن ئۆتىدىغان جىلغىنىڭ ئېغىزىدا بولۇپ، دەريا بويىدا ئىدى، ئامۇ دەرياسىنىڭ سۈيى ئۇ يەرنى ئاسانلا بېسىۋالاتتى. دەريا سۈيى بىرقانچە كىچىك ئېقىن بولۇپ، تۈزلەڭلىككە يېيىلىپ ئاقاتتى. ئومۇمىي كەڭلىكى بىر مىلدىن كۆپرەك كېلەتتى. ئۇ قەدىمىي يادىكارلىقلار بولغان تەقدىردىمۇ، ئانچە ئۇزاق ساقلىنىپ قالمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە «تاڭنامە»دىمۇ «قورغاننىڭ ئالدىدا پومى دەرياسى بار ئىدى» دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلغانىدى.

### سارخادتىكى ئامۇ دەريا بۆلىكى

گەرچە لىيەنيۈن قورغىنىنىڭ ئورنى تېخى جەزملەشمىگەن بولسىمۇ، لېكىن سارخادتا تۇرغان قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە ئۇ

www.uyghurkitap.com

يەرنىڭ تەبىئىي شارائىتىنىڭ گاۋ شيەنجىنىڭ ئۇزۇن سەپەر جەريانىدا ئامۇ دەرياسىنى كېسىپ ئۆتكەن تەپسىلاتى بىلەن ئوخشاپ كېتىدىغانلىقىغا ئىشەندىم. بۇ دەريا يازدىكى تاشقىن پەسلىدە كىشىنى قورقۇنچقا سالاتتى. كەلكۈن سۇلىرى ساخارد ئەتراپىدىكى كەڭ جىلغىلارغا يېيىلىپ ئېقىپ، ئادەمدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇراتتى. شۇڭا، دەريا سۈيى بۆلۈنۈپ ئاققاچقا دەريادىن ياز پەسلىدە ئۆتۈپ كېتىش ئىمكانىيىتى بار ئىدى. ئەتىگىنى كىشىلەر سۇدىن كېچىپ ئۆتۈپ كېتەلەيتتى، بۇنداق چاغدا كېچىسى توڭلاش تۈپەيلىدىن ئابۇئى پەنجا دەرياسىنىڭ بېشىدىكى مۇزلۇق ۋە يىغىلغان قارلارنىڭ ئېرىشىگە تەسىر يېتىپ، قار ئېرىش تۈپەيلىدىن كېلىدىغان كەلكۈن سۈيى ۋاقىتلىق ئازىيىپ كېتەتتى. «تاڭنامە» دىمۇ بۇ ناھايىتى ئېنىق كۆرسىتىلگەن بولۇپ، دەريادىن چوقۇم ناھايىتى سەھەردە ئۆتۈش كېرەك ئىدى. بۇ نېمە ئۈچۈن بىر ئالاھىدە جاپالىق ھەرىكەتنىڭ تولۇق مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيتتى.

21 ـ مايدا جۇڭگولۇق سانغۇننىڭ ئۇزۇن سەپىرىدىكى باشقا مەنزىللىرىنى ئىزدەپ تاپتىم، مەن غەرب تەرەپتىن كەلگەنلەرنى كۆرەلەيدىغان باروغىل ئېقىنىنىڭ دەرياغا كىرىش ئېغىزىدىكى تىك تاغ بۇرنى ئۈستىگە ياسالغان قورغان ئىزىنى زىيارەت قىلدىم. تۈز كەتكەن قۇملۇق ۋە سازلىقتىن ئاتلىق ئۆتۈپ، پىتخار جىلغىسىدىكى تۈز يەرنى بويلاپ ئۈچ مىل ماڭغاندىن كېيىن، ئاتتىن چۈشۈپ ئۇلارنى مۇتلەق ئۆتۈپ كېتەلمەيدىغان تىك تاشنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىرەك قالدۇرۇپ قويدۇق. ئۇ يەردىن شەرق تەرەپتىكى پىتخارنى كۆرگىلى بولاتتى. ئاندىن كېيىن بىرقانچە ۋاخانلىقلارنىڭ يېتەكلىشىدە، بىز رام سىنگ بىلەن بىرلىكتە غەربىي تەرەپتىكى تاغ بۇرنىنىڭ ئۈستىگە يامىشىپ چىقتۇق، ئاشۇ تىك تاغ باغرىدىن يامىشىشقا تەخمىنەن بىر سائەت كەتتى. تاغ ئۈستىدە بىر يانتۇ يەر بار بولۇپ، ئېگىزلىكى تەخمىنەن 300 فۇت كېلەتتى. تاغ ئۈستىنىڭ ئەڭ شىمال

تەرىپىدە كەنسىر قەدىمىي قورغىنىنىڭ ئىزناسى بار ئىدى. تام ۋە بۆرجەكلىك قورغان ئىگىلىگەن تار تاغ ئومۇرتقىسى بىلەن غەربىي جەنۇب تەرەپكە سوزۇلۇپ كەتكەن ئۇچلۇق تاغ باغرى ئارىسىدا كەڭرى كەتكەن يانتۇلۇق بار ئىدى. ئۇ قارىماققا ئامۇ دەرياسىنىڭ يۇقىرىسىدىكى قارقات (Karkat) كەنتى ئۇچۇن بىر يول هازىرلانغاندەك قىلاتتى.

## كەنسىر سېپىلىدىكى ئىزلار

بۇ كىچىك قورغان تاغ ئاستىدىكى يولنى قوغداش يۈزىسىدىن بۇ ئوچۇقچىلىقتىكى ئېگىزلىككە سېلىنغانىدى. قورغاننىڭ شىمال ۋە شەرق تەرىپى ئارتىلىپ چىققىلى بولمايدىغان تىك قىيا بولۇپ، بۇ تىك قىيالار ئامۇ دەرياسىنىڭ ئاساسلىق جىلغىسى بىلەن پىتخار جىلغىسىنىڭ جىلغا ئېغىزىغا قاراشلىق ئىدى. شۇڭلاشقا، قايتىدىن يەنە مۇداپىئەلىنىش ئەسلىھەلىرىنى قۇرۇش هاجەتسىز ئىدى. قەدىمكى قورغاندىن پىتخار جىلغىسىنىڭ ئېغىزىغا كەلگۈچە تەخمىنەن 1600 — 1700 فۇتقىچە ئارىلىق بار ئىدى. تاغ ئۇستىنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى تاغ ئومۇرتقىسىدىن جەنۇب تەرەپتىكى تار يەرگە قاراپ بىر مۇداپىئە تېمى ياسالغان بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 400 فۇت كېلەتتى (37 - رەسىمگە قاراڭ). بۆرجەكلىك قورغاندىن ئۇچى غەربىي جەنۇب تەرەپكە قارىتىلغانىدى. بىرى، ئەڭ جەنۇب تەرەپكە جايلاشقان بولۇپ، ئۇ هېلىمۇ قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. قىسمەن بۆلەكلىرى ناهايىتى ياخشى ساقلانغان بولۇپ، ئېگىزلىكى 30 فۇت كېلەتتى. بۆلارنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان توسما تاملار بىرقەدەر ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان بولۇپ، تام ئۇلىنى بويلاپ يانتۇ تاغ باغرىغا بارغىلى بولىدىغان يول بار ئىدى. كىچىك قورغاننىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىمارەتلەردىن (ئەگەر ئەڭ كەڭ يېرى 200 فۇت كېلىدىغان چەكلىك بوشلۇق ۋە تاشلىققا قۇرۇلۇش سالغىلى بولغان بولسا) هېچقانداق ئىز قالمىغانىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## سپىل قۇرۇلۇشى

قورغان خارابىسى روشەن هالدا قەدىمىي كۆرۈنەتتى، لېكىن بىردىنبىر ئېنىق بولغان قەدىمىي خارابىلىك ئاشۇ سپىل قۇرۇلۇشى ئىدى. تامنىڭ مەركىزىي قىسمى ناهايىتى زىچ تىزىلغان يىرىك تاش پارچىلىرى بولۇپ، سىرتىغا بىر قەۋەت قاتتىق كېسەك قوپۇرۇلغان، قېلىنلىقى 4 ~ 6 فۇت كېلەتتى. كېسەكنىڭ قات ئارىلىقىغا تېپىز بىر قەۋەت چاتقال ئورمان چىۋىقلىرى تىزىلغان بولۇپ، كېسەك قەۋەتلىرىنى ئايرىپ تۇراتتى. كېسەكنىڭ ئۆلچىمى 8 × 7 دىيۇم بولۇپ، قېلىنلىقى 4 دىيۇم كېلەتتى. يىل دەۋرى جەھەتتە ھېچقانداق پاكىت تاپقىلى بولمايتتى. لېكىن، ئاشۇ چاتقال ئورمان چىۋىقلىرىنى ئىشلىتىش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، بۇ خىل ئالاھىدە قۇرۇلۇش شەكلىنىڭ تارىم ئويمانلىقىدىكى قەدىمىي جۇڭگو قۇرۇلۇشلىرىدا ئىشلىتىلىدىغانلىقى ماڭا تونۇش ئىدى. مەن بۇ خىل قۇرۇلۇش شەكلىنى پىششىق بىلەتتىم ھەمدە سەل كېيىنكى ۋاقىتلاردا جۇڭگونىڭ ئەڭ غەربىدىكى رايونلاردا ئۇنىڭ ئىزنالىرىنى تېپىپ چىقتىم. شۈبھىسىزكى، ئۇ تامنىڭ مەزمۇتلۇقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن لايىھەلەنگەن، بولۇپمۇ ئىنتايىن قۇرغاق كىلىمات شارائىتىدا بۇ خىل ئۇسۇل قوللىنىلغانىدى. خۇددى مەن كېيىن لوپنۇرنىڭ ئەتراپى ۋە دۇنخۇاڭنىڭ تۇر خارابىلىرىنى تەكشۈرگەندە ئىسپاتلىغانلىقىغا ئوخشاش، بۇ خىل ئىمارەت ئۇسلۇبىنىڭ ئىشلىتىلىشى چوقۇم جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا كېڭەيگەن ۋاقتىدىن باشلاپ يولغا قويۇلغان بولۇشى مۇمكىن.

لېكىن، مەن كېيىن مىرەن بىلەن مازار تاغدا بايقىشىمچە، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى تاجاۋۇزچى تىبەتلەر ئۆز قەلئەلىرىنى ياسىغاندا مۇشۇ رايوندىكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئەجدادلىرى ۋە رەقىبلىرى ئىجاد قىلغان بۇ خىل ئىمارەتچىلىك لايىھەسىنى




37 ـ رەسىم: كەنسىر قورغىنى خارابىسىنىڭ تەكشىلىك خەرىتىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كۆچۈرۈپ ئىشلىتىشكىمۇ سەل قارىمىغان. شۇڭا، باشقا ئىزلار يوق ئەھۋال ئاستىدا مۇشۇ بىر خارابىگە تايىنىپ، كەنسىر قورغان قۇرۇلۇشىنى ۋاخانغا تاجاۋۇز قىلغان تىبەتلەر سالغان قۇرۇلۇش ياكى گاۋ شيەنجى يىراقتا يۈرۈش قىلغاندىن كېيىنكى بىرقانچە يىل ئىچىدە تاڭ سۇلالىسى سالغان قۇرۇلۇش (ئۇ چاغدا ئۇلار بولۇر ياكى ياسىن ھەمدە ھىندى دەريا ئېقىنىغا تۇتىشىدىغان يوللارنى ئىگىلەپ بولغان) دېگەن ئەڭ ئاخىرقى يەكۈننى چىقىرىش تەس ئىدى.

### كەنسىر قورغىنىنى ياساشتىكى مەقسەت

قىسقىسى، يەر شەكلىنى كۆزىتىش ئارقىلىق بىرىنچى خىل پەرەزگە مايىل بولدۇم. ئەگەر پىستىخار جىلغىسى تەرەپتىن يۇقىرىغا يامىشىشقا توغرا كەلسە، بۇ تاغ ئۇستىدە كۆزەتچىلىك قىلىۋاتقان باروغىل تەرەپتىن كەلگەن قوشۇن مۇداپىئە تېمى ياسىمايلا دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىنى چېكىندۈرەلەيتتى. كەنسىر تېغى ئومۇرتقىسىغا مۇداپىئە لىنىيەسى قۇرۇش تاكتىكا جەھەتتىن ئېيتقاندىمۇ بۇ مەقسەتكە ماس كەلمەيتتى. جەنۇب تەرەپتىكى تاغ ئۇستىدە تېخىمۇ مۇستەھكەم ئورۇن بار ئىدى. ئەگەر ئۇلار ئامۇ دەرياسى تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىشتا چەك تۇرىدىغان بولسا، ئەھۋال ئوخشىمايتتى. ئۇنداقتا كەنسىر تاغ ئومۇرتقىسىنىڭ غەربىي تەرىپىدىن بىر قولايلىق ئورۇن چىقاتتى. بۇنىڭ بىلەن قارقاتتىن كېلىدىغان يولدىن تاغ ئۇستىنىڭ جەنۇبىدىكى ئاشۇ ئاددىي يولغا كېلىپ بولغۇچە ئۇنى ئۈزۈۋەتكىلى بولاتتى. ئەگەر بىز يەر يۈزىدىكى بۇ خىل ئەھۋالنى قوبۇل قىلىدىغان بولساق، تۆۋەندىكى مەسىلىلەرگە ئائىت گۇمانلار يەنىلا مەۋجۇت ئىدى. يەنى، كەنسىر قورغىنى گاۋشيەنجى تاغنىڭ ئىككى تەرىپىدىن ئايلىنىپ ھەرىكەت قىلىپ، تىبەتلەرنىڭ ئاساسلىق بازىلىرىنى ھۇجۇم قىلىپ قولغا ئېلىشتىن بۇرۇن مەۋجۇتمىدى؟ ياكى تىبەتلەر ياسىغانمۇ؟ ياكى بىرقانچە يىل ئۆتۈپ تاڭ قوشۇنى ئەڭ ئاخىرىدا چېكىنىپ، بۇ

يەرگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، بۇرۇنقىدەك بۇ ئەۋزەل تايانچ بازىغا قارىتا ئايلىنىپ ھۇجۇم قىلىشتەك ۋەقەنىڭ قايتا يۈز بېرىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ياسالغانمۇ؟

### لەنگاردىكى قەدىمكى تېرىلغۇ يەرلەر

ئۆزۈمنىڭ ئېكسپېدىتسىيە خاتىرەمنىڭ يەتتىنچى، سەككىزىنچى بابلىرىدا سارخادتىن كىچىك پامىرغىچە ھەمدە 27 ـ ماي ئامۇ دەرياسىنىڭ ھەقىقىي مەنبەسى ۋە ئامۇ دەرياسى بىلەن تارىم ئويمانلىقى ئوتتۇرىسىدىكى سۇ بۆلگۈچ چوققىسىدىكى ۋاخجىر تاغ ئېغىزىغىچە بولغان سەپىرىمنى بايان قىلغانىدىم. پامىر ئېگىزلىكىدىن كېسىپ ئۆتىدىغان بۇ يولغا بولغان تارىخشۇناسلىق ۋە جۇغراپىيە ئىلمى جەھەتتىكى قىزىقىشىمنى ئىلگىرى سۆزلەپ ئۆتكەنىدىم. پەقەت ئىككى ئورۇنلا ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش بويىچە كۆزىتىش پۇرسىتى بىلەن تەمىن ئەتتى. بۇ ئىككى ئورۇننىڭ ھەممىسى سارخادنىڭ يۇقىرىسىدىكى ئىككىنچى ئارام ئېلىش ئورنىنىڭ يېنىدىكى لەنگار دېگەن يەردە ئىدى. بۇ ئىسىم لايىدا ياسالغان گۇمبەزلىك ئىمارەتنىڭ ئىزىغا ئاساسەن قويۇلغان بولۇپ، تۈركچە «ئارام ئېلىپ قونىدىغان ئۆي» ياكى «ئۆتەڭ» دېگەن مەنىدە ئىكەن. لېكىن، بۇ ئىزدىن ئۇنىڭ يىل دەۋرىنىڭ ئالامىتىنى كۆرگىلى بولمايتتى. لەنگارغا يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن مەن ئۈچ يەرگە دىققەت قىلىپ ئۆتتۇم. دەريانىڭ ئوڭ قىرغىقىدىكى كىچىك دەريانىڭ ئېقىنىدىلىرىدىن شەكىللەنگەن سۈپىلىق يەردە تۈزلەپ ئېتىز قىلىنغان ئالامەتلەر كۆرۈنۈپ تۇراتتى. سارخادتىكى ۋاخانلىقلار دەسلەپكى مەزگىلدىكى توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان قەبىلىلەرنىڭ ئىزنالىرىنى ناھايىتى ئېنىق بىلەتتى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، بۇ يەرنىڭ تاشلىنىپ قېلىنىشى بۇ رايوننىڭ كۈنسايىن سوغۇق بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىدىن ئىكەن. لېكىن، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى

12 مىڭ فۇت كېلىدىغان بىر ئېگىزلىك ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇ يەرنىڭ كىلىماتى چوقۇم ئىنتايىن ناچار بولاتتى. قارىماققا، بۇ خىل پەرەزنىڭ ئاساسى بار ئىدى. يەنى، دەسلەپتە بۇ يەرنى ئىگىلەش ۋاخان رايونىنىڭ نوپۇزىنىڭ زور بېسىمى تۈپەيلىدىن بولغان بولۇشى مۇمكىن ياكى ئامۇ دەرياسى بىلەن تارىم ئويمانلىقىنى تۇتاشتۇرىدىغان يولدىكى ناھايىتى نۇرغۇن قاتناش ئېھتىياجىدىن بولغان بولۇشى مۇمكىن. مەن باشقا ئورۇندا: «ئابۇئى پەنجا، لەنگار ۋە دەفدار (Dafdar)دىن تاغدۇمباش (Taghdumbash) دەريا ۋادىسىغىچە بولغان رايونلاردا مەڭگۈلۈك ئولتۇراق نۇقتىلىرى بارلىققا كېلىپ، ئابۇئى پەنجا دەرياسىنىڭ ئەڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى ۋاخجىر تاغ ئېغىزىدىكى يولنى هازىرلاپ قەرەرلىك كارۋانلار ئۈچۈن قولايلىق يارىتىپ بەرگەن» دەپ ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتكەنىدىم.

### كارۋانبالاشتىكى ئىزلار

ھەقىقىي ئارخېئولوگىيەلىك قىزىقىشى بولغان ئورۇن مىنىڭ كېيىنكى بېكەتتىكى سەپىرىم لەنگاردىن بوزاي گۈمبىزىگىچە بولغان يول ئىدى. بىز تەخمىنەن 10 مىلدەك يول ماڭغاندىن كېيىن، دەشت مىرزا مۇراد تېغى ئارىسىدىكى پەس يەردىن ھەم تار دەريا ئېقىنلىرىدىن شەكىللەنگەن لاتقىلىقتىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، تاغ باغرىدىكى ئېگىز - پەس يولدىكى بىر كىچىك دۆڭ ئۈستىدىن كىچىك پامىرنى كۆردۇق، سەل ئالدىمىزغا ماڭغاندىن كېيىن، ناھايىتى ياخشى ساقلانغان «كارۋانبالاش» دېيىلىدىغان كىچىك ئىمارەتلەر ئىزىغا يېقىنلاشتۇق (38 - رەسىمگە قاراڭ).

يەرلىكلەر مۇنداق بىر رىۋايەت (مەن بۇرۇن ئاڭلاپ ئۆتكەن) كە ئىشىنىدىكەن، يەنى بۇ بۇرۇنقى بىر سودىگەرنىڭ ئۆلۈپ كەتكەن ئوغلى ئۈچۈن ياساتقان قەبرىسى ئىمىش. بۇ نام دەل مۇشۇ رىۋايەتتىن كەلگەن. خارابە ئىزى ئىنتايىن كىچىك ئىدى،

لېكىن مۇشۇنداق بىر يەردىكى روشەن يىل دەۋرىگە ئىگە مەزمۇت سېلىنغان ئىمارەت خارابىسى چوقۇم كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغايتتى. ئۇ بىر تىك تۆت بۇلۇڭلۇق ئۆينى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، سىرتقى يۈزىدىن مېتىرلىغاندا شەرقىي شىمال ۋە غەربىي جەنۇب تېمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 10 فۇت، قالغان ئىككى تېمى 9 فۇت كېلەتتى. مەزمۇت بولۇش ئۈچۈن قېلىن ئۈستى بىر قات قېلىن سۇۋالغانىدى. تەخمىنەن ئېگىزلىكى 12 فۇت كىچىك گۈمبەزنىڭ ئىزناسى كۆرۈنەتتى. خارابىنىڭ ئىچىدە بىر بالىخانا بولۇپ، چوڭ ـ كىچىكلىكى 4.5×5 فۇت كېلەتتى. شەرقىي شىمال تەرىپىدە 2 فۇت كەڭلىكتىكى كىرىش ئېغىزى بار ئىدى. يەر



38 ـ رەسىم كىچىك پامىردىكى بوزاي گۈمبەز ئەتراپىدىكى كارۋانبالاش خارابىلىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكىتى تارىيىسى

يۇزىدىن 5.5 فۇت كېلىدىغان ئورۇندىن باشلاپ ئۆيىنىڭ تېمى تەدرىجىي ئىچىگە قىسىلىپ، بىر گۈمبەز تۈر شەكىللەنگەن.

**تولدىكى بۇددا مۇنارى بىلەن بولغان ئوخشاشلىقى**

مەن ناھايىتى تېزلا ئىمارەتنىڭ تاشقى قۇرۇلمىسىغا قىزىقىپ قالدىم، ئۇ روشەن ھالدا ئۈچ قەۋەتكە ئايرىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئېگىزلىكى تۆۋەندىن يۇقىرىغا قاراپ ئايرىم - ئايرىم ھالدا 4 فۇت، 4.5 فۇت ۋە 3.5 فۇت كېلەتتى. قەۋەتلىك قۇرۇلمىنىڭ گۈمبەزلىك ۋە يېرىك، ئەمما مەزمۇت خىش تاش قۇرۇلمىلىق ئالاھىدىلىكى ماڭا تولدىكى كىچىك بۇددا مۇنارلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئەسلەتتى. بۇ ئىككىسى ئىنتايىن ماس كېلەتتى. كىچىك بۇددا مۇنارلىرى مەن 1900 - يىلى خوتەنزادىن پامىرغا بېرىش ۋاقتىمدا ھىندىقۇش تېغىنىڭ جەنۇبىدا كۆرگەن ئەڭ ئاخىرقى بۇددا دىنى خارابىسى ئىدى. ئۇنىڭ مۇنار تەگلىكى بار بولۇپ، ھەممە تەرىپى 10 فۇت ئەتراپىدا كېلەتتى، مۇنار ئۈچ قەۋەتكە ئايرىلاتتى، ھەممىسىنىڭ گىرۋىكى بار ئىدى، ئۇلار ئايرىم - ئايرىم ھالدا 3 فۇت 9 دىيۇم، 3 فۇت 9 دىيۇم، ئۈچ فۇت 10 دىيۇم كېلەتتى. بۇ خىل ئىمارەتلەرنىڭ ئوخشاشلىقى كارۋانبالاش خارابىسىنىڭ ئەڭ بالدۇرقى دەۋرىنىڭ ئىسلام دىنى مەزگىلىدىن بۇرۇن ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ خىل پەرەز ئۈچۈن يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا پاكىت تاپقىلى بولاتتى، يەنى ئىچكى قىسمىدىكى گۈمبەزنىڭ تۈز قۇرۇلمىسى ۋە تار كىرىش ئېغىزى ئۈستىدىكى ئەگمە ئىشىكلىك ئالاھىدىلىك ناھايىتى ئېنىق پاكىت ئىدى(38 - رەسىمگە قاراڭ). يەرلىكتىكى رىۋايەتلەرنىڭ خاتا يېتەكلىشى ھەمدە تاشقى قىياپىتى جەھەتتە قىبلە (Qibla) تەرەپكە، يەنى كىرىش ئېغىزىنىڭ ئۇدۇلىدىكى تام غەربىي جەنۇب تەرەپكە قارىتىلغانلىقى ئۈچۈن، دەسلەپتىمۇ بۇ ئىمارەت ئىزى قەدىمكى بۇددىزم ئىمارەتچىلىك ئەندىزىسىنى قوللانغان ئىسلام دىنى

قورۇلۇشى بولۇشى مۇمكىن دەپ قارىغانىدىم. لېكىن، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كۆزىتىش ئارقىلىق بۇ ئىزنى ئىسلام دىنى مەزگىلىدىن بۇرۇن سېلىنغان بىر كىچىك تىپتىكى بۇددا دىنى نوم ساقلاش ھۇجرىسى بولۇشى مۇمكىن دەپ قارىدىم.

ئىزنى ئىسلام دىنى نۇقتىسىدىن چۈشەندۈرۈش

ئەمەلىيەتتە بۇ ئىزنىڭ يۆنىلىشى (دەسلەپكى پەرىزىمدە مۇشۇنى ئاساس قىلغان) ئادەمنى شۇ خىل قاراشنى چەتكە قېقىپ، بۇ ئىمارەتنى بىر مۇسۇلماننىڭ قەبرىسى دەيدىغان قاراشقا كەلتۈرەتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ ئىچىدىكى بوشلۇقتا بىر جەسەت قويغۇدەك ئورۇننىڭ چىقىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىسلام دىنىنىڭ ئۆرپ ـ ئادەت تەلىپى بويىچە، ئۆلگۈچىنىڭ ئاياغ تەرىپى جەنۇب تەرەپكە قارىتىپ قويۇلاتتى. 80 ~ 90 پىرسەنت ئەھۋال ئاستىدا بۇنداق كۆزقاراش ئارقىلىق بۇ ئەمەلىي ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ كەتكىلى بولاتتى. كېيىن تارىم ئويمانلىقىدا تېپىلغان قەدىمكى ئىسلام دىنى ئېتىقادچىلىرىنىڭ قەبرىلىرىدىمۇ بۇ خىل ئەمەلىي ئەھۋاللار ئىسپاتلاندى. مەسىلەن، چەرچەن بىلەن ئىنچىكە (Inchike) دەرياسى ئەتراپىدىكى ئىزلاردا مەن تەكشۈرگەن قەبرىلەردىكى جەسەتلەر ئۆزگەرمەيدىغان مۇقىم بىر يۆنىلىش بويىچە قويۇلغان ھەمدە «قەدىمكى خوتەن» دېگەن كىتابىمدا خاتىرىلەنگەن شۇ يەرنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى ئېتىقادقا ۋە كېيىن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشتەك مىساللار ناھايىتى كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن، رىۋايەتلەردە بۇ ئىزنى ئىسلام دىنىغا ئائىت قەبرە دەپ چۈشەندۈرۈش ئانچە ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس ئىدى. مۇشۇنداق بىر ئىزنىڭ بولغانلىقىدىن يەرلىكلەر ئېتىقادسىزلىشىپ كەتمەيتتى. گەرچە بۇ ئىز كىچىك بولسىمۇ، پامىرغا ئوخشاش ئۇزۇن مەزگىل ساقلىنىپ قالىدىغان قۇرۇلۇش ئاز بۇنداق رايوندا ئۇ يەنىلا كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغايتتى. ئۇنىڭ

ئۇستىگە ئۇنىڭ تاشقى قىياپىتى گۈمبەزگە، يەنى ئوتتۇرا ئاسىيادا دائىم ئۇچرايدىغان گۈمبەز شەكىللىك ئىمارەتلەرگە ئوخشايتتى. شۇڭلاشقا، ئۇنى قەبرە دەپ چۈشەندۈرۈش مۇۋاپىق ئەمەس ئىدى. يۈنىلىش جەھەتتىكى ئوخشىماسلىقنى يەرلىك رىۋايەتلەرمۇ ئىسپاتلاپ كېتەلمەيتتى. جەسەتخانا دەپ قارالغان ئاشۇ كىچىك غەلىتە ئۆينى بىر كىچىك بالىنىڭ قەبرىسى دەپ ئاسانلا چۈشەندۈرگىلى بولاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ دەل «كارۋانبالاش» دېگەن ئىسمىنىڭ «كارۋان باشلىقىنىڭ بالىسى» دېگەن مەنىدە ئىكەنلىكىنىمۇ چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى.

## كارۋانبالاش ـــ كىچىك نوم ساقلاش ھۇجرىسىنىڭ ئىزى

ئەگەر بىز بۇ يەرنى بۇتلارنى ساقلاشقا ئىشلىتىلىدىغان بىر كىچىك نوم ساقلاش ئۆيى دېسەك، ئىمارەتنىڭ ئالاھىدىلىكىنى چۈشەندۈرۈشتە ھېچقانداق قىيىنچىلىققا يولۇقمايمىز. مەيلى ئۇنىڭ تەكشىلىك قۇرۇلمىسى ياكى ئېگىزلىكىدىن قارايلى، ئۇ فۇشىيې ئەپەندى ئىنچىكە تەھلىل قىلغان قەندەھەر ۋە ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمال رايونىدىكى نوم ساقلاش ئۆيىنىڭ تىپىك مىمارچىلىق شەكلىگە ناھايىتى ئوخشاپ كېتەتتى. ئىمارەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى گۈمبەز شەكىللىك تورۇس ئاشۇ جايلاردىكى قىلىپلاشقان بەلگە ئىدى. ھەتتا تاشقى تامغا ماڭلاي ياغاچ قويۇپ، ئۈچ قەۋەت ياسايدىغان ئۇسۇلنى ھەر خىل نوم ساقلاش ئۆيلىرىدىكى ھەيكەل مودېللىرىدا كۆرۈلەتتى. ئۆينىڭ ئىچىدىكى ئاشۇ تار بوشلۇقمۇ ھېچقانداق ئالاھىدىلىككە ئىگە ئەمەس ئىدى. چۈنكى، ھىندىستاننىڭ نوم ساقلاش ھۇجرىلىرىدا دائىم (ئادەتتىكىلىرى بولمىغان بولسا) بىرلا بۇت قويۇلاتتى. ھەتتا تاختىباش (Takht-i-Bashi) چوڭ بۇددا ئىبادەتخانىسىنىڭ بۇددا مۇنارى ئەتراپىدىكى ئەڭ چوڭ ئىبادەتخانىلارنىڭ ئىچىنىڭ يان تەرەپلىرى 6 فۇتتىن ئېشىپ كەتمەيتتى.

### «قىزىل بۇتخانا» (چىفوتاڭ) نىڭ ئورنىنى دەلىللەش

بۇ ئىمارەتكە ئائىت بۇرۇنقى خاتىرىلەرنى تاپالايمىزمۇ ـ يوق؟ دېگەن بۇ مەسىلە بىزنىڭ ئېنىقلىۋېلىشىمىزغا قېلىپ قالغان بىردىنبىر مەسىلىدۇر. بۇ ئىمكانىيەتچىلىكى بولغان ئىسلام دىنى مەزگىلىدىن بۇرۇنقى مەنبە ئىدى. خۇددى پامىرغا ئوخشاش تۇراقلىقتا ئىگە ئىمارەتلەر كەمچىل بولغانلىقتىن، ناھايىتى پۇختا ياسالغان بۇ كىچىك ئىبادەتخانا خۇددى بىز ئۆلچىگەنگە ئوخشاش مۇنتىزىم قاتناش لىنىيەسى بېسىپ ئۆتىدىغان ھەرقانداق بىر رايوندا بولسۇن، چوقۇم كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغايتتى. بىز ئالدى تەرەپتە گاۋ شيەنجىنىڭ ئۈچ تارماق قىسىمنى يېتەكلەپ، سارخادتا يىغىلىش ئۈچۈن بىرقانچە يول لىنىيەسى بىلەن ماڭغانلىقىنى، بىر يولنىڭ «قىزىل بۇتخانا» دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ ئۆتكەنىدىم. ئۇ چوقۇم ۋاخجىر ياكى كىچىك پامىردىن تۆۋەندىكى ئابۇئى پەنجا دەريا جىلغىسىغا تۇتىشىشى مۇمكىن. مەن گاۋ شيەنجى نېمە ئۈچۈن قايتىش سەپىرىگە (كىچىك بولوردىن سارخادقىچە) ئائىت پاكىتلاردا ئاشۇ يولنىڭ نامى قىلىپ قويۇلغان ئورۇننى ئىزدىگەنلىكىمنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتكەنىدىم. بۇ يەر ئابۇئى پەنجا جىلغىسىدىكى يول بىلەن خورابورخىت ۋە تاغ ئېغىزىدىن تۆۋەنگە ــ ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا كىلگىت بىلەن خۇنزاغا بارىدىغان يول ئۆزئارا تۇتىشىدىغان يەرگە جايلاشقان. دەشت مىرزا مۇراد دېگەن بۇ جاي كارۋانبالاشقا ئىككى ـ ئۈچ مىل كەلمەيتتى. جۇڭگونىڭ تارىخىي كىتابلىرىدا خاتىرىلەنگەن «قىزىل بۇتخانا» (چىفوتاڭ) دېگەن يەرنى كارۋانبالاش بىلەن سېلىشتۇرغاندا، كۆپىنچە ئەھۋاللاردا «زال(堂)» دېگەن خەتنى ئويلىشىمىز مۇمكىن (شاۋان ئەپەندىنىڭ كىتابىدا «زال» «خانا» دەپ تەرجىمە قىلىنغان). ئۇ ئادەتتە بۇددا دىنىنىڭ نوم ساقلاش ئۆيى ياكى كىچىك ئېتىكاپخانىسىنى كۆرسىتىدۇ دەپ ــ گەرچە ئۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىر تالاپ بېكىتى

ناھايىتى كىچىك بولسىمۇ ــ بۇ خەتنىڭ ئىشلىتىلىشىنى مىڭئۆي (مىڭلىغان بۆت تۇرۇشلۇق زال) دەپ ئالغاندا ناھايىتى ياخشى چۈشەنگىلى بولاتتى. بۇ يەر دۇنخۇاڭنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ، بىر داڭلىق خارابە ئىدى. ئۇ يەردە نۇرغۇن بۇددا دىنى غار ـ كېمىر ئىبادەتخانىلىرى بار ئىدى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ بۇ پەۋقۇلئاددە ئورۇندا كارۋانبالاش ياكى «قىزىل بۇتخانا» (چىفوتاڭ) نى سىلىشنىڭ سەۋەبى كىشىلەر تەرىپىدىن سۈرۈشتۈرۈلمىگەن. لېكىن، بۇ كىچىك ئىبادەتخانىنىڭ نامى شۇ يەرگە ھەمدە شۇ يەردىكى يولغا قويۇلغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ خىل قاراش ھازىرقى پامىردىكى يەرلىك نام قويۇش ئۇسۇلىغا تامامەن ئوخشاپ كېتەتتى. ئادەمنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيدىغان بۇ رايوندا، كىشىلەر ئاز ساندىكى سۇنئىي مەنزىرىلەر ئارقىلىق شۇ يەرگە نام بېرەتتى. مەسىلەن، كارۋانبالاشتىن تەخمىنەن 6 مىل كېلىدىغان «بوزاي گۈمبەز» دېگەن يەر نامى ئىنتايىن داڭلىق بولۇپ، بۇ يەر نامى قىرغىزلارنىڭ يولباشچىسىنىڭ ناھايىتى ناچار سېلىنغان قەبرىسىدىن كەلگەنىدى. بۇ ئادەم 1845 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە كانجۇت (Kanjuti) لۇق بۇلاڭچىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.

## 3 ـ بۆلۈم شۇەنزاڭنىڭ قەشقەرگە ماڭغان يول لىنىيەسى

### سارىقۇلدىن ئۆتۈشتىكى سەپەر

27 ـ ماي ۋاخجىر داۋىنىدىن ئۆتۈپ، جۇڭگو زېمىنىغا قەدەم قويدۇم. ئېكسپېدىتسىيە خاتىرەمدە تاغ ئېغىزىدىن ئۆتۈش داۋامىدىكى جەبىر ـ جاپانى بايان قىلىپ ئۆتكەنىدىم. مەن شۇ تاپتا ئۇلۇغ سارىقۇل ۋادىسىنىڭ بېشىدا ئىدىم. بۇ يەر مەن

ئۇچۇن تۇنجى قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيە سەپىرىمدىلا تونۇش بولۇپ كەتكەنىدى. مەن 1900 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ماڭغان ئوخشاش يول بىلەن تاشقورغانغا بارماقچى بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە سارىقولنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى جۇغراپىيەسى، تارىخى ۋە قەدىمكى يادىكارلىقلارغا ئائىت ئەھۋاللىرىنى «قەدىمكى خوتەن» دېگەن كىتابىمدا تەپسىلىي مۇھاكىمە قىلىپ بولغاچقا، بۇ يەردە ئىككى قەدىمي ئىزنى تەكشۈرۈش ئەھۋالىنى تولۇقلاپ چۈشەندۈرۈش بىلەنلا كۇپايىلىنىمەن. بۇ ئىككى ئىزنى تۇنجى قېتىم زىيارەت قىلىشىم ئىدى. ئۇلارغا مۇناسىۋەتلىك يەرلىكتىكى قەدىمكى رىۋايەتلەرگە ئائىت خاتىرىلەرنى يەنىلا شۈەنزاڭ تەمىنلىگەن. ئۇ تەخمىنەن مىلادىيە 642 ـ يىلى يازدىكى قايتىش يولىدا ۋاخان ئارقىلىق چوڭ پامىردىن ئۆتۈپ، تاغدۇمباش پامىرغا يېتىپ كەلگەن، ئاندىن سارىقولنىڭ مەركىزى تاشقورغانغا كەلگەن.

### شۈەنزاڭ خاتىرىسىدىكى سارىقول خان جەمەتى توغرىسىدىكى رىۋايەت

شۈەنزاڭنىڭ بىرىنچى ئىز توغرىسىدىكى ھېكايىسى جيېپەنتو (朅盘陀) ياكى سارىقول خان جەمەتىنىڭ يىلتىزى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى»دە خاتىرىلىنىشىچە، جيېپەنتولۇقلار «ئۆزىنى سىنادېۋاگوترا (Cina-deva-gotra، ‹جۇڭگو بىلەن ئىلاھنىڭ نەسلىدىن› دېگەن مەنىدە) دەپ ئاتايدىكەن. بۇ بەگلىك ئەڭ دەسلەپتە كۆكئارتنىڭ ئۈستىدىكى قاقاس تاغلىقتا ئىدى، بۇرۇنقى پولاسو (p‘o-la-szu، يەنى Persia، پېرسىيە) لۇق پادىشاھ خەنزۇ ئايالغا ئۆيلىنىپ، مۇشۇ جايغا كۆچۈپ كەلگەن. كېيىن ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكى تۈپەيلىدىن شەرق ۋە غەربكە بارىدىغان يوللار تاقىلىپ كەتكەن. بۇنىڭ بىلەن پادىشاھ قىزىنى بىر يېگانە چوققىغا ئاچىقىپ قويغان. بۇ چوققا ئىنتايىن تىك ۋە خەتەرلىك بولۇپ، تىك ھاڭدىكى پەشتاق ئارقىلىق چىققىلى

www.uyghurkitap.com

بولىدىكەن. تاغنىڭ ئاستىغا لەشكەر ئورۇنلاشتۇرۇپ، كېچە ـ كۈندۈز كۆزەتچىلىك قىلىدىكەن. ئۈچ ئاي ئۆتكەندىن كېيىن پادىشاھ دۈشمەنلەرنى بېسىقتۇرۇپ، غەلىبە بىلەن قايتىپ كېلىدىكەن. بۇ چاغدا قىز ھامىلىدار بولۇپ قالىدىكەن». بۇنىڭ بىلەن «ۋەزىر ـ ۋۇزرالار ئالاقزادە بولۇشۇپ كېتىدىكەن ... غۇلغۇلا پەيدا بولۇپ، ئىشنىڭ جەريانى سۈرۈشتۈرۈلىدىكەن. كۈتكۈچىلەر چۈشەندۈرۈپ: ‹ۋەزىر ـ ۋۇزرالارنىڭ ئەنسىرىشى ھاجەتسىزدۇر، بۇ ئىلاھنىڭ پەرزەنتى، ھەر كۈنى چىڭقىچۈشتە بىر ئەر كىشى كۈن چەمبىرىكى ئىچىدىن دۈلدۈلغا مىنىپ بۇ يەرگە كېلەتتى› دېيىشىپتۇ». «كۈتكۈچىلەر ئۆزلىرىنى قوغداپ قىلىش ئۈچۈن ‹بىز گۇناھىمىزنى تونۇپ يات ئەلگە كېتىپ، ئاي ـ كۈننى كۈتۈپ تۇرايلى›» دېيىشكەن. بۇنىڭ بىلەن تاغنىڭ ئۈستىگە ئوردا ياسىلىپ، قىز بۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ئۇنىڭ ئاي ـ كۈنى توشۇپ بىر ئوغۇل تۇغقان. بالا شۇنداق چىرايلىق بولۇپ، ئانا ۋاكالىتەن ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈپ، بالىنىڭ تەۋەررۇك نامىنى قوللانغان. بۇلارنىڭ نامىنى ئاڭلىغان قوشنا ئەللەر بۇلارغا ئەل بولغان». شۇەنزاڭ دەل شۇ يەردىن ئۆتكەندە، سارىقۇلنىڭ خان جەمەتىدىكىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئاشۇ پادىشاھنىڭ ئۇرۇق ـ ئەۋلادى ئىكەنلىكىنى ئېيتىشقان.

### قىز قورغان توغرىسىدىكى ھازىرقى رىۋايەتلەر

بۇ رىۋايەت كەڭ تارقىلىپ كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان. بۇ نۇقتىنى تا ھازىرغىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان شۇ يەردىكى رىۋايەتلەر ئارقىلىق ئىسپاتلاشقا بولىدۇ. مەن 1900 ـ يىلى ئاشۇ قەدىمكى سېپىل خارابىسى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەرنى ئاڭلاپ، ئاران بوگۈنگە كەلگەندە بۇ يەرنى شەخسەن زىيارەت قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدۇم. ئۇ غوجەكباي (Ghujak-bai) ئۆتەڭنىڭ ئۇدۇلىدىكى تىك قىيا ئۈستىگە

جايلاشقانىكەن. تاغدۇمباش دەرياسى ئاشۇ يەردە بىردىنلا شىمال تەرەپكە قايرىلىپ ئاقىدىكەن. بۇ سىپىل توغرىسىدا سارىقۇللۇقلار ۋە قىرغىزلار ئوخشاشلا بىلىدىغان بىر ھېكايە بار ئىكەن. ئېيتىلىشىچە، پادىشاھ نوشىرۋان (Naushīrwān) (قەدىمكى پېرسىيە پادىشاھى) ئۆزىنىڭ قىزىنى بۇ يەردە قويۇپ ئامانلىق تىلىگەن. مۇشۇ ھېكايە ئارقىلىق «قىز قورغان» (Kiz-kurghān) دەپ ئاتىلىدىغان بۇ خارابىنى چۈشەندۈرگىلى بولاتتى. بۇ تۈرك تىلىدا «قىز (ياكى مەلىكە) تۇرىدىغان قورغان» دېگەن مەنىدە ئىدى. بۇ ھېكايە تامامەن شۇەنزاڭ مەزگىلىدىكى رىۋايەتنىڭ قالدۇقى بولۇپ، مەن 30 - مايدىكى پايىك (Payik)تىن پىسلىڭ (Pisling)غا بېرىش سەپىرىمدىن پايدىلىنىپ، بۇ ئىز بار يەرگە بېرىپ، ھازىرغىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان خارابىلىكنى بىر قېتىم تەكشۈرۈشنى ئارزۇ قىلاتتىم.

### قەدىمكى تېرىلغۇ يەر خارابىلىكى

خارابىلىككە يېتىپ بېرىشتىن بۇرۇن، بۇ قەدىمىي ئىزنى بىر قېتىم رەسمىي كۆزىتىپ چىقتىم. قوشۇنكۆر (Koshun-Kör) دەپ ئاتىلىدىغان تاغ باغرىدىكى كىچىك بىر تەبىئىي ئۆڭكۈرگە يېقىن پايىك قاراۋۇل (Payik Karaul)نىڭ 6 مىل تۆۋىنىدىن دەريانىڭ سول قىرغىقىغا ئۆتۈپ، بىر پارچە قەدىمكى تېرىلغۇ يەرنىڭ ئىزناسىنى ئۇچراتتىم. ئۇنىڭ شەكلى پەلەمپەي ئېتىز ۋە سۇغىرىش ئېرىقىغا ئوخشايتتى. ئېيتىلىشىچە، كونا تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ بىر قىسمىنى ۋاخاندىن كەلگەن كۆچمەنلەر قايتىدىن تېرىغان. لېكىن، يەنە تاشلىنىپ قالغان. يول باشلىغۇچىمىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇدۇلدىكى ئوڭ قىرغاقتا، نىسبەتەن چوڭ بىر پارچە يەردە قەدىمكىلەرنىڭ تېرىقچىلىق قىلغانلىقىغا ئائىت

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىخەتەر ئادرېسى

ئالامەتلەر بار ئىكەن. ئىلگىرى تېرىلغان بۇ يەرلەر ھازىر كېڭەيتىلىپ، تېرىقچىلىق قىلىنىۋاتقان پىسىلىك ۋە دەفداردىن خېلىلا ئېگىز بولۇپ، جىلغىنىڭ ئىچىگە 10 مىلدەك ئىچكىرىلىگەنىكەن. بۇ تاغدۇمباش پامىرنىڭ ۋاخان بىلەن سارىقول ئوتتۇرىسىدىكى سودا، ساياھەت قاتنىشى جەھەتتىكى مۇھىم يول بولۇش سۈپىتى بىلەن ئالاھىدە ئەۋزەللىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى.

قىز قورغان خارابىلىكىنىڭ ئۆرنى

قوشۇنكۆرنىڭ ئايىغىدىن 2 مىل يىراقلىقتا قىز قورغان جايلاشقان قىيا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ غوجەكباي ئۆتكىنىنىڭ ئۇدۇلىدا بولۇپ، تاغدۇمباش دەرياسى بىلەن خونجېراپ (Khunjerāb) دەرياسى بۇ يەردە قوشۇلاتتى. بۇ خارابىلىك ئېگىز ھەم ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل بىر ئېگىزلىكنىڭ ئەڭ شەرق تەرىپىگە جايلاشقانىدى. بۇ ئېگىزلىك سارىقول تاغ تىزمىسىدىن ئايرىلىپ، شەرقىي جەنۇب تەرەپكە قايرىلىپ، تاغدۇمباش دەرياسىنىڭ بويىغىچە سوزۇلۇپ كەلگەنىدى. بۇ خارابىلىك دەل غوجەكبايدىن دەفدارغا بارىدىغان تار جىلغىنىڭ ئېغىزىغا جايلاشقانىدى (39 ـ رەسىمگە قاراڭ). بىز جەنۇب تەرەپتىن پىچاقنىڭ تىغىدەك تىك دەريا قىرغىقىنى بويلاپ ئېگىزلىكنىڭ ئۈستىگە چىقتۇق. ئۇ يەر يەككە ـ يېگانە تۇمشۇقسىمان تاش بولۇپ، شەرق ۋە جەنۇب تەرىپى تىك ئۇزۇك ھالىتە ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىدىكى تاغ ئومۇرتقىسى دەريا قىنىدىن 700 فۇتتەك ئېگىز ئىدى (40 ـ رەسىمگە قاراڭ). بىز كېيىنكى تەكشۈرۈشلەردە ئېگىزلىكنىڭ غەرب ۋە شىمال تەرەپلىرىنىڭمۇ ئوخشاشلا ئادەم يامىشىپ چىققىلى بولمايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئاستىنىڭ پۈتۈنلەي قالايمىقان، ئەگرى ـ بۈگرى قىز قورغان جىلغىسى (Kiz-kurghān Jilga) ئىكەنلىكىنى بايقىدۇق.

**قىز قورغانغا چىقىش**

بۇ ئادەمنى شۈركۈندۈرىدىغان تاشلىق قەلئەگە كىرىدىغان بىردىنبىر يول ئارقا تەرەپتىكى ئېگىزلىك بىلەن تۇتىشىدىغان ھەم پاكار، ھەم تار تاغ ئېغىزى ئىدى. مەن ۋە تەكشۈرۈپ ئۆلچىگۈچى نايك رام سىنگ خېلى كۈچەپ ئاران دېگۈدەك ئۈستىگە چىقتۇق. ئۈستىگە چىقىدىغان يول دەسلەپتە بىر تىك تاغ باغرى ئىدى، كېيىن ئىنتايىن خەتەرلىك بولغان ئۇششاق تاشلار چوقچىيىپ تۇرغان جىلغىدىن ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. بىزگە ھەمراھ بولغان ياش كارۋان بۇرۇن بۇ يەرگە كېلىپ باقمىغانىكەن. سارىقوللۇقلار خۇراپىي بولۇپ، ئۇلار بۇ خارابىلىككە كېلىشتىن قورقىدىكەن. قارىماققا ناھايىتى قەدىمىي كۆرۈنىدىغان نۇرغۇن ياغاچ پارچىلىرى تېخىمۇ ئېگىز يانتۇ تاغ باغرىدا چېچىلىپ تۇراتتى، تاغ ئۈستىگە چىقىشتىن بۇرۇن مەن پەستە تۇرۇپ كۆرگەن، ھازىر ئۈستىمىزدە تۇرغان قەدىمىي سېپىل ئىزىنى خىيال قىلدىم. تاغ ئېغىزى (كەڭلىكى 15 — 20 فۇت، ئۇزۇنلۇقى 50 — 60 يارد كېلەتتى) غا يېتىپ بېرىپ، داۋاملىق يۇقىرىغا 150 فۇتچە يامىشىپ چىقىپ، ئوخشاشلا بىر تار تىك تاغ ئومۇرتقىسىغا يېتىپ كەلدۇق. قەدىمكى سېپىل ئالدىمىزدا قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى (41 ـ رەسىمگە قاراڭ). ئۇ تۇمشۇقسىمان تاغ چوققىسىنىڭ بىر قاتار پەشتاقلىق يېرىنىڭ ئەڭ يۇقىرى قەۋىتىنىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپىگە جايلاشقان. خۇددى بىز پەرەز قىلغانغا ئوخشاش ئۇ بىر خىل ئالاھىدە ئىمارەت بولۇپ، كېسەك قاتلىمى ئارىسىغا ناھايىتى رەتلىك ھالدا دەرەخ شاخلىرى ۋە چاتقاللار قىستۇرۇلغان. 41 ـ رەسىمنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى كېسەكنىڭ يۈز قاتلىمى چۈشۈپ كەتكەن ئاشۇ بىر بۆلەك تامدىن بۇ چاتقال قەۋەتلىرىنى ئېنىق كۆرەلەيمىز. سول تەرەپتىكى ناھايىتى ياخشى ساقلانغان بۇرجەكلىك قورغاننىڭ كېسەك قاتلاملىرى ئارىسىدىمۇ بۇ خىل شاخ قاتلىمى بار ئىدى. بۇ غايەت زور مۇنار

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شەكىللىك بۇرجەكلىك قورغاننىڭ ھەممە تەرىپى تەخمىنەن 25 فۇت ئەتراپىدا بولۇپ، تاغ ئېغىزى بىلەن شەرق تەرەپكە سوزۇلغان تار تاغ ئومۇرتقىسى تەرەپتىكى يول ئۈستىگە ياسالغانىدى. بىز بۇرجەكلىك قورغاننىڭ يانتۇ چوققىسى تەرەپكە چىقالمىدۇق، شۇنداقتىمۇ سەل كۆچەپ، يەمىرىلىپ چۈشكەن سېپىلنىڭ ئۈستىدە تەخمىنەن 60 فۇت يىراقلىقتا ماڭدۇق. بۇ تامنىڭ سىرتقى تېمى بىلەن ئاساسلىق مۇداپىئە تېمى ئۆزئارا تۇتاشتۇرۇلغان. ئۇنىڭدىن كېيىن، بىز يۇقىرىدا ئېيتقان تاغ ئۈستىنىڭ يان تەرىپىدىن مۇداپىئەلىنىدىغان سېپىل ئۈستىدە تۇرۇپ، تاغ ئۈستىدىن شىمال تەرەپكە يانتۇ دەتكەن تەبىئىي سۇپا يەرنى تۇنجى قېتىم كۆردۇق.

قىز قورغاننىڭ تەكشىلىك ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى

باياتىن بىز تونۇشتۇرغان ئاشۇ نۇقتا ئەتراپىدىن باشلانغان سېپىل دەسلەپتە غەربىي شىمال يۆنىلىش بويىچە سىلىنغان بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 100 نەچچە فۇت كېلەتتى. كېيىن بىر بۇرجەكلىك مۇنار ئەتراپىدىن (مۇنارنىڭ ئۈستىنىڭ يۈزى 15 كىۋادرات فۇت ئەتراپىدا ئىدى، 38 ـ رەسىمگە قارالسۇن) شىمال تەرەپكە بۇرۇلۇپ، مۇشۇ تۈز سىزىقنى بويلاپ تاغ ئۈستىدە 190 فۇتقىچە ئالدىغا سوزۇلغان. مۇشۇ ئارىلىقتا تۇرۇپ ئۈستىدىكى كېسەكنى، ھەتتا يېرىك تاش قۇرۇلمىلىق تام ئۇلىنى كۆرگىلى بولاتتى. سېپىل ئىزناسى شىمال تەرەپكە يەنە تەخمىنەن 140 فۇتقىچە سوزۇلغان. ئۇ تىك ھاڭنىڭ گىرۋىكىگىچە ھەممە يەردە كۆرۈنەتتى، قەيەردە تام ئۆزۈلۈپ قالغان بولسا، ئۇنىڭ ئورنىدا تىك تەبىئىي ھاڭ كۆرۈنەتتى. بۇ يەرگىمۇ يەنە سېپىلغا ئوخشاش مۇداپىئەلىنىش ئەسلىھەلىرىنى ياساشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق ئىدى، سېپىلنىڭ ياخشىراق ساقلىنىپ قالغان يېرىنىڭ ئېگىزلىكى 20 فۇت ئەتراپىدا كېلەتتى. قالغان يەرلىرى




39 ـ رەسىم قىز قورغان خارابىسىنىڭ
تەكشىلىك خەرىتىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



40 ـ رەسىم  تاغدۇمباش دەرياسىنىڭ يۇقىرىسىدىكى قىز قورغان ئېگىزلىكىدىن شىمالغا نەزەر

ئاساسىي جەھەتتىن ئۆرۈلۈپ، ئۇلى قېلىپ قالغانىدى. بۇ سېپىللار ئاشۇ غەرب تەرەپكە قارايدىغان يېگانە تاغ ئۇستىنى پۈتۈنلەي قوغداپ قالغانىدى. ئۇ يەر بەلكىم بىر ـ ئىككى قېتىم ھۇجۇمغا ئۇچرىغان بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، ئاشۇ يېگانە تاغ چوققىسى تەرەپتە بىز ئۆمىلەپ چىققان تار تاغ ئېغىزىدىن سىرت، بۇ تاغنىڭ باغرى ئىنتايىن تىك ئىدى، ھەتتا ھەرقانچە كۆپ قورالىقلارمۇ بۇ يەردىن چىقالمايتتى. قالغان تەرەپلىرىمۇ ناھايىتى تىك تاشلىق ھاڭ ئىدى. ئېگىز يېرى بىرقانچە 100 فۇت بولۇپ، تەبىئىي توسۇق شەكىللىنىپ، يامىشىپ چىقىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. غەربىي جەنۇب تەرىپىدىن باشلاپ تاغ ئۇستى شىمال ۋە شەرقىي شىمال تەرەپكە يانتۇ كەلگەن بولۇپ، بىر قاتار پەلەمپەيلەرنى شەكىللەندۈرگەن. سېپىلنىڭ شىمال تەرىپىگە يېقىن كەلگەندە، بۇ پەشتاقلار كىچىكىيىشكە باشلاپ، كەڭ بوشلۇق شەكىللەندۈرۈپ، مۇداپىئەلىنىش قۇرۇلۇشلىرىنى سېلىشقا بولاتتى. ئەمما، بۇ قۇرۇلۇشلار بەلكىم ئىش



41 ـ رەسىم قىز قورغان سېپىلى ۋە بۇرجەكلىك قورغاندىن جەنۇبقا نەزەر

قوشۇلمىغان تاش پارچىلىرى بىلەن سېلىنغان بولۇشى مۇمكىن، بۇ يەردە پەقەت دۆۋە ـ دۆۋە تاش پارچىلىرى كۆرۈنەتتى، تېز سىزىلغان تەكشىلىك خەرىتىسىدە كۆرسىتىلگەن ئورۇندىمۇ تاشلار دۆۋىلىنىپ تۇراتتى. سېپىلنىڭ ئەڭ شىمال تەرىپىدىن 20 يارد يىراقلىقتا بىر سۇ كۆلچىكى بولۇپ، دىيامېتىرى 20 فۇت كېلەتتى. شىمالىي تەرىپى ناھايىتى قېلىن تاش بىلەن توسۇۋېتىلگەندى، قىيپاش تاغ باغرىنىڭ شىمال گىرۋىكىدە ئىككىنچى سۇ كۆلچىكى بار بولۇپ، ئۇنى ئېنىق پەرقلەندۈرگىلى بولاتتى.

### سېپىلنىڭ تۈزۈلۈشى

بۇرجەكلىك قورغاننىڭ تېمى ناھايىتى پۇختا ياسالغان بولۇپ، بۇ خارابىلىكتىكى چوڭ قەدىمىي ئىز ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر مۇشۇ مەزمۇت قورۇلمىلار بولمايدىكەن، بۇ تىك قىيالاردا

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئاشۇ سېپىلنىمۇ توختىتىدىغان يەر تاپقىلى بولمايتتى. تام ئۇلىنىڭ ئاستىدىكى ئاشۇ يوغان ھەم قېلىن تاش تاختايلىق ئۇلنى چىقىرىۋەتكەندە، بۇرجەكلىك مۇنار ئۇلىنىڭ ئوتتۇرىچە قېلىنلىقى 16 فۇت كېلەتتى. رەسىمدىن شۇنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، تام رەتلىك تىزىلغان كېسەكلەر بىلەن ناھايىتى زىچ سېلىنغان (41 ـ رەسىمگە قاراڭ). كېسەكلەر ئاپتاپتا خوراپ كەتكەن، ئەمما ناھايىتى مەزمۇت ئىدى. ئوتتۇرىچە ئۆلچەم بويىچە ئۇزۇنلۇقى 15 دىيۇم، كەڭلىكى 12 دىيۇم، قېلىنلىقى 5 دىيۇم كېلەتتى. ئۇنىڭ ماتېرىيالى بىر خىل يۇمشاق سېغىز بولۇپ، قېتىدا نۇرغۇن ئۇششاق شېغىللار بار ئىدى. بۇنداق يەردە بۇ خىلدىكى ماتېرىياللارمۇ ئاسان تېپىلمايتتى، ئۇنى ياساش ئۈچۈنمۇ يېتەرلىك سۇ يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇشۇنداق ئېگىز يەرگە يۆتكەپ ئاچىقىشمۇ ناھايىتى تەسكە توختايتتى، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىمارەت سېلىشنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرۇۋەتكەنىدى. مەيلى بۇ يەر ياكى كەنىسىر بولسۇن، ئادەم ئۇنىڭدىن شۇنداق بىر خىيالغا كېلەتتىكى، ئەسلىدە بۇ كېسەكلەرنىڭ قاتلىمىغا قىستۇرۇلغان شاخلار ۋە چاتقاللار (بۇ يەرگە يېقىن بەزى يان تەرەپتىكى جىلغىلاردا بۇ خىل ئۆسۈملۈكلەر بار ئىدى) بۇ يەردە كەم بولغان لايىنىڭ ئورنىدا كېسەكلەرنىڭ قاتلىرىغا قىستۇرۇلغانىكەن. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش چىقىش تەس بولغان ئېگىزلىكتە سۇغا بولغان ئېھتىياجنى قاندۇرغىلى بولمايتتى. دۆڭخۇاڭ ئەتراپىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن بۇ خىل قاراش مەندە ناھايىتى كۈچەيدى. مەن شۇ چاغدا ئۇنىڭ غەربىي ۋە شىمالىدىكى قەدىمكى جۇڭگو سېپىللىرىغا قارىتا بەزى تەكشۈرۈشلەرنى ئېلىپ باردىم. ئۇ يەرنىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىدا قورۇلۇش قىلىش ئۈچۈن سۇ ئەكىلىشنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسى ئوخشاشلا ناھايىتى زور ئىدى. شۇڭلاشقا، بىر قانۇنىيەتلىك ئىمارەتچىلىك

ئالاھىدىلىكى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئاشۇ سۇ كەمچىل ئورۇنلار دەسلەپتىلا بۇ خىل ئوخشاپ كېتىدىغان ۋاقىتلىق چارىنى قوللانغان بولۇشى مۇمكىن.

**قىز قورغان بىلەن شۇەنزاڭنىڭ خاتىرىسىدىكى قەدىمىي قەلئەنىڭ ئۈيغۇنلىششى**

مەيلى بۇ خىل كېسەكنى مۇقىملاشتۇرىدىغان ئۇسۇلنىڭ قەيەردە پەيدا بولغانلىقىدىن قەتئىينەزەر، شۇنى جەزملەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، قىز قورغان خارابىلىكى بىلەن شۇەنزاڭ بايان قىلىپ ئۆتكەن ۋە ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن تاغ ئۈستىدىكى قەدىمىي قەلئە ئەسلىدە بىر جاي ئىدى. ئۇ خاتىرىلىگەن قەدىمىي قەلئەگە ئائىت قەدىمكى رىۋايەتنىڭ شەكلىدىن قارىغاندا، شۇەنزاڭ ياشىغان دەۋردىن خېلى بۇرۇنلا بۇ قەدىمىي قەلئە بىر خارابىلىككە ئايلىنىپ بولغان. ئۇ شۇ يەردە ئاڭلىغان رىۋايەتلەردە بۇ قەلئەنى خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى، يەنى جۇڭگو تەسىرىنىڭ تارىم ئويمانلىقىغا ئەڭ بالدۇر يېتىپ كەلگەن مەزگىلىدىكى قەلئە، دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان. مەن ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئازراق رازى بولغىنىم شۇكى، مەن تۇرغان مۇشۇ يەردە ــــ ئۇ ئوتتۇرا ئاسىياغا سەپەر قىلغاندا ماڭغان مۇشۇ يەردە ــــ نەق مەيداندىكى ئېنىق بولغان ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش ئارقىلىق بۇ جۇڭگولۇق بۇ ئۇلۇغ سەيياھقا ئىشىنىشكە بولىدىغانلىقى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلاندى. شۇنىڭ بىللە ئېنىق بولغىنى، خارابىلىكتىن چىققان پاكىتلار بولۇپ، ئۇ مۇشۇنداق بىر ئوچۇقچىلىق جايدا، مۇشۇنداق ئۇزاق دەۋردىن بۇيان ساقلىنىپ قالالىششىدىكى سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى. ئەگەر سارىقۇلنىڭ تارىخىي دەۋرلىرىدە ھازىرقىدىنمۇ كۆپرەك قار ۋە يامغۇرلار ياغقان بولسا، بۇ تىك تاغ ئۈستىگە دېڭىز يۈزىدىن 13 مىڭ فۇت ئېگىزلىككە سېلىنغان بۇ قەدىمىي سېپىل ئاللىبۇرۇن غايىب بولغان بولاتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىر ئادرېسى

## قىز قورغان تۇرۇشلۇق جايدىكى تەبىئىي توسۇق

ئېكسپېدىتسىيە خاتىرەمدە ئوتتۇرىغا قويغان سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، مەن خارابىلىكتە ناھايىتى قىسقا ۋاقىت تۇرالايتتىم. لېكىن، بۇ مېنىڭ خارابە تۇرۇشلۇق ئورۇننىڭ ئادەتتىن تاشقىرى تەبىئىي توسۇقلۇق رولىنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىشىمگە يېتەرلىك ئىدى، ئاشۇ پارتلىتىش دورىسىنى تېخى چۈشەنمەيدىغان يىللاردا ئۇ پولاتتەك مۇستەھكەم ئىدى. گەرچە ئۇنىڭ شىمال ۋە غەرب تەرىپىدە تېخىمۇ ئېگىز تاغلار ئۇنىڭغا ئېگىزدىن نەزەر سېلىپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن تاغ ئۈستىدىكى سۇپا يەر ئوقيانىڭ يېتىپ بېرىش دائىرىسىنىڭ سىرتىدا ئىدى. بۇ خارابىنىڭ تۇتقان ئورنىنى (گەرچە ئۇ بەكرەك مۇستەھكەم بولسىمۇ) ھەرقايسى جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ ماڭا ئادىسامۇد(Adhi-Samūdh)نى ئەسلەتتى. ئۇ ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمال چېگرا ئۆلكىسىنىڭ كوخات (Kohāt) جىلغىسىنىڭ يۇقىرىسىدىكى بىر تاغلىقتىكى قەدىمىي قورغان بولۇپ، مەن 1904 - يىلى ئۇنى تەكشۈرۈپ كۆرگەنىدىم. ئىككىلىسىنىڭ ئوخشايدىغان يېرى شۇكى، قىز قورغان خارابىسىدىمۇ ساپال بۇيۇملارنىڭ پارچىسى كۆرۈنمەيتتى. بۇنىڭدىن بۇ يەرنىڭ پەقەت جىددىي ئەھۋالدىلا ۋاقىتلىق پاناھلىنىدىغان قەلئە بولۇپ، ئۇزاق مۇددەت ئىگىلەپ تۇرىدىغان يەر ئەمەسلىكىنى پەرەز قىلدىم. بىز غەربىي جەنۇب تەرەپتىكى ئۇششاق تاشلار چوقچىيىپ چىققان تاغ باغرىدىن تىنىچ - ئامان چۈشكىنىمىزدە، بۇ خارابىنىڭ مۇستەھكەم ۋە خەتەرلىك تەبىئىي ھالىتى مەندە تېخىمۇ چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. دەريانىڭ سول قىرغىقىنى بويلاپ ماڭىدىغان تار چىغىر يول قىز قورغاننىڭ تىك قىيالىرىنىڭ تامامەن كونتروللۇقىدا ئىدى. ئۇ چىغىر يولنىڭ ئۈستىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ئىنتايىن تىك قەلئە ئىدى، ھەتتا ئارغامچىدەك بىر مەر قورۇلمىنى ئىجاد قىلىپلا، بۇ يەردىكى قوغدىغۇچىلار تۆۋەندىكى دەريا سۈيىدىن پايدىلىنالايتتى.

بۇ ئۇنىڭ قوغدىنىش جەھەتتىكى بىر مۇھىملىقى. مەيلى دەريا قىنى تەرەپتىن ياكى قىزىل قورغان جىلغىسىنىڭ قاراڭغۇ ۋە ئەگرى - بۈگرى تاغ جىلغىسى تەرەپتىن بولسۇن، قورغانغا قارىتا قاتتىق قامال شەكىللەندۈرگىلى بولمايتتى. قىزىل قورغان جىلغىسىنىڭ شىمال ۋە غەربىي شىمال تەرىپىدە غايەت زور بىر تەبىئىي خەندەك بار بولۇپ، ئىككى تەرىپى تىك قىيا تاش ئىدى. ئېگىزلىكى نەچچە يۈز فۇت كېلەتتى.

### تاشقورغانغا بېرىش

تاغدۇمباش دەرياسىنىڭ تەدرىجىي كېڭەيگەن جىلغىسىغا چۈشكەندىن كېيىن، مەن بىر قەدىمىي پەلەمپەي ئېتىزلىقتىن ئۆتتۇم. ئۇستىدە قارا جىلغىنىڭ يان تەرەپتىكى جىلغىلىرىدىن باشلاپ كېلىنگەن ئېرىقلارنىڭ ئىزنالىرى كۆرۈنەتتى. بۇ پەلەمپەي ئېتىزلار قىزىل قورغان قەدىمىي قەلئەسىنىڭ تۆۋىنىدىن 4 مىل كېلىدىغان يەرگە جايلاشقانىدى. بىز يەنە 5 مىلدەك ماڭغاندىن كېيىن، سارىقولۇقلارنىڭ كىچىك مەھەللىسى بولغان پىسىلىڭغا يېتىپ باردۇق. بۇ يەردە ئەمدىلا تېرىلغۇ يەرلەر ئېچىلىۋاتاتتى. ئۇ يەردىن يولغا چىقىپ پۈتۈن بىر كۈن (تەخمىنەن 40 مىل) يول مېڭىپ، 31 - ماي قەدىمىدىن سارىقولنىڭ مەركىزى بولغان تاشقورغانغا يېتىپ باردۇق. كەڭ ئېچىۋېتىلگەن جىلغىنىڭ غەربىي قىرغىقىنى بويلاپ ماڭىدىغان يول ماڭا يېڭىچە بىلىنەتتى، ئۇ مېنى قىممەتلىك كۆزىتىش پۇرسىتى بىلەن تەمىن ئەتتى. بۇ يەردىكى نوپۇس كۆپەيگەن تىنچ ۋەزىيەت ئاستىدا، بۇ تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ ئىشلىتىشكە كىرىشكەنلىكى توغرىسىدىكى ئەھۋاللارنى ئېكسپېدىتسىيە خاتىرەمدە يېزىپ ئۆتكەنىدىم. خۇنزا تەرەپتىن كېلىدىغان تاجاۋۇزچىلىق توختىغاندىن بۇيان، بۇ خىل كونا تېرىلغۇ يەرلەرنى قايتا تېرىش ئەۋج ئېلىشقا باشلىغان. ھازىرقى زامان مەدەنىيەت يادىكارلىقى قىممىتىگە ئىگە خارابىلەر توغرىسىدا

ئىككى ئورۇننى چوقۇم تونۇشتۇرۇپ ئۆتمىسەم بولمايدۇ. بىرى، دەريانىڭ سول قىرغىقىدىكى بىر قەدىمىي قورغان بولۇپ، ئۇ پىسلىكنىڭ ئايىغىدىن بىر يېرىم مىل يىراقلىقتا جايلاشقان. يەنە بىرى، ئاقتام (Ak-tam)دىكى بىر قورۇق تام خارابىلىكى بولۇپ، تاشقورغاننىڭ يۇقىرىسىدىن تەخمىنەن 5 مىل يىراقلىقتا جايلاشقان.

### پىسلىكنىڭ ئايىغىدىكى ئاقتام خارابىسى

قورغان بىر ئايلانما قورۇق تامدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئىچكى تەرىپىدىن ئۆلچىگەندە ھەممە تەرىپى 58 فۇت كېلەتتى. تامنىڭ ئاستى تەرىپى يىرىك پارچە تاشلار بىلەن ياسالغان بولۇپ، ئۈستى كېسەك ئىدى. كېسەكلەرنىڭ كەڭلىكى 1 فۇت، ئۇزۇنلۇقى 2 فۇت، قېلىنلىقى 6 دىيۇم كېلەتتى. قورغاننىڭ غەربىي شىمال ۋە غەربىي جەنۇب تەرىپىدە بىر جىلغا بولۇپ، ئۈستى ئاغزىنىڭ كەڭلىكى 38 فۇت، ھازىرقى چوڭقۇرلۇقى 5 فۇت كېلەتتى. ئۇ قورغانغا قارىتا بىر خىل قوغداش رولىنى ئوينىغان. قالغان تەرەپلىرى تىك، تاشلىق يانتۇلۇق بولۇپ، دەريا قىنىغا قاراپ يانتۇلاپ چۈشكەن. ئۇنىڭ ئۈستىدە مېڭىش ئىنتايىن تەس ئىدى. گەرچە پىسلىكلىق كىشىلەر ئۇنى «قەدىمىي» دەپ ئاتىۋالغان بولسىمۇ، مېنىڭچە بۇ كىچىك قورغان ھېچقانداق قەدىمىي يادىكارلىققا كىرمەيتتى. كېسەكلەرنىڭ ئارىسىدا چاتقاللارنىڭ شاخ قاتلىمىمۇ كۆرۈنمەيتتى. مۇشۇ بىر نۇقتىمۇ مېنىڭ ئۇنىڭغا بولغان تەسىراتىمنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ. ئۇ مەن ئاقتامدا كۆرگەن قورۇق تام ئىزناسىغىمۇ ئوخشىمايتتى. بۇ خارابىلىك 60 كىۋادرات يارد ئەتراپىدا بولۇپ، تام سوقما تام ئۇسۇلىدا قوپۇرۇلغانىدى. ئۇ تاشقورغاننىڭ يۇقىرىسىدىن 5 مىل كېلىدىغان ئاقتامدا ئىدى. مەن بىرمۇنچە شىغىللىق ۋە ئۇششاق تاشلىق تاشلاندۇق يەرلەردىن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ يەرگە يېتىپ باردىم. بۇرۇن تېرىلغان يەرلەردە

يېگىدىن ئۆستەڭ قېزىش ئارقىلىق تېرىقچىلىق قىلىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەنىدى. بۇ كىشىدە ئاقتام خارابىلىكى بىرەر ساراي (Sarai) دىن قېلىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن، دېگەن خىيالنى قىلدۇراتتى. ئۇ ئوتتۇرا ئەسىر ياكى يېقىنقى دەۋرلەردىكى تاشقورغان بوستانلىقىنىڭ دائىرىسىدىن دېرەك بېرەتتى. كەڭ كەتكەن دەريا قىنىنىڭ ئۇدۇلىدىكى قىرغاقتا بازار دەشت (Bāzār-dasht) نىڭ ئېتىزلىرى بار ئىدى. 1900 - يىلى مەن ئۇ يەردە يەنە ئاندا - مۇندا ئۆيلەرنىڭ خارابىسى بارلىقىنى ئاڭلىغانىدىم. روشەنكى، ئۇ ئىسلام دىنى دەۋرىگە مەنسۇپ ئىدى. ئوتتۇرىغا قويۇشقا تېگىشلىك يەنە بىر مەسىلە شۇكى، مەن تاشقورغاننىڭ يۇقىرىسىغا 26 مىل كېلىدىغان جايدىكى «غان» (Ghan) دەپ ئاتىلىدىغان بىر مۇنبەت يايلاقتىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىمدا، ۋادىنىڭ ئۇدۇل تەرىپىدە «تاغاش» (Taghash) دەيدىغان بىر قەدىمىي قورغاننىڭ بارلىقىنى ھەمدە بۇ قورغاننىڭ شەرق تەرەپتىكى چوقچىيىپ چىققان بىر ئېگىزلىككە جايلاشقانلىقىنى ئاڭلىدىم. شۇ يەردە بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بىر رىۋايەتمۇ تارقالغانىكەن، لېكىن بېرىپ تەكشۈرۈشۈمگە ۋاقىت قالمىغانىدى.

### تاشقورغاندىن قەشقەرگە بېرىش

3 - ئىيۇن تاشقورغاندىن ئايرىلدىم، ئالدىراش ئىككى كۈنلۈك دەم ئېلىشتىن كېيىن، مەن كارۋانلار ماڭغان يول بىلەن قەشقەرگە بارماقچى بولدۇم. شۇڭا، بۇ يەردىكى بەزى ئېگىزلىكلەردىن ئۆتۈپ، مۇزتاغئاتا (Muztāg-ata)نى بويلاپ، ئىزچىل جەنۇب ۋە شەرقىي جەنۇب تەرەپكە قاراپ مېڭىشقا توغرا كېلەتتى. مېنىڭ بۇنداق تاللىشىمدىكى سەۋەب، بىر تەرەپتىن ۋاقىتنى تېجەپ (خۇددى ئېكسپېدىتسىيە خاتىرەمدە كۆرسىتىلگەندەك، مەن ئەمەلىيەتتە ئالتە كۈن ۋاقىت سەرپ قىلىپ 180 مىل يولنى بېسىپ بولدۇم، ئەسلىدە بۇ يولغا 10

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كۆن ۋاقىت كېتەتتى). مۇشۇ ئەڭ قىسقا يولدا مېڭىش ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، شۈەنزاڭنىڭ مىلادىيە 642 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە جىيپەنتو (Chieh-pa'n-t'o)، يەنى سارىقول) دىن جيىشا (Ch'ia-sha)، يەنى قەشقەر)غا بېرىشتا ماڭغان يولىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ بېقىش ئىدى. بۇ نوم ئەكەلگۈچى «چوڭ يارنىڭ شەرقىي شىمالىنى بويلاپ جىلغىلاردىن ئۆتۈپ، خېيىم ـ خەتەرلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ، 200 چاقىرىمدىن كۆپرەك يول مېڭىپ، بىۋاستە داڭشىلو (تاڭ سۇلالىسىنىڭ تىلىدا قۇتلۇق ئۆي دەپ ئاتىلىدىكەن)غا يېتىپ بارغان». ئۇنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، بۇ قۇتلۇق ئۆي «كۆكئارتنىڭ شەرق تەرىپىدىكى تۆت تاغنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ، زېمىنى 100 نەچچە گېكتار كېلىدىكەن، ئۇ دەل ئوتتۇرىغا جايلاشقانىكەن.»

### شۈەنزاڭنىڭ خاتىرىسىدىكى كۆكئارتتىكى قۇتلۇق ئۆي توغرىسىدىكى رىۋايەت

شۈەنزاڭ ئاخىرىغا ئۇلاپ مۇنداق دەپ يازغان: «بۇ يەردە قىشمۇياز قار ئېرىمەيدىكەن، سوغۇقى سۆڭەكتىن ئۆتىدىكەن، كىشىلەر غار ـ گەمىلەردە ئولتۇرىدىكەن. زىرائەت تېرىغىلى بولمايدىكەن ھەم دەل ـ دەرەخمۇ يوق ئىكەن، پەقەت ئازراق ئوت ـ چۆپلەر ئۆسىدىكەن، گەرچە تومۇز ۋاقتى بولسىمۇ، قار ـ بورانلار كۆپ ئىكەن. ئادەم پەقەت پىيادە كىرگىلى بولىدىكەن، ھەممە يەرنى بۇلۇت ۋە تۇمانلار قاپلاپ تۇرىدىكەن، كارۋانلار بۇ يەردىن ئۆتۈشتە نۇرغۇن جەبىر ـ جاپا ۋە خېيىم ـ خەتەرگە ئۇچرايدىكەن. شۇ يەردىكى پېشقەدەملەرنىڭ ئېيتىشىچە، بىر سودىگەرنىڭ 10 مىڭدەك شاگىرتى، نەچچە مىڭ تۆياق تۆگىسى بار ئىكەن، ئۇ باشقا يەرلەرگە مال توشۇپ تىجارەت قىلىدىكەن. ئۇ بوران ۋە قاتتىق قارغا يولۇقۇپ، ئادەملىرى ۋە چارۋىسىنىڭ ھەممىسى ئۆلۈم خەۋپىدە قالىدىكەن، بۇ چاغدا سارىقولدا ئۆلارنى يىراقتىن كۆزىتىپ تۇرغان بىر ئارخات ئۇلارنىڭ خەتەرگە

ئۇچرىغىنىنى كۆرۈپ قالىدىكەن، ئۇ ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىپ، ئۇلارنى بالايىئاپەتتىن قۇتقۇزۇۋالماقچى بولۇپ يولغا چىقىدىكەن. ئۇ بۇ يەرگە يېتىپ كەلگۈچە بولغان ئارىلىقتا سودىگەر ئۆلۈپ كېتىدىكەن. بۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ يەردىكى بايلىقلارنىڭ ھەممىسىنى توپلاپ، ئۆي ـ ئىمارەت سېلىپ، بايلىق يىغىپ، قوشنا ئەلنىڭ يېرىنى سېتىۋېلىپ، چەت شەھەردىكى ئاھالىلەرگە ئۆي سېلىپ بېرىپ، كەلگەن ـ كەتكەنلەرگە ياردەم بەرگەنىكەن. بۇ يەردىن ئۆتكەن يولۇچى، سودىگەر ۋە راھىبلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەنىكەن.»

**چىچىكلىك سۇپىسى**

شۈەنزاڭنىڭ خاتىرىسىدىكى ئۇ ماڭغان يولنىڭ يەر شەكلى ھالىتى، ئارىلىق ۋە ئورۇن ئەھۋالىغا ئاساسەن شۇنداق يەكۈن چىقىرىشقا بولىدۇكى، قۇتلۇق ئۆي خارابىسىنى چىچىكلىك مەيدان (Chichiklik Maidān) دىن تېپىشقا بولاتتى. بۇ بىر ئېگىزلىك شەكلىدىكى تەكشى يەر بولۇپ، شىندى (Shindi) دەرياسىنىڭ بېشىدا ئىدى. سارىقۇلدىن قەشقەرگە بارىدىغان ئاساسلىق يول بۇ يەردىن ئۆتەتتى. ئۇنىڭ بىلەن تاشقورغاننىڭ ئارىلىقىدا ئىككى كۈنلۈك يول بار ئىدى. چىچىكلىك مەيدانى ئىككى چوڭ ئېگىزلىكنىڭ ئارىلىقىدا بولۇپ، بۇ ئېگىزلىكلەر مۇزتاغقا تۇتىشاتتى ھەمدە جەنۇبقا قاراپ سوزۇلغانىدى. بۇ يۆنىلىشكە قاراپ ماڭىدىغان سەپەردە چوقۇم چىچىكلىكتىن ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. ئاشۇ بىرقانچە تاغ ئېغىزى (چىچىكلىك، يامبۇلاق Yam-bulak ياكى يېڭى داۋان Yangi Dawān) نىڭ بىرىدىن ئۆتەتتى. كىشىلەر ئىككى ئېگىزلىكنىڭ ئىككىنچىسىگە، يەنى شەرقتىكىسىگە مۇشۇ يەردىن ئۆتۈپ بارالايتتى. بۇ بىر تەبىئىي تۈزلەڭ يەر بولۇش سۈپىتى بىلەن چىچىكلىكنىڭ مۇھىملىقى ۋە دېڭىز يۈزىدىن ئېگىز بولۇشى دەل شۈەنزاڭ تىلغا ئالغان ئاشۇ قۇتلۇق ئۆينىڭ

ئورنى بىلەن ماس كېلەتتى. مەن بۇ قېتىم مۇشۇ يول بىلەن سەپەرگە چىقىپ، بۇ يەرنى تەكشۈرۈش پۈرسىتىگە ئىگە بولۇپ، پەرزىمنى ئىسپاتلاپ چىقتىم.

4 - ئىيۇن سەپىرىمنىڭ ئىككىنچى كۈنى بولۇپ، شىندى جىلغىسىدىن ئۆتۈپ، جاپالىق يول يۈرۈش ئارقىلىق ئاخىر ۋادىنىڭ بېشىغا يېتىپ كەلدىم. ئاشۇ ئېگىزلىكتە ھەيرانلىق ئىچىدە تۈپتۈز دېگۈدەك بىر پارچە تۈزلەڭلىك يەرنى بايقىدىم. ئۇ شىمالدىن جەنۇبقا 2.5 مىل، كەڭلىكى 1 مىلدىن كۆپرەك كېلەتتى. تۆت تەرىپى پۈتۈنلەي قارلىق تاغ ئىدى (42 - رەسىمگە قاراڭ). مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ ئۇنىڭ شۇەنزاڭ تەسۋىرلىگەن ئاشۇ قۇتلۇق ئۆي خارابىسىگە نەقەدەر ئوخشايدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. ئاشۇ قارلىق تاغلار سىرتقى ھالىتىدىن قارىغاندا 2000 — 3000 فۇت كېلەتتى. ئۇ تۆت تەرەپتىن بۇ تۈزلەڭلىكنى ئوراپ تۇرغان بولۇپ، پەقەت شەرقىي شىمال تەرىپىدە بىر كەڭ ئېغىز قالدۇرۇپ قويۇلغانىدى. بۇ ئېغىزنىڭ تەڭگىتار (Tangi-tar) دەريا ۋادىسىنىڭ سۇ بۆلگۈچ چوققىسى ئىكەنلىكىنى پەرقلەندۈرگىلى بولمايتتى. مېنىڭ بارومېتىرىمدا بۇ يەرنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 14 مىڭ 800 فۇت كەلدى. ئۇنىڭ شەكلى دەل ئاشۇ تەجرىبىلىك ئاتچى ۋە سارىقۇلدىن كەلگەن ھەمراھلىرىمدىن ئاڭلىغانغا ئوخشاش، بۇ يەككە - يېگانە ۋە قار - بوراندا ئوچۇق - ئاشكارا تۇرىدىغان ئېگىزلىكتە ھەر يىلى چارۋا (بەزىدە ئادەملەر) لار ئۆلۈپ، يارىلىنىپ تۇراتتى، ھازىر بۇ تۈزلەڭلىكنىڭ كۆپ قىسمى قار بىلەن قاپلانغانىدى، ئەمما ئۇنىڭ مەركىزىنىڭ ئەتراپىدا بەزى پاكار دۆڭلەرنىڭ بارلىقىنى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولاتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە قىسمەن جايلىرى بۇزۇلۇپ كەتكەن بىر مۇسۇلمانىنىڭ قەبرىسى ياكى «گۇمبەز»نى كۆردۇم. مەن ئاشۇ دۆڭنى تەكشۈرۈۋاتقاندا، تۆت چاسا ھويلا تامنىڭ ئۇلىنى بايقىدىم. ئۇنىڭ ھەممە تەرىپى 35 يارد كېلىدىغان بولۇپ، يىرىك، لېكىن ناھايىتى مەزمۇت تاش پارچىلىرى بىلەن

ياسالغانىدى، قىلىنلىقى 3 فۇت بولۇپ، روشەنكى ئۇ بىر قەدىمىي ئىمارەت ئىدى. تامنىڭ يۆنىلىشىدىن قارىغاندا، ئۇ ئىسلام دىنى مەزگىلىدىن بۇرۇنقى ئىمارەت خارابىسىگە ئوخشايتتى. هويلا تامنىڭ ئىچىدە، تىلغا ئالغان باياتىن دېگەن گۈمبەزگە يېقىن جايدا ئۆرۈلۈپ چۈشكەن بىر قەبرە كۆرۈنەتتى. بۇ بىر نۇقتىنى سارىقۇللۇق ھەمراھلىرىمدىن تويلىغان ئۇچۇرغا قوشقاندا، ئىككىلىسى بۇ جاينىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ نەزىرىدىكى مۇقەددەس جاي بولۇپ قالغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيتتى.

## شۈەنزاڭنىڭ خاتىرىسىدىكى چىچىكلىك ئېگىزلىكىدىكى قۇتلۇق ئۆي ئىزى

چىچىكلىك ئېگىزلىكىنى كۆرسىلا ئادەمنى سۈر باساتتى. ۋاھالەنكى، ئىلگىرى تىلغا ئالغان يەر شەكلى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، بۇ يەر دائىم دەم ئېلىپ، ئۆزىنى ئوڭشىۋالىدىغان مۇقىم جاي بولۇپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. ئوتتۇرىدىكى ئىمارەت ئىزلىرى شۈەنزاڭ تەسۋىرلىگەن قۇتلۇق ئۆيگە باب كېلەتتى. بۇ يەر ئاشۇ بىرقانچە تاغ ئېغىزىنىڭ ھەرقانداق بىرىدىن كەلگەن يولۇچىلار ئۈچۈن پاناھلىنىدىغان ۋە تەمىنلىنىدىغان ماكانى قىلىنغانىدى. ئاشۇ ھويلا تام ئۆرۈلۈپ چۈشۈپ، تام ئۇلى كۆرۈنۈپ قالغىنىغا قانچە ئۇزاق بولغانلىقىنى ھازىرچە جەزملەشتۈرۈش تەس، لېكىن ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش ئىلمى ۋە يەر شەكلى ئىلمى جەھەتتىكى پاكىتلار بىزنىڭ كۆزقارىشىمىزنى ئىسپاتلىدىكى، بۇ ھويلا تاملار دەل شۈەنزاڭنىڭ خاتىرىسىدە كۆرسىتىلگەن قەدىمىي ئىمارەتلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قالدۇقلىرى ئىدى. پۇتكۇل جۇڭگو شىنجاڭدا مۇرىتلار قەبرىلەرنى «زاراتلىق» (Ziārats) دەپ ئاتايتتى. شۇڭا، بىز بۇ ھويلا تام ئىچىدە بايقالغان قەبرە ۋە كىشىلەر بۇ زېمىنغا بەخش ئەتكەن مۇقەددەسلىكنى شۈەنزاڭ مەزگىلىدىكى كىشىلەر ئېيتىپ ئۆتكەن ھەمدە ئاشۇ ئەۋلىيا قۇرۇپ چىققان قۇتلۇق ئۆيگە ئائىت رىۋايەتتىكى خارابىلىك دەپ قارىساق بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا،

www.uyghurkitap.com



42 ـ رەسىم چىچەكلىك مەيدانىدىن غەربىي جەنۇب تەرەپكە نەزەر

بىز ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرگەن پاكىتلاردا بۇ يەر دەڭ ـ سارايى قىلىنىشقا باب كېلىدىكەن. تەخمىنەن 200 يارد يىراقلىقتا كەپە شەكىللىك ئىككى ئېغىز ئىمارەت بولۇپ، بۇ جۇڭگو هۆكۈمىتىنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن يولۇچىلار ئۈچۈن سېلىنغان سارايى ئىدى. يېتەرلىك توغرا بولغىنى شۇكى، گەرچە ئۇ 1903 ـ يىلى سېلىنغان بولسىمۇ، ئۇ چاغدا سارىقۇل رەسمىي رەۋىشتە بىر مەمۇرىي رايونغا ئۆزگەرتىلگەن. بۇ كەپە ئۆيلەر قارىماققا يېرىم خارابىلىككە ئايلىنىپ كەتكەنىدى.

### بېنوئىتنىڭ تەنگىتار جىلغىسى توغرىسىدىكى بايانى

دەل مۇشۇ ۋاقىتتا، بۇ يەردە گەرچە باھار يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغان بولسىمۇ، هاۋا تۇتۇق بولۇپ، قار ياغىدىغاندەك قىلاتتى. بىز بەش سائەتتەك ۋاقىت سەرپ قىلىپ، چىچەكلىك تۆزلەڭلىكىدىكى قارلىقتىن ۋە بارغانسېرى شەرق تەرەپكە يانتۇ

كەلگەن قار دۆۋىلەنگەن جىلغىدىن تىرىشىپ ئۆتتۇق. بۇ جىلغا شەرق تەرەپكە قاراپ تارباش (Tarbāshi)تىكى قىرغىزلارنىڭ بارگاھىغا تۇتىشاتتى. ئىككى يەرنىڭ ئېگىز - پەسلىك پەرقى 3000 فۇت كېلەتتى. مەن بۇ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 15 مىڭ فۇت كېلىدىغان ئېگىزلىكنىڭ باشقا مەزگىللەردە كىشىلەرگە ئېلىپ كېلىدىغان ئازاب - ئوقۇبىتىنى ناھايىتى ئوبدان ھېس قىلدىم. بۇ چاغدا بېنوئىت (Benedict Goëz) قالدۇرغان خاتىرىلەر ئېسىمگە كەلدى. ئۇ خرىستىيانلار كېڭىشى موناستىرىنىڭ ئادەتتىكى ياردەمچى روھانىيسى ئىدى. 1603 - يىلى ئۇ ھىندىستاندىن يولغا چىقىپ مۇشۇ يولنى بويلاپ، قىتان (Cathay) لارنى ئىزدەپ ماڭغان. ئۇ پامىردىن ئۆتكەندىن كېيىن بىخەتەرلىكنى كۆزدە تۇتۇپ، قايتىپ كەلگەن سودىگەر كافىلا (Kāfila) بىلەن بىرلىكتە «سارسىل» (Sarcil) ئۆلكىسىدىكى سارىقۇلغا يېتىپ بارغان. ئۇلار ئۇ يەردە «ئىككى كۈن تۇرۇپ ئادەم ۋە ئاتلارنى ئارام ئالدۇرغان، ئاندىن ئىككى كۈندىن كۆپرەك ۋاقىتتىن كېيىن سىسىيالىت (Ciecialith، يەنى چىچىكلىك) نىڭ تاغ باغرىغا يېتىپ بارغان. ئۇ يەر قېلىن قار بىلەن قاپلانغان بولۇپ، ئۇستىگە چىقىۋاتقاندا نۇرغۇن ئادەملەر توڭلاپ ئۆلۈپ كەتكەن. بېنوئىتمۇ ناھايىتى تەسلىكتە قۇتۇلۇپ چىققان. چۈنكى، ئۇلار قارلىقتا ئالتە كۈن قاپسىلىپ قالغان. ئەڭ ئاخىرىدا ئۇلار تەنگىتارغا، يەنى قەشقەر خانلىقىغا تەۋە زېمىنغا يېتىپ كەلگەن. بۇ يەردە ئەرمىنىيەلىك ئىساك (Isaac) دەرياغا چۈشۈپ كېتىپ، سەككىز سائەتكىچە ھوشىغا كەلمىگەن. ئاخىرىدا بېنوئىت ئامال قىلىپ ئۇنى قۇتقۇزۇۋالغان، 15 كۈندىن كېيىن ئۇلار ئىئاكونىڭ (Iakonich) ياقائىرىق (Yaka-arik) شەھىرىگە يېتىپ بارغان، يول شۇنچە ئوسال ئىدىكى، بېنوئىتنىڭ ئالتە ئېتى ھالسىزلىنىپ ئۆلۈپ كەتكەن. بەش كۈندىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ يالغۇز

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەپ، ياركەند (叶尔羌 Hiarchan، يەنى هازىرقى يەكەن)نىڭ مەركىزىگە يېتىپ كەلگەن ھەمدە ئات ئەۋەتىپ ھەمراھلىرىغا ياردەم بەرگەن، شۇنداقلا ئۇلارغا لازىمەتلىك نەرسىلەرنى ئېلىپ بارغان. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇلار يۈك ـ تاقلىرىنى ئېلىپ، پايتەختكە تىنچ ـ ئامان يېتىپ كەلگەن. بۇ ۋاقىت دەل 1603 ـ يىلى 11 ـ ئاي ئىدى».

### تەنگىتاردىن ئۆتۈش

بۇ تەقۋادار ساياھەتچىنىڭ كەچۈرمىشى توغرىسىدىكى خاتىرىنىڭ ھەممىسىنى بايان قىلىپ ئۆتتۇم. ئۇ چىچىكلىك ئېگىزلىكىنىڭ قورقۇنچلۇقىغا قارىتا جانلىق باھا بولۇپلا قالماستىن (شۆەنزاڭنىڭ خاتىرىسىدىمۇ بۇ خىل قورقۇنچلۇق نامايان قىلىنغان)، بەلكى بىزنىڭ ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان ۋەقە يۈز بەرگەن بىر ئورۇننى توغرا جەزملەشتۈرۈشىمىزگە ياردىمى بار ئىدى. بۇ ۋەقە شۆەنزاڭنىڭ خاتىرىسىدىمۇ تىلغا ئېلىنغان. جەزملەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، بېنوئىت بايان قىلغان يەردىن باشلاپ ماڭغان يول دەل ھازىرقى كارۋانلار ماڭغان ئاساسلىق يول ئىدى، يەنى چىچىكلىك ئېگىزلىكىدىن تۆۋەنگە چۈشۈپ، تارباش ئارقىلىق شەرق تەرەپتىن ئىككى كۆنلۈك ئارىلىقتىكى چىخىل گۇمبەز (Chihil-gumbaz) گە بېرىپ، ئاندىن قەشقەرگە بارىدىغان يولدىن ئايرىلغان. تەنگىتار توغرىسىدا بېنوئىتمۇ ئېنىق قىلىپ، ئۇنىڭ مەنىسى «تار جىلغا» دەپ كۆرسەتكەن. ئۇ جىلغا چوڭقۇر ھەم جاپالىق ئىدى، تارباش دەرياسىنىڭ سۇيى تويلېبۇلۇڭ (Toile-bulung)دا يانبۇلاق، يېڭىداۋان ۋە تورئارت (Tor- art) قاتارلىق تاغ ئېغىزلىرىدىن كەلگەن ئېقىنلار بىلەن بىرلىشەتتى. يولنىڭ تارباشتىكى قىرغىزلار يايلىقىنىڭ تۆۋىنىدىن ئىككى مىل كېلىدىغان يېرىدىن تەنگىتارغا كىرگىلى بولاتتى. يەنە 2 مىلدىن كۆۋرۈك ماڭغاندىن كېيىن تىك قىيا تاشلار ئارىسىدىكى دەريا قىنىغا كىرگىلى بولاتتى (43 ـ رەسىمگە قاراڭ).

تاغدىكى قارلار ئېرىپ كەلگەن كەلكۈن جىلغىلارغا پاتماي، جىلغىدىكى يولنى ياز پەسلىنىڭ بىرقانچە ئايلىرىدا ماڭغىلى بولمايدىغان قىلىۋېتەتتى، ئۇ چاغدا چىچىكلىكتىن كېلىدىغان يول يېڭىداۋان ياكى يانبۇلاق تاغ ئېغىزىغا يۆتكىلەتتى، بۇ يىل ياز كېيىن كەلگەنلىكى ئۈچۈن، مەن 5 ـ ئىيۇندا تەنگىتاردىكى يولدىن ئۆتەلىدىم، مۇشۇنداق بولسىمۇ، پۈتۈنلەي تىك قىيا تاشلىق جىلغىنىڭ ئىچىدە ماڭغاندا، بەزىدە چوڭقۇر ئورىلارغا چۈشۈپ كېتىپ، بەزىدە غىلتاڭ تاشلارغا ئۆرۈلۈپ كېتىپ، مېڭىش ناھايىتى تەس ئىدى. يۈك ـ تاقلارنى ئېلىپ مېڭىشمۇ ئىنتايىن خەتەرلىك ئىدى.

## شۈەنزاڭنىڭ تەنگىتار جىلغىسىدا خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىشى

بېنوئىتنىڭ كارۋانلار بىلەن بىرلىكتە جاپالىق يول يۈرۈپ، 1603 ـ يىلى 9 ـ ئاي ياكى 10 ـ ئايلاردا بۇ يەردىن ئۆتكەن چاغدىكى ئەھۋالمۇ مۇشۇنداق بولغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ يەردە ئۇنىڭ قەدىناس ھەمراھى بولغان ئەرمىنىيەلىك ئىساك ئۈچرىغان بەختسىزلىكنى مەن ئوبدان چۈشىنەتتىم. ئادەمنى قورقۇنچقا سالىدىغان مۇشۇ سەپەر توغرىسىدىكى ئەسلىمىمۇ بار ئىدى. ئۇ تېخىمۇ قەدىمىي بولۇپ، بىر داڭلىق سەيياھقا مۇناسىۋەتلىك ئىدى. شۈەنزاڭنىڭ خاتىرىسىدە بايان قىلىنىشىچە، بۇ «ھەزرەت» تاشقورغاندىن يولغا چىقىپ، «شەرقىي شىمالغا قاراپ بەش كۈن يۈرۈپ، بىر توپ قاراقچىغا ئۇچراپ قالغان. سودىگەر ۋە تالىپلار قاراقچىلاردىن قورقۇپ تاغقا چىقىۋالغان. پىل سۇغا چۈشۈپ ئۆلۈپ كەتكەن، قاراقچىلار ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، سودىگەرلەر بىلەن بىرلىكتە تەدرىجىي شەرققە قاراپ تۆۋەنلەپ، سوغۇق ۋە خېيىم ـ خەتەرگە بەرداشلىق بېرىپ، 800 چاقىرىمدىن كۆپرەك يول ماڭغان. كۆكئارتتىن چىقىپ، ۋۇشا بەگلىكىگە يېتىپ كەلگەن». تاشقورغاندىن قاراقچىلارغا ئۇچرىغان

www.uyghurkitap.com

ئارىلىقىچە بولغان ۋاقىت، شۇنداقلا شۇ يەر توغرىسىدىكى ئومۇمىي بايانىدىن قارىغاندا، شۇنىڭ خەتەرگە ئۇچرىغان يەر چىچەكلىكىنىڭ شەرقىدىكى جىلغا بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، تەڭگىتار جىلغىسىغا ئوخشاش قاتنىشى راۋان بولغان باشقا ئورۇننى ھەقىقەتەنمۇ تاپقىلى بولمايتتى. ئۇ خۇددى بىر لاياقەتلىك كۆزەتچى يازغانغا ئوخشاش: «قەتئىي ئىرادىگە كەلگەن ئاز ساندىكى كىشىلەر بۇ يەرنى قوغداپ، بىرەر قوشۇنغا تاقابىل تۇرالايتتى.» ئۇنىڭدىن باشقا، ئالدىدا تىلغا ئالغان ئاشۇ قەھرىتان سوغۇق توغرىسىدىكى خاتىرىمۇ ناھايىتى ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. بىزگە مەلۇمكى، بۇ نوم ئەكەلگۈچى قىسقىغىنا ياز پەسلىدە پامىردىن سارىقۇلغا بارغۇچە 20 كۈندەك ۋاقىت سەرىپ قىلغان. بۇنداق بولغاندا، ئۇ چىچەكلىكتىن ئۆتىدىغان يول بىلەن مېڭىپ، كۈز پەسلىدە ۋۇشا ۋە قەشقەرگە يېتىپ بارغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ پەسلىدە تەڭگىتار دەرياسىدىن باشقا دەريا پىلغا خەتەر يەتكۈزەلمەيتتى. پەۋقۇلئاددە تەبىئەت تۈپەيلىدىن تەڭگىتار دەرياسىنىڭ چوڭقۇر جىلغا ۋە تىك قىيالىرى ئارىسىدا قىش پەسلىدىمۇ چوڭقۇر سۇ كۆلچەكلىرى بار ئىدى.

### تەڭگىتاردىكى قەدىمكى يول ئىزى

تەڭگىتار جىلغىسى ناھايىتى ئاسانلا ھۇجۇمغا ئۇچرايدىغان يول بۆلىكى دەپ قارىلىشى مۇمكىن. بۇ بىر نۇقتىنى ئاشۇ ئىشلىتىلمىگەن تۇردىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇ ئىز جىلغىنىڭ تۆۋىنىدىرەك بولۇپ، شىمال تەرەپتىن سوزۇلۇپ كەلگەن يانبۇلاق ۋە يېڭىداۋان جىلغىلىرى بۇ يەردە تۇتىشاتتى. بۇ تۇر توغرىسىدا مېنىڭ يەرلىك يول باشلىغۇچىلىرىم، بۇنى ئىبراھىمبەگنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى قالدۇرۇپ كەتكەن دەپ قارايدىكەن. ئىبراھىمبەگ ئەتراپتىكى جىلغىدىكى قىرغىزلار يايلىقىنىڭ ئاقساقىلى ئىدى. لېكىن، ئارخېئولوگىيەلىك قىممەتكە ئىگە بولغىنى شۇكى، مەن تۇرغان جىلغىنىڭ يۇقىرىسىدىن يېرىم

مىل يىراقلىقتىكى ئىنتايىن چەكلىك بىر ئورۇندا بايقىغان تەنگتار يولىنىڭ بۇرۇنقى ئىشلىتىلىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى پاكىت ئىدى (43 ـ رەسىمگە قاراڭ). ئاشۇ جىلغىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى قىيا تاشلارغا بىر قاتاردىن تۆشۈكلەر تېشىلگەن. ئۇنىڭ ھەربىر تەرىپىدە يەتتە تۆشۈك بار بولۇپ، چوڭقۇرلۇقى تەخمىنەن 6 دىيۇم، كەڭلىكى 8 دىيۇم كېلەتتى. ئۇلارنىڭ



43 ـ رەسىم تارباشنىڭ تۆۋىنىدىكى تەنگتار جىلغىسى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

بەزىلىرى يۇمىلاق، بەزىلىرى تۆت چاسا بولۇپ، شۈبھىسىزكى، لىم ياغاچ ئورنىتىش ئۈچۈن ئويۇلغاندى. ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆۋرۈك ياكى سۇپىدەك نەرسىلەر ياسالغان بولۇپ، مېنىڭچە تەس بولغان بۇ يەردىكى ئادەم ۋە چارۋىلارنىڭ تېيىلغاق، سۇلۇق، شېغىللىق ساھىلدىن ئۆتۈشىگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن ياسالغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ تۆشۈكچىلەرنىڭ ئويۇلۇشى ناھايىتى ئىنچىكە ۋە تەكشى بولۇپ، قارىماققا ناھايىتى قەدىمىي كۆرۈنەتتى.

### شۆەنزاڭنىڭ خاتىرىسىدىكى ۋۇشا بەگلىكى

«قەدىمكى خوتەن» دېگەن كىتابىمدا نېمە ئۈچۈن شۆەنزاڭنىڭ خاتىرىسىدىكى ۋۇشا بەگلىكى (سارىقۇلغا تەۋە) يەكەن ۋە يېڭىسارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى، چىچىكلىك ئېگىزلىكىدىن ئۆتكەندە ئاۋۋال يېڭىسارغا بېرىپ، كېيىن قەشقەرگە بارغانلىقىغا ئىشەنگەنلىكىمنى تەپسىلىي بايان قىلىپ ئۆتكەندىم. مەن بىر مەزگىل ئالدىراش يول يۈرگەندىن كېيىن ئېگىزيار (Igiz–yār) ۋە يېڭىسار ئارقىلىق 8 ـ ئىيۇن قەشقەرگە يېتىپ باردىم. بۇ سەپىرىمنى ئېكسپېدىتسىيە خاتىرەمنىڭ 9 ـ بابىدا بايان قىلغانىدىم. گەرچە بۇ يولدا يېڭى قەدىمكى يادىكارلىقلار ئۇچرىمىغان بولسىمۇ، مەن «جۇڭگولۇق قوغدىغۇچى ئىلاھ» ماڭغان يول بىلەن ماڭدىم، دېيەلەيتتىم.

## 4 ـ بۆلۈم قەشقەر ۋە يەكەن

### قەشقەرگە يېتىپ بېرىش

قەشقەرگە يېتىپ بارغىنىم بۇ تونۇش زېمىنغا قايتا كەلگەنلىكىمدىن دېرەك بېرەتتى. 1900 ـ يىلىدىن 1901 ـ يىلىغىچە بۇ يەرنى زىيارەت قىلغاندىن بۇيان بىرقانچە يىل ئۆتۈپ كەتكەنىدى. بۇ يەردە قەدىناس دوستۇم جورج ماكارتنېي مېنى

قىزغىن كۈتۈۋالدى. شۇ چاغدا ئۇ ھىندىستان ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسىي ۋەكىلى بولۇپ، ھازىر دۆلەت ئىشلىرى ۋەزىرى ئالىيلىرىنىڭ جۇڭگو شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى ئىدى. مەيلى بۇ نۇقتىدىن ياكى ئۇدا ئالتە ھەپتە جاپالىق يول يۈرۈشتىن كېيىنكى ئارام ئېلىش جەھەتتە بولسۇن، بۇلارنىڭ ھېچقاندىقى مېنىڭ ھېچ ئىش قىلماي ئىككى ھەپتە يېتىپ ئارام ئېلىشىمغا تولۇق سەۋەب بولالمايتتى. بۇ مەزگىلدە مەن كۈندە كارۋانلىرىمنى تەشكىللەش ۋە قاتناشقا ئىشلىتىش ئۈچۈن ئۇلاغ سېتىۋېلىش قاتارلىق بىر قاتار ئىشلار بىلەن ئالدىراش بولدۇم. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئېكسپېدىتسىيە خاتىرەمنىڭ 10 ـ بابىدا بايان قىلغانىدىم. سىر ماكارتنېينىڭ دوستانە غەمخورلۇقى، يەنى بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ غايەت زور تەسىر كۈچى ھەمدە بۇرۇن خوتەندە ئېلىپ بارغان ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش خىزمىتىمنىڭ نەتىجىسى تۈپەيلىدىن، يېڭى ئېكسپېدىتسىيە خىزمىتىم ناھايىتى ئاسانلا جۇڭگو شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ رۇخسىتىگە ئېرىشتى، بۇ مەن ئۈچۈن ھەقىقەتەن زور ياردەم ھېسابلىناتتى.

### جۇڭگولۇق زىيالىي جياڭ بېگىم

مېنىڭ مىننەتدار بولغىنىم، ماكارتنېينىڭ ماڭا قىلغان يەنە بىر مۇھىم ياردىمى ئىدى. ئۇ ماڭا بىر ياخشى خەنزۇ كاتىپنى تونۇشتۇردى. بۇ ئادەمنىڭ ئىسمى جياڭ شياۋۋەن ياكى جياڭ بېگىم بولۇپ، كېيىنكىسى بەلكىم ئۇنىڭ مەنسىپى بولۇشى مۇمكىن. مېنىڭ خىزمىتىم ئۈچۈن ئېيتقاندا، بىر جۇڭگولۇق زىيالىينىڭ ياردىمى كەم بولسا بولمايتتى. چۈنكى، مەن ئالدىراشلىقتىن خەنزۇچىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشكە، تىل جەھەتتىكى بىلىمىمنى ئاشۇرۇشقا ئۇلگۈرەلمەيتتىم. ئۆزۈمگە زۆرۈر بولغان چاغلاردىمۇ شۇنداق ئىدى. بەلكىم تەگرى ماڭا

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىنى ئادرېسى

ھەممەت قىلىپ، جىياڭ بېگىمنى ئۇچراشتۇرغان ئوخشايدۇ. ئۇ مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى ۋە كاتىپ بولۇپلا قالماستىن، بەلكى قىزغىن، ئۆزىنى بېغىشلاش روھىغا ئىگە ياردەمچى ئىدى. مېنىڭ ئىلمىم ـ پەن جەھەتتىكى قىزىقىشىم ئۇچۇن ھەرقانداق قىيىنچىلىققا يۈزلىنىشكە ھەر ۋاقىت تەييار ئىدى. ئۇ تەربىيە كۆرگەن ھەربىر جۇڭگولۇقتا چىقىپ تۇرىدىغان تۇغما ۋە ھەقىقىي تارىخشۇناسلىق ئېڭى بىلەن، كۈچلۈك قىزغىنلىق ۋە بىۋاستە سېزىمى ئارقىلىق ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش خىزمىتىگە كىرىشىپ كەتكەنىدى. بىز تەكشۈرۈۋاتقان قەدىمكى يادىكارلىق ۋە خارابىلىكلەر جۇڭگونىڭ ياكى چەت ئەلنىڭ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ ئىزچىل تۇردە ھەربىر ئىشنى ئېھتىياتچان، ئۇزۇل ـ كېسىل كۆزىتەتتى ۋە خاتىرىلەيتتى. مېنىڭ پۈتكۈل تەكشۈرۈش خىزمىتىم داۋامىدا، بۇ بىلىملىك سەپەرداشىمدىن زور مەنپەئەتكە ئېرىشتىم. ئېكسپېدىتسىيە خاتىرەمدە بۇ توغرىسىدا نۇرغۇن پاكىتلار بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئىلمىي تەتقىقات جەھەتتە نۇرغۇنلىغان بىۋاستە خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. بۇ نۇقتىنى مەن كېيىن پۇرسەت تېپىپ ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن.

«قەدىمكى خوتەن» دېگەن كىتابىمنىڭ 3 ـ بابىدا جۇڭگونىڭ تارىخنامىلىرى تەمىنلىگەن ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى قەشقەرنىڭ يەرلىك تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللارنى تەپسىلىي تەكشۈرۈپ چىققانىدىم. شۇنىڭدىن كېيىن بەزى پايدىلىق ئۇچۇرلار ئاساسلىقى شاۋان ئەپەندىنىڭ خىزمىتى ئارقىلىق بارلىققا كەلدى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ «كېيىنكى خەننامە» دىكى «غەربىي يۇرت» قا ئائىت مەلۇماتلىرى ۋە تەرجىمىلىرى ئارقىلىق بارلىققا كەلگەنىدى. ئۇنىڭدىكى بەزى تەپسىلاتلارمۇ ناھايىتى پايدىلىق ئىدى. ئەمما، بىر غەيرىي خەنزۇشۇناس ئالىمنىڭ مەسىلىلەرگە قارىتا چىقارغان يېڭى يەكۇنلىرىنىڭ توغرىلىقىنى

جەزملەشتۈرۈشتە، بۇ ئۆچۇرلارنىڭ دائىرىسى چەكلىك كۆرۈنەتتى.

## ئۆچمەرۋان خارابىلىكى

ئوخشاشلا «قەدىمكى خوتەن»نىڭ تۆتىنچى بابىدا مەن بىلدۈرگەن قەشقەر ۋە ئەتراپتىكى رايونلاردىكى بارلىق قەدىمىي خارابىلەرنى تەپسىلىي مۇھاكىمە قىلىپ ئۆتكەنىدىم. لېكىن، بىر قېتىملىق ئاجايىپ پۇرسەت تۇپەيلىدىن، بوستانلىقنىڭ شىمالىي گىرۋىكىدىن ئانچە يىراق بولمىغان بىر خارابىلىك دىققىتىمدىن چۈشۈپ قالغانىدى، بەلكىم ئۇ قەشقەردە تۇرۇشلۇق ياۋروپالىقلار ئۆچۈن بەك تونۇش بولۇپ كەتكەنلىكتىن بولسا كېرەك. شۇڭا، ئۇلار ماڭا «ئۆچمەرۋان» (Öch-merwān)، يەنى «ئۈچ دېرىزە» دېگەن خارابىلىك توغرىسىدا ھېچنېمە دېمىگەنىدى. مېنىڭ پەرىزىمدە ئۇ ئۆلۈپ كەتكەن باش كونسۇل پېتروۋسكىي (Petrovsky)نىڭ قەشقەرنىڭ قەدىمىي يادىكارلىقلىرىغا ئائىت ئىلمىي ماقالىلىرىگە كىرگۈزۈلۈپ بولغان بولسىمۇ، بۇ يەرنى يەنىلا بىر كۆرۈشكە تەقەززا ئىدىم. مەن قەشقەرگە كېلىشتىن ئالتە ئاي بۇرۇن، بۇ خارابىلىكنى بىرقانچە قابىلىيەتلىك ئارخېئولوگلاردىن پىروفېسسور ئا . گرۈنۋېدىل بىلەن پىروفېسسور ۋون لېكوك ۋە ئۇلار يېتەكچىلىك قىلغان «پىروسسىيە خان جەمەتىنىڭ قەدىمكى نەرسىلەرنى قېزىپ تەكشۈرۈش ئەترىتى» نىڭ قەشقەردە خېلى ئۇزاق مەزگىل تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغانلىقىنى ئاڭلىغان بولسامۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى بۇرۇن ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈشلەر بولغانلىقتىن، مەن بىر كۈن ۋاقىت سەرپ قىلىپ، بۇ خارابىلىكنى تېزدىن زىيارەت قىلىپ، ئۇنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكىنى تەخمىنەن ئىگىلەپ چىقىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تونۇپ يەتتىم.

21 ـ ئىيۇن ئاتۇش (Artush) ۋە تەڭرىتاغ ئېغىزىدىن

www.uyghurkitap.com

ئۆتىدىغان يولنى بويلاپ قەشقەر «كونا شەھەر»نىڭ شىمالىي تەرىپىگە قاراپ داۋاملىق ئىلگىرىلىدىم. قەشقەرنىڭ ئاساسلىق بوستانلىقىنىڭ شىمالىي چېتىدىن 2 مىل كېلىدىغان جايدا بىر قەدىمكى خارابىلىكنى بايقىدىم. ئۇ «چامالىق ساي» (Chamalik Sai) دەيدىغان تاقىر تاشلىق تۈزلەڭلىككە جايلاشقان بولۇپ، بۇ يەر ئاتۇش دەرياسىنىڭ ئوڭ قىرغىقىدىكى كەڭ كەتكەن جايدا ئىدى. كىشىنىڭ دىققىتىنى قوزغايدىغان نۇرغۇن خارابىلەرگە ئوخشاش، ئۇ يەردە ئېغىر دەرىجىدە يىمىرىلىپ كەتكەن بىر بۇددا مۇنارى بار (44 ـ رەسىمگە قاراڭ) بولۇپ، تىتۈرغى (Titürghe) مەھەللىسىنىڭ ئەڭ يېقىن ئېتىزلىقىنىڭ غەربىدىن تەخمىنەن 1 مىل كېلەتتى. بۇددا مۇنارىنىڭ غەربىي شىمال تەرىپى دەريا قىنىنى بويلاپ كەتكەن تاشلىق ئىدى، ئۇنىڭ تار كەتكەن ئېدىرلىقى بىلەن جەنۇبىي تەرىپىدە بەزى قەدىمكى قورغانلارنىڭ خارابىسى بار ئىدى. ئومۇمەن، ئۇنىڭ «قاغان شەھىرى» (Khākānnig-shahri)، يەنى «چوڭ خاننىڭ شەھىرى» دەيدىغان نامى بار ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە بۇددا مۇنارى ئوخشاشلا «تىم» (Tim) دەپ ئاتىلاتتى. بۇددا مۇنارى ئەڭ شەرق تەرەپتە بولۇپ، رەسىمدە كۆرسىتىلگەنگە ئوخشاش، تەخمىنەن 10 فۇت ئېگىزلىكتىكى سېرىق توپىلىق دۆڭنىڭ ئۈستىگە جايلاشقان بولۇپ، مۇنار ئەتراپىدىكى يەرلەر ئولتۇرۇشۇپ كەتكەنىدى، بۇنى ئادەملەر قىلمىغان بولسىلا شامالنىڭ تەسىرىدىن بولغان دېيىشكە بولاتتى.

كەڭ كەتكەن، ئاساسىي جەھەتتىن قۇرۇپ كەتكەن دەريا قىنى (45 ـ رەسىم) دىن جەنۇب تەرەپتىكى ۋە جامىلىق ساي بىلەن بىر قاتاردا تۇرىدىغان تاغ ئېتىكىدىكى كىچىك دۆڭلەردە كۆچلۈك بورانىنىڭ يالاپ كەتكەن ئىزنالىرى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ خۇددى پاكىز سۈرتۈپ قويغانغا ئوخشايتتى. بۇ قۇملۇق بورىنى ھەتتا تېرىلغۇ رايونلارغا يېقىن جايدىمۇ ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان كۈچىنى نامايان قىلاتتى.

### قاغان شەھرىدىكى بۇددا مۇنارى ئىزى

بۇددا مۇنارى تەخمىنەن 32 فۇت ئېگىزلىكتە ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، مەزمۇت كېسەكتىن ياسالغان، ئوتتۇرىسىدا قېلىن لاي قاتلىمى بار ئىدى. ئۇ شۇنداق ئېغىر چاناش - كولاش ۋە قەستەن بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغانكى، ئۇنىڭ ھەقىقىي قىياپىتى جەھەتتە، كىشىلەر پەقەت بىر يۇمىلاق تۇۋرۇك شەكىللىك مۇنار گەۋدىسى ۋە ئۇستىدىكى يىمىرىلىپ چۈشكەن ھېجىرغا ئوخشاش قىسمىنىلا كۆرەلەيتتى، ئۇنىڭ ئۇلى تەرىپىدىن پەرقلەندۇرگىلى بولىدىغىنى پەقەت ئۇنىڭ تۆت چاسا شەكلى بولۇپ، ئەڭ تۆۋەن قىسمىنىڭ يان ئۇزۇنلۇقى 32 فۇت ئەتراپىدا كېلەتتى. ئۇلىنىڭ ئوخشاش بولمىغان قاتلىمىنىمۇ پەرقلەندۇرگىلى بولمايتتى. مۇشۇ بىر نۇقتا، شۇنىڭغا قوشۇپ مۇنارنىڭ گەۋدىسى ۋە ئۇستىنىڭ ئەھۋالىنى مەن ئالتە يىل بۇرۇن تەكشۈرۈپ كۆرگەن قەشقەرنىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان (Maurī-tim Stūpa) مۆۋلىتىم بۇددا مۇنارىنىڭ ئوخشاش ئورنىغا سېلىشتۇرغىلى بولمايتتى. ئەمما، كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى، مۆۋلىتىم بۇددا مۇنارىدا كۆرۈنگەن مۇنار گەۋدىسى ۋە مۇنار مەركىزىدىن چىقىرىلغان كىچىك مۇنار ئۇچى مۇشۇ بۇددا مۇنارىدىمۇ بولۇپ، ئۇنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى 3.5 فۇت كېلەتتى. مۇنار ئۇستىنىڭ شەرق تەرىپىگە كولانغان ئورەك بۇ مۇنار ئۇچىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەرگەن. ئۇنىڭ يەنە بىر ئومۇملاشقان ئالاھىدىلىكى شۇكى، مۇنار گەۋدىسىنىڭ ئاستى - ئۇستى ئەتراپىدا تەكشى ۋە چوقچىيىپ چىققان كالتەك ياكى زىچ تىزىلغان شاخ قاتلىمى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. شۈبھىسىزكى، ئۇلار لاي ئارقىلىق سېلىنغان گىرۋەك ياكى باشقا شەكىلدىكى نەقىش بۇيۇملارنى تىرەپ تۇرۇشقا ئىشلىتىلگەن. كېسەكنىڭ ئۆلچىمى 15 × 12 دىيۇم، قېلىنلىقى 4 دىيۇم بولۇپ، كېسەكلەرنىڭ ئارىلىقىغا قويۇلغان لاي قاتلىمى 1.5 ~ 2 دىيۇم كېلەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىدىكى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



44 ـ رەسىم  قەشقەرنىڭ شىمالىدىكى قاغان شەھىرى
خارابىلىكىدىكى تاشلاندۇق مۇنار



45 ـ رەسىم  ئاتۇش دەرياسىنىڭ ئوڭ قىرغىقىغا يېقىن بولغان
قاغان شەھىرى  قەدىمىي قورغان خارابىلىكى

**قاغان شەھىرى قەلئە خارابىسى**

بۇددا دىنى ئېتىقادى ئىزناسى ئۇنىڭ غەربىي شىمال تەرەپتىكى ھويلا تام ئىزنالىرىنىمۇ جەزملەشتۈرۈپ بېرەلەيتتى. يەنى ئۇ ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ئىمارەت ئىدى. چېقىلىپ، ئۆرۈلۈپ چۈشكەن تاملار 3 فۇتتىن 5 فۇتقىچە كېلەتتى. ئۇ ئەمەلىيەتتە بۇددا مۇنارىنى سالغاندا ئىشلەتكەن كېسەككە ئوخشايدىغان كېسەكتە سېلىنغان. ئەپسۇسلىنارلىقى، تاسادىپىي ۋەقە تۈپەيلىدىن مېنىزۇلا ئارقىلىق ئۆلچىگەن خەرىتىنى يىتتۈرۈپ قويۇپ، بۇ ئىككى قەلئەنىڭ توغرا ئۆلچىمى ۋە شەكلىنى كۆرسىتىپ بېرەلمىدىم. 45 ـ رەسىمدىكىسى ساھىلنىڭ غەربىي شىمال تەرىپىدىكى بىر قەلئە بولۇپ، ئۇنىڭ يەنە بىر قەلئە بىلەن بولغان ئارىلىقى 168 يارد كېلەتتى. بۇ رەسىمدىن قەلئەنىڭ شەكلى ۋە ساقلىنىش ھالىتىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى، بۇ يەككە ـ يېگانە قەلئە تار بىر سېغىز ۋە شېغىللىق دۆڭنىڭ ئۈستىگە جايلاشقان بولۇپ، كېيىنكىسى تۈزلەڭلىكتىن 40 فۇت ئېگىز ئىدى. كەڭلىكى 80 فۇتتىن ئېشىپ كەتمەيتتى. ئۇنىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپىدىكى ھويلا تامنىڭ ئەڭ ياخشى ساقلانغان يېرىنىڭ (45 ـ رەسىمنىڭ ئوڭ تەرىپىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ) ئېگىزلىكى 20 فۇت ئەتراپىدا بولۇپ، ئۈستىدە قاتار تۆشۈكلەر بار ئىدى. ئۇنىڭ جايلاشقان ئورنى ئىنتايىن خەتەرلىك بولۇپ، دۆڭلۈك مۇشۇ يەردىلا ئۈزۈلۈپ قالاتتى. ئۇنىڭ ئاخىرى ئىنتايىن تىك دەريا قىرغىقى بولۇپ، ئېگىزلىكى 120 فۇت كېلەتتى.

يەنە بىر قەلئە بۇددا مۇنارىغا يېقىنراق ئىدى. جەنۇب تەرەپتىكى تۈز يەرنىڭ سىرتىغا تام ياسىلىپ، شەرقىي تېمىغا ئىككى تۈر سېلىنغان. ئۇنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى 18 فۇت ئەتراپىدا كېلەتتى. تامنىڭ ئىچىدىكى يەر يۈزىگە يىرىك ساپال پارچىلىرى چېچىلىپ ياتاتتى. بۇنى بۇ يەردە ئۇزاق مۇددەت ئادەم

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تۇرغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. ئوخشىمايدىغىنى بىر قوش تام بار بولۇپ، ئۇ ھويلا تامنىڭ شەرقىي جەنۇب بۇرجىكى ئەتراپىدىكى مەلۇم بىر نۇقتىدىن بۇددا مۇنارى تەرەپكە قارىتىپ سېلىنغان، ئۇزۇنلۇقى 56 يارد كېلەتتى، ئىككى تامنىڭ ئارىلىقى 10.5 فۇت بولۇپ، سېلىنىشى بىرقەدەر ناچار ئىدى. يەر يۈزىدىن 6 فۇت ئېگىزلىكتە بىر قاتار تۆشۈك بولۇپ، بۇلار سىرتقا قاراشقا ياسالغانمىدۇ؟ ياكى بۇ غەلىتە يول دائىم ماڭىدىغان يول قىلىنغاندىن كېيىن چوڭ تىپتىكى مەلۇم لاي ھەيكەللەرنى مۇقىملاشتۇرىدىغان تۈۋرۈك قويۇش ئۈچۈن قويۇلغانمىدۇ؟ ئىشقىلىپ، بۇ يەر ياكى ئاساسلىق تام ئىچى بولسۇن، قېزىپ چىقارغۇچىلىكى بار بىرەر خارابىلىك ياكى ئىمارەت ئىزنالىرى مېنى جەلپ قىلالمىدى. قول يازمىغا ئوخشاش قىممىتى بار نەرسىلەرنىڭ چىقىپ قېلىشىنىمۇ ئۈمىد قىلمىغانىدىم، بۇ يەرنىڭ قوغداش رولىغا ئىگە ھەرىكەتچان قۇم قاتلىمى كەمچىل ئىدى. ئەمما، بۇ ئويمانلىقنىڭ غەربىي شىمال گىرۋىكىدىكى زور بىر قىسىم جايلار بۇنداق قۇمنىڭ دائىملىق تەسىرىگە ئۇچراپ تۇراتتى.

## ئۆچمەرۋان تاش ئىزى

قاغان شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىدىن بىر مىل يىراقلىقتا ئاتۇشقا بارىدىغان يول بار ئىدى. يولنىڭ سول تەرىپى ئۇزۇن كەتكەن قىيا تاشلىق ئىدى. دەرياغا قارايدىغان يۈزى تۈپتۈز قىيا تاشلىق بولۇپ، تەكشى بولغان دەريا قىنىدىن ئېگىز تۇراتتى، بۇ قىيانىڭ تۈۋى شېغىللىق يانتۇلۇق بولۇپ، يانتۇلۇق يۈزىدىن تەخمىنەن 50 فۇت ئېگىزلىكتىكى قىياغا ئۆچمەرۋان (مېھراب) ئويۇلغان بولۇپ، تىك ياردا ئېگىز كۆرۈنەتتى. بۇ ئۈچ مېھراب يەرلىكلەرنىڭ تىلىدا «ئۆچمەرۋان» دەپ ئاتىلاتتى (46 ـ رەسىمگە قاراڭ). بۇلار ئىچىگە يىمىرىلىپ كىرگەن ئۈچ بۇت تەكچىسىگە كۆكۈل قويۇپ ئويۇلغان بولۇپ، ئىشىك تىمى سەل يانتۇراق كۆرۈنەتتى. قارىماققا ئېگىزلىكى 8 فۇت، كەڭلىكى 6

فۇت كېلەتتى. ئۈچ ئىشىكنىڭ ئارىلىقى ئاساسىي جەھەتتىن تەڭ كېلەتتى. ئوتتۇرىسىدىكى دۆڭرەك بۇددا تەكچىسىنىڭ ئارقا تېمىدىن بىر بۇتنىڭ رەڭلىك رەسىمى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ ساقال ـ بۇرۇتلۇق، تاقىر باش ئىدى. تېگى ئاق، قارا ۋە رەڭلىك سىزىلغانىدى. بەلكىم سىر ماكارتنېي بۇ يەرگە تۇنجى بولۇپ دىققەت قىلغان ئادەم بولۇشى مۇمكىن. بۇنى رەسىمدىنمۇ ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولاتتى.

ئىككى تەرەپتىكى ئىشىك سەل چوڭقۇرراق كۆرۈنەتتى. پەرىزىمچە، كەينىدە ئۇنىڭغا تۇتىشىدىغان يول بولۇشى مۇمكىن. بۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرىدىكى كىچىك تەكچىدىكى بۇددا ھەيكىلىدىن ئايلىنىپ ئۆتكىلى بولاتتى. مەن كېيىن دۇنخۇاڭ ۋە كۇچادىكى ناھايىتى نۇرغۇن تاش غار ئىبادەتخانىلاردا بۇ خىل تەكشى قۇرۇلمىنى بايقىغانىدىم، بۇ ئۈچ تەكچىنىڭ ئاستىدىكى قىيا تاشقا ناھايىتى رىتىملىق ھالدا بەزى تۆت چاسا تۆشۈكلەر ئويۇلغان بولۇپ، بۇ كىچىك ئۆڭكۈر ئىبادەتخانىغا كىرىش ئۈچۈن ئورنىتىلغان تاختىپەر بېكىتىدىغان تۆشۈكچە بولۇشى مۇمكىن. غارنىڭ ئۈستىدىن بىرەر ئارغامچىدەك نەرسە ئارقىلىق غارغا چۈشۈش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىرەر ئارغامچىلىق شوتا ياساشقا ۋاقتىمۇ يار بەرمەيتتى. (ئەڭ ئاۋۋال بۇ ئۆڭكۈرنى زىيارەت قىلغان كازاكلار مۇشۇ ئۇسۇلنى قوللانغان) بۇ يەر پىرۇسسىيە ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش ئەتىرىتىنىڭ ئەزالىرى تەرىپىدىن تەكشۈرۈلگەنلىكتىن، مەن پەقەت دۇربۇن ئارقىلىق كۆزىتىش بىلەنلا قانائەتلەندىم.

### يەكەننىڭ دەسلەپكى تارىخى

قەشقەردىن يەكەنگىچە بەش كۈن ۋاقىت سەرپ قىلدىم (23 ـ ئىيۇندىن 27 ـ ئىيۇنغىچە). مەن يەنىلا 1900 ـ يىلىدىن 1901 ـ يىلىغىچە ئېكسپېدىتسىيە جەريانىدا ماڭغان ئاساسلىق لىنىيە بويىچە ماڭدىم. يول بويىدا كۆرگۈدەك قەدىمىي يادىكارلىقلارمۇ يوق ئىدى. يەكەن ۋە ئۇنىڭ بوستانلىقىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

تارىخىنى «قەدىمكى خوتەن» دېگەن كىتابىمدا ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتكەنىدىم. بۇ يەردە تولۇقلاشقا تېگىشلىك نەرسىلەرمۇ يوق ئىدى.

شاۋان ئەپەندى تەرجىمە قىلغان «كېيىنكى خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا يۈرۈش قىلغان ئاشۇ داڭلىق ئۈچ سانغۇن توغرىسىدىكى رىۋايەتلەرمۇ بىزنىڭ بۇ قەدىمىي بەگلىك يەكەننىڭ مىلادىيە 1 ـ ئەسىردىكى سىياسىي ۋەزىيىتىنى چۈشىنىشىمىز جەھەتتە ئانچە كۆپ يېڭى ئۇچۇر بىلەن تەمىن ئېتىپ بېرەلمىدى. شاۋان ئەپەندىنىڭ ئەسلىي ئەسىرىنىڭ تەپسىلاتى توغرىسىدا بىرقانچە ئېغىز سۆز قىلىپ، بەزى ئاساسىي پاكىتلار توغرىسىدا ئۆزۈمنىڭ بۇرۇنقى چۈشەنچەمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتمەكچىمەن.

### «كېيىنكى خەننامە»دىكى يەكەن

تاڭ سۇلالىسى دەۋرى بىلەن روشەن سېلىشتۇرما قىلىشقا بولىدىغىنى كېيىنكى خەن خانىدانلىقى دەۋرى ئىدى. تاڭ دەۋرىدە يەكەن ئانچە مۇھىم يەر ئەمەس ئىدى. مەيلى يىلنامە تارىخى ياكى شۆەنزاڭنىڭ خاتىرىسىدە بولسۇن، يەكەن توغرىسىدا ئېنىق بىر نەرسە دېيەلمىگەن. ئەمما، كېيىنكى خەن دەۋرىدە ئۇ قۇدرەتلىك بەگلىك بولۇپ شەكىللىنىپ، بىر مەزگىل ئۆز تەسىر كۈچىنى پۈتكۈل تارىم ئويمانلىقى ۋە سىرتقى جايلارغىچە كېڭەيتكەن. قەدىمكى يەكەننىڭ ئورنى دەل ھازىرقى يەكەندە ئىدى. پادىشاھ يەن (延) مەزگىلىدە غەربىي يۇرتتىكى باشقا بەگلىكلەر ئىنتايىن قۇدرەتلىك بولۇپ، ھۇنلارغا ئەل بولۇشنى رەت قىلغان. ئەمما، ھۇنلار پادىشاھ ۋاڭ ماڭ كەلتۈرۈپ چىقارغان مالىمانچىلىقتىن پايدىلىنىپ، ئۆز كۈچىنى بۇ رايونغا سىڭدۈرگەن. يەننىڭ ۋارىسى كاڭ (康) مۇ يىراقتىكى خەن سۇلالىسى ئوردىسىغا داۋاملىق ساداقەتمەن بولۇپ، مىلادىيە 29 ـ يىلى «غەربىي يۇرتتىكى 55 بەگلىك»كە ھۆكۈمرانلىق قىلىش نامىنى قوبۇل قىلغان. مىلادىيە 38 ـ يىلى كۆكئارتنىڭ

شەرقىدىكى بەگلىكلەرنىڭ ھەممىسى «شيەن» (贤) گە ئەل بولغان، بۇ ئادەم دەل يەكەن پادىشاھى ئىدى. ئۇ مىلادىيە 33 ـ يىلىدىن 61 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى شۇ رايوندىكى ئەڭ قۇدرەتلىك ھۆكۈمران ئىدى. مىلادىيە 41 ـ يىلى خەن سۇلالىسى ئوردىسى (ئۇلارنىڭ ھوقۇقى تارىم ئويمانلىقىدا نام جەھەتتە ئاز ـ تولا ساقلىنىپ قالغانىدى) تەرىپىدىن بىرمەھەل نەسىھەت قىلىنىپ، ھەتتا «غەربىي يۇرت قوروقچىبېگى» دېگەن مەنسەپ بېرىلگەن. كېيىن شيەن ئوردىغا بولغان ساداقەتمەنلىكىنى چۆرۈپ تاشلاپ، ئۇدۇن، چەرچەن، كۇسەن قاتارلىق بەگلىكلەرگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى ئۆزى ئاتىۋالغان ھۆكۈمرانلىق نامىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇرلىغان ياكى كۆپلىگەن بەگلىكلەرنى شىمالدىكى ھۇنلارنىڭ قوغدىشىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇرلىغان، ھەتتا شيەن فەرغانىدىمۇ ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلىگەن. لېكىن، مىلادىيە 60 ـ يىلىغا كەلگەندە ئۇدۇن مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا شيەننى مەغلۇپ قىلغان. بىرقانچە قېتىملىق بىھۇدە ئاۋارە بولۇشتەك ھەربىي يۈرۈشتىن كېيىن، شيەن ئۆزى پايتەخت يەكەندە مۇھاسىرىدە قېلىپ، ئىككىنچى يىلى ئۇدۇن پادىشاھى گۇاڭدې (广德) غا تەسلىم بولغان.

### يەكەننىڭ ھۇنلارغا بويسۇنۇشى

كېيىن ھۇنلار يەكەننى بىرمەھەل تىزگىنلىگەن، ھەتتا ئۇدۇنمۇ ئۇلارنىڭ بېقىندى بەگلىكىگە ئايلىنىپ قالغان. لېكىن، شۇ ۋاقىتقا كەلگەندە جۇڭگونىڭ تەسىر كۈچى ئۇلۇغ سانغۇن بەن چاۋنىڭ رەھبەرلىكىدە تارىم ئويمانلىقىغا قايتا كىرىشكە باشلىغان. مىلادىيە 74 ـ يىلى خوتەن، قەشقەرلەر خەن سۇلالىسى تېررىتورىيەسىگە كىرگۈزۈلگەندىن كېيىن، بەن چاۋ ئۆزىنىڭ تەسىرىنى باشقا جايلارغىچە كېڭەيتىشكە باشلىغان. گەرچە بىرقانچە قېتىملىق ئاسىيلىق ۋە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ قابىلىيەتلىك يولباشچى ۋە

www.uyghurkitap.com



46 ـ رەسىم ئۇچمەرۋاندىكى تاش ئۆيما

سىياسىيون ئۆزىنىڭ «غۇزلار ئارقىلىق غۇزلارنى تىزگىنلەش» تاكتىكىسى ئارقىلىق، جۇڭگو ھاكىمىيىتىنىڭ بۇ تالاش ـ تارتىشقا تولغان بەگلىكلەر ئارىسىدىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى تەدرىجىي مۇستەھكەملىگەن. ئەڭ ئاخىرىدا مىلادىيە 88 ـ يىلىغا كەلگەندە قۇدرەتلىك كۇسەن بەگلىكىنىڭ ياردىمى بىلەن يەكەننى ئەل قىلغان. ئۇچ يىلدىن كېيىن كۇسەن ئۆزىمۇ (دەسلەپتە

ھۇنلارغا ئەل بولغان، كېيىن ئامۇ دەرياسى تەرىپىدىن كەلگەن توخرىلار، يەنى ھىندى ـ سكىتايلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا ئۇچراپ) تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي گىرۋىكىدىكى بەگلىكلەر بىلەن بىرلىكتە بەن چاۋغا ئەل بولۇشقا مەجبۇر بولغان. مىلادىيە 94 ـ يىلىغا كەلگەندە كىنگىت (Kara-shahr يەنى قاراشەھەر) نىڭ ئەل بولۇشىغا ئەگىشىپ، تارىم ئويمانلىقىنى قايتا بويسۇندۇرۇش پۈتۈنلەي تاماملانغان.

### يەكەندىن تېپىلغان پۇللار

مەن يەكەندە تۇرغان تۆت كۈن ئىچىدە ئالدىنقى قېتىم بۇ يەردە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغانغا ئوخشاش، قەدىمىي ئىزلارغا ئائىت ئۇچۇرلارغا ئىگە بولۇش جەھەتتە مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلمىدىم. يەكەن «كونا شەھەر» نىڭ ئورنى ھازىرغا قەدەر تېخى جەزملەشمىگەنىدى. مىرزا ھەيدەر كوراگان (Mirzā Haidar)نىڭ ئېيتىشىچە، مۇستەبىت ئابابەكرى (Abā Bakr) ئۇ يەردىن نۇرغۇن بايلىقلارنى قېزىپ چىققان. خۇددى مەن ئالدىنقى بىر قېتىملىق دوكلاتىمدا ئۇدۇننىڭ قەدىمكى پايتەخت خارابىسىنى — يوتقاننى چۈشەندۈرگەنگە ئوخشاش، يەكەندىن ئىبارەت بۇ غايەت زور ھەم گۈللەنگەن بوستانلىقنىڭ ئېتىزلىرى ئارىسىدىكى چوڭقۇر دەريالارنىڭ چۆكمە قاتلاملىرى ئارىسىدا بارلىق قەدىمىي ئىزلار كۆمۈلۈپ كەتكەنىدى. لېكىن، ھازىرقى يەكەن شەھىرىنىڭ بەلكىم ھازىرغىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان قەدىمىي پايتەختى جايلاشقان يەر ياكى ئەتراپىدىن بۇرۇنقى مەلۇم مەزگىلدە زور مىقداردىكى پۇل تېپىلغان. پۇل تېپىلغان جاي يەكەن «يېڭى شەھەر»دىكى يەكەن يامۇلىنىڭ ئەتراپىدىن تېپىلغان، بىلىملىك ئامبال (Amban) پەن بېگىم (Pên-Ta-jên) مۇشۇ جاينى ئاساسلىق باشقۇرىدىغان بولۇپ، ئۇ ناھايىتى دوستانە ھالدا ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بىر يۈرۈش 10 تال ئەۋرىشكە بىلەن تەمىنلىدى. بۇ پۇللار ئىچىدە خۇددى ج. ئالان ئەپەندى ئىشلىگەن

تىزنىلىكتە كۆرسىتىلگەن بىر دانە مىس تەڭگىمۇ بار ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە «كەيىۇەن» دېگەن خەت ئويۇلغان تەڭگە گاۋزۇ مەزگىلىدە تارقىتىلغان بولۇپ، ئۇ تاڭ سۇلالىسىنىڭ تۇنجى پادىشاھى (618 ـ يىلىدىن 627 ـ يىلىغىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن) ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، گاۋزۇدىن كېيىنكى كەيىۇەن تۇڭباۋ يارمىقى ۋە سۇڭ سۇلالىسى (990 ـــ 1111 ـ يىلى) تارقاتقان ھەر خىل مىس تەڭگە پۇللار بار ئىدى. بۇ ئۆڭكۈرنىڭ قۇرۇلمىسىدىن قارىغاندا، ئۇ ھازىرقى يەكەن شەھىرىنىڭ ئورنىنى ئىسپاتلاپ بەرگەن. ئۇ ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى مەزگىلنىڭ ئاخىرىدا ئىگىلەنگەن.

**قىزىل جاي ئىزىنى زىيارەت قىلىش**

مەن يەكەندىن جەنۇب تەرەپتىكى كېيىنكى بېكەت قاغىلىق (Karghalik)قا بېرىش سەپىرىمدە، بىر يېڭى، يەنى مەلۇم جەھەتتىن ئېيتقاندا بىرقەدەر چەت يولنى تاللىدىم ۋە تىزناپ (Tiznaf) دەرياسىنى بويلاپ ماڭدىم. ئۇنى ھازىرغا قەدەر ھېچكىم تەكشۈرۈپ باقمىغانىدى. ئېكسپېدىتسىيە خاتىرەمنىڭ 11 ـ بابىدا بۇ يولنى ئومۇمىيۈزلۈك بايان قىلىپ ئۆتكەنىدىم. بۇنداق تاللىشىمدىكى مەقسەت، قىزىل جاي (Kizil-jai) ئىزناسىنى تەكشۈرۈش ئارزۇيۇمغا يېتىش ئىدى. تەخمىنەن ئىككى يىلدىن بۇرۇن بۇ ئىزدىن ناھايىتى ياخشى ساقلانغان بەزى قەدىمىي ئۇيغۇرچە قول يازمىلار تېپىلغانىكەن، كېيىن بۇ قول يازمىلار جورج ماكارتنېيغە تاپشۇرۇپ بېرىلگەن. دوكتور ئې. دانىسىن لوس بۇ قول يازمىلارنى تەكشۈرۈپ كۆرگەن. ئۇ 1908 ـ يىلى 12 ـ ئايدا كالكۇتتا (Calcutta) ماڭا ئەينەن نۇسخىسىنى كۆرسەتكەنىدى. 4 ـ ئىيۇل مەن ئۇزۇن يول مېڭىپ تىزناپنىڭ ئۇڭ قىرغىقى تەرەپتىكى يېقىندىن تېرىلغان يەردىكى كىچىك مەھەللە باغجىگدە (Bāgh-jigda) دىن يولغا چىقىپ، ئاشۇ ئىزنى زىيارەت قىلغىلى باردىم. چاتاق يېرى، ئۇ يەردىكى خارابىدىن

ئانچە كۆپ ئىزنا قالمىغانىكەن. شىمال تەرەپكە قاراپ يېڭىدىن ئېچىلغان تېرىلغۇ يەرلەردىن تەخمىنەن 5 مىلدەك ماڭغاندىن كېيىن، تىزناپ دەرياسى بىلەن شەرقتىن يۆتكىلىپ كەلگەن قۇملۇق ئارىسىدىكى پاكار دەرەخ ۋە ئورمانزارلىق رايونىغا يېتىپ كەلدۇق. يەنە 4 مىل ماڭغاندىن كېيىن قىزىلجاي مازىرى (Kizil-jai Mazār) دېگەن يەرگە كەلدۇق، ئۇنىڭ غەربىي شىمالىدىن يېرىم مىل يىراقلىقتا ئاشۇ قەدىمىي ئۇيغۇر يېزىقىدىكى قول يازما تېپىلغانىكەن. باغچىگىدىلىك ئىبراھىم ئىسىملىك بىر كىشى قول يازمىنىڭ بىر يۇلغۇنلۇق قۇملۇقتىن چىققانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. بۇنداق قۇملۇقلار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇ تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ئەتراپىنىڭ تىپىك ئالاھىدىلىكى ئىدى. يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق، قول يازما بايقىلىپ سىر ماكارتنېيگە دوكلات قىلغان ۋاقىتقا قەدەر 10 نەچچە يىل ئۆتۈپ كەتكەنلىكى ئېنىقلاندى. ئىبراھىمنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ئوتۇن ياكى «كۆتەك» (kötek) ئىزدەۋاتقاندا، قۇم دۆڭىنىڭ ئۈستىگە يېقىن جايدىن بىر بولاق ھۆججەتنى تېپىۋالغانىكەن. ئۇ يەنە 2 يارد چوڭقۇرلۇقتىكى قۇمدىن يەنە ئىككى بولاقنى تېپىۋالغانىكەن، قۇم دۆڭىنىڭ ئېگىزلىكى ئەتراپتىكى يەر يۈزىدىن تەخمىنەن 14 فۇت ئېگىز ئىدى. بۇ بىرقانچە ھۆججەتلەر ئوخشاشلا بىر دەۋرگە مەنسۇپ بولسىمۇ، نېمە ئۈچۈن ئوخشاش بولمىغان قاتلامدا بايقىلىدۇ؟ بۇ مەسىلىنى چۈشەندۈرمەك تەس ئىدى. بۇ قۇم دۆڭىنىڭ دۆۋىلىنىش سۈرئىتىنىڭ نىسبەتەن ئاستىلىقىنى نەزەردە تۇتقاندا، ئىبراھىم كۆرسەتكەن ھۆججەت چىققان ئوخشاش بولمىغان ئارىلىق بىرقانچە ئەسىرلىك پەرققە ۋەكىللىك قىلىشى مۇمكىن. بۇ يەردە خۇددى مەن كېيىن تارىم ئويمانلىقى قاتارلىق جايلاردىن بايقىغان ھەممە ئەھۋالغا ئوخشاش، سۆزلىگۈدەك ھېچقانداق نەرسە يوق ئىدى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

## قويلۇغئاتا ئىزى

شىمالدىكى چاتقاللىقتا قاراپ يەنە ئىككى مىل ئاتلىق ماڭغاندىن كېيىن بىر يەرگە يېتىپ كەلدىم. بۇ يەرنىڭ ئۈستىدە نۇرغۇنلىغان لاي ـ توپا قورۇلمىلىق كىچىك ئۆي خارابىلىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. يەر ئۈستىدىكى سۇغىرىش ئېرىقى ۋە پەلەمپەي ئېتىزلارنىڭ ئىزناسىنى تېخىمۇ ئېنىق پەرقلەندۈرگىلى بولاتتى، لېكىن كۆچمە قۇم كۆرۈنمەيتتى. بۇ ئالامەتتىن قارىغاندا، بۇ يەر يېقىنقى مەزگىللەرگە قەدەر باشقىلار تەرىپىدىن ئىگىلىنىپ كەلگەندەك قىلاتتى. بۇ ئىزلار ئەتراپتىكى زامانىۋى ئاھالىلەرنىڭ ئۆيلىرىگە ناھايىتى ئوخشاپ كېتەتتى. ئۇلار يەككە گورۇپپىلار بويىچە ئورۇنلاشقان بولۇپ، غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقىچە بولغان دائىرىسى تەخمىنەن 1 مىلدەك كېلەتتى. ئىزنىڭ ئەڭ چوڭ بۆلىكىنى يول باشلىغۇچىم «قويلۇغئاتا» (Koilogh–ata) دەپ ئاتىدى. ئۇنىڭ شىمالىي بۆلىكى «تاتارزېمىن» (Tatāri–zemīn) دەپ ئاتىلاتتى. ئىككى يىلدىن كېيىن ياردەمچىم سىنگ مەكىتتىن (Merket) قاغىلىققا بېرىش يولىدا بۇ ئىزنى تەكشۈرگەن. ئۇ پارچە ـ پۇرات تېرىلغۇ يەرلەرنى كۆرگەن. ئۇ كۆكول (kökōl) بىلەن لايداڭ (laidang) مەھەللىسىگە يېقىن بولۇپ، بىرقانچە مىل كېلەتتى. شۈبھىسىزكى، بۇ تېرىلغۇ يەرلەر مەلۇم بىر دەۋرگە مەنسۇپ بولۇپ، ئۇ چاغدا قۇملۇق گىرۋىكى بىلەن تىزناپتىن مەكىتكىچە بولغان تار ئارىلىقتىكى سۇغىرىلىدىغان بەلباغدا ھازىرقىدىنمۇ كۆپ تېرىلغۇ يەرلەر بار ئىدى. سىر ماكارتنېي خېلى بۇرۇن قويلۇغئاتانى زىيارەت قىلغان بولۇپ، ئۇ ئەتراپىدىن قەدىمىي ئۇيغۇر يېزىقىدىكى قول يازمىنىڭ تېپىلغانلىقىدىن ئىلھاملىنىپ، مۇشۇنداق بىر ـ ئىككى ئېغىز پاكار ئۆينى رەتلەپ چىققان. ئەمما، بىردىنبىر تېپىلغان نەرسە بىر پارچە خورۇم ئىدى. ئەلۋەتتە ئاخىرقى دەۋرنى بېكىتىشتە پايدىلىنىشقا

تېگىشلىك نەرسىلەر بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا، بۇ خۇرۇممۇ ھېچقانداق يىل دەۋرىنى جەزملەشتۈرەلمەيتتى، شۇڭلاشقا مەن يەنە ۋاقىت سەرپ قىلىپ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئېنىقلاپ چىقىشنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمىدىم.

# 5 ـ بۆلۈم قاراقورۇم تېغىنىڭ ئەڭ غەربىي بۆلىكى

**كۆكياردا توختاش**

6 ـ ۋە 7 ـ ئىيۇن شىمالدىن جەنۇبقا قاراپ غايەت زور ۋە گۈللەنگەن قاغىلىق بوستانلىقىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، جەنۇبقا قاراپ مېڭىپ، ئەڭ غەربتىكى قاراقورۇم تېغىنىڭ كەڭ كەتكەن تاغ ئالدى ئېگىز ـ پەس تاشلىق بەلباغ ئارقىلىق كۆكيار (Kökyār) كەنتىگە يېتىپ باردىم. كىشىلەر دائىم ماڭىدىغان بىر كارۋان يولى بۇ يەردىن ئۆتىدىغان بولۇپ، ئۇ ئارقىلىق تىزناپ ۋە يەكەن دەرياسىنىڭ بېشىغا بارغىلى ئاندىن قاراقورۇم تېغىدىن ئۆتۈپ لاداخقا يېتىپ بارغىلى بولاتتى. مەن كۆكياردا 16 كۈن (9 ـ ئىيۇلدىن 24 ـ ئىيۇلغىچە) تۇردۇم. «چۆل قىتانلىرى» دېگەن كىتابنىڭ 12 ـ بابىدا بۇ مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتكەنىدىم. بۇنداق قىلىشىمدىكى مەقسىتىم، مۇشۇ تاغ باغرىدىكى بىرقەدەر سالقىن كەنتتە بىرقانچە كۈن تۇرۇپ «قەدىمكى خوتەن» دېگەن كىتابنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بەزى خىزمەتلىرىنى پۈتكۈزۈش ئىدى. بۇ ئىشلار تۈپەيلىدىن شۇنچە ئالدىراش بولۇپ كەتتىم، شۇنداقتىمۇ بۇنىڭدىن ناھايىتى خۇشال ئىدىم. بۇ تاغ باغرىدىكى كىچىك بوستانلىقنىڭ ئەتراپىدا دىققىتىمنى تارتىدىغان ئارخېئولوگىيەگە ئائىت ھېچقانداق نەرسە يوق ئىدى. مەن ئۇ يەردە ھەمدە كېيىنكى تاغ باغرىنى بويلاپ شەرق تەرەپكە قاراپ مېڭىش جەريانىدا، بۇ رايوننىڭ ئىرق

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

تارىخى ۋە تارىخ، جۇغراپىيەسىگە ئائىت ئىشلارنى كۆڭۈل قويۇپ كۆزىتىپ كەلدىم. بۇ جەھەتتىكى پاكىتلار ناھايىتى پايدىلىق ئىدى. كېيىن بۇ ئىشلار توغرىسىدا بەزى تولۇقلىما چۈشەندۈرۈشلەرنى بېرىمەن.

جۇڭگونىڭ دەسلەپكى ھۆججەتلىرىدىكى قاغىلىققا دائىر خاتىرىلەر

«قەدىمكى خوتەن» دېگەن كىتابتا قاغىلىقنىڭ شۆەنزاڭ ئوتتۇرىغا قويغان جوجۇجيا (斫句迦国 — قاغىلىق) بەگلىككە ئوخشاپ كېتىدىغان يەرلىرىنى ناھايىتى تەپسىلىي ئوتتۇرىغا قويغاندىم. «تاڭنامە» ۋە «سۇڭ يۈننىڭ ساياھەت خاتىرىسى»دە «جوجۇجيا» دېگەن بۇ بىر نامنى ئوخشاش بولمىغان ئاھاڭ بويىچە ئاتىغان. مەسىلەن، چۇجۇپو ياكى چۇجۇپەن دېگەندەك. «تاڭنامە»دە ئېنىق قىلىپ: بۇ بەگلىك خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى كولبا بەگلىكى بولۇپ، ئۇنىڭغا يۆلئېرىق، سارىقۇل، ئىنەي ۋە دېرو قاتارلىق تۆت يەر قارايتتى، دەپ تونۇشتۇرغان. «ئالدىنقى خەننامە»دە يۆلئېرىق، سارىقۇل، ئىنەي توغرىسىدا ئايرىم - ئايرىم ھالدا قىسقىغىنا خاتىرە قالدۇرۇلغان. بۇ يەرلەرنىڭ نىسپىي ئورنى جەھەتتىكى چۈشەندۈرۈشلەردە ھەر خىل پەرقلەر ساقلانغان بولۇپ، ئەسلىدىكى يازمىلارغا سېلىشتۇرمىغاندا، بۇ خىل گۇمانلارنى يوقىتىپ، قايىل قىلارلىق جاۋاب تاپقىلى بولمايتتى. شۇڭا، بۇ يەردە بىز ھۆكۈم چىقىرالايدىغىنىمىز پەقەت مۇشۇ كىچىك بەگلىكلەرنىڭ مەركىزى ھازىرقى قاغىلىقنىڭ ئەتراپى دېگەن قاراش ئىدى. يۆلئېرىق توغرىسىدىكى خاتىرىدە، ئۇنىڭ ھۆكۈمرانى كولبا پادىشاھى دەپ ئاتىلاتتى، دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان. جۇڭگونىڭ جۇغراپىيە ئالىملىرى بۇ خىل قاراشلارغا روشەن ھالدا قوشۇلغان بولۇپ، بۇ ئىككى ئورۇن ئوتتۇرىسىدا بىر خىل ئالاھىدە مۇناسىۋەت بار دەپ قاراپ، يۆلئېرىق بىلەن كولبانى يېقىن قوشنا بولغان يۆلئېرىق ۋە كۆكيار رايونىغا ئوخشاتماقچى بولغان.

## كۆكيار، يۈلئېرىق ۋە ئۈششاقباش بوستانلىقى

مۈشۈنداق بولغاندا مېنىڭ بۇ يەرنىڭ ئەھۋالىنى چۈشىنىشىمگە پايدىلىق ئىدى. كۆكياردا تېرىقچىلىققا ئىشلەتكىلى بولىدىغان يەر بىر تار يەر بىلەنلا چەكلىنىپ قالغانىدى. كەڭلىكى ۋە ئۇزۇنلۇقى 5 مىلدىن ئېشىپ كەتمەيتتى. ئۇ بىر تار جىلغا بولۇپ، ئىككى تەرىپى ئوچۇق يانتۇلۇق ئىدى، بۇ يەردە 200 نەچچە ئائىلىلىك ئادەم بار بولۇپ، بۇلار ئاساسلىقى تاغدا كالا ۋە قوي بېقىش ئارقىلىق تۇرمۇشىنى قامدايتتى. بۇ جىلغىنىڭ قۇرۇلمىسىدىن قارىغاندا، بۇرۇنقى نەمخۇش كىلىمات شارائىتىدىمۇ بۇ يەردە بۇنىڭدىن جىق تېرىلغۇ يەر بولمىغانىكەن. يۈلئېرىق كىچىك بوستانلىقنىڭ ئەھۋالى مەلۇم جەھەتتىن ئېيتقاندا بىرقەدەر ياخشىراق ئىدى. بۇ كىچىك بوستانلىق ئاچچىق جىلغا ئېغىزىغا جايلاشقان بولۇپ، تۈز سىزىق بويىچە ھېسابلىغاندا شەرققە قاراپ تەخمىنەن 6 مىل كېلەتتى. بۇ يەردىكى سۇغارغىلى بولىدىغان پۈتكۈل يەر (قارىماققا تېجەپ قالغىلى بولغۇدەك سۇمۇ يوق ئىدى) رووۋش (Rōwush) كەنتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 260 ئائىلىلىك نوپۇسنى بېقىپ كېتەلەيدىكەن. ئۈششاقباش شەرق تەرەپتىكى بىر بوستانلىق ئىدى. ئۇنىڭ سۇ مەنبەسى ئۇلۇغ ئۆستەڭ (Ulūgh üstang) ئېقىنىدىن كېلەتتى ھەمدە يىل بويى قار سۈيىدىن پايدىلىناتتى. ئۇ قارىماققا سەل چوڭراق بولۇپ، تەخمىنەن 300 نەچچە ئائىلىلىك ياشايتتى. يەر ئۈستىدىكى بىر قات سېرىق توپا ناھايىتى مۇنبەت بولۇپ، ئۇ بۇ بوستانلىقنىڭ تاغ باغرىدىكى شېغىللىق ساھىلىنى قاپلاپ تۇراتتى. بۇ بوستانلىقلارنىڭ ئورنى شۇنچە يېقىن، بايلىقى شۇنچە كەمچىل ئەھۋال ئاستىدىمۇ، قانداق قىلىپ بىر مۇستەقىل «بەگلىك» بولۇپ شەكىللەنگەنلىكىنى ئادەم پەرەز قىلىپ بولالمايتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## «كېيىنكى خەننامە»دىكى قاغىلىققا دائىر خاتىرىلەر

يەر شەكلىنىڭ ئەھۋالىنى نەزەردە تۇتقاندا ئىشەنچلىك رەۋىشتە شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، قاغىلىق ۋە ئۇنىڭ تىزناپ دەرياسىدىن كېلىدىغان سۇ مەنبەسى مۇنبەت سېرىق تۇپا قاتلىمىغا قوشۇلۇپ، يەكەن دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى نوپۇسى ئەڭ كۆپ ۋە ئەڭ مۇھىم بوستانلىقنى شەكىللەندۈرگەن. ئەگەر «خەننامە»دە ئۇنىڭ نامى تىلغا ئېلىنمىغان بولسا، بىز ئۇنى مەۋجۇت بولغان دەپ پەرەز قىلالمايمىز. شۇڭا، «كېيىنكى خەننامە»نىڭ 18 ـ جىلدىدىكى بۇ جايغا ئائىت خاتىرىلەردە تېخىمۇ ئېنىق چۈشەنچە بېرىلگەن. بۇ خاتىرىلەردە مۇنداق دەپ كۆرسىتىلگەن: خوتەندىن غەربكە ماڭغاندا «گۇمىدىن ئۆتۈپ يۆلئېرىق، كولبا، دېروغا بارغىلى بولاتتى». مۇشۇ يەرلەرنىڭ ھەممىسى قاغىلىقنىڭ ئەتراپىدا ئىدى. شۇنىسى ئېنىقكى، شۇ چاغدىكى گۇما بەگلىكى ھازىرقى گۇمىنىڭ ئۆزى ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە غەربكە ماڭىدىغان يول بىلەن چوقۇم ھازىرقى قاغىلىق رايونىغا بارغىلى بولاتتى.

يۆلئېرىق بەگلىكى توغرىسىدا «كېيىنكى خەننامە»دە، بۇ جاينى يەنە لۇشا (Lu-sha) دەپ ئاتايدىغانلىقى ھەمدە كولبادىن باشقا بىر ھۆكۈمرانغا مەنسۇپ ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ: «ئالدىنقى خەننامە»دە خاتا ھالدا يۆلئېرىق بىلەن كولبا بىر بەگلىك دەپ يېزىلىپ قالغان، كولبا بېگى خۇجيەن (呼鞬) جىلغىسىدا تۇرۇشلۇق ئىدى. ئۇ سۇلى (بۇگۈنكى قەشقەر)دىن 1000 چاقىرىم كېلەتتى» دېيىلگەن. كۆرسىتىلگەن ئارىلىق ۋە تار جىلغىنىڭ ئورنىدىن قارىغاندا، بۇ يەردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان كولبا بەگلىكىنىڭ مەركىزى شەھىرى قاغىلىقنىڭ جەنۇبىدىكى مەلۇم بوستانلىقتا بولۇشى مۇمكىن. بۇ بىر ئورۇننى ئېتىراپ قىلغاندىن كېيىن بىز يۆلئېرىقنى چوقۇم قاغىلىق دېيەلەيمىز. چۈنكى، بۇ چوڭ بوستانلىقنى مۇشۇنداق پەرەز قىلغىنىمىزدىلا

«كېيىنكى خەننامە»دە كۆرسىتىلگەن نوپۇس جەھەتتىكى روشەن پەرقنى (يۆلئېرىقتا 2500 ئائىلە، كولبادا 350 ئائىلە بار ئىدى) چۈشەندۈرۈپ كېتەلەيمىز. بۇ نىسبەت ھازىرقى نوپۇسنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشتە ئوتتۇرىغا قويۇلغان قاغىلىق بوستانلىقى بىلەن كۆكيار، يۆلئېرىق ۋە ئۈششاقباشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بېگشىپ (Bēg-ship) بوستانلىقىنىڭ نوپۇس نىسبىتى بىلەن تەخمىنەن ئوخشاش چىقاتتى. يۆلئېرىق بىلەن قاغىلىق بوستانلىقىنىڭ ئۆزئارا ئۆيغۇنلىشىشى «ئالدىنقى خەننامە»دىكى خاتىرىگە ئۇيغۇن كېلەتتى، يەنى يۆلئېرىق شەرقتە گۇما، شىمالدا يەكەن بىلەن چېگرالىناتتى. چۈنكى، گۇما بىلەن يەكەن دەل مۇشۇ يەردە سۆزلىنىۋاتقان قاغىلىقنىڭ يۇقىرىقى ئورۇندىكى قوشنىلىرى ئىدى. ئەگەر بىز «ئالدىنقى خەننامە»دە خاتىرىلەنگەن ۋاقىتتا، يۆلئېرىق ياكى قاغىلىق جەنۇبتىكى تاغلىق رايوننى دەسلەپتە ئىگىلىگەن بىر جەمەتنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولغان دەپ پەرەز قىلساق، تاڭ دەۋرىدىكى يىلنامىچىلارنىڭ چۈجۈپو بىلەن خەن سۇلالىسى مەزگىلىدىكى كولبانى ئۆزئارا سېلىشتۇرغانلىقىنى چۈشەنگىلى بولاتتى. لېكىن، ئۇلار شەرھلىگەن بۇ رايون روشەنكى دەل ھازىرقى قاغىلىق ئىدى.

**دېرو، سارىقۇل، ئىنەينىڭ ئورنىنى بېكىتىش**

«دېرو بەگلىكى» توغرىسىدا «كېيىنكى خەننامە»دە، ئۇ كولبا بىلەن قوشنا بولۇپ، ئىككىسىنىڭ ئۆرپ - ئادىتىمۇ ئوخشاپ كېتىدۇ، ئاھالىسى پەقەت 100 ئائىلىگە يېتىدۇ، دەپ كۆرسىتىلگەن. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، دېرونىڭ ئورنىنى چوقۇم كۆكيارنىڭ غەربى ياكى غەربىي جەنۇب تەرىپىدىكى ئادەم ئولتۇراقلاشقان بىرقانچە تاغلىق رايوندىن ئىزدەشكە بولاتتى. تىزناپ دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى بولغان گۇسوس (Gusos) ئەتراپى، شۇنداقلا بۇ يەرنى تەمىنلەپ تۇرىدىغان بەش تارماق

www.uyghurkitap.com

ئېقىن ئۆتىدىغان جىلغىدا زور مىقداردىكى يېرىم كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ تويلاشقان مەھەللىلىرى بار ئىدى. بۇنى كېيىن پۈرسەت تېپىپ ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن. بۇ يەرنىڭ بىر ئومۇمىي نامى بولۇپ «بەشكەنت» (Bēsh-kant) دەپ ئاتىلاتتى. سارىقول، ئىنەي ۋە چۇجۇپۇ ياكى قاغىلىقنىڭ تاغ دەۋرىدە قوشۇۋالغان باشقا بەزى كىچىك بەگلىكلەرنىڭ توغرا ئورنىنى نۆۋەتتە تېخى جەزملەشتۈرگىلى بولمايتتى. لېكىن، «ئالدىنقى خەننامە»دە ئۇلارنىڭ ئورنى كولبانىڭ شىمالىدا بولۇپ، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى جەھەتتە ھازىرقى يەكەنگە تايىناتتى دەپ كۆرسىتىلگەن. بۇ بىر نۇقتىدىن قارىغاندا، بۇ كىچىك بەگلىكلەر ئاشۇ ئاسان كىرگىلى بولىدىغان ئاشغانسال (Asghan-sal)، ئۆچبەلدىر (Öch-beldir)، توڭ (Tong) قاتارلىق كىچىك جىلغىلاردا بولۇپ، ئۇلار تاغلىقتىكى يەككە ـ يېگانە مەھەللىلەر ئىدى. بۇ كىچىك جىلغىلار يەكەن دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىدىن ئايرىلىپ چىققان بولۇپ، ئۇنىڭ يەر شەكلى جەھەتتىكى مەسىلىلىرىنى ئەڭ دەسلەپتە كاپىتان دېسەي (Deasy) تەكشۈرۈپ ھەل قىلغانىدى.

## پاخپۇدىكى تاغلىقلار

كۆكيارىدىكى ۋاقتىلىرىمدا ئىزچىل تۈردە يېزىقچىلىق خىزمەتلىرى بىلەن شۇغۇللاندىم. لېكىن، يەنە ئامال قىلىپ پاخپۇدىكى تاغلىقلارنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئادەم بەدىنىنى ئۆلچەش ۋە باشقا جەھەتتىكى ماتېرىياللارنى توپلىدىم. ئۇ يەر تىزناپنىڭ بېشى بولۇپ، مەن ئۇزاقتىن بۇيان ئۇ يەرنىڭ ئىرق تىپى ۋە كېلىپ چىقىش مەنبەسىگە قىزىقىپ كەلگەنىدىم. «قەدىمكى خوتەن»دىكى ئىنتايىن ئاز، لېكىن پايدىلىق بولغان ماتېرىياللارغا ئاساسەن، ئىران ـ سارىقوللۇقلار بىلەن ھازىرقى خوتەن ۋە تەكلىماكاننىڭ جەنۇبىي گىرۋىكىدىكى باشقا ئاھالىلەرنى نەزەردە تۇتۇپ، كىشىلەر ئۇقمايدىغان تاغلىق

قەبىلىلەرگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئىرق مەسىلىلىرىگە دىققەت قىلىپ كەلدىم. ئۇ يەردە ھەر خىل ـ ھەر ياڭزا پاكىتلارنى، يەنى ئادەم بەدىنىنى ئۆلچەش، تىلشۇناسلىق ۋە تارىخشۇناسلىققا ئائىت پاكىتلارنى تەپسىلىي مۇھاكىمە قىلىپ چىقتىم. ئۇلاردا تۆۋەندىكى پاكىتلار مۇجەسسەملەشكەن، يەنى: ئالپىنۇسلىقلارنىڭ گالچا (Galcha) تىپى (سارىقۇللۇقلار ئۇلارنىڭ نۆۋەتتىكى ئەڭ شەرقتىكى ۋەكىلى) بىرمەھەل شەرققە ئەڭ يېقىن جايلارغىچە كېڭىيىپ، مەدەنىيەت، تارىخ جەھەتتە ئۇنىڭ بىلەن ئالاقىسى بولغان خوتەن بوستانلىقىدىكى قەدىمىي ئاھالىلەر ئارىسىغىچە تارقىلىپ، ئىرق ئامىللىرىنى شەكىللەندۈرگەن. مەن مۇشۇ كىتابىمدا تىلغا ئالغان سەپەر جەريانىدىكى بارلىق ئامىللاردىن پايدىلىنىپ، ئادەم بەدىنىنى ئۆلچەش ئىلمى جەھەتتىكى يېڭى ماتېرىياللارنى توپلىدىم. بۇ ماتېرىياللارنىڭ ئىرق ۋە قانداشلىق مۇناسىۋەت مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا ياردىمى بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن، نۆۋەتتە تارىم ئويمانلىقى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ جەنۇبىي گىرۋىكىدە ئولتۇراقلاشقان ئاھالىلەرنىڭ ئىرقىي ئالاھىدىلىكى ۋە ئېتنىك مەنبەسى قاتارلىقلار. بۇنداق نۇرغۇن يېڭى ماتېرىياللارنى شاۋان ئەپەندى سىستېمىلىق تەھلىل قىلغان بولۇپ، ئۇ ئىزچىل تۈردە مەن بىلەن ھەمكارلىشىپ، خىزمەتلەرنى ئۆزاققىچە قانات يايدۇردى. ئۇ 600 نەپەر كىشىنى ئۆلچەپ چىققان بولۇپ، بۇ خىزمەتنى تاكى يېڭى ئۆلچەش نەتىجىسى ئېلان قىلىنغانغا قەدەر داۋاملاشتۇرغان. مەن ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئومۇمىيۈزلۈك خۇلاسىلەش تېخى بالدۇر ئىدى. بۇ جەھەتتە مەن ئۆزۈمنىڭ قىلغىنىمدا چىڭ تۇراتتىم. ئوخشاش ئەھۋال ئاستىدا مۇشۇنداق ئادەتتىكى ئىرق ئىلمى جەھەتتىكى كۆزىتىش خاتىرىسى مۇشۇ ماتېرىياللارنىڭ ئالاھىدىلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىپ، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇلاردىن مۇكەممەل پايدىلىنىشقا ياردىمى بار ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

### پاخپۇلۇقلاردىكى ئالپىنۇس ئىرق تىپى

«پاخپۇ»لار بىر كىچىك تىپتىكى يېرىم كۆچمەن چارۋىچىلار مەھەللىسى بولۇپ، بۇ نام ئۇلارنىڭ ئاساسلىق دەريا جىلغىسىنىڭ نامىدىن كەلگەن. ئۇلار تىزناپ دەرياسىنىڭ بېشىدىن شاخلىنىپ چىققان بىرقانچە ئېگىز ۋە تار جىلغىلارغا تارالغان. مۇشۇ ئېقىنلارنىڭ ھەممىسى كۆكيارنىڭ غەربىي جەنۇبىدا، يەنى ئەڭ غەربتىكى قاراقۇرۇم تېغىدىن بۆلۈنۈپ چىققان بىر ئېگىزلىكنىڭ ئارقىسىدا بىر يەرگە يىغىلاتتى. ئەپسۇسلىنارلىقى، ۋاقىت مۇناسىۋىتى بىلەن كىشىلەر ئۇقمايدىغان بۇ كىچىك تاغلىق رايونلارنى زىيارەت قىلىشقا ئامال بولمىدى. گەرچە نۇرغۇن دەريالاردا تاشما پەيدا بولغان، شۇنداقلا تاغلىقلارنىڭ قورقۇنچاق، گۇمانخورلۇقىدىن نۇرغۇن ئاۋارىچىلىكلەر كېلىپ چىققان بولسىمۇ، قاغىلىق يامۇلىنىڭ ياردىمىدە، ئامال قىلىپ



47 ـ رەسىم كۆكياردا بەدەن ئۆلچەشنى قوبۇل قىلغان پاخپۇلۇقلار

كۆكيارد‍ىن كەلگەن تىپىك خاراكتېرگە ئىگە تۈركۈملىگەن «پاخپۇلۇقلار» بىلەن كۆرۈشتۈم.

مېنى قىزىقتۇرغىنى، ئۇلارنىڭ چىراي جەھەتتە ماڭا بەرگەن تەسىرى ئىدى: كۆپىنچىلىرىنىڭ چىرايى ناھايىتى كېلىشكەن بولۇپ، ئىرق جەھەتتە بىردەك ئىدى. ئۇلار مەن سارىقۇل ۋە ۋاخاندا ئۇچراتقان ئالپىنۇسلىقلار تىپىغا ناھايىتى ئوخشايتتى. ئۇلارنىڭ چىرايلىق ۋە مۇۋاپىق رەڭدىكى كۆزلىرى، تار ۋە قاڭشارلىق بۇرۇنلىرى، قويۇق قاشلىرى، بولۇق ئۆسكەن چاچلىرى ئۇلارنى ئادەتتىكى يەكەنلىكلەر ۋە قاغىلىقلاردىن پەرقلەندۇرۇپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ كىيىم ـ كېچەك ۋە يۇرۇش ـ تۇرۇشىدىن پەرقلەندۇرگىلى بولمىسىمۇ، مۇشۇ كەنت ئاھالىلىرى ئىچىدىن ھەرقانداق بىر پاخپۇلۇقنى دەرھال پەرقلەندۇرۇپ چىقالايتتىم. كەنت ئاھالىلىرى دائىم ئەتراپىمغا ئولىشىۋېلىپ، ئادەم بەدىنىنى قانداق ئۆلچەيدىغانلىقىمنى كۆرەتتى. ئاشۇ كۆكيار، خوتەن ۋە جەنۇبتىكى باشقا بوستانلىق ئاھالىلىرى ئارىسىدا توغرا ئۆلچەنگەن ماتېرىياللارنى ئەستايىدىل سېلىشتۇرغاندىلا، مېنىڭ باياتىنقى تەسىراتىمنىڭ زادى قانچىلىك دەرىجىدە توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ چىققىلى بولاتتى. لېكىن، مۇشۇ چاغدا كاللامغا بىر خىيال كەلدى، يەنى: تاغلىق رايونلىرىنىڭ تۇسۇقلىرى تۇپەيلىدىن بۇ تاغلىقلار ئارىسىدا ئاساسلىقى گالچالىقلارنىڭ ئىرق ئالاھىدىلىكى ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، باشقا قان تىپىنىڭ ئارىلىشىپ كېتىشىگە ناھايىتى ئاز ئۇچرىغان بولۇشى مۇمكىن. ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرى ئاشۇ ئاتالمىش «باشقا قانداشلىقلار» خوتەن، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ يىراق بولغان شەرققە كېڭىيىشكە ئۇرۇنغان.

### پاخپۇدىكى جىلغا ۋە ئاھالىلەرنىڭ ئەھۋالى

1901 ـ يىلى قاغىلىقتىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان چېغىمدا باشقا تىلغا ئوخشىمايدىغان يەنە بىر خىل تىلنىڭ بارلىقىنى

ئاڭلىغاندىم. ئەمەلىيەتتە بۇنىڭ بىر خىل توقۇلما، پەقەت بولمىغاندا بۇرۇن بولۇپ ئۆتكەن بىر ئىش ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. مەيلى ھەق بىرىش ياكى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەكشۈرۈش (بەلكىم مەن ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ كەنتىدە بۇ خىل تەكشۈرۈشنى ئېلىپ بىرىش جەھەتتە ئازدۇرۇلۇشۇم مۇمكىن) جەھەتتىكى قورقۇنچ تۈپەيلىدىن بولسۇن، ئاشۇ پاخپۇلۇقلارنى تاغلىق (Tāghlik)، يەنى تۈركىي تىل شىۋىسىدىن باشقا ھېچنېمىنى بىلمەيتتى دېگەننى ئېتىراپ قىلدۇرۇشقا بولمايتتى. لېكىن، يەنە بىر جەھەتتىن، مەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئاقىلانە كىشىلەردىن بەزى پايدىلىق ئۇچۇرلارغا ئېرىشتىم. شۇنداق دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، ئاشۇ بىرلەشتۈرۈلۈپ «بەشكەنت» دەپ ئاتىلىدىغان، يەنى پاخپۇ، چۇكشۇ (Chukshü)، بۇلۇڭ (Bulung)، يۇلۇڭ (Yulung) ۋە چۆپ (Chöp) قاتارلىق تاغلىق رايوندىكى ئاھالىلەرنىڭ زىچ ئالاقىسى بار ئىدى. ئەڭ ئاخىرىدىكى بىر جىلغىدىكى ئېقىن تىر (Tir)نىڭ ئايىغىدا يەكەن دەرياسىغا قوشۇلاتتى. چۇكشۇدىكى بىر بەگ بۇ يەرنى باشقۇراتتى. بارلىق جىلغىلاردا سۇلۇق ۋە ئېگىز مۇھىتقا ماس كېلىدىغان زىرائەتلەر تېرىلغان بولۇپ، كۆپ خىل، ئەمما ئاز تېرىلىدىغان زىرائەتلەرنىڭ كۆپ قىسمى چۇكشۇدە تېرىلاتتى. تاغلىقلار تىرىكچىلىك قىلىشتا ئاساسلىقى قوتاز ۋە قوي بېقىشقا تايىناتتى. خۇددى پاخپۇدىكى ئەڭ چوڭ يايلاق — جىلغىدىكى ئۇلۇغ يايلاق (Ulugh-yaylak)، كۇدە (Kü da)، چىراقسالدى (Chirak – Saldi)، تۇراغىل (Tur – agil)، تاشقورغان (Tāsh-Kurghān)غا ئوخشاش، گەرچە تېرىلغۇ يېرى چەكلىك بولسىمۇ، ئۇ يەنە تاغلىق رايوندىكى نوپۇسى ئەڭ كۆپ ھەم ئەڭ مۇھىم جاي ئىدى. ئۇلار بىر خىل «ئاق ئۆي» (ak-ois)، يەنى كىگىز چېدىردا تۇراتتى. پاخپۇدا جەمئىي 65 دانە كىگىز چېدىر بولۇپ، ھەربىرىدە 5 — 10 ئادەم تۇراتتى. لېكىن، قارىماققا بۇ سان ئاز

مۆلچەرلىنىپ قالغانىدى. مەيلى قانداق بولسۇن، كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى، ھەر يىلى چارۋا سېتىش تۇپەيلىدىن، قاغىلىق خەزىنىسىگە تاپشۇرۇلىدىغان مۇشۇ بىر تۇردىكى باج 12 يامبۇ (Yambus)، كۈمۈش تەڭگە، يەنى 1500 رۇپىيەگە تەڭ) بولۇپ، بەگلەر ئايرىم تاپشۇرىدىغان ماللارنىڭ بازار بېجىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايتتى. خۇنزانى ئەنگلىيەلىكلەر ئۈنۈملۈك كونترول قىلىۋاتقان چاغ (1891 ـ يىلى)دىن بۇرۇن پاخپۇ جىلغىسى كانجۇت (Kanjūt̄is)لار ئالاھىدە كۆز تىككەن بىر ئولجا ئىدى. ئۇلار شىمشال (Shimshāl) تاغ ئېغىزىدىن ئۆتۈپ، كالا ۋە قۇللارنى بۇلاشقا ئامراق ئىدى. ھازىرقى خاتىرىدىن قارىغاندا، ئەڭ ئاز بولغاندىمۇ 170 دەك پاخپۇلۇق قۇللار بۇلاپ كېتىلىپ، تا ھازىرغا قەدەر ئۇلارنىڭ دېرىكى بولمىغان.

### شۇەنزاڭنىڭ خاتىرىسىدىكى ئارخات توغرىسىدىكى رىۋايەت

مەن پاخپۇلۇق سۆھبەتلەشكۈچىلەردىن قەدىمىي ئىز قىممىتىگە ئىگە ئىككى ئورۇننىڭ ئۇچۇرىدىن خەۋەردار بولدۇم. شۇەنزاڭ مۇنداق دەپ ئوتتۇرىغا قويغانىكەن (روشەنكى، ئۇ سەپەر داۋامىدا ئاڭلىغان ھېكايىلەردىن كەلگەن): چۇجۇجيا بەگلىكى، يەنى قاغىلىقنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدە: «چوڭ تاغ بولۇپ، تىك جىلغا، چوڭقۇر ھاڭ ۋە قاتمۇقات تاغلار ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەنىكەن. تاغ ئارىسىدا شەكىللەنگەن ئېقىنلار ئېگىزدىن شارقىراپ چۈشىدىكەن، ئورمانلىق ئىچىدىكى تىك غارغا تاش ئۆڭكۈرلەر ياسالغان، ھىندىستانلىق ئەۋلىيالار كارامەت قابىلىيەتلىك بولۇپ، جاھان كېزىپ كېلىپ مۇشۇ يەرگە ماكانلاشقانىكەن. نۇرغۇن ئارخاتلار بۇ يەردە ئۈن ـ تىنسىز ئۆلۈپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، بۇ يەردە نۇرغۇنلىغان بۇددا مۇنارى ياسالغانىكەن. ھازىرمۇ بۇ ئۆڭكۈرلەردە ئۈچ ئارخات بار بولۇپ، گەرچە ئۆلۈپ كەتكەن بولسىمۇ، چىرايى تىرىك ئادەمگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئوخشايدىكەن، چاچ ـ ساقاللىرى داۋاملىق ئۆسۈپ تۇرىدىكەن. شۇڭا، راھىبلار دائىم كېلىپ چاچ ـ ساقاللىرىنى ئېلىپ قويىدىكەن.» شۈەنزاڭنىڭ بۇ ھېكايىسى شۈبھىسىزكى، شۇ يەردىكى قەدىمىي رىۋايەتلەرگە ئاساسەن خاتىرىلەنگەن. چۈنكى، ئارخات توغرىسىدىكى بۇ ئوخشاش ھېكايىنى ھىندىستاننىڭ بۇددا دىنى ساياھەتچىسى جىناگۇپتا (Jinagupta)مۇ ئاڭلىغانىكەن. مىلادىيە 556 ـ يىلى ئۇ قەندھەردىن جوڭگوغا بېرىش يولىدا چۈجۈجيادىن ئۆتكەن. ئۇمۇ ئوخشاشلا بۇ ھېكايىنى ئاڭلىغانىكەن.

## پاخپۇ تېغىدىكى يەرلىكلەر چوقۇنىدىغان ئۆڭكۈرلەر

شۇنىڭ بىلەن مەن ناھايىتى قىزىقىش ئىچىدە پاخپۇلۇق سۆھبەتلەشكۈچىلەر ئارقىلىق ئۇلارنىڭ تېغىدا ئاز دېگەندە تۆت ئۆڭكۈرنىڭ بارلىقىنى ئۇقتۇم. بۇنىڭ ئىچىدە ئىككىسى مازار دەپ قارالغان، شۇڭلاشقا بۇ يەرلىكلەرنىڭ چوقۇنىدىغان ئورنىغا مۇناسىۋەتلىك ئىدى. ئوتتۇرىسىدا بىر ئۆڭكۈر بولۇپ، ئېيتىلىشىچە، ئۇنىڭغا «200 تۇياق قوي پاتىدىكەن»، ئۇ قاراقاش جىلغىسى (Karā-kāsh Jilga) پاخپۇ جىلغىسىغا قوشۇلىدىغان يەرنىڭ ئەتراپىغا جايلاشقان بولۇپ، بۇ ئەۋلىيا «سۇلتان كۆپۈتۋالى» (Sultān Köputwali)نىڭ ئارام ئېلىش ئورنى دەپ قارىلىدىكەن. يەنە بىر ئۆڭكۈر قۇلانئارغۇ (Kulān-arghu)غا جايلاشقان بولۇپ، بۇ يەر ئىبنىقكى، تاختاقورام (Takhta-koram) تاغ ئېغىزى بىلەن كۇكاليانگ (Kukalyang) تاغ ئېغىزىنىڭ ئارىلىقىدىكى ئېگىز جىلغىنىڭ بېشىدا ئىدى. ئۈچىنچىسى كۇدە (Kü da) جىلغىسىدا بولۇپ، كۆكياردىن يېڭىداۋانغا بارىدىغان يول مۇشۇ يەردىن ئۆتەتتى. ئادەمنى ئەڭ قىزىقتۇرىدىغىنى، ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، چوكشۇدە بىر كىچىك غار بولۇپ، ئۇ يېڭىئارت (Yangat, Yangi-art? ) تاغ ئېغىزىدىكى جىلغىنىڭ بېشى ئەتراپىدا ئىكەن. تاغلىقلار ئۇنىڭدىن ئىنتايىن

ئەيمىنىدىكەن، ئۇنى مۆجىزە يارىتالايدىغان پېقىر (Faqīr)نىڭ دەپنە قىلىنغان يېرى دەپ قارايدىكەن. مەزكۇر ئادەم «قەدىمكى زاماندىلا» مۇشۇ يەردە ئۆلگەنىكەن، يۇقىرىدىكى ئۆڭكۈرلەرنىڭ ئورنى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بولغان خىسلەتلىك شەخسلەردىن قارىغاندا، ئۇلار جىناگۇپتا (jinagupta) ۋە شۇەنزاڭ قاتارلىقلار ئاڭلىغان رىۋايەتتىكى ئىزلارغا ئىنتايىن ماس كېلەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار بۇ جايلاردا بۇرۇن مەۋجۇت بولغان بۇددا دىنى ئېتىقادى جەھەتتىكى يېڭى ۋە روشەن پاكىتلار بىلەن تەمىن ئەتكەنىدى. شۇەنزاڭنىڭ بۇ رايوندىكىلەرنىڭ ياغاچ ئىشلەتمەيدىغانلىقى توغرىسىدىكى خاتىرىسىدىكىدەك، هازىر بۇ تاغ تاقىر بولۇپ، ئادەمنى هەيران قالدۇراتتى. چۈنكى، هازىرقى كىلىمات شارائىتىدا دەرەخلەر شالاڭلاپ كېتەتتى. مەن ئەۋەتكەن رائى رام سىنگ قارلىق داۋان (Karlik-dawān)غا بېرىپ قىدىرىپ تەكشۈرۈش داۋامىدا ھەقىقەتەن ئاق شەمشاد دەرىخىنىڭ بارلىقىنى بايقىغان. ئۇلار تاتلىغ (Tātligh) بىلەن تارىشلاغ ئۇغىل (Tarishilagh-öghil) ئارىسىدىكى ئاقچىق جىلغىسىدىكى دېڭىز يۈزىدىن 10 مىڭ فۇت ئېگىزلىكتىكى جايدا ئىدى. قاراقۇرۇم تېغىنىڭ باشقا جايلىرىدا ئاق شەمشاد ۋە باشقا دەرەخلەرنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ باقمىغانىدىم. بۇ ئورمانلىقلار قاغىلىق بوستانلىقىدىكى بۆك ـ باراقسان دەرەخلەرگە ئوخشايتتى، بۇ بەلكىم مەزكۇر ئېگىزلىكنىڭ پەسىل شامىلى نەملىرىنىڭ قالدۇقلىرى ئەكەلگەن ئانچە قۇرغاق بولمىغان يەرلىك كىلىماتىنىڭ سەۋەبىدىن بولسا كېرەك. تارىم ئويمانلىقىدىكى باشقا جايلاردا ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش داۋامىدا كەڭ كۆلەملىك ئىسپاتلانغان قۇرغاق ئالامەتنى نەزەردە تۇتقاندا، شۇنداق دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇكى، قاغىلىقنىڭ جەنۇبىدىكى تاغلىقتىكى ئورمانلىق ئەسلىدە هازىرقىدەك ئۇنداق شالاڭ ئەمەس ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

## پاخپۇ تېغىدىكى قاشتېشى

بۇ يەرنىڭ تارىخىي يەر تۈزۈلۈش ئەھۋالى توغرىسىدا يەنە بىر يەرلىك پاكىتنى قوشۇمچە ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن. مېنىڭ پاخپۇلۇق يول باشلىغۇچىم بىر جاينى ناھايىتى پىششىق بىلەتتى. ئۇ يورۇڭقاش دەرياسى بىلەن چوكشۇ دەرياسى قوشۇلىدىغان جاي بولۇپ، ئۇ يەر «قەدىمكى قىتان دەۋرى»، يەنى ياقۇپبەگ توپىلىڭىدىن بۇرۇن قاشتېشى ئېلىش مەيدانى قىلىپ ئىشلىتىلگەن. «ئالدىنقى خەنىنامە»دىمۇ، كولبا قاشتېشى چىقىدىغان جاي، دەپ ئېنىق خاتىرىلەنگەن. يۇقىرىدا بىز كولبا دېگەن نام بەلكىم كۆكيار ۋە ئۆڭگىغا يېقىن قوشنا بولغان تاغ باغرىدىكى بوستانلىق توپىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان رايون بولۇشى مۇمكىن دەپ كۆرسىتىپ ئۆتتۇق. پاخپۇ رايونىغا بېرىشتا كۆكيار تەرەپتىن ناھايىتى ئاسان ماڭغىلى بولىدىغان يول بار بولۇپ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىمۇ بەلكىم ناھايىتى زىچ مۇناسىۋەت بولۇشى مۇمكىن. شۇڭلاشقا، كولبادىكى قاشتېشىغا ئائىت خاتىرىلەرنى چۈشىنىش ناھايىتى ئاسانغا چۈشەتتى ھەمدە بىزنىڭ بۇ بەگلىكنىڭ ئورنىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا جەزملەشتۈرۈشىمىزگە ياردىمى بار ئىدى.

## قاراقورۇم تاغ ئېتىكىنى بويلاپ ماڭىدىغان يول

مەن 25 ـ ئىيۇلدىن 5 ـ ئاۋغۇستقىچە كۆكياردىن يولغا چىقىپ خوتەنگە بېرىشتا، كىشىلەر كەمدىن ـ كەم بىلىدىغان بىر يولدا، يەنى قاراقورۇم تېغىنىڭ ئالدىدىكى قاقاس ئېدىرلىقتا ماڭدىم. مېنىڭ ئالدىنقى قېتىمدا ماڭغان قۇملۇقنىڭ گىرۋىكىدىكى چوڭ يولنىڭ ئورنىغا بۇ يولنى تاللىشىمدىكى مەقسىتىم، بىرەر تەكشۈرۈش پۇرسىتىگە ئىگە بولۇش ئىدى. بۇنىڭ بىلەن مەن كىلياڭ (Kiliān)، سانجۇ (Sanju)، دۇۋا (Duwa) قاتارلىق بىر قاتار بوستانلىقلارنى زىيارەت قىلدىم.

ئۇلار يىغىلىپ قالغان قارلار ئېرىپ چۈشىدىغان دەريالارنىڭ تاغ ئېغىزلىرىغا جايلاشقان، بۇ دەريالارنىڭ ئايىغى تاكى يىراقتىكى قۇملۇققىچە ئېقىپ باراتتى. خۇددى ئېكسپېدىتسىيە خاتىرەمدە يېزىلغانغا ئوخشاش، ئۇلار جۇغراپىيە ئىلمى جەھەتتىكى ھەر خىل قىزىقىشلارنى كەلتۈرۈپ چىقىراتتى. بۇ يەردە بىر نەرسىنى قوشۇپ ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتەي. بۇ سەپىرىم مېنى مۇكەممەل پاكىت بىلەن تەمىن ئەتتىكى، بۇ تاغ ئېتىكىدىكى يولنىڭ ئۇزۇنلۇقى ۋە بېسىپ ئۆتىدىغان يەر يۈزىنىڭ ھالىتىدىن قارىغاندا، ئۇ شۇەنزاڭ خوتەنگە بېرىش ئۈچۈن تاللىغان يول بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى، باشقا جەھەتتىن ئېيتقاندىمۇ، بۇ يول ئارقىلىق ئارخېئولوگىيەلىك كۆزىتىش پۇرستى ناھايىتى ئاز ئىدى.

چوڭ ۋە گۈللەنگەن سانجۇ بوستانلىقى (ئۇ گۇما، يەنى گۇما بەگلىكى بوستانلىقىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى)دىن يولغا چىقىپ 31 - ئىيۇل پۇسكى (Puski) دەرياسىنىڭ تاغدىن چىقىش ئېغىزىغا يېتىپ باردىم. پۇسكى دەرياسىنىڭ يېيىلىپ ئاققان ئېقىنىنى بويلاپ تەخمىنەن 40تەك ئائىلە ئولتۇراقلاشقانىدى. بۇ يەردە مەن تۇنجى قېتىم زاڭگۇي (Zanggua)غا بارىدىغان يولنىڭ شىمال تەرىپىدە بىر تىم، يەنى قەدىمىي سۇپىنىڭ بارلىقىنى ئاڭلىدىم. يەرلىكتىكى پېشقەدەملەرنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ تىم بىرقانچە قېتىم كولانغان بولۇپ، ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىمدا ئۈچ پۇسكىلىق كولاپ، ئۇزاق ئۆتمەي ئۆلۈپ كەتكەنىكەن. شۇڭلاشقا، مەن بۇ يەرنىڭ بىر بۇددا مۇنارىنىڭ ئىزى ئىكەنلىكىنى ئاسانلا پەرەز قىلدىم. يول ناھايىتى ئۇزۇن بولغاچقا، ئامالسىز ئىككىنچى كۈنىلا بۇ يەردىن ئايرىلدىم.

### پۇسكىنىڭ ئەتراپىدىكى تاتى ئىزى

مەن دەريانىڭ سول قىرغىقىنى بويلاپ داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلىدىم، بۇ پەسىلدە بۇ دەريادا قاراسۇ (Kara-su) ياكى

www.uyghurkitap.com

بۇلاق سۈيى ئاقاتتى. ئۇنىڭ بېشىدا بۇ دەريانى سۇ بىلەن تەمىنلەپ كېتىدىغان قار ياكى مۇز يوق ئىدى. 2 مىل ماڭغاندىن كېيىن بىر كىچىك مۇستەملىكىگە يېتىپ باردىم، ئۇ يەردە بەش ـ ئالتە ئائىلىلىك كىشى بار بولۇپ، ئۇلار تەخمىنەن 12 يىل بۇرۇن بۇ يەرگە كەلگەنىكەن، نامى «جاڭگالباغ» (Jangal-bāgh) دەپ ئاتىلىدىكەن. مەن بۇ يەردە تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق ئىچىدە بىر تاتى ئىزىنى، يەنى بوراندا خارابلاشقان بىر كونا مەھەللە ئىزىنى بايقىدىم. ئۇ يېڭىدىن ئېچىلغان يەرنىڭ ئايىغىغا جايلاشقان بولۇپ، بىر قىسمى تېرىلغۇ يەرنىڭ ئىچىدە قېلىپ قالغانىدى. بۇنداق كونا مەھەللە ئىزناسى تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي گىرۋىكىدىكى قەدىمىي بوستانلىقلار ئارىسىدىكى تىپىك بەلگە ئىدى. ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكىنى مەن «قەدىمكى خوتەن» دېگەن كىتابتا تەپسىلىي تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەنىدىم، جاڭگالباغدىكى تاتىنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 3/4 مىل، كەڭلىكى 1/4 مىل كېلەتتى. يەر يۈزى يۇمشاق سېرىق توپىلىق بولۇپ، ئۈستىدە قېلىن بىر قات قەدىمكى ساپال پارچىلىرى بار ئىدى. ساپالنىڭ رەڭگى قىزىل بولۇپ، كۆپىنچىلىرىنىڭ سۈپىتى نەپىس، قاتتىق ئىدى. مەن ۋەكىل خاراكتېرلىك بەزى ئەۋرىشكىلەرنى ئېلىۋالدىم. بەزىلىرىنىڭ ئۈستىدە غۇۋا دولقۇنسىمان ئىزنالار كۆرۈنەتتى، بۇنى ئاخىردا يەنە ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن. بۇ تاتىنىڭ ناھايىتى زور بىر قىسمى بۇ يېڭى نۇقتا قۇرۇلۇشتىن بۇرۇن ئېچىلىپ تېرىلغۇ يەر قىلىنغانىدى. بۇ خىل ئەھۋال مەن كەلگەن ۋاقىتلاردىمۇ يەنە داۋاملىشىۋاتاتتى. قارىماققا بۇ يەرنىڭ سۇغىرىش كۆلىمىنى يەنىمۇ كېڭەيتىش جەھەتتە يېتەرلىك سۇ باردەك قىلاتتى. كونا مەھەللە ئىزىنىڭ قېلىپ قالغان قىسمىمۇ سېرىق توپىلىق (بۇ سېرىق توپىلار تەدرىجىي توپلىنىپ، بۇ رايوندىكى بارلىق تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ ئۈستىگە يىغىلغانىدى) ئىچىدە يوقىلىشقا باشلىغانىدى، بۇ پەقەت ۋاقىت مەسىلىسىلا بولۇپ قالغانىدى، دەۋر پەرقىنى ئايرىشتا

پايدىلىنىدىغان قالدۇق بۇيۇملار، مەسىلەن، پۇل قاتارلىق نەرسىلەر كەمچىل بولغانلىقتىن، بۇ ئىز تاشلىنىپ قالغان دەۋرنى جەزملەشتۈرۈشكىمۇ ئامالسىز قالدىم. لېكىن، ساپالنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە شامالنىڭ يېمىرىشىگە ئۇچرىغان سىرىق توپىلىق دەريا قىرغىقى ياكى مەن «شاھىت» دەپ ئاتاپ كەلگەن دۆڭ (ئېگىزلىكى 8 – 10 فۇتقىچە)دىن ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى ئىز ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلالايتتىم.

## پۇسكىدىكى بۇددا مۇنارى ئىزى

بۇ تاتىدىن سىرت، يەنە بىر قاقاسلىق شېغىل سايدىن ئۆتتۇم. بۇ كەڭ كەتكەن ساي دەريا قىنىغا قاراپ تۇراتتى ھەم مۇزلۇقتا ئوخشاش زاڭگۇي بوستانلىقىغا قىيپاش سوزۇلۇپ تۇراتتى. يىراقتىن قاراشقا بىر دۆڭ ئىزى كۆرۈنەتتى. ئۇ ئاشۇ ئىنتايىن قاقاس جاڭگاللىقتا قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ئۇ پۇسكىدىكى لەڭگەردىن 6 مىل كېلىدىغان ئاياغ تەرەپكە جايلاشقان بولۇپ، دەريانىڭ سول قىرغىقىدىن يېرىم مىل كېلەتتى. زاڭگۇي يولى ھازىر يەنىلا شۇ يەردىن ئۆتەتتى. تاشلاندۇق مۇنار كېسەك قۇرۇلمىلىق بولۇپ، تۆت چاسا ئۇلى بار ئىدى. شۈبھىسىزكى، بۇرۇن ئۇنىڭ ئۇستىدە گۇمبەز شەكىللىك ئۆي تورۇسى بار بولۇپ، «گۆھەر قېزىش» مۇناسىۋىتى بىلەن ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغانىدى. ئۇنىڭ ھازىرقى ئېگىزلىكىنى شېغىل سايىنىڭ ئۇستىدىكى كېسەكتىن ھېسابلىغاندا پەقەت 13 فۇتلا كېلەتتى. ئۇنىڭ ئۇچ تەرىپىدە ئورەك بار بولۇپ، ئۇستىدىمۇ دۆگىرەك ئورا بار ئىدى. ئۇنىڭ تاشقى قىياپىتى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان بولۇپ، ئۇلى ۋە گۇمبەز شەكىللىك ئۆي تورۇسىنىڭ ھېچقانداق ئىزناسى كۆرۈنمەيتتى. ئەمما، ئەڭ ئاستىدىكى ئۇلىنىڭ چوڭقۇرلۇقى قاراشقا 34 فۇت كېلەتتى. ئۇنىڭ ئۇستىدىكى ئىمارەت توپا تىم بۇددا مۇنارىغا ئوخشايتتى. ئۇ مەن 1900 ـ يىلى گۇما بىلەن موجى (Moji)

ئوتتۇرىسىدا بايقىغان بىر بۇددا مۇنارى ئىدى. ئەمما، ئۇنىڭ ئۇلى سەل پاكارراق ئىدى، كېسەكلىرى سىغىمىزدىن قويۇلغان بولۇپ، قېتىدا نۇرغۇن ئوت ـ چۆپ ۋە توپان بار ئىدى. ئوتتۇرىچە ئۆلچىمى 17 × 14 فۇت بولۇپ، قېلىنلىقى 3 ـ 4 فۇت كېلەتتى. شىمال ۋە غەرب تەرەپتە يەر يۈزىدىن 4 فۇت ئېگىزلىكتە بىر قات يۇلغۇن قاتلىمى كۆرۈنەتتى. ئۇ ناھايىتى زىچ تىزىلغان بولۇپ، سىرتقا چوقچىيىپ تۇرغان لاي گىرۋەكنى تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن بولۇشى مۇمكىن. يۇلغۇن قاتلىمى بىر فۇتتىن ئۇزۇنراق كېلىدىغان بولۇپ، ناھايىتى زىچ تىزىلغانىدى. دۆڭنىڭ ئۇلى تۈپراق قاتلىمىنىڭ ئۈستىدىكى تەكشى يۈزگە قوپۇرۇلغان. بۇنىڭدىن بۇ شىغىللىق يەرنىڭ شامالنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى. بۇ خىل كۆزىتىش نەتىجىسى كېيىن مەن دۆنخۇاڭنىڭ غەربىي ۋە شىمالىدا بايقىغان قەدىمىي تۇر ئىزناسىدىكى زور بىر قىسىم قۇملۇقنىڭ يۈزىدە كۆرگەن ئەھۋالغا ئوخشاپ كېتەتتى. ئەمما، ھەيران قالارلىقى، ئاستىدىكى شىغىللىق يانتۇلۇقتا كېسەك پارچىلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بۇ بەلكىم بورانىنىڭ كۈچى بىلەن بۇددا مۇنارىنىڭ ئۈستىدىن چۈشۈپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. ئەتىياز ۋە ياز پەسىللىرىدە بۇ يەردە قۇملۇق تەرەپتىن كەلگەن ناھايىتى كۈچلۈك بوران بۇ يانتۇلۇقنى كېسىپ ئۆتۈپ كېتىدىكەن. بەلكىم دەل مۇشۇ كۈچلۈك بورانىنىڭ يېمىرىش رولىدىن بولسا كېرەك، مەزكۇر بۇددا مۇنارى ئىزى ۋە توپا تىم ھەمدە شۇنىڭغا ئوخشايدىغان ئىزلار ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغانىدى. بۇ ئىزلارنىڭ چۆرىسىدە ئاشۇ ئىزلاردىن ئاجرىلىپ چۈشكەن سىرىق توپا ۋە يۇمشاق قۇملار بار ئىدى.

**يەرلىك ئېتىقادنىڭ داۋاملىشىشى**

دۆڭنىڭ چۆرىسىدە ھېچقانداق ئولتۇراق ئۆي ئىزنى

بايقىمىدىم. ئاشۇ قاقاس شىغىللىق سايدا بۇرۇنقىلار بۇ يەرنى ئىگىلەپ تۇرغان مەزگىلدىكى ھەرقانداق دەۋرگە مەنسۇپ ساپاللارنىڭ پارچىسىنىمۇ ئۇچراتقىلى بولمايتتى. بۇددا مۇنارىلا ھازىرقىغا ئوخشاش مۇشۇ قاقاس تۇزلەڭلىكتە ئىنچىكە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغانىدى. پۇسكى بىلەن زاڭگۇي ئوتتۇرىسىدىكى يول دەل ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتەتتى. بۇددا مۇنارىنىڭ شەرقىدىن يېرىم مىل يىراقلىقتىكى كەڭ كەتكەن شىغىللىق ۋە قۇملۇق دەريا قىنىدىن پۇسكى دەرياسى ئېقىپ ئۆتەتتى. دەريادىن كېچىپ ئۆتكەن يەردە بىر قەبرە بار ئىكەن، ئۇ كىشىلەر تەرىپىدىن مۇقەددەس جاي دەپ قارىلىدىكەن. ئېيتىلىشىچە، ئۇ ئىمام (Imām) ئەلى ئەكبەر (Ali Akbar) دەپنە قىلىنغان جاي ئىكەن. روشەنكى، بۇ جاي بىر مەھەل بۇددا مۇنارىغا ئوخشايدىغان مۇقەددەس جاينىڭ ۋارىسى بولۇپ كەلگەن. ئۇ مۇشۇ رايوندىكى ئېتىقادنىڭ ئۆزلۈكسىز داۋاملىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنىڭ بىر پاكىتى ئىدى.

### دۆۋا ئەتراپىدىكى توپا دۆڭ

كېيىنكى سەپىرىم داۋامىدا ئاشۇ تونۇش زېمىنغا قەدەم قويۇشتىن بۇرۇن، بۇ يەردە بىر قەدىمىي ئىزنى ئۇچرىتىپ قالدىم. پۇسكىدىكى ۋاقتىمدىلا، دۆۋا بوستانلىقىنىڭ ئايىغىدا بىر تىمنىڭ بارلىقىنى ئاڭلىغانىدىم. 3 ـ ئاۋغۇست پىيالمىغا بارىدىغان يول بىلەن ئاشۇ جايغا بېرىپ، ئۇنى كۆردۈم. ئۇ تىك، بىر ـ بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن ئېگىزلىكنىڭ ئۈستىگە جايلاشقان بولۇپ، «لامۇسقىر» (Lāmus-kir) دەپ ئاتىلاتتى. ئۇ يەردە تۇرۇپ لامۇس كەنتىنىڭ ئەڭ شىمالىدىكى تېرىلغۇ يەرلىرىنىمۇ كۆرگىلى بولاتتى. ئۇ دۆۋا دەرياسىنىڭ ئوڭ قىرغىقىدىن تەخمىنەن 200 فۇت ئېگىز كېلەتتى. بۇ بىر توپا دۆڭ بولۇپ، ئېگىزلىكى 10 فۇت، دىيامېتىرى 25 فۇت كېلەتتى، ئۇ قاتمۇقات تاش پارچىلىرى ۋە توپا بىلەن ياسالغان

بولۇپ، ئارىلىقىدا نۇرغۇن شاخ ۋە چاتقاللار بار ئىدى. قۇرۇلۇش ماتېرىيالى ۋە قۇرۇلۇش ئۇسۇلى ماڭا تۆگىدۆڭ (Tüga–dong)دىكى مازارلىقلارنى ئەسلەتتى. ئۇ دامىكو جىلغىسىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ، 1901 ـ يىلى ئۇنى تەكشۈرۈپ كۆرگەنىدىم، بۇ تىمنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ياسىلىش مەقسىتى تۆگىدۆڭدىكىسى بىلەن ئوخشاشمۇ ـ يوق؟ دېگەن مەسىلىدە مېنىڭ ئالدىراش تەكشۈرۈشۈمگە ئاساسەن يەكۈن چىقىرىپ بولغىلى بولمايتتى. ئۇدۇل تەرەپتىكى دەريانىڭ غەربىي قىنى تەرەپتىكى تاغ ئۇمۇرتقىسىنىڭ ئۈستىدە يەنە بىر دۆڭ بولۇپ، تاشقى قىياپىتىدىن چوڭ كۆرۈنەتتى. يەرلىك يول باشلىغۇچىمىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ قۇرۇلۇش شەكلىمۇ ئوخشاش ئىكەن. دۇربۇن بىلەن كۆزىتىپمۇ ئۇنىڭ ھەقىقەتەن ئوخشايدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. ئەھمىيەتلىك بولغىنى، بۇ ئىككى ئورۇندا ھەرقانداق قوشۇمچە مازارنىڭ بارلىقىنى ئاڭلىمىدىم. مەن شۇ كۈنى كەچتە ئۇزۇن يول يۈرۈش ئارقىلىق، قۇمرابات پادىشاھىم (Kum–rabāt–Pādshahim)نىڭ قەدىمىي ۋە كۆركەم ياسالغان قۇملۇقتىكى ئىبادەتخانىسى، شۇەنزاڭنىڭ سىرلىق چاشقان خارابىلىكى ۋە قەدىمىي ئۇدۇن بەگلىكىنىڭ غەربتىكى چېگراسىغا يەنە بىر قېتىم قەدەم قويدۇم.

# تۆتىنچى باب

# خوتەن بوستانلىقىدىكى قەدىمىي ئىزلار

## 1 ـ بۆلۈم  بوستانلىقتىكى قەدىمىي خارابىلەر

**خوتەندە تۇرۇپ قىلىش**

ئارىدىن بەش يىل ئۆتكەندىن كېيىن، 1906 ـ يىلى 5 ـ ئاۋغۇستتا خوتەنگە قايتا كەلدىم. بۇ كەڭ بوستانلىق ئالدىنقى سەپىرىمدىكى ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش خىزمىتىمنىڭ مەركىزى ۋە بازىسى بولغانىدى. مەن پۈتۈن كۈچۈم بىلەن بۇ يەرنىڭ قەدىمىي جۇغراپىيەلىك تەزكىرىسى، تارىخى ۋە ھازىرغىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان خارابىلىرىنى تەتقىق قىلدىم ھەمدە تەتقىقات نەتىجىلىرىمنى «قەدىمكى خوتەن» دېگەن كىتابىنىڭ 6 ـ بابىدىن 8 ـ بابىغىچە كىرگۈزدۈم. روشەنكى، مېنىڭ خوتەندە قىسقا مۇددەت تۇرۇپ قېلىشىمدىكى (1906 ـ يىلى 8 ـ ئاي ۋە 9 ـ ئاي) سەۋەب پەقەت يەرلىك «گۆھەر ئىزدىگۈچىلەر»دىن بوستانلىق ۋە ئۇنىڭ سىرتىدىكى قۇملۇقتا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان قەدىمىي خارابىلەرگە ئائىت ئۇچۇرلارنى توپلاپ، كېيىنكى قەدەمدىكى دالا سەپىرىم ئۈچۈن تەييارلىق قىلىش ئىدى. مۇشۇنداق بولغاندا، يەر ئۈستىدىكى خارابىلەر توغرىسىدىكى تولۇقلىما خاراكتېرلىك كۆزىتىشلەر ۋە مېنىڭ قەدىمىي ئۇدۇن بەگلىكىنىڭ پايتەختى ئىزى بولغان يوتقان خارابىسىنى كۆزەتكەنلىكىم توغرىسىدىكى تولۇقلىما ئىزاھات بىلەن چەكلىنىپ قالمايتتىم.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## بالاماس قۇملۇقىدىكى تاتى

مېنىڭ دەسلەپ تەكشۈرىدىغىنىم قاراقاش (Karā-Kāsh) بازىرىدىن خوتەنگە بارىدىغان، بۇرۇن تەكشۈرۈپ باقمىغان تۈز يولدىكى خارابىلىك ئىدى. ئۇ يەردە ئىنتايىن روشەن تاتى ئىزىنى، يەنى قەدىمىي زاماندا سىلىنىپ، كېيىن شامالنىڭ يېمىرىشىگە ئۇچرىغان ئىزنى بايقىدىم. ئۇ بىر تىلسىمات قۇملۇقىنىڭ شەرقىي تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، بۇ قۇملۇق بالاماس قۇملۇقى (Balamās-kum) دەپ ئاتىلاتتى. قۇملۇق سىپا (Sipā) بىلەن لاسكۇي (Laskuya) تېرىلغۇ يەرلىرىنىڭ ئارىلىقىغا جايلاشقان بولۇپ، شىمالىي تەرەپتىن بوستانلىققا سۇرۇلۇپ كىرگەن. قۇملۇقتا قىزىل ساپال پارچىلىرى كۆرۈنەتتى، ئەمما قۇمغا كۆمۈلۈپ كەتمىگەنىدى. قارىماققا ناھايىتى قەدىمىي كۆرۈنەتتى. بۇ، قەدىمكى زاماندا قاراقاش دەرياسى بىلەن يورۇڭقاش (Yurung-kāsh) دەرياسى ئوتتۇرىسىدىكى بوستانلىقتا تېرىقچىلىق ئىشلىرىنىڭ ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرەتتى. ھەتتا بۇ تېرىقچىلىق رايونلىرى مۇشۇ يۆنىلىشنى بويلاپ كېڭىيىپ، ھازىرقى ئاساسىي بوستانلىق بولغان يورۇڭقاش دەرياسىدىكى يېڭىئېرىق كەنتى ۋە قاراقاش دەرياسىدىكى سىرىقيېزا كەنتى تۇرۇشلۇق ئالدىنقى سەپ لىنىيەسىدىن ھالقىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. مەن كەلگەن ۋاقىتلاردا بوستانلىقتىكى تېرىلغۇ يەرلەر كۆپىيىۋاتقان بولۇپ، بۇنىڭغا ئىقتىسادىي شارائىتنىڭ ياخشىلىنىشى ۋە نوپۇسنىڭ كۆپىيىشى سەۋەب بولغانلىدەك قىلاتتى. بۇ بىر ئىشنىڭ ئەھمىيەتلىك ئىسپاتى شۇكى (ئېكسپېدىتسىيە خاتىرەمدە بۇ ئىشقا كۆپ قېتىم دىققەت قىلغانىدىم)، يېڭىدىن بىنەم يەر ئېچىش ئۇچۇن قۇملۇقنىڭ گىرۋەكلىرىگە سۇغىرىش ئېرىقلىرى قېزىلغاچقا، بالاماس قۇملۇقى تېز سۈرئەتتە كىچىكلىمەكتە ئىدى. مۇشۇنداق بولغاندا، يېقىردا ئوتتۇرىغا قويۇلغان تاتلار يېڭى تېرىلغۇ

يەر ئېچىش داۋامىدا تېزدىن يوقىلىپ، مۇنبەتلىشىۋاتقان سېرىق تۇپراقنىڭ ئۇزلۇكسىز كۆپىيىشى بىلەن كۆمۈلۈپ كېتەتتى.

### تاتنىڭ كىچىكلەپ كېتىشى

يامادا (Jamada) كەنتىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىكى كەڭ كەتكەن تاتىلار ئۇستىدىمۇ بۇ خىل ئەھۋاللارنى ئۇچراتتىم. ئۇ يەردە بىر ئۆستەڭ قېزىلغان بولۇپ، كىشىلەرنىڭ قايتا تېرىقچىلىق قىلىشىغا شارائىت يارىتىلغان. ئېيتىلىشىچە، بۇنىڭغا ئوخشاش ئەھۋاللار چالماقازان چوڭ خارابىلىكىدىمۇ قايتا يۈز بەرگىلى تۇرۇپتۇ. ئۇ ئىز يامادا كەنتىدىكى تاتىدىن 4 مىل يۇقىرىسىدا بولۇپ، يورۇڭقاش دەرياسىنىڭ سول قىرغىقىغا جايلاشقانىكەن. مەن 1900 ـ يىلى ئۆز كۆزۈم بىلەن ساپال پارچىلىرى چېچىلىپ تۇرغان بۇ تاشلاندۇق يەرنى كۆرگەنىدىم. هازىرغا كەلگەندە بۇ يەرلەر قايتا تېرىلىشقا باشلاپتۇ.

1906 ـ يىلى 11 ـ ئاۋغۇستتىن 8 ـ سېنتەبىرگىچە خوتەندىن يولغا چىقىپ، جەنۇبتىكى تاغلىققا كىردىم. نىسا (Nissa) بىلەن قاراڭغۇ تاغ (Karanghu-tāgh)نىڭ يۇقىرىسىدىكى قار ـ مۇز قاپلاپ تۇرغان قاراقورۇم تېغىنىڭ ئىچىدە توپوگرافىيە جەھەتتە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردىم. بۇ توغرىسىدا ئېكسپېدىتسىيە خاتىرەمدە توختىلىپ ئۆتكەنىدىم. بىرىنچى بېكەتتە لاڭرۇ (Lānghuru)غا يېتىپ باردىم. ئۇ قاراقاش دەرياسىنىڭ ئوڭ قىرغىقىغا جايلاشقان بولۇپ، تاغ باغرىدا ئىدى. بۇ جاي مېنى مەدەنىي يادىكارلىقنى كۆزىتىش جەھەتتىكى يېڭى پۇرسەت بىلەن تەمىن ئەتتى. مەن يول لىنىيەمنى ئاۋۋال يوتقان خارابىلىكىگە قاراتتىم. ئۇ قەدىمىي ئۇدۇن بەگلىكىنىڭ پايتەخت خارابىسى ئىدى. ئايدىڭكۆل سازلىقى ۋە جەنۇبىي قىرغاققا جايلاشقان ناغرىخانىدىكى دۆڭلەرنى قايتا زىيارەت قىلدىم. خۇددى «قەدىمكى خوتەن» دېگەن كىتابتا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تەپسىلىي كۆرسىتىپ ئۆتكەنگە ئوخشاش، بۇ دۆڭلۈك بىلەن «ناغرىخانا كۆلى بويىدىكى ساگرامنى ئۆز ئارا ئۇيغۇنلاشتۇرۇشتا ناھايىتى تولۇق ئاساسىم بار ئىدى. بۇ ساگرام توغرىسىدا شۈەنزاڭنىڭ «غەربكە ساياھەت» خاتىرىسىدە ئاجايىپ بىر قەدىمىي رىۋايەت بايان قىلىنغانىدى.

**ناغرىخانا خارابىلىكى**

1900 ـ يىلى مەن بۇ يەرنى تۇنجى قېتىم زىيارەت قىلغىنىمدا، سازلىق ئەتراپىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەممە يەرنى قويۇق قومۇش بېسىپ كەتكەنىدى. شۇڭلاشقا، مېنىڭ تەكشۈرۈشۈم تېخىمۇ قىيىنلاشقانىدى. لېكىن، خۇددى بۇرۇن ئايدىڭكۆل بىلەن خوتەن شەھىرى ئوتتۇرىسىدىكى «شورلۇق» (Shōrluk) دەپ ئاتىلىدىغان تاشلاندۇق يەرنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۆزگەرتكەنگە ئوخشاش، يۇتكۇل يەرلەر تېرىلغۇ يەرگە ئۆزگەرتىۋېتىلگەنىدى. بۇنىڭ بىلەن بۇ دۆڭنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى ۋە ئېگىزلىكى كۆرۈنەرلىك ھالدا تۆۋەنلىگەن. بۇ دۆڭنىڭ تويىسى ئوغۇت ئورنىدا باشقا تېرىلغۇ يەرلەرگە ئىشلىتىلگەنىدى. توپا بۇنداق ئىلىنىۋەرگەچكە، دۆڭنىڭ تەرتىپلىك خاپدالغان قاتلىمىنى ناھايىتى ئاسانلا كۆرۈۋالغىلى بولاتتى (48 ـ رەسىمگە قاراڭ). ئۇنىڭ ھەربىر قاتلىمى تەخمىنەن 17 مىل ئەتراپىدا كېلەتتى. ئاساسىي دۆڭ باغرىنىڭ بىر تەرىپىدە كىچىك بىر سۇغىرىش ئېرىقى بار ئىدى، ئۇنىڭ شەرق تەرىپىدىن 30 يارد يىراقلىقتا يەنە بىر كىچىك ئېرىق بار بولۇپ، ئۇستىدە نۇرغۇن ساپال پارچىلىرى بار ئىدى. ئۇ يوتقان خارابىلىكىنىڭ «مەدەنىيەت قاتلىمى»دا تېپىلغان ساپال پارچىلىرىغا ناھايىتى ئوخشايتتى. قىزىقارلىقى، ئاساسىي دۆڭنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى يەر يۈزىدىن 5 ـ 6 فۇت ئېگىز تۇرىدىغان توپا قاتلىمى ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى قاتتىق پىشۇرۇلغان خىش پارچىلىرى ۋە چوڭ تاش پارچىلىرى بار

ئىدى. شۇبھىسىزكى، بۇ دۆڭگە ھەرقايسى دەۋرلەردىكى ئىمارەتلەر مۇجەسسەملەشكەن. بۇ شۇنداق بىر يەكۈننى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى: بۇ دۆڭ شۇەنزاڭ كۆرگەن قەدىمكى زاماندىكى ئىبادەتخانا خارابىسى بولۇپ، شۇ چاغدىلا خارابىلىككە ئايلىنىپ بولغانىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا، ئاشۇ رىۋايەتتىكى «ناغرىخانا» دېگەن نامىمۇ بۇ خارابىلىك بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەن.

يېقىن ئەتراپتىكى «ئۈچ غازى مازىرى» (Mazār of the Three Ghāzis) مۇ ھازىرغا قەدەر ساقلىنىپ كېلىۋاتقان يەرلىك ئېتىقادنى ئىسپاتلاپ بەردى. بۇ يەرنىڭ شەيخى ھازىرقى كەڭ كۆلەمدىكى يېڭى يەر ئېچىش ھەرىكىتىنى «تۇغۇلغانلار بارغانسېرى كۆپىيىپ، يەر بارغانسېرى ئازىيىپ كەتتى» دەپ چۈشەندۈردى. ئۇ ئۆزىمۇ مەبلەغ سېلىپ، ناغرىخانىغا يېقىن جايدىن 30 گېكتار يەر ئاچۇرغان. ئەگەر يېزا ئىگىلىكىدىكى بۇ خىل گۈللىنىش ۋە تەرەققىي قىلىش يەنە بىر ياكى ئىككى ئەۋلاد داۋاملىشىدىكەن، كىشىلەر شۇەنزاڭنىڭ خاتىرىسىدىكى ئىبادەتخانىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئازراق ئىزناسىنىڭمۇ ئۇزۇل - كېسىل يوقاپ كېتىشىنى، ناغراخانا كۆلىنىڭمۇ تەدرىجىي كىچىكلەپ، كېيىن بىر مۇنبەت ئويمانلىققا ئايلىنىپ قېلىشىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرەلەيتتى. شۇڭلاشقا، تېرىلغۇ يەرلەر سازلىقتىكى بۇلاق سۈيىنىڭ ئەتراپىدىكى بۈك - باراقسان قۇم دۆڭلىرىنى پىلە قۇرتىدەك يۇتۇپ كەتكەنىدى.

### يوتقان خارابىلىكىدىكى بايلىق ئىزدەش پائالىيىتى

يوتقان خارابىلىكىدە ئۇزاقتىن بۇيان داۋاملىشىۋاتقان «يەر ئاستى گۆھەر»نى قېزىش پائالىيىتى تۈپەيلىدىن، بۇ يەر چوڭ ئازگالغا ئايلىنىپ قالغانىدى. بۇ يەر بۇرۇن قەدىمىي پايتەخت بولۇپ، ھازىر مۇشۇ ھالەتكە چۈشۈپ قالغانىدى. 1900 - يىلىدىن بۇيان ئۇنىڭدا چوڭ ئۆزگىرىش بولمىغان. بىر قاتار سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بايلىق ئىزدەش پائالىيەتلىرى سەل

www.uyghurkitap.com



48 ـ رەسىم يوتقان ئەتراپىدىكى ناغرىخانا دۆڭ خارابىسى

پەسىيىپ قالغانىدى. قوشۇمچە مەھسۇلاتلار سۈپىتىدە ئۇلار زور مىقداردىكى ئادەمنى ھەيران قالدۇرغۇدەك قەدىمىي ئۇدۇن يادىكارلىقلىرىنى قېزىپ چىققان. ئاۋۋال بورزان (Borazān) ۋە باشقا جايلاردىكى تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ كۆلىمى تېزدىن كۆپەيگەن. يازدىكى كەلكۈن مەزگىلىدە سۇغىرىش ئېرىقلىرىدىن سۇ ئايرىش مۇمكىن بولماي، ئۆستەڭلەر سۇغا لىق تولۇپ كەتكەنلىكتىن، ھەرقانداق چوڭ تىپتىكى بايلىق ئىزدەش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بارغىلى بولمايتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، كولانغان رايوننىڭ شىمالىي گىرۋىكى خەلچە (Khalche) كەنتىگە يېقىن بولغانلىقتىن (ئېيتىلىشىچە، ئۇ يەردىكى «نەپ بېرىدىغان» يەر قاتلىمى خېلى ئۇزاقتا سوزۇلار ئىمىش)، تېرىلغۇ يەر قىممىتىنىڭ ئېشىشى ھەمدە دەل ـ دەرەخ، ئۆي ـ ئىمارەتلەر يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ كولاشقا توسقۇنلۇق قىلغان. كولانغان رايوننىڭ يان تەرىپىدىكى ئۆستەڭنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىش ئېھتىماللىقىمۇ يەنە بىر خىل توسقۇش رولىنى ئوينىغان. ئەگەر ئۆستەڭ كولىنىپ

بۇزۇلىدىكەن، سۇ تۆۋەندىكى تاشلاندۇق يەرگە ئېقىپ كېتەتتى. ئەڭ ئاخىرقى ئېنىق بولغان پاكىت شۇكى: دېھقانچىلىق ئەمگىكى قىممىتىنىڭ زور دەرىجىدە ئېشىشىغا ئەگىشىپ، يوتقاندا بايلىق ئىزدەشتىن كېلىدىغان ئادەتتىكى پايدا ئۆز جەلپكارلىقىنى يوقاتقانىدى (ناھايىتى ئاز ساندىكى مۇقىم بايلىق ئىزدىگۈچىلەردىن سىرت). مەن زىيارەتكە كەلگەندە، بۇ ئىشنى قىلىدىغان ئەرلەردىن ۋە كىچىك باللاردىن تەخمىنەن 20 نەچچە ئادەم بار بولۇپ، ئۇلار بايلىق ئىزدەۋاتقان يەر بۇرۇن كولانماي قالغان تۆۋەن قىرغاق رايونلىرى ئىدى. مەن 1901 ـ يىلىدىن بۇيان بۇ كولاش رايونىنىڭ ئاساسىي جەھەتتىن كېڭەيمىگەنلىكىنى ئۇقتۇم. گەرچە خىزمەتلەر ناھايىتى چەكلىك بولسىمۇ، قېزىپ چىقىلغان بۇيۇملار خېلى كۆپ ئىدى. ساپال ھەيكەل، پۇل، تاش ئويما قاتارلىقلار داۋاملىق تېپىلاتتى. بۇ بىر نۇقتا زور مىقداردىكى بۇ خىل قالدۇقلارنىڭ توپلىنىشىدىن ئىسپاتلىنىدۇ. شۇ يىلى مەن يوتقان ۋە خوتەندە بۇنداق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن خېلى كۆپ توپلىغانىدىم. 1908 ـ يىلى بۇ خارابىلىكنى يەنە زىيارەت قىلغان چاغدىمۇ خېلى جىق نەرسىلەرنى تاپقانىدىم. مەن كېيىنكى مەزمۇنلاردا بۇ بۇيۇملار توغرىسىدا توختىلىمەن.

### رۇكنۇددىن ساھىب مازىرى

ئەمەلىيەتتە جۇڭگو شىنجاڭنىڭ پۇتكۇل قەدىمىي دىنىي خارابىلىرىدە مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن يەرلىك ئېتىقادنى نەزەرگە ئالغىنىمىزدا (بۇ خىل خارابىلىكلەر ئولتۇراق رايونى ياكى ئەتراپىدا يەنىلا مەۋجۇت)، يوتقاندا مەڭگۈلۈك ئىسلام دىنى مەسچىتىنىڭ يوقلۇقىدىن ئادەم ھەيران قالاتتى. چۈنكى، شۇەنزاڭ گەرچە ئۇدۇننىڭ قەدىمىي پايتەختىدە ھەرقانداق مۇھىم ئىبادەتخانىنىڭ بارلىقىنى ئايرىم ئوتتۇرىغا قويمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئەتراپتىكى زور مىقداردىكى بۇددا ئىبادەتخانىسى ۋە بۇددا

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىلى تارىيسى

مۇنارىغا ئائىت قىزىقارلىق رىۋايەتلەرنى خاتىرىلىگەن. ئېنىقكى، بۇ شەھەرنىڭ ئۆزىدە بىردىن ئارتۇق دىنىي ئىمارەتلەر بولۇشى مۇمكىن ئىدى. بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈش داۋامىدا مەن يېڭى بىر يۆنىلىش بويىچە خارابىلىككە يېقىنلىشىش داۋامىدا شۇ يەردىكى بىر داڭلىق مازارنى بايقىدىم. ئۇ «رۇكنۇددىن ساھىب» (Rukn-ud-din Sāhib) دەپ ئاتالغان بولۇپ، كولانغان رايوننىڭ شەرقىي جەنۇب بۇرجىكىگە ئەڭ يېقىن جايغا ياسالغانىكەن. ئېيتىلىشىچە، هازىر ساقلىنىپ قالغان ئىبادەتخانا قىسمى 300 نەچچە يىللىق تارىخقا ئىگە ئىكەن. مەسچىتتىكى ئاشۇ نەپىس قەدىمىي ياغاچ ئويمىلار ئاشۇ رىۋايەتتىكى ئەۋلىيانىڭ قەبرىسىدىكى تەۋەررۈكلەرگە مەنسۇپ ئىكەن. ئەتراپتىكى لەمپىنىڭ يېنىدىكى ھەيۋەتلىك دەرەخلەرمۇ بۇ خىل قاراشنى تامامەن ئىسپاتلاپ بېرەلەيتتى.

### كوھمارىم مازىرىنى قايتا زىيارەت قىلىش

يوتقاندىن لاڭرۇغىچە بولغان سەپەردە مەن كوھمارىم مازىرىنى (Kohmāri Mazār) قايتا زىيارەت قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدۇم. بۇ خارابىلىكنى كىشىلەر خېلى بۇرۇنلا ئاڭلىغان بولۇپ، خوتەننىڭ بۇددا دىنى خارابىسى ئىچىدە گوسرىنگا (Gósṛinga «كالا مۈڭگۈزى» دېگەن مەنىدە) ياكى گوسىرسا (Gosirṣa «كالا بېشى» دېگەن مەنىدە) تېغى دەپ ئاتىلىپ كەلگەنىدى. بۇ ئاددىي ئىبادەتخانىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىشلەر يۈز بەرمىگەن. ئىسلام دىنى ئەۋلىيالىرى شۈەنزاڭ ئوتتۇرىغا قويغان ئارخاتلارنىڭ ئورنىنى ئىگىلىگەن. ئېيتىلىشىچە، ئۇلار مۇشۇ جايغا دەپنە قىلىنغان. ئىسلىشىپ كەتكەن خاسىيەتلىك ئۆڭكۈردىمۇ ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىغان. ئۇ «كالا مۈڭگۈزى» تېغىنىڭ باغرىغا جايلاشقان بولۇپ، قاراقاش دەرياسىغا قاراپ تۇراتتى. يېقىندا ئىگىز ـ پەس يولدىن بىرى ياسالغان بولۇپ، ئۇنىڭ

بىلەن كىچىك ۋە تار ئېقىن جىلغىسىغا بېرىپ، ئۇ يەر ئارقىلىق دەريا قىرغىقىدىكى تىك يارغا بارغىلى بولاتتى. ئۇ يولغا يېقىنلىشىشتا پەقەت شوتىغا تايىنىشقا توغرا كېلەتتى. بۇ يەرگە چۈشۈش جەريانىدا، تەخمىنەن ئىككى ـ ئۈچ دۆگىلەك ئۆڭكۈردىن ئۆتتۈم. ئۇلار دەريا قىنىدىن تەخمىنەن 100 فۇت ئېگىز ئىدى. تۆۋەنگە يەنە 60 فۇت چۈشكەندە مۇشۇنداق دۆگىلەك ئۆڭكۈردىن يەنە بىرنى كۆردۈم. ئۇلار قارىماققا تەبىئىي كۆرۈنەتتى. ئۇلار ماگا بىھاردىكى راجگىر (Rājgir) بىلەن جېتخىيان (Jēthian) ئۇچراتقان پاناھلىنىشقا بولىدىغان تاش ئۆڭكۈرلەرنى ئەسلەتتى. بۇ ئۆڭكۈرلەر بەلكىم بىھاردىكى ئۆڭكۈرلەرگە ئوخشاش، بىر مەزگىل دەرۋىشلەرنىڭ قونالغۇسى بولغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ ئۆڭكۈرلەرنىڭ چوڭقۇرلۇقى 2 ~ 14 فۇتقىچە بولۇپ، بىر قىسمى تاش تامدىن چۈشكەن ئۇششاق تاشلار بىلەن كۆمۈلۈپ كەتكەن. بۇ قەدىمىي يادىكارلىقلار ئۇچۇن قوغداش رولىنى ئوينىغان. بۇنىڭ بىلەن تۆۋەندىكى خىيال كاللامغا كېلىپ قالدى: 1892 ـ يىلىدىكى كوھمارىم ئۆڭكۈرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان مەشھۇر دۇترېي. د. ئاننىڭ مۇقاۋىسى قېپىن دەرىخى قوۋزىقىدا ئىشلەنگەن كىتابنىڭ پارچىسى ئەسلىدە مۇشۇ ئۆڭكۈرلەرنىڭ بىرەرىدىنمۇ بايقالمىغانمۇ ـ يوق؟ بۇنىڭغا بىرنېمە دېگىلى بولمايتتى.

### نۇسسىيانىڭ سىرتىدىكى تاتى

مەن سەپىرىمنى داۋاملاشتۇرۇۋەردىم، نۇسسىيا (Nussia) كەنتىنىڭ سىرتىدىكى قاراقاش دەرياسىنىڭ ئوڭ قىرغىقىدا مەزكۇر كەنتنىڭ يۇقىرىسىدىن بىر مىل كېلىدىغان يەردىكى بىر يارنىڭ ئىككى قىرغىقىغا دىققەت قىلىپ كەلدىم. يارنىڭ ئۈستىدە يول بولۇپ، يەنە كەگرى كەتكەن ساپال پارچىلىرى قاتلىمى ۋە تاتىغا ئوخشايدىغان قالدۇقلارنىڭ پارچىلىرى بار

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىكەن، قېلىنلىقى 6 ~ 8 فۇتقىچە كېلىدىكەن. هازىرقى يەر يۈزىدە مۇنبەت سىرىق توپا دۆۋىسى بولۇپ، ئۇ مەدەنىيەت بۇيۇملىرى قاتلىمىنىڭ يۇقىرىسىدا ئىدى. قېلىنلىقى 4 ~ 6 فۇت كېلەتتى. بۇ يەردە هازىر تېرىقچىلىقنىڭ ئالامىتى كۆرۈنمەيتتى. لېكىن، بۇرۇن ساقلىنىپ كەلگەن قېلىن تۇپراق قاتلىمىدىن قارىغاندا، هازىرقى يەر يۈزىنىڭ ئاستىدا بەلكىم قەدىمكى زاماندا توپلانغان قالدۇقلار كۆمۈلۈپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. بىر تار تېرىلغۇ يەر دەريا قىرغىقى تەرەپتىن فەيزئاباد (Faizābād) كەنتى تەرەپكە سوزۇلۇپ كەلگەن بولۇپ، بۇلار ئوتتۇرىسىدا تەخمىنەن 1 مىلدەك ئارىلىق بار ئىدى. مەن تېرىلغۇ يەرگە كىرىش ئېغىزىدا يەنە بىر خىل قەدىمىي يادىكارلىقنىڭ ئىزناسى بولغان تىم، يەنى بىر كىچىك ھەم تامامەن يىمىرىلىپ چۈشكەن توپا دۆڭنى بايقىدىم. ئۇنىڭ دىيامېتىرى تەخمىنەن 15 فۇت ئەتراپىدا بولۇپ، يول يۈزىدىن ئېگىزلىكى تەخمىنەن 12 فۇت كېلەتتى. شۈبھىسىزكى، بۇ كىشىلەر تەرىپىدىن ياسالغان قۇرۇلۇش ئىدى. بەلكىم بۇددا مۇنارىنىڭ ئىزناسى بولۇشى مۇمكىن.

### فەيزئاباد كەنتىنىڭ قارشى تەرىپىدىكى تاش قەبرە

فەيزئابادنىڭ قارشى تەرىپى دەريانىڭ سول قىرغىقىدىكى تىك يار بولۇپ، ئېگىزلىكى 120 فۇت كېلەتتى. ئۇ يەرنىڭ يەر قاتلىمىدا قىزىل ۋە كۆك كۈل رەڭلىك توپىلار ئارىلاش بولۇپ، تۇپرىقى شېغىل تاشلىق ئىدى، شۇنىڭدەك ئۇ يەر دەرياغا ئۇدۇل ئىدى. ياز پەسلى كېلىشى بىلەن دەريا سۈيى ئۆرلەپ، تىك يار باغرىدىكى سايلىققا يېقىنلاشقىلى بولمايتتى. تىك يارنىڭ 50 ~ 60 فۇت ئېگىزلىكىدىكى تاش ئارىسىغا بىر ئۆڭكۈرنىڭ تىك تۆت بۇلۇڭلۇق كىرىش ئېغىزى ئويۇلغان. 1908 ـ يىلى ئاپرېلدا مەن بۇ يەرنى قايتا زىيارەت قىلغاندا سۇدىن كېچىپ

ئۆتۈپ، سول قىرغاققا چىقىپ، بۇ سۇنئىي ئۆڭكۈرنى تېخىمۇ يېقىن جايدىن كۆزەتتىم. ئۇنىڭ ئېغىزى قارىماققا توغرىسىغا 10 فۇت، ئېگىزلىكى 8 فۇت، چوڭقۇرلۇقى 6 فۇت كېلەتتى. ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئارقا تامدا پاكار بىر ئىشىك بولۇپ، ئېگىزلىكى تەخمىنەن 5 فۇت، كەڭلىكى 3 ـ 4 فۇتقىچە كېلەتتى. بۇ يەر ئارقىلىق ئىچكى قىسمىدىكى مەلۇم ئۆڭكۈرگە كىرگىلى بولاتتى. ئۇنىڭ تورۇسى ئەگمە شەكىللىك بولۇپ، قاراشقا كېسىۋېتىلگەن ئۇچ بۇلۇڭغا ئوخشايتتى. بۇ تار دائىرە ئادەمدە، بۇ ئۆڭكۈر بىر قەبرە ئۇچۇن قېزىلغان بولۇپ، ئىبادەتخانىغا ئوخشىمايتتى، دېگەن خىيالنى پەيدا قىلاتتى. ئەپسۇسلىنارلىقى، مەن شۇ چاغدا ياكى كېيىنكى ۋاقىتلاردا بىر تاختىپەر ياساپ، بۇ غەلىتە ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىنى كۆرۈپ بېقىشقىمۇ ۋاقىت چىقىرالمىدىم. مېنىڭ قارىشىمچە، ئۇ ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى دەۋرلەرگە مەنسۇپ بولۇشى مۇمكىن، لېكىن ئۇ يەنە ئادەمگە تەبىئىي هالدا نېستورىيان مەزهىپىدىكى خىرىستىيان مۇرىتىغا ياكى مانى دىنى مۇرىتىغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ئەسلىتەتتى. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا ۋە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىكى شۇكى، بۇ ئۆڭكۈرنىڭ ئايىغىدىن 2 مىل كېلىدىغان سول قىرغاقتىكى چوڭ مەهەللە ئۇجات (Ujat) (ئۇ يەرنىڭ داڭلىق مەهسۇلاتى ئۈزۈم) كېيىنكى رىۋايەتلەردە بىرمەهەل نېستورىيان مەزهىپىدىكى خىرىستىيان مۇرىتلىرى ياكى بەزى تەقۋادار بولمىغان مۇسۇلمانلار تۇرغان جاي دەپ قارالغان.

## لاڭرۇ ئەتراپىدىكى تاشلاندۇق قەلئە

فەيزئاباتتىن باشلاپ دەريا يۇزىدىن تىك ۋە ئېگىز تۇرىدىغان قاقاس شېغىللىق دەريا قىرغىقىدا ئاتلىق 3 مىل يول ماڭغاندىن كېيىن، لاڭرۇنىڭ ئەڭ شەرقىدىكى تېرىلغۇ يەرلەر، شۇنىڭدەك

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئامبىرى
www.uyghurkitap.com

يولىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە يېقىن جايدىكى بىر تاشلاندۇق قەلئە خارابىسى كۆرۈندى. بۇنى مەن بۇرۇنمۇ ئاڭلىغان. يەرلىك رىۋايەتتە ئۇ «كونساسموما» (Kōnsasmo - ma) دېگەن قەدىمكى دەۋردىكى ئىلاھ بىلەن بىرلەشتۈرۈۋېتىلگەن. سىپىل ناھايىتى ئېگىز بۇزۇۋېتىلگەچكە، ئۆلچەمسىز بىر تىك تۆت بولۇڭ شەكىللەنگەن. ئۇ دەريانىڭ ئوڭ قىرغىقى بىلەن شىغىللىق يار ئوتتۇرىسىدىكى بولۇڭنىڭ تاشلىق ئېگىزلىككە جايلاشقان. ئۇ تامنىڭ غەربىي شىمال تەرىپىدىكى ئېگىزلىكنىڭ گىرۋىكىگە سېلىنغان بولۇپ، ئۇ ئېگىزلىك تىك دەريا قىرغىقىغا جايلاشقان، دەريا يۈزىدىن تەخمىنەن 100 فۇتچە ئېگىز ئىدى. ئۇنىڭ شەرقىي شىمال تېمى شىغىللىق يارنىڭ گىرۋىكىدە بولۇپ، ئەگرى - بۈگرى ئىدى، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 300 فۇت كېلەتتى. شەرقىي جەنۇب تېمى 245 فۇت كېلەتتى. كېسەكنىڭ ئىچىدە نۇرغۇن شىغىللار بولۇپ، چوڭ - كىچىكلىكى تەخمىنەن 18 × 12 فۇت، قېلىنلىقى 3 فۇتتىن 6 فۇتقىچە كېلەتتى. شىغىل پۈتكۈل تامنى قويۇرۇشتا ئاساسلىق ماتېرىيال قىلىنغانىدى. تامنىڭ ئاستى قىسمىنىڭ ئوتتۇرىچە قېلىنلىقى 8 فۇت كېلەتتى. شەرقىي جەنۇبتىكى تامغا كىرىپ - چىقىش ئېغىزى قويۇلغاندەك قىلاتتى، تامنىڭ قالدۇق قىسمىنىڭ ئېگىزلىكى يەنىلا 15 فۇت ئەتراپىدا كېلەتتى. ئۇنىڭ سېلىنىشى قوپال بولۇپ، ناھايىتى قەدىمىي كۆرۈنەتتى. لېكىن، تامنىڭ ئىچىدە قەلئەنىڭ يىل دەۋرىنى ئېنىقراق پەرەز قىلىش ئۈچۈن پايدىلانغىلى بولىدىغان ھېچقانداق ئىمارەت خارابىسى ياكى يادىكارلىقلار يوق ئىدى. ئەمما، ئېنىق بولغىنى شۇكى، بۇ كىچىك قەلئە قاراقاش جىلغىسىغا باردىغان، شۇنداقلا جەنۇبىي تاغدىكى كىرىپ - چىقىش تاغ ئېغىزىدىن كەلگەن يولنى قامال قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن.

## 2 ـ بۆلۇم يوتقان ۋە خوتەن ئەتراپىدا قەدىمىي يادىكارلىقلارنى توپلاش

خۇددى مېنىڭ تۇنجى سەپىرىمگە ئوخشاش، 1906 ـ يىلى ۋە 1908 ـ يىلى خوتەن بوستانلىقىنى زىيارەت قىلغان مەزگىللەردە، قۇربۇمنىڭ يېتىشچە كەنت ئاھالىلىرى ۋە يەرلىك يىغىپ ـ ساقلىغۇچىلار ئېلىپ كەلگەنلىكى قەدىمىي يادىكارلىقلارنى توپلىدىم. كەنت ئاھالىلىرى يوتقاندا بايلىق ئىزدەش داۋامىدا قەدىمىي يادىكارلىقلارنى خېلى كۆپ تاپقانىكەن. يىغىپ ـ ساقلىغۇچىلار قەدىمىي پۇل، تاش ئويما، نەقىش، ساپال قاتارلىق نەرسىلەرنى توپلاشقا ئادەتلەنگەن. ئۇلارنىڭ خوتەن بازارلىرىدا خېلى يولى بار ئىدى. شۇنداق جەزملەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، بۇ يىغىپ ـ ساقلىغۇچىلار ھەر يىلى يوتقاندا بايلىق ئىزدەش داۋامىدا بايقالغان زور مىقداردىكى كىچىك بۇيۇملارنىڭ ئاساسلىق قىسمىنى يىغىۋالاتتى. پەقەت ئاز بىر قىسمىنىلا «گۆھەر ئىزدىگۈچىلەر»دىن قولغا چۈشۈرەتتى. قىش پەسلى يېتىپ كېلىشى بىلەنلا ئاشۇ «گۆھەر ئىزدىگۈچىلەر» بوستانلىقنىڭ ئەتراپىدىكى قەدىمىي خارابىلىكلەردىن قەدىمىي يادىكارلىق ئىزدەيتتى. شۇڭلاشقا، بۇ خىلدىكى قەدىمىي يادىكارلىقلارغا ئېرىشىش ناھايىتى قولايلىق ئىدى. مەن پەقەت خوتەننىڭ مەلۇم يېرىدە تۇرۇپ سېتىۋالسىلا بولاتتى.

### يوتقاندىكى قەدىمىي يادىكارلىقلار چىققان جاي

مەن توپلىغان بارلىق قەدىمىي يادىكارلىقلار ئىچىدە مەيلى مېنىڭ يىغقانلىرىم ياكى مەن ئىشىنىدىغان يەرلىك خوجىدار بەدرۇددىن خان (Badruddin Khān ھىندىستان ۋە ئافغانىستانلىق سودىگەرلەرنىڭ ئاقساقىلى) يىغقانلىرى بولسۇن، بەزىلىرى ئاشكارا ھالدا يوتقان خارابىسىدىن چىققان دېيىلگەن ياكى چىققان

www.uyghurkitap.com

يېرى ئېنىق دېيىلمىگەن. لېكىن، مۇشۇ يەردىن كولانغان دەپ قارالغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى مۇۋاپىق باھادا سېتىۋالدىم. لېكىن، باشقا يوللار ئارقىلىق ئېرىشكەن قەدىمىي يادىكارلىقلارنىڭ ھەرقانداقىنى مەدەنىي يادىكارلىق ئۈستىدىكى تالاش ـ تارتىشتا پاكىت قىلىش زۆرۈر بولسا، ناھايىتى دىققەت قىلىشقا توغرا كېلەتتى.

مۇشۇنداق ئايرىش ئۇسۇلى بولغاچقا، كىشىلەر ئاساسلىق يادىكارلىقلارنىڭ ئەمەلىيەتتە بۇددا دىنى مەركىزىدە قەدىمىي پايتەخت ئۇدۇننىڭ گۈللەنگەن مەدەنىيىتىدىن قېلىپ قالغانلىقىنى ناھايىتى ئاسانلا پەرقلەندۈرۈۋالالايتتى. ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكى، ئۇسلۇبى ۋە ماتېرىياللىرى بۈرۈن يوتقان خارابىسىنىڭ «مەدەنىيەت قاتلىمى»دىن توپلانغان مەدەنىي يادىكارلىقلارغا ئىنتايىن ئوخشايتتى.

## بۈرۈن توپلانغان بۇيۇملار

توپلىغان مۇشۇ بۇيۇملار ئىچىدە بۈرۈن ھىندىستان ھۆكۈمىتى ئۈچۈن سېتىۋالغان مەدەنىي يادىكارلىقلارغا قارىتا، 1901 ـ يىلى دوكتور خۆرنلېي ناھايىتى ئىلمىي ۋە تەپسىلىي ھالدا تەتقىقات ئېلىپ بارغانىدى. مەن ئالدىنقى قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيە جەريانىدا يوتقاندىن تاپقان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بىزنىڭ ماتېرىيالىمىز ئۈچۈن روشەن تولۇقلىما بولدى. ئۇلار ئادەتتىكى ئالاھىدىلىك جەھەتتە ناھايىتى زور ئوخشاشلىققا ئىگە ئىدى. ئۇلار ھەقىقەتەنمۇ ناھايىتى ئوخشىشىپ كېتەتتى.

## يېڭىدىن توپلانغان بۇيۇملار توغرىسىدا ئىزاھات

1906 ـ يىلىدىن 1908 ـ يىلىغىچە توپلىغان مەدەنىي يادىكارلىقلار سان جەھەتتە تۇنجى قېتىملىق خوتەن سەپىرىمدە ئەكەلگەنلىرىمدىن خېلى كۆپ ئىدى. لېكىن، ئىككى تۈركۈمدىكى مەدەنىي يادىكارلىقلارنىڭ تىپ جەھەتتىكى

ئوخشاشلىقى ناھايىتى چوڭ ئىدى. بۇ پاكىتقا ئاساسلانغاندا، مېنىڭ يۇقىرىدا بايان قىلغان قەدىمىي يادىكارلىقلار توغرىسىدىكى قىسقىچە ئىزاھاتىمنىڭ مۇۋاپىق ئىكەنلىكى ئىسپاتلىنىدۇ. ماڭا زامان ياكى ماكان جەھەتتىن چەكلىمىمۇ قويۇلمىغان. مەن ئىمكانقەدەر گۇرۇپپىغا ئايرىش ئۇسۇلى ئارقىلىق خەتنى قىسقارتىشقا تىرىشقاندىم ھەمدە بۇ خىل ئۇسۇلنىڭ بۇندىن كېيىنكى سىستېمىلىق تەتقىقاتقا ياردىمى بارلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغاندىم. يوتقاندىن تېپىلغان مەدەنىي يادىكارلىقلارنى چۈشەندۈرگەندە، يا بۇرۇن بىلىدىغان تىپلاردىكى بۇيۇملارنى گەۋدىلەندۈردۈم ياكى ساپال بېزەك بۇيۇملىرى، ساپال ھەيكەل قاتارلىق ئىنتايىن كۆپ يادىكارلىقلارنى چۈشەندۈرۈشكە پايدىلىق بولسۇن ئۈچۈن تۆرگە ئايرىش ئۇسۇلىنى قوللاندىم. ئەڭ ئاخىرىدا بۇ گەپنى دېيىشىمدىكى مەقسەت، پەقەت ئوخشاش بولمىغان تىپتىكى مەدەنىي يادىكارلىقلارنى تېزدىن يىغىنچاقلاپ، ھەرقانداق ئالاھىدە قىممەتكە ئىگە يادىكارلىققا بولغان دىققەتنى قوزغاش ئىدى.

### يوتقان خارابىسىدىكى ساپال بۇيۇملار

يوتقان خارابىسىدىكى «مەدەنىيەت قاتلىمى» بىرقانچە ئەسىر ئۇدا ئىگىلىنىپ كەلگەن خارابىلىكتىكى نۇرغۇن يادىكارلىقلارنىڭ تەبىئىي يىغىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. خوتەن شەھىرىدە ئىشلىتىلىپ كېلىۋاتقان قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، مەسىلەن، كېسەك، قاڭدالغان توپا، ياغاچ ۋە شاخ قاتارلىقلار ئۈزلۈكسىز سۇغىرىشتىن تۇپەيلى پەيدا بولغان نەم تۇپراقتا ئۈزۈل ـ كېسىل ۋەيران بولغان. بۇ ئەمەلىيەتنى نەزەرگە ئالغىنىمىزدا، يوتقان خارابىسىدىكى بايلىق ئىزدەش داۋامىدا قېزىۋېلىنغان يادىكارلىقلار ئىچىدە نېمە ئۈچۈن ساپال بۇيۇملارنىڭ كۆپلۈكىنى ئاسانلا چۈشىنىۋالايمىز. ئەگەر ئۇ چېقىلىپ كەتسە قىممەتسىز ئەخلەت سۈپىتىدە بىر يەرگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ. ساپال پارچىلىرىنىڭ ھالىتىدىن ئۇلارنىڭ



49 ـ رەسىم ساپال بۇيۇم

كېيىنچە ھېچقانداق بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىمىغانلىقى مەلۇم بولۇپ تۇرىدۇ. لېكىن، ئىدىش، قاچا قاتارلىقلار ئۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ. ئەمەلىي ئىشلىتىلىش نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئۇلار (ئوخشاشلا ساپساق بۇيۇملار) سۇنۇق پارچىلار قاتلىمىدا ناھايىتى ئاز تاشلىنىپ قالغان. بۇنىڭدىن يېڭىدىن تېپىلغان ئاشۇ ساق بۇيۇملارنىڭ قىممىتىنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ (49 ـ، 50 ـ رەسىم). 51 ـ رەسىم ئىككى قۇلاقلىق، ئىنچىكە بويۇنلۇق كوزا بولۇپ، لېپى يۇمشاق، رەڭگى قىزىل ئىدى، كوزا ئۈستىدە زور مىقداردىكى بېزەك نەقىشلەر ساقلىنىپ قالغانىدى. 52 ـ رەسىمدىكىسى سىدام ساپال كوزا بولۇپ، بۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر



50 ـ رەسىم ساپال بۇيۇم

كىچىك كوزا بار ئىدى (53 ـ رەسىمگە قاراڭ). ئۇنىڭ ئۈستىدە ئويۇلغان سىزىقلىق نەقىشلەر بولۇپ، شەكلىدىن گىرېك سەنئىتىنىڭ تەسىرى چىقىپ تۇراتتى. 54 ـ رەسىمدىن 57 ـ رەسىمگىچە بولغان ھەر خىل شەكىلدىكى كىچىك ئىدىشلاردا بىر جۈپ تۇتقا بار ئىدى.

مۇكەممەل ھالەتتىكى قوش قۇلاقلىق، ئىنچىكە بويۇنلۇق كوزا قاتارلىقلارنىڭ (58 ـ رەسىمگە قاراڭ) تۇتقا ياكى قۇلاقلىرى ئادەتتە غەلىتە شەكىلدىكى ھايۋاناتنىڭ شەكلىدە ياسالغان بولۇپ، بۇ خىلدىكى بېزەك بۇيۇملارنىڭ نېمە ئۈچۈن كۆپ بايقىلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى. 59 ـ رەسىمدىن بەزى بۇيۇملارنىڭ ئېغىز قىسمىنىڭمۇ ھايۋانات شەكلىگە ئوخشاش

www.uyghurkitap.com



51 ـ رەسىم ساپال بۇيۇم



52 ـ رەسىم ساپال بۇيۇم



53 ـ رەسىم ساپال بۇيۇم



54 ـ رەسىم ساپال بۇيۇم



55 ـ رەسىم ساپال بۇيۇم



56 ـ رەسىم ساپال بۇيۇم



57 ـ رەسىم ساپال بۇيۇم



58 ـ رەسىم ساپال بۇيۇم



59 ـ رەسىم ساپال بۇيۇم

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



60 ـ رەسىم ساپال بويۇم

ياسالغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. 60 ـ رەسىمدىكىسى ئىشلىتىلىش ئورنى ئېنىق بولمىغان غەلىتە بۇيۇم بولۇپ، ئۇ بەلكىم بىر خىل ئىسرىقدان بولۇشى مۇمكىن.

### چاپلاپ چىقىرىلغان زىننەت بۇيۇملىرى

دائىم ئۇچرايدىغان جابدۇقلاردىكى زىننەت بۇيۇملىرى قۇيۇلغان بۆلەكلەردىن تەركىب تاپقان. ئۇلار ئايرىم ـ ئايرىم ياسىلىدىغان بولۇپ، پىشۇرۇشتىن بۇرۇن، زىننەت ـ نەقىشلەر بۇيۇملارنىڭ ئۈستىگە چاپلىناتتى. شۇڭا، ئۇ ئاسانلا ئاجراپ كېتەتتى. بۇ نىمە ئۈچۈن شۇنچە كۆپ غەلىتە شەكىلدىكى هايۋانات ۋە ئادەم ھەيكىلىنىڭ ساقلىنىپ قالغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيتتى. قارىماققا ئۇلار كىشىلەر ئەڭ ياقتۇرىدىغان زىننەت بۇيۇملىرى بولسا كېرەك (61 ـ، 62 ـ رەسىمگە قاراڭ).

63 ـ، 64 ـ رەسىملەردىكىسى ئادەم يۈزىنىڭ شەكلى بولۇپ، بەزىلىرىنىڭ ئىپادىلەش ئۇسلۇبى ۋە نەقىش سىلىش شەكلىدە ئېنىقكى «گورگون» (Gorgoneion) تىپىغا ۋارىسلىق قىلىنغان. مەسىلەن، 65 ـ رەسىم. ھايۋاناتلارنىڭ يۈز شەكلىدە ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغىنى شىر يۈزى (66 ـ رەسىمگە قاراڭ)



61 ـ رەسىم ساپال ھەيكەللەر

ئىدى، لېكىن قوي ۋە بىر خىل ۋەھشىي ئىتنىڭ شەكلىنىمۇ ئۇچراتقىلى بولاتتى (67 ـ رەسىمگە قاراڭ). ئۇنىڭدىن باشقا، چاپلانغان بۇ زىننەت بۇيۇملىرى ئىچىدە ھايۋاناتلارنىڭ پۈتكۈل شەكلىنىمۇ ئۇچراتقىلى بولاتتى.

بىر خىل نەقىش گۈللۈك تاج تاقىغان قىياپەتتىكى ئايالنىڭ ھەيكىلى بولۇپ، گاندارۋى (Gandharvi) دەپ قارالغان. بۇ خوتەن ۋە باشقا جايدىكى قەدىمكى زاماندىكى زىننەتلەش سەنئىتىدە دائىم كۆرۈلەتتى (69 ـــ 71 ـ رەسىمگە قاراڭ). بۇنىڭ ئىچىدە بىرى ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، ئۇ بۇددا سەدىقە قاچىسىغا بولغان چوقۇنۇشنى نامايان قىلاتتى. بۇ قەندەھەر

www.uyghurkitap.com



62 ـ رەسىم ساپال ھەيكەللەر



63 ـ رەسىم ساپال ھەيكەل



64 ـ رەسىم ساپال ھەيكەل



65 ـ رەسم  ساپال هەیکەل



66 ـ رەسم  ساپال هەیکەل



67 ـ رەسم  ساپال هەیکەل

www.uyghurkitap.com



68 ـ رەسىم ساپال ھەيكەل



69 ـ رەسىم ساپال ھەيكەل



71 ـ رەسىم ساپال ھەيكەل



70 ـ رەسىم ساپال ھەيكەل



72 ـ رەسىم ساپال ھەيكەل

www.uyghurkitap.com



73 ـ رەسىم  ساپال ھەيكەل



74 ـ رەسىم  ساپال ھەيكەل



75 ـ رەسىم  ساپال ھەيكەل

ھەيكەلتىراشلىق سەنئىتىدە دائىم ئۇچرايدىغان بىر خىل ھالەت بولۇپ، بۇ يەردە پۈتۈنلەي ئوخشاش شەكىل بويىچە بىر تەرەپ قىلىنغان.

بۇ خىل گىرېكلاشقان بۇددىزم سەنئىتىنىڭ تەسىرى ساپال بۇيۇملارنىڭ پارچىلىرىدا ئەڭ روشەن نامايان قىلىنغانىدى (72 ـ رەسىمگە قاراڭ). بۇ ناھايىتى چوڭ ئىدىشنىڭ بىر قىسمى بولسا كېرەك. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىككى سازەندىنىڭ ھەيكىلى ئويۇلغان بولۇپ، ئۇلار مەلۇم ئىمارەتنىڭ ئەگمىلىك پېشايۋىنىنىڭ ئاستىدا مۇزىكا ئورۇنداۋاتاتتى.

بۇ يەردە كۆڭۈل قويۇپ ياسالغان ئارقا كۆرۈنۈش ئىمارەتتىكى بارلىق تەپسىلاتلار، «بۇددا دىنى ئۇسلۇبىدىكى ۋادەكلەر» ھەمدە ھىندى ـ كورىنتىيان ئۇسلۇبىدىكى يۇمىلاق تۈۋرۈكلەر قارىماققا قەندەھەر قاپارتما نەققاشلىقىدىن بىۋاستە كۆچۈرۈپ كېلىنگەندەك تۇراتتى. قەندەھەر ئۇسلۇبى بىلەن بولغان بۇ خىل قويۇق مۇناسىۋەتنى نەزەردە تۇتقاندا، كىلاسسىك ئامىلغا ئىگە بۇنداق ئېنىق بولغان پاكار ۋىندىمىل پالمىسىنىڭ شېخى،



76 ـ رەسىم ساپال ھەيكەل

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



77 ـ رەسىم ساپال ھەيكەل



78 ـ رەسىم ساپال ھەيكەل

يوپۇرماق تاختىسى ۋە ئانتېمىئون قاتارلىق نەقىشلەرنى (73 ـ، 76 ـ رەسىمگە قاراڭ) كۆرگەندە ئادەم ئانچە ھەيران قالمايتتى.

**باش سۇرىتى چۈشۈرۈلگەن ساپال ھەيكەللەر**

ھازىر توپلانغان بۇيۇملار ئىچىدىكى باش سۇرىتى چۈشۈرۈلگەن زور بىر قىسىم ساپال ھەيكەللەرنىڭ (ئەر ۋە ئاياللارغا ئايرىلغان يۇملاق شەكىللىك ھەيكەللەر) ئاز بىر قىسمى زىننەت بۇيۇملىرى سۈپىتىدە ئىشلىتىلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ توغرا ئىشلىتىلىش ئورنى توغرىسىدا گۇمانىي پەرەزنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەھمىيىتى شۇكى، بۇ باش سۇرەتلەردە ئىرق تىپى ئېنىق نامايان قىلىنغان. بۇ ئەرلەرنىڭ باش سۇرىتىدە ناھايىتى روشەن نامايان قىلىنغان (77 ـ، 78 ـ



79 ـ رەسىم ساپال ھەيكەل



80 ـ رەسىم ساپال ھەيكەل



81 ـ رەسىم ساپال ھەيكەل

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



82 ـ رەسىم  ساپال ھەيكەل



83 ـ رەسىم  ساپال ھەيكەل



84 ـ رەسىم  ساپال ھەيكەل



85 ـ رەسىم  ساپال ھەيكەل



86 ـ رەسىم ساپال ھەيكەل

رەسىمگە قاراڭ)، ئۇلارنىڭ ناھايىتى روشەن «ئارىيان» ئالاھىدىلىكى، ئېگىز قاڭشار، ئورا كۆزلىرى ئىنسانشۇناسلىق ۋە باشقا جەھەتتىكى پاكىتلار قەدىمكى خوتەنلىكلەرنىڭ ئىرق ئالاھىدىلىكى بىلەن پامىر رايونىدىكى ئالپىنوس ئىرق تىپىنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى پەرىزىمىزنى ئىسپاتلاپ بېرەتتى. بۇ يەردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان تىپ ئاساسىي جەھەتتىن يەرلىكنى كۆرسىتەتتى. بۇ بىر نۇقتا خوتەن (Khotan) راھىبلىرى ھەيكەللىرىدىكى گىرىكلاشقان بۇددىزم سەنئىتىنىڭ ئەنئەنىۋى باش شەكلىنى ئۆزئارا سېلىشتۇرغاندىلا ناھايىتى ئېنىقلىنىشاتتى.

ئاياللارنىڭ باش سۈرىتىنىڭ ئەھۋالىمۇ ئوخشاش بولۇپ، قەندەھەردىن كەلگەن، بەلكىم قەندەھەرگە مەنسۇپ بولغان ھەمدە شۇنىڭغا ئوخشايدىغان ئىلاھلارنىڭ (79 ـــ 81 ـ رەسىمگە قاراڭ) ساپالدا ياسالغان باش سۈرىتىدىن يەرلىك تىپلارنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى



87 ـ رەسىم ساپال ھەيكەل



88 ـ رەسىم ساپال ھەيكەل



89 ـ رەسىم ساپال ھەيكەل



90 ـ رەسىم ساپال ھەيكەل

ناھايىتى ئاسانلا پەرقلەندۈرۈۋالغىلى بولاتتى. ئۇلار بىر قاتار ئەۋرىشكىلەر (82 ــ 84 ـ رەسىمگە قاراڭ) ئارقىلىق ئىپادىلىنەتتى. ئۇلاردىكى ئاجايىپ غەلىتە ئالاھىدىلىك دەل ئۇلارنىڭ چاچ شەكلىدە ئىپادىلەنگەن ناھايىتى زور شەكىل ۋە نەپىسلىكتە ئىدى. ئاياللارنىڭ ئاز ساندىكى مۇكەممەل ھەيكەللىرىدە كىيىم ـ كېچەك شەكلىگە ئائىت قىزىقارلىق ۋە قوشۇلۇپ كەلگەن تەپسىلاتلار يەتكۈزۈپ بېرىلگەندى (85 ــ 87 ـ رەسىمگە قاراڭ).

## مايمۇن ھەيكىلى

ئەگەر كۆپلىگەن، شۇنىڭدەك ھايۋاناتلارنىڭ ئوبرازىنى ئىپادىلەيدىغان ساپال ھەيكەللەرگە سېلىشتۇرغاندا، ئىنسانلارغا ئائىت ساپال ھەيكەللەر ناھايىتى ئازدەك بىلىنەتتى. ھايۋاناتلارنىڭ ھەيكەللىرى ئىچىدە مايمۇننىڭ ھەيكىلى نىسبەتەن كۆپ ئىدى. بۇ ھەيكەللەردە قوللىنىلغان ئەپچىللىك بىلەن تەقلىد قىلىپ ياساش ئۇسۇلى (گەرچە ناھايىتى كىچىك بولسىمۇ) ئۇلارغا ئىنسانلارنىڭ قىياپىتى ۋە چىراي سەنئىتى جەھەتتىكى ماھارەتنى بەخش ئەتكەنلىكىنى ئالدىنقى قېتىملىق توپلىغان بۇيۇملارغا ئائىت ئىزاھاتتا ئوتتۇرىغا قويۇپ

www.uyghurkitap.com



91 ـ رەسىم ساپال ھەيكەل



92 ـ رەسىم ساپال ھەيكەل



93 ـ رەسىم ساپال ھەيكەل



94 - رەسىم ساپال ھەيكەل

ئۆتكەندىم. مايمۇننىڭ باش قىسمىدا ناھايىتى كۆپ ئۆزگىرىشلەر بولۇپ، ئۇنىڭدا مەردانە، قەيسەر ۋە جۇشقۇن قىياپەت ئەكس ئەتكۈزۈلگەن، شۇنداقلا كىشىلەردە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرىدىغان ئاجايىپ - غارايىپ ھالەتلەر نامايان قىلىنغان. خوتەن خەلقىنىڭ يۇمۇرلۇقلۇقى مۇشۇ مايمۇن ھەيكەللىرىدىكى ھەجۋىيلەشتۈرۈش ئۇسلۇبىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. مەسىلەن، خىلمۇخىل شەكىلدىكى مايمۇنلارنىڭ ساز چېلىۋاتقان، بەتقىلىقلىق قىلىۋاتقان ۋە جۈپ - جۈپ بولۇپ



95 - رەسىم ساپال ھەيكەل

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



96 ـ رەسىم ساپال ھەيكەل



97 ـ رەسىم ساپال ھەيكەل



98 ـ ڕەسم ساپال هەیکەل



99 ـ ڕەسم ساپال هەیکەل

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



100 ـ رەسىم ساپال ھەيكەل

قوچاقلىشىپ تۇرغان شەھۋانىي مەزمۇندىكى ھەيكەللىرى قاتارلىقلار (88 ـ، 89 ـ رەسىمگە قاراڭ).

### چالغۇ ئەسۋابلار ھەيكىلى

چالغۇ ئەسۋابلار ئىچىدە گىتار ئەڭ كۆپ ئىدى، ئۇ راۋابقا ئوخشاش كىشىلەر ئەڭ ياقتۇرىدىغان چالغۇ ئىدى. بىز ئۇنىڭدىن باشقا، بىر ھەيكەل ئادەمنىڭ قولىدىكى تىزما نەي، داپ ۋە چىلتارنى بايقىدۇق (90 ـ رەسىمگە قاراڭ). 72 ـ رەسىمدىكى ساپال قاپارتما نەقىشتە ئۇزۇن نەي ۋە جاڭ قاتارلىقلار بار ئىدى. كىشىلەر بالىلىرىغا بولغان ئامراقلىقىنى مايمۇن بالىسىنىڭ بۆشۈك ياكى قوچاقتىكى ھالىتى بىلەن نامايان



101 ـ رەسىم تاشتىن ياسالغان قاپارتما نەقىش

قىلغان (91 ـ ، 92 ـ رەسىمگە قاراڭ). ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى 93 ـ رەسىم بولۇپ، ئۇنىڭدا بىر ئانا مايمۇننىڭ مايمۇنچاق ۋە بىر قۇشنى قۇچاقلىۋالغانلىقى، ئەركەك مايمۇننىڭ ئۇنى مۇرىسىگە ئېلىپ كۆتۈرۈۋالغانلىقى نامايان قىلىنغان. بۇ يەردە كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى، بۇرۇنقى زامانلاردا خوتەندە مايمۇن تېرىسىگە يەل ئۇرۇپ، دەريادىن ئۆتۈش ئۇچۇن سال ياسالغانلىقى ئىسپاتلانغان. ھەيكەلدە بىر مايمۇن تېرىسىنىڭ سۇدا لەيلەۋاتقان كۆرۈنۈشى نامايان قىلىنغان. 94 ـ رەسىمدە بىر مايمۇننىڭ يەردە تىزلىنىپ ئولتۇرغان، دۈمبىسىدە ئىشلىتىشكە تەييارلىغان بىر تېرىنىڭ تۇرغانلىقى نامايان قىلىنغان. بۇ خىل مايمۇن تېرىسىدىن سال ياساش كۆرۈنۈشىنى ئەكس ئەتكۈزىدىغان شەكىللەر كىچىك تىپتىكى ساپال ھەيكەللەردىمۇ كۆرۈلگەن.

### ھايۋاناتلار ھەيكىلى

باشقا ھايۋاناتلارنىڭ ھەيكەللىرى ئىچىدە تۆگىنىڭ ھەيكىلى ئەڭ كۆپ ئىدى (95 ـ ، 96 ـ رەسىمگە قاراڭ). 97 ـ رەسىمدىكىسى يۈك ئارتىلغان تۆگىدەك قىلاتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، توز، قوتاز، قاۋان، توڭگۇزلارنىڭ ھەيكىلىمۇ بار ئىدى (98 ــ 100 ـ رەسىمگە قاراڭ).

### كىچىك تىپتىكى تاش ئويمىلار

ساپال قاچا ـ قۇچىلار ۋە ساپالدىن ياسالغان بۇيۇملار ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشىنى ئىشەنچلىك ھالدا پەرەز قىلالايمىز. لېكىن، باشقا تىپتىكى قەدىمىي يادىكارلىقلار، مەسىلەن، تاش بۇيۇملار، مېتال بۇيۇملار ۋە ئەينەك بۇيۇملار ئۇچۇن ئېيتقاندا، بۇ خىل ئىشەنچنى ھېس قىلالايمىز. يوتقان ۋە خوتەندىن توپلانغان بۇيۇملار بۇ قەدىمىي يادىكارلىقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان. گەرچە مۇشۇنداق بولسىمۇ، ئۇنىڭ قىممىتىگە



103 ـ رەسىم  تاشتىن ياسالغان
قاپارتما نەقىش



102 ـ رەسىم  تاشتىن ياسالغان
قاپارتما نەقىش



104 ـ رەسىم  تاشتىن ياسالغان
قاپارتما نەقىش



105 ـ رەسىم مېتال بۇيۇم



106 ـ رەسىم مىتال بۇيۇم



107 ـ رەسىم مېتال بۇيۇملار

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



108 ــ رەسىم مېتال زىننەت بۇيۇمى

قىلچە تەسىر يەتمەيدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۇ خوتەندە ياسالمىغان بولسا، ئىمپورت قىلىنغان نۇسخىلاردىن پايدىلىنىپ ياسالغانلىقى ئېنىق ئىدى. بۇلار ئارقىلىق شۇنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇكى، بۇ قەدىمىي يادىكارلىقلاردا ھىندىستان ۋە غەرب سەنئىتىنىڭ تەسىرى بىۋاستە نامايان قىلىنغان. شۇڭلاشقا، شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، ئاشۇ ناھايىتى چىرايلىق ئويۇلغان سىتىپئاتىتلىق كىچىك نەقىشلىق ھەيكەللەر (12 ــ رەسىمگە قاراڭ) ــ بىر كىچىك بۇددا مۇنارىنىڭ، شۇنىڭدەك بۇددا ۋە ئاجايىپ ــ غارايىپ ھايۋاناتلار ھەيكىلىنىڭ ئۈستىدە يەنە بىر قاتار كۆنلۈكسىمان مۇنار ئۈچى چىقىرىلغان ــ ئېنىقلىكى، قەندەھەردىن قەدىمكى خوتەنگە تارقالغان. كىچىك تېپتىكى سىتىپئاتىتلىق قاپارتما نەقىش (101 ــ، 102 ــ رەسىمگە قاراڭ) ۋە ناھايىتى ياخشى ئويۇلغان يالىڭاچ رەسىملەردىنمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش يەكۈن چىقىرىشقا بولۇشى مۇمكىن (103 ــ رەسىمگە قاراڭ). ئۇلار بىر خىل شىفىر

تېپىدىكى تاش بىلەن ياسالغان. باشقا سىتېئاتىتلىق ئويما تاشلارنىڭ ئۇسلۇبى تېخى ئېنىق ئەمەس ئىدى. ئەمما، 104 ـ رەسىمدىكى مايمۇن ئېنىقلىكى خوتەن ئۇسلۇبىدا ياسالغاندى.

### مېتال بۇيۇملار

ھەر خىل مېتال بۇيۇملارنىڭ كۆپىنچىسى بىرونزىدىن ياسالغاندى. مەسىلەن، 105 ـــ 112 ـ رەسىمدە كۆرسىتىلگەنگە ئوخشاش. مېتال بۇيۇملارنىڭ ياسالغان رايوننى بېكىتىش يەنىلا ئىنتايىن تەسكە چۈشمەكتە. مېتال بۇيۇملارنىڭ قېلىپتا ياساش ۋە بېزەش ئۇسلۇبى جەھەتتە بىز بىلىدىغان خوتەننىڭ باشقا قەدىمىي بەدىئىي سەنئەت بۇيۇملىرى بىلەن ھېچقانداق روشەن پەرقى يوق ئىدى. ئەمما، قىممىتى بار بۇيۇملاردىن تۆۋەندىكىلەر بار ئىدى: بىرونزىدىن ياسالغان بىر جاھازىنىڭ پۇتى بار ئىدى (113 ـ رەسىمگە قاراڭ)؛ سەككىز بۇرجەكلىك مېتال باشلىق زىننەت بۇيۇمى بولۇپ، ئۇ بىر مەرتىۋە ھاسىنىڭ بېشىغا ئوخشايدىغان بىرونزا بۇيۇمى ئىدى (114 ـ رەسىمگە قاراڭ)؛ بىر خىل غەلىتە بۇيۇم بولۇپ، ئىشىك قوغدىغۇچى ئىككى يۈزلۈك ئىلاھنىڭ چېكىسىگە ئوخشايتتى (115 ـ رەسىمگە قاراڭ)، ئۇنىڭ ئىشلىتىلىش ئورنى ئېنىق ئەمەس ئىدى. 116 ـ رەسىم باشاق بولۇپ، كەسمە يۈزى ئۈچ بۇلۇڭ شەكىلدە ئىدى. دىققەت



109 ـ رەسىم مېتال بۇيۇم

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



110 ـ رەسىم مېتال بۇيۇم



111 ـ رەسىم مېتال بۇيۇم



112 ـ رەسىم مېتال بۇيۇم



113 ـ رەسىم مېتال بۇيۇم

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



114 ـ رەسىم مېتال بۇيۇم



115 ـ رەسىم مېتال بۇيۇم



117 ـ رەسىم باشاق



116 ـ رەسىم باشاق

قىلىندىغان يېرى شۆكى، ئۇنىڭ شەكلى 118 ـ رەسىمگە ئىنتايىن ئوخشايتتى (بۇ رەسىم دۇنخۇاڭنىڭ قەدىمىي تۇر خارابىسىدىن تېپىلغان). بۇ ئۇلارنىڭ خەن سۇلالىسى دەۋرى ئىشلىتىلگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. ئەسلىتىش ئەھمىيىتىگە ئىگە بولغىنى، سېغىزدا ياسالغان بەزى قېلىپلار ئىدى. ئۇنى باشقىلار ماڭا يەتكۈزۈپ بەرگەنىدى. ئۇ تامھۇجرىدىن بايقالغان بولۇپ، بەزى كىچىك تىپتىكى بىرونزا بۇيۇملارنى قۇيۇشقا ئىشلىتىلەتتى. بۇ سېغىز قېلىپلار قۇيمىچىلىق ئۇسۇلىنى كۆرسىتىپ بېرەتتى. مەن دەسلەپكى دوكلاتلىرىمدىمۇ ئېنىق كۆرسىتىپ، بايلىق ئىزدەش پائالىيىتى مۇشۇ جايدا يۈز



118 ـ رەسىم مېتال زىننەت بۇيۇملىرى

www.uyghurkitap.com

بەرگەن، ئۇ خوتەن بوستانلىقىنىڭ شەرقىي شىمال گىرۋىكىگە يېقىن بولۇپ، يوتقاندىكىگە ئوخشاش «مەدەنىيەت قاتلىمى» بار ئىدى، دەپ ئوتتۇرىغا قويغانىدىم.

### ئۆنچە ـ مەرۋايىت، ئەمپورت قىلىنغان ئەينەك بۇيۇملار

كىچىك تىپتىكى ئالتۇن زىننەت بۇيۇملىرى جەھەتتە 118 ـ رەسىم بىر تۈركۈمدىكى «قېزىپ چىقىلغان» بۇيۇملارغا ۋەكىللىك قىلاتتى. ئۇلار تېگىلچىدە كەمدىن ـ كەم ساقلىنىپ قالاتتى. بۇنىڭ ئارخېئولوگىيە جەھەتتىكى قىممىتى ناھايىتى تۆۋەن ئىدى. زور مىقداردىكى ئەينەك ۋە تاش مارجانلار ئىچىدە ئاق رەڭلىك نەقىش قويۇلدۇرۇلغانلىرىنى ئايرىم تاللاپ، مۇنداقلا چۈشەندۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. چۈنكى، بۇ خىل تېخنىكىنى تا ھازىرغا قەدەر مۇتەخەسسىسلەر تېخى جەزملەشتۈرەلمىدى.

يەنە بىر مۇرەككەپ ئۇسۇلدا ياسالغان ئەينەك مارجان مۇئەييەن قىممەتكە ئىگە ئىدى، چۈنكى ئۇ نەقىشلەنگەن ھۈنەر ـ سەنئەت بۇيۇمى ئىدى. ئۇ غەربنىڭ بىر خىل ئۆلچەملىك تىپ ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلغان بولۇپ، رىم ئىمپېرىيەسىدە كۆپ كۆرۈلەتتى. غەربنىڭ ئەينەك بۇيۇملىرىنىڭ جۇڭگوغا كىرىشى كېيىنكى مەزگىللەردىكى ئىش ئىدى. ئەمما، مۇشۇ مەزگىلدە ئوتتۇرا ئاسىيادا ئەينەك بۇيۇملىرىنىڭ ياسالغان ـ ياسالمىغانلىقىنى جەزملەشتۈرگىلى بولمايتتى. بۇ خۇددى ھازىرقىدەك ئوتتۇرا دېڭىز رايونىدىن بىۋاسىتە ئىمپورت قىلىنغان بۇيۇملارنىڭ قىممىتىنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى جەزملەشتۈرگىلى بولمىغانغا ئوخشايتتى.

### تامغا ۋە ئويما باسما

يوتقان ياكى خوتەن شەھىرىدە توپلانغان تامغىلار مېتالدىن ياكى تاشتىن ياسالغان بولسۇن، مەن ئالدىنقى قېتىملىق سەپىرىمدە خوتەن ۋىلايىتىدىكى خارابىلەردىن بايقىغان ياكى تاپقان ئوخشاش تىپتىكى يادىكارلىقلارغا ناھايىتى ئوخشاپ كېتەتتى. شۇڭلاشقا، ئۇلارنىڭ ئۆز جايىدىن چىققانلىقىدىن گۇمانلىنىشقا بولمايتتى. ئويما باسما ئۇنىڭغا ئوخشىمايتتى، بىز بۇ يەردىن تاپقان مۇشۇ تىپتىكى بۇيۇملار كېيىنكى مەزگىلدىكى كلاسسىك ئەسەرلەرگە مەنسۇپ ئىدى. يەنە بەزىلىرى گەرچە شەرق شەكلىگە مەنسۇپ بولسىمۇ، ئەمما خوتەندىن تېخىمۇ غەربتىكى جايلاردا ياسالغان. ئالدىنقى بىر خىل تىپتىكى ئويما باسمىلار ئاساسلىقى: ناھايىتى ئوخشىتىپ ياسالغان ئايالالارنىڭ يېرىم بەدەن رەسىمى؛ ئالېكساندىر تىپىدىكى ساقالسىز ئەرنىڭ باش رەسىمى؛ ناھايىتى نەپىس ياسالغان بېشىغا قالپاق كىيگەن ئەرنىڭ باش رەسىمى، ئۇنىڭدىن باشقا پارسلىقلارنىڭ چىرايىغا ئوخشايدىغان باش رەسىمى؛ بىر رىم جەڭچىسىنىڭ يېرىم بەدەن رەسىمى؛ يەنە چوڭ تىپتىكى ساقالسىز ئەرنىڭ باش رەسىمى بولۇپ، ئەتراپىدا ئوخشاش بولمىغان قولدا ئويۇپ يېزىلغان بىراخمان يېزىقى بار ئىدى؛ ئۇنىڭدىن باشقا، زور مىقداردىكى ۋەكىل خاراكتېرلىك ئويما باسما يادىكارلىقلىرى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىلىرى ناھايىتى كىچىك ئىدى. ھەممىسى دىگۇدەك ھايۋاناتنىڭ ئويما رەسىمى ئىدى. ئۇلار كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغايدىغان ئۇسلۇبلار ئارقىلىق ئويۇپ ياسالغان بولۇپ، دادىللىق بىلەن لايىھەلەنگەچكە، ئادەمگە بىر خىل كۈچ بەخش ئېتەتتى. ئۇ يوتقاندىن تېپىلغان ساپال بۇيۇم ۋە ساپال ھەيكەللەر ئارىسىدىكى شۇ خىلدىكى بۇيۇملارنى ئەسلىتەتتى. بۇ خىل ئويما باسمىنىڭ كۆپىنچىلىرىگە قاشتېشى ئىشلىتىلگەنلىكىنى نەزەردە تۇتقاندا، خوتەننىڭ شەرق تەرىپىدىكى قاراقۇرۇم تېغىدىن بۇ خىلدىكى ماتېرىياللارنى تاپقىلى بولاتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ خىل

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يادىكارلىقلار مېنىڭ بىرىنچى تۈركۈمدە خوتەندە توپلىغان نەرسىلىرىم ئارىسىدىمۇ خېلى كۆپ سالماقنى ئىگىلەيتتى. شۇڭلاشقا، بۇلارنىڭ قەدىمكى خوتەندىكى ئويمىكارلارنىڭ قولىدىن چىققانلىقى توغرىسىدىكى قاراشقا مايىل ئىدىم.

### يوتقان خارابىسىدىن يىغىۋېلىنغان پۇللار

مېنىڭ يوتقان ياكى قارىماقتا مەزكۇر خارابىلىكتىن تېپىلغان، نىسپىي ھالدا بىرقەدەر كۆپ توپلانغان پۇللارنى ئەڭ ئاخىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇشۇمدىكى سەۋەبىنىڭ بىرى شۇكى، سېتىۋالغان پۇللار تەمىنلىگەن دەۋر جەھەتتىكى پاكىتلارنىڭ قىممىتى مۇشۇ خارابىلىكنىڭ ئۆزىدىن چىققانلىرىنىڭكىدىن تۆۋەن ئىدى. بۇ قەدىمىي پۇللارغا ئېرىشكەن چاغدا، مەن ئۇلارنى يۈزەكى تەكشۈرۈپ چىقىشقىمۇ ۋاقىت چىقىرالمىدىم. بۇ يەردە تەمىنلىگەن قىسقىچە ئىزاھات پۈتۈنلەي ئالان ئەپەندىنىڭ بۇ پۇللار توغرىسىدىكى دەسلەپكى تەھلىلىگە ئاساسەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، پەقەت ئادەتتىكى چۈشەندۈرۈش ۋە دەۋر جەھەتتىكى مۇناسىۋەتلەر بىلەنلا چەكلىنەتتى. بۇ يەردە بىر ئىشەنچلىك كۆزىتىش ئاساسىغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن، مېنىڭچە، ئەڭ ياخشىسى مەن خوتەندە سېتىۋالغان پۇللارنى بىر يەردە قويۇپ قويۇشنى ئويلىدىم. بۇ بىر قىسىم قەدىمىي يادىكارلىقلارنىڭ كېلىش مەنبەسى توغرىسىدا مەندە ھېچقانداق قىممەتكە ئىگە ماتېرىياللار يوق ئىدى.

يوتقاندىن توپلانغان پۇللار (پەقەت بىرىدىن باشقىسىنىڭ ھەممىسى مىس تەڭگە ئىدى)نىڭ دەۋرىنى مەن 1900 ـ، 1901 ـ يىللىرى ئېرىشكەن ھەمدە «قەدىمكى خوتەن» دېگەن كىتابتا تەپسىلىي تونۇشتۇرغان توپلانغان بۇيۇملارنىڭ دەۋرى بىلەن روشەن ھالدا بىردەك ئىدى. ئۇلار مىلادىيەنىڭ ئەڭ دەسلەپكى بىرقانچە ئەسىرگە مەنسۇپ بولغان خەنزۇچە ـ قارۇشتىچە خوتەن تەڭگىسى (Sino-Kharoṣṭhi currency) دىن تاكى سۇڭ



119 ـ رەسىم قەدىمىي پۇللار

سۇلالىسى مەزگىلىدىكى پۇللارغىچە بار ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدە يىل دەۋرى ئەڭ كېيىنكىلىرىنىڭمۇ يىلنامىسى مىلادىيە 1078 ـ يىلىدىن 1086 ـ يىلىغىچە ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ھىندى ـ سكىتاي (Indo-Scythian coinage) پۇلىدىن ئىككىسى بولۇپ، كانىشكا (Kaniṣka) پۇلىغا مەنسۇپ ئىدى (119 ـ رەسىمگە قاراڭ).

### جۇڭگو پۇللىرىنىڭ تىپى

تەكشۈرۈپ ئىسپاتلانغان پۇل 337 دانە بولۇپ، ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئاساسلىق پۇلىنىڭ تارقىتىلغان مىقدارى بىرقەدەر ئاز ئىدى. باياتىن ئوتتۇرىغا قويغان ئاز مىقداردىكى چەت ئەلنىڭ پۇللىرىدىن سىرت، يەنە 47 تال يەرلىك خەنزۇچە ـ قارۇشتىچە تەڭگە پۇللار بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئالدى تەرىپىگە خەنزۇچە ئويما يېزىق، ئارقا تەرىپىگە ھىندىستاننىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com



120 ـ رەسىم قەدىمىي پۇللار

ئاممىباب يېزىقى بولغان پراكرىت يېزىقى (Indian prākrit) ئويۇلغان (120 ـ رەسىمگە قاراڭ). دەسلەپكى مەزگىلدىكى جۇڭگو پۇلى بەش جۇلۇق تەڭگە بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە ھەم ئالدىنقى خەن سۇلالىسىدە، ھەم كېيىنكى خەن سۇلالىسىدە تارقىتىلغانلىرى بار ئىدى. ئۇلار جەمئىي 113 دانە تەڭگە ئىدى. لېكىن، كۆرستىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى، بەش جۇلۇق تەڭگە پۇلنىڭ 48 دانىسى بىر ئازگالدىن تېپىلغان، بۇ تاسادىپىي بايقاش بەلكىم نورمال نىسبەتنى قالايمىقان قىلىۋېتىشى مۇمكىن. مىلادىيە 5 ـ ۋە 10 ـ ئەسىردىكى سوي ۋە سوڭ سۇلالىسى پۇللىرى توغرىسىدا ئالان ئەپەندى سوي سۇلالىسىگە مەنسۇپ بولغان ئۈچ دانە بەش جۇلۇق تەڭگە پۇلنى



121 ـ رەسىم قەدىمىي پۇل



122 ـ رەسىم قەدىمىي پۇل

پەرقلەندۈرۈپ چىققان.

ئۇستىدە «كەيىيۇەن تۇڭباۋ» دېگەن ئويما يېزىقى بار پۇلدىن (121 ـ رەسىم) پەقەت تۆت خىل ئەۋرىشكە بار ئىدى. بۇ پۇللار دەسلەپتە گاۋزۇ (618 ـ يىلىدىن 626 ـ يىلىغىچە) يىللىرىدا قۇيۇلغان بولۇپ، پۈتكۈل تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئىزچىل تارقىتىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ پۇللار ئىچىدە «جيەنيۇەن» يىللىرىغا (758 ـ يىلىدىن 759 ـ يىلىغىچە) مەنسۇپ بولغان، ئوخشاش بولمىغان تارقىتىلىش مىقدارىغا ئىگە پۇللاردىن ئاز دېگەندە 134 دانە بار ئىدى. بۇ پۇللارنىڭ ئىشلىتىلگەن يىلى سەل كېيىن دەپ قارالغانلىرى تاڭ سۇلالىسى دالى (766 ـ يىلىدىن 779 ـ يىلىغىچە) يىلىغا تەۋە بولۇپ، بۇ خىل پۇلدىن 28 دانە بايقالغان (122 ـ رەسىمگە قاراڭ). جىداۋ يىللىرى (995 ـ يىلىدىن 998 ـ يىلىغىچە)، تيەنشى يىللىرى (1017 ـ يىلىدىن 1022 ـ يىلىغىچە) ۋە يۈەنفېڭ يىللىرى (1078 ـ يىلىدىن 1086 ـ يىلىغىچە)غا مەنسۇپ بولغىنى بىر دانىدىن بولۇپ، سۇڭ سۇلالىسى مەزگىلىدىمۇ يوتقان خارابىلىكىنىڭ يەنىلا ئىگىلىنىپ تۇرغانلىقىنى، ئىسلام دىنى تارقالغاندىن كېيىنمۇ خوتەننىڭ جۇڭگو بىلەن ئىزچىل ئالاقە باغلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرەتتى. ئىسلام دىنى مەزگىلىدىكى پۇلدىن پەقەت ئۈچى بار

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئىدى. ئۇ مۇھەممەت ئارسلانخاننىڭ پۇلى بولۇپ، مىلادىيە 11 ـ ئەسىرگە تەۋە ئىدى.

خوتەن ئەتراپىدىكى قۇم خارابىلىرىدىن تېپىلغان پۇللار

قىزىقارلىقى شۇكى، ئەگەر بىز بۇ قېتىم يوتقاندا تويلىغان ھەر خىل پۇللارنىڭ تارقىتىلىش مىقدارىدىكى نىسبەتنى مەن خوتەندە ئېرىشكەن ھەمدە ئوچۇق ـ ئاشكارا ھالدا بوستانلىقنىڭ شەرقىي شىمال گىرۋىكىنىڭ سىرتىدىكى قەدىمىي خارابىلىك، مەسىلەن، ئاقسىپىل (Ak-sipil) ۋە ھاڭگۇيا (Hanguya)دىكى «تاتى» خارابىلىكىدىن تېپىلغان ھەر خىل پۇللارنىڭ ئومۇمىي مىقدارىدىكى نىسبەتنى ئۆزئارا سېلىشتۇرغاندا بەزى نەرسىلەرنى بىلىۋالغىلى بولاتتى. ئومۇمىي سانىنىڭ 124 ئىكەنلىكى جەزملەشتۈرۈلگەن پۇل ئىچىدە بىر دانە ۋاڭ ماڭ پۇلى (مىلادىيە 14 ـ يىلىدىن 19 ـ يىلىغىچە 123 ـ رەسىمگە قاراڭ)، توققۇز دانە خەنزۇچە ـ قارۇشتىچە خوتەن تەڭگىسى، سەككىز دانە خەن سۇلالىسىنىڭ بەش جۇلۇق پۇلى، 26 دانە مىلادىيە 5 ـ ئەسىرگە مەنسۇپ بولغان يۇملاق كېسىلگەن بەش جۇلۇق پۇل، 17 دانە تاڭ سۇلالىسى (ئاساسلىقى چيەنيۈەن يىللىرىدىكى) پۇلى، 17 دانە سۇڭ سۇلالىسى پۇلى ھەمدە 46 دانە ئىسلام دىنى ھاكىمىيىتى مەزگىلىدىكى پۇللار بار ئىدى. بۇ تەھلىللەردىن شۇنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان «تاتى» خارابىلىكىدە كېيىنكى مەزگىللەرگە تەۋە پۇللارنىڭ نىسبىتى كۆرۈنەرلىك ھالدا كۆپ ئىدى. بۇ باشقا قەدىمىي ئەسۋاب ـ جابدۇقلارنىڭ تاشلىنىپ قالغان ۋاقتى بىلەن بىردەك ئىدى. بۇ بىر پاكىت مەن ئالدىنقى قېتىم ھەمدە مۇشۇ قېتىم يوتقان خارابىلىكىدە ئېرىشكەن مەدەنىي يادىكارلىقلاردا ئەكس ئەتكەن ئەھۋاللارغا ئۇيغۇن بولۇپ، ئۇ بۇ قەدىمكى پايتەختنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن پۇلشۇناسلىق پاكىتى بىلەن تەمىن ئەتكەنىدى.

# 3 ـ بۆلۈم جىيانىڭ شىمالىي قۇملۇقىدىكى خارابىلىك

**«گۆھەر ئىزدىگۈچىلەر»نىڭ قەدىمىي يادىكارلىقلارنى ئىزدىشى**

مەن 8 ـ ئايدا خوتەنگە يېتىپ بارغان ۋاقتىتىلا يەرلىكتىكى بىر قىسىم «گۆھەر ئىزدىگۈچىلەر» (بەدىرىددىن خانغا ئوخشاش غەلىتە ئادەملەر)نى شەرقىي شىمال تەرەپتىكى قۇملۇقتىن تەكشۈرۈش ئىمكانىيىتى بولغان قەدىمىي خارابىلىكنى ئىزدەشكە ئالاھىدە ئەۋەتكەنىدىم. مەن تاغدىن قايتىپ كەلگەندە ئۇلارمۇ كەلگەن بولۇپ، بەزى قەدىمىي بۇيۇملارنىڭ ئەۋرىشكىلىرىنى ئەكەلگەنىدى. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، بۇلارنى ئوخشىمىغان تاتىلاردىكى ئىمارەتلەرنىڭ ئەتراپىدىن تېپىۋاپتۇ ياكى بۇرۇن بۇ يەرگە كېلىپ، بۇ خارابىلىكلەرنى كولاپ تەلىيىنى سىناپ كۆرگەن «گۆھەر ئىزدىگۈچى»لەردىن تېپىپتۇ. مەن ئۇلاردىن ئاشۇ ئوخشىمىغان خارابىلىككە مۇناسىۋەتلىك ئېنىق ئورۇن ۋە ئارىلىق قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئۇچۇرلارغا ئىگە بولدۇم. مۇشۇ ئۇچۇرلارغا ئاساسەن ئۆزۈمنىڭ ئالدىنقى قېتىم شۇ يەردە ئېلىپ بارغان ئېكسپېدىتسىيە تەجرىبەمگە تايىنىپ، مەن قىلماقچى بولغان ئېكسپېدىتسىيە پائالىيىتىم ئۈچۈن بىر پىلان تەييارلىماقچى بولدۇم.

شۇنىڭ بىلەن بەش كۈنلۈك دەم ئېلىش ۋە تەرتىپكە سېلىش داۋامىدا، تۆرلۈك ئەمەلىي تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلەپ بولغاندىن كېيىن، 25 ـ سېنتەبىر خوتەندىن ئايرىلىپ، ئېكسپېدىتسىيە قىلىش ئۈچۈن يولغا چىقتىم. مېنىڭ بىرىنچى نىشانىم ئاشۇ چوڭ ۋە قىزىقارلىق راۋاق خارابىلىكى ئىدى. بۇنىڭدىكى قىسمەن سەۋەب: ئۆزۈم ئالدىنقى قېتىم (1901 ـ يىلى) قېزىش قىلغاندىن بۇيان، ئەتراپتىكى بارخانلارنىڭ

www.uyghurkitap.com

قورشاۋىدا زادى قانداق ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولغانلىقىنى بىلىش ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، يېقىندا خەۋەر قىلىنغان ئەتراپتىكى رايونلاردا بايقالغان بەزى خارابىلىكلەرنى تەكشۈرۈپ كۆرۈش ئىدى.

## راۋاق بۇددا مۇنارىغا بېرىش

جىيانىڭ مۇنبەت بوستانلىقىنى بويلاپ تەخمىنەن 11 مىل ماڭغاندىن كېيىن، سۇيا (Suya) دېگەن مەھەللىگە يېتىپ كەلدىم. بۇ مەھەللىنىڭ سىرتىنى قۇم بېسىشقا باشلىغانىدى. بۇ جايدىكى كونا توغراقلىق بىر مازارنى ئوراپ تۇرىدىغان بولۇپ، قۇم بېسىۋالغان بۇ زېمىنىنىڭ بۇنىڭدىن بۇرۇن قايتىدىن تېرىلغۇ يەر قىلىنغانلىقى چىقىپ تۇراتتى. كېيىن بىز يەنە قاقاس شېغىللىق قۇم سايىنى بويلاپ ئالغا ئىلگىرىلىدۇق. ئىككى قىرغاق ئېگىز قۇم بارخانى بولۇپ، بۇ يەر يورۇڭقاش دەرياسىنىڭ قەدىمىي قىنى ئىدى. هازىر «كونا دەريا» دەپ ئاتىلاتتى. بىز ئىزچىل دەريا قىنىنى بويلاپ مېڭىپ، كەچ چۈشكەندە «ناچى قۇدۇق» دېگەن شورلۇقتا ئارام ئېلىشقا مەجبۇر بولدۇق، ئەتىسى ئەتىگەن شىمالغا قاراپ ماڭماستىن، توغرىسىغا قاراپ يۈرۈپ، تەدرىجىي ئېگىزلەيدىغان بارخانلىقتىن كېسىپ ئۆتتۇق. تەخمىنەن 6 مىل ماڭغاندىن كېيىن، ئالدىمدا راۋاق بۇددا مۇنارى قايتا نامايان بولدى. يىراق جايدا ئاشۇ ئاق رەڭلىك كېسەكلەر كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى.

## راۋاق ئەتراپىدىكى بارخانلارنىڭ يۆتكىلىشى

1901 ـ يىلى 4 ـ ئايدا بۇ خارابىلىكتىن قېزىپ چىققان بۇيۇملارنى ئالدىنقى قىسىمدىكى بىر دوكلاتىمدا تەپسىلىي تونۇشتۇرغانىدىم. ئادەمدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرىدىغان بۇ خارابىلىكنىڭ قەسىرىدىن ئادەمنى ناھايىتى قىزىقتۇرىدىغان نۇرغۇن ھەيكەللەرنى قېزىپ چىققانىدىم. بۇ خارابىلىكنىڭ

مۇھىتى توغرىسىدىكى تەپسىلاتلار ھېلىھەم كاللامدا ئېنىق ئىدى. ئالدىنقى قېتىملىق زىيارەتتىن كېيىن پەيدا بولغان ئۆزگىرىشلەرنى بىر قاراپلا بىلىۋالدىم. ئۇ چاغدا تۆت بۇرجەكلىك بۇددا مۇنارىنىڭ شەرقىي شىمال ۋە غەربىي جەنۇب تەرىپىنى ئېگىز بارخانلار كۆمۈپ تۇرىدىغان بولۇپ، ھازىر روشەن ھالدا شەرقىي جەنۇب تەرەپكە يۆتكەلگەنىدى. بارخانىنىڭ ئېگىزلىكى 20 فۇتتىن ئاشىدىغان بولۇپ، ئەسلىدە شەرقىي شىمالدىكى ھويلا تېمىنى بويلاپ جايلاشقانىدى. ھازىر كېڭىيىپ بۇددا ئىبادەتخانىسى ھويلىسىنىڭ جەنۇبىي بۇرجىكىدىن 37 فۇت ئىچىگە كىرىپ كېتىپتۇ. غەربىي جەنۇب تامدىكى بارخانمۇ ئوخشاشلا ئالدىغا سۈرۈلگەن بولۇپ، بۇ ھويلا تامىنىڭ پەقەت 10 فۇت كېلىدىغان بىر بۆلىكى قۇم ئۈستىدىن كۆرۈنۈپ تۇراتتى. شەرقىي جەنۇب تەرەپتە ئېچىلىپ قالغان بىر بۆلەك تام قۇرۇلۇشى 1901 ـ يىلىدىن بۇيان ئادەملەرنىڭ كولىشى تۈپەيلى ئېچىلىپ قالغان بولۇپ، ئۇ يەر ئارقىلىق تامنىڭ قۇرۇلما ھالىتىنى تولۇق كۆرگىلى بولاتتى. مەن تام ئۈستىدىكى كاكىل لايدا ياسالغان بىر قاتار لاي ھەيكەلنى كۆرگەنىدىم. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ناھايىتى چوڭ ئىدى، ئەمما ھازىر كېسەكلەرلا قالغانىدى. ئېيتىلىشىچە، مەن تۇنجى قېتىم بۇ يەرگە كېلىپ كەتكەندىن كېيىن، تامۇجرا ئەتراپىدىكى كۇمات (Kumat) دېگەن يەرگە بىر توپ جۇڭگولۇق گۆھەر ئىزدىگۈچىلەر بۇ خارابىلىككە كېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ گۆھەر ئىزدەش جەھەتتىكى تەلىيىنى سىناپ كۆرگەن. ئۇلار شەرقىي جەنۇبتىكى تامنى كولاپ ئۆرۈۋېتىپ، ئۇ يەردىن بىر ئىشىك ئاچقان ھەمدە ئۇلارنىڭ ئۈستىدىكى لاي ھەيكەللەرنىڭ ھەممىسىنى كولاپ كەتكەن. مەن ئالدىنقى قېتىم ئۇلارنى بايقىغاندىن كېيىن، ئۇلارنى ئالايىتەن كۆمۈپ قويغانىدىم. لېكىن، ھازىرقى ئەھۋال قىلغانلىرىمىنىڭ كارغا كەلمىگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى. شۇ چاغدا مەلۇم

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

بولغان قىممىتى بار خوتەن ھەيكەلتىراشلىق سەنئىتى بۇيۇملىرىدىن ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغىنى بەلكىم مەن شۇ چاغدا تارتقان سۈرەتلا بولۇشى مۇمكىن. كۆز ئالدىمدىكى بۇ ۋەيرانچىلىقنى كۆرۈپ، ئاشۇ كۆچمە بارخانلارنىڭ ئىبادەتخانا ھويلىسىنىڭ باشقا جايلىرىدىكى لاي ھەيكەللەرنى قۇمغا كۆمۈپ قوغداپ قالغانلىقىدىن خۇشال بولدۇم.

### بۇددا مۇنارىنىڭ تەكشى يۈزى

بارخانلارنىڭ بۇنداق يۆتكىلىشى بۇددا مۇنارىنىڭ ئۆزىنىمۇ ئۆزگەرتىۋەتكەنىدى. بەش يىل ئىلگىرى كىشىدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرىدىغان ئۈچ قەۋەت مۇنار ئۇلىنىڭ شەرقىي جەنۇب قىسمىدىن باشقا جايلىرى پۈتۈنلەي قۇمغا كۆمۈلۈپ كەتكەنىدى. ھازىر ئۇنىڭ ئۈستى قىسمى ۋە ئىككىنچى قەۋىتىنىڭ ئۇلىنىڭ كۆپ قىسمى ئېچىلىپ قالغانىدى (124 ـ رەسىمگە قاراڭ). شۇڭا، ئالدىنقى قېتىم سىزىلغان تەگلىكنىڭ تەكشىلىك خەرىتىسى ھەمدە ئالاھىدە ياسالغان تۆت پەلەمپەيلىك پەشتاق شەكلىدىكى چوقچىيىپ چىققان قىسمى بۇ قېتىم ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈپ ئىسپاتلاندى (125 ـ رەسىمگە قاراڭ). يېقىندىن بايقالغان مۇنار ئۇلىدا ئوغرىلىق قىلغاندا تېشىلگەن تېخىمۇ كۆپ تۆشۈكلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ بۇرۇن قىلىنغانلىقى ئېنىق ئىدى. بۇددا مۇنارى ھويلىسىدىكى بارخانلار ئېگىز بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنى ئومۇمىيۈزلۈك ئېنىقلاشتا يېتەرلىك ۋاقىت ۋە پۇل بولمىسا خۇددى ئالدىنقى قېتىمقىغا ئوخشاش ئەمەلىي بولماي قالاتتى. لېكىن، شەرقىي شىمالدىكى پەشتاقنىڭ جەنۇبىدىكى چوقچىيىپ چىققان بۇلۇڭنى بىر قېتىم قېزىپ، ئۈستىدىن ئاستىغىچە بولغان كەسمە يۈزنىڭ شەكلىنى كۆزىتەلىدىم. ئۇنىڭدىن باشقا، بارخان ھالىتىنىڭ ئۆزگىرىشى مېنى



124 ـ رەسىم  راۋاق بۇددا مۇنارى خارابىلىكىدىكى تۆت تەرەپلىك تامنىڭ غەربىي جەنۇب تېمى ئۇستىدىكى بارخاندىن نەزەر

ھەيكەللەرنى ئېنىقلاپ چىقىش ئۈمىدىمدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر قىلىغاندى. پەرىزىمچە، بۇددا مۇنارى ھويلىسىنىڭ غەربىي شىمال تېمى تەرەپتىكى بەزى ھەيكەللەر ساقلىنىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، 1901 ـ يىللاردا بۇ بىر بۆلەك تامنىڭ ئۈستى قۇمدىن ئازراق چىقىپ تۇراتتى، لېكىن ھازىر بىر چوڭ بارخان ئۇنى تامامەن كۆمۈۋەتكەنىدى.

بارخانلارنىڭ ئۆزگىرىشىنى بايان قىلىشقا بولىدىغان يەنە بىر مەنزىرە شۇكى، 1901 ـ يىلى 4 ـ ئايدا مەن چېدىر تىككەن ئاشۇ يەر شۇ چاغدا تۇپتۇز يالاپ كېتىلگەنىدى. لېكىن، ھازىر پۈتۈنلەي بارخان ئاستىدا قاپتۇ. قۇملارنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدىكى توغرا سېلىشتۇرۇش ھەمدە بەش يىلدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



125 ـ رەسىم  راۋاق بۇددا مۇنارىنىڭ تەگلىكىنىڭ سىلىنىش شەكلى

ئىلگىرىكى كۆزىتىش بىر خىل ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. ئۇ بۇرۇن ئوتتۇرىغا قويۇلغان مۇنداق بىر كۆزقاراشنى قوللايتتى، يەنى: راۋاقتىكى ئېگىز بارخانلار يورۇڭقاش دەرياسى تاشقاندىن كېيىن قېلىپ قالغان يۇمشاق دەريا چۆكمىلىرى بولۇپ، دەريا سۈيى ئۇنى قىرغاقتىن يالاپ چۇشۇرگەن، شۇنىڭ بىلەن بۇ يەردە نۆۋەتلىشىپ چىقىدىغان شەرق ۋە غەرب شامىلى ئۇنى قوملۇققا ئەكىرگەن.

راۋاق بۇددا مۇنارىنىڭ جەنۇبىدىكى ئىز

راۋاقتىكى چېدىردىن يولغا چىقىپ، غەربىي جەنۇب تەرەپكە ماڭدىم. مەن ياللىغان ئىككى «گۆھەر ئىزدەش» يول باشلىغۇچىلىرىنىڭ ئېيتقانلىرىغا ئاساسلانغاندا، ئۇ يەردە بىر تىم ۋە بىر تاشلاندۇق ئىمارەت بار ئىكەن. بىز زىچ بارخانلار ئارىسىدىن پىيادە 3 مىل ماڭدۇق. ئۇ يەردىكى بارخانلار تەخمىنەن 40 فۇت ئەتراپىدا كېلەتتى. ئوتتۇرىسىدا بەزى قومۇشلۇق ۋە سازلىقلار بار ئىدى. ئارىمىزدىكى بىرەيلەن بۇرۇنقى ئىزنىڭ ئورنىنى تونۇۋالدى. بەش يىل ئىلگىرى ئۇ بىر تاشلاندۇق توپا دۆۋىسىنى كۆرگەن بولۇپ، ئۇ ھازىر قۇم ئاستىدا قالغانىدى. يەنە ئىككى مىل ماڭغاندىن كېيىن بىرىنچى تىم ئالدىمىزدىلا كۆرۈندى. بۇ تامامەن تاشلىنىپ قالغان بۇددا مۇنارى بولۇپ، ئەتراپتىكى قۇمدىن 12 فۇت ئېگىز ئىدى. تەگلىكىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى تەخمىنەن 24 فۇت كېلەتتى. چوقىدىكى كېسەكنىڭ ئۆلچىمى 15 × 19 دىيۇم 48 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 3 دىيۇم بولۇپ، جەنۇب تەرىپىدە ئوچۇق ھالەتتە ئىچىگە يىمىرىلىپ تۇرغان جاي بار ئىدى. بۇنىڭ لاي تام ئىزناسى ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ تامامەن يىمىرىلىپ كەتكەن بولۇپ، يەر ئۈستىدە نۇرغۇنلىغان ساپال پارچىلىرى تۇراتتى. مەن يىغىۋالغان قاچا ـ قۇچا پارچىلىرىدىن ئىككىسىنىڭ يۈزىگە بىر قات قېنىق يېشىل رەڭلىك ساپال سىرى بېرىلگەن بولۇپ، بۇلار مۇشۇ بۆلۈمنىڭ ئاخىرىدا ئايرىم چۈشەندۈرۈلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، بىر تال جۇڭگوچە سىياھ ياكى سۇرمە تاشلىق كىچىك قەلەم ۋە بىرقانچە دانە جۇڭگو پۇلى تېپىۋالدىم، بۇ پۇللارنىڭ ئۈستىدە ئويما خەت يوق ئىدى. لېكىن، كېسىلگەندىكى يۇمىلاق ئىزناسى بىرقەدەر ئېنىق ئىدى. ئالان ئەپەندى بۇنى مىلادىيەدىن كېيىنكى 5 ـ ئەسىرگە مەنسۇپ دەپ قاراپ كەلگەنىدى. بۇ كىچىك تاتى ھەممە ئەتراپىدىكى ئىزلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

«ئوتۇنچى» (Otanchis) ياكى بوستانلىقتىن كەلگەن ئوتۇنچىلار تەرىپىدىن «كۆكقۇمئارش» (Kök-kum-ārish) دەپ ئاتىلاتتى.

قەدىمكى ئېرىق ئىزى

جەنۇب تەرەپتىن يەنە 100 يارد يىراقلىقتا بىر تار سۇغىرىش ئېرىقى بار بولۇپ، كەڭلىكى 2 ـ 3 فۇتلا كېلەتتى، يەر يۈزىدە پەقەت 30 يارد ئۇزۇنلۇقتا كۆرۈنەتتى. ئۇ غەربىي جەنۇبتىن شەرقىي شىمال تەرەپكە ئاقاتتى. جەنۇبقا يەنە 200 يارد مېڭىپ، بىر قەدىمىي كۆلنىڭ يېنىغا يېتىپ كەلدۇق. ئۇنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى تەخمىنەن 50 فۇت كېلەتتى، ئۇنىڭ توپا دامبىسى نەملىك تۆپىلىدىن ناھايىتى چىڭىپ كەتكەن بولۇپ، ھازىرمۇ شامالنىڭ يېمىرىشىگە ئۇچرىغان ئەتراپتىكى يەرلەردىن خېلى ئېگىز تۇراتتى، ھەتتا ئاشۇ دۆمبەل (dömbel) دەپ ئاتىلىدىغان بىگىزسىمان كىچىك دۆڭنىمۇ ئېنىق پەرقلەندۈرگىلى بولاتتى. بۇنداق نەرسە ھازىر كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئۆيىدىكى سۇ كۆلچەكلىرىنىڭ مەركىزىدە قىلچە ئۆزگەرتىلمەي ئىشلىتىلىۋاتاتتى. جەنۇب تەرەپكە تەخمىنەن 60 يارد مېڭىپ ئۆرۈلۈپ كەتكەن يەنە بىر كىچىك ئىمارەتنىڭ دۆۋىسىگە كەلدۇق، ئۇنىڭ دىيامېتىرى 25 فۇت بولۇپ، ئەتراپىتىكى يەر يۈزىدىن 8 فۇتچە ئېگىز ئىدى. گەرچە ئىمارەتنىڭ شەكلى ساقلىنىپ قالمىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ بۇددا مۇنارى ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلغىلى بولاتتى. ئۇنىڭ جەنۇبىدىن بىر ئەگرى ـ بۈگرى سۇغىرىش ئېرىقى كېسىپ ئۆتكەن بولۇپ، كەڭلىكى 8 ـ 9 فۇت كېلەتتى، ئۇزۇنلۇقى 30 يارد ئەتراپىدا ئىدى. ئېرىقنىڭ قىرى ئىنتايىن چىڭ بولۇپ، زەيلىشىپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. ئېرىقنىڭ تېگىدىن قەدىمكى زاماندىكى ياغاچ پارچىلىرىنى تاپتىم. ئۇلار قۇرۇپ يېرىلىپ كەتكەن بولۇپ، تېرەك ياكى يېتىشتۈرۈلگەن ئالما تېرىكىدەك قىلاتتى. يەنە بىر تارماق ئېرىق بۇ ئېرىقتىن بۆلۈنۈپ، غەربىي شىمال تەرەپكە سوزۇلغانىدى. يول

باشلىغۇچىم قاسىمنىڭ ئېيتىشىچە، جەنۇب تەرەپتىكى تېخىمۇ يىراق جايلاردا مۇشۇنىڭغا ئوخشايدىغان ئېرىقلار بولۇپ، ئۇلار ئېگىز بارخانلار ئارىسىدا كۆرۈنەر ـ كۆرۈنمەس ھالەتتە تۇرىدىكەن. روشەنكى، بۇ سۇ يورۇڭقاش دەرياسىدىن كەلگەن بولۇپ، ئۇ دەريا سۈيى بىلەن ئىزنىڭ غەربىي تەرىپى ھەمدە ئۇنىڭ بىلەن ھازىرقى تاشقىن بولغان دەريا قىنىنىڭ ئوڭ قىرغىقى ئوتتۇرىسىدا 7 مىل كەڭلىكتە ئارىلىق بار ئىدى.

## كۆكقۇمئارىشتىكى تاشلاندۇق ئىبادەتخانا

يول باشلىغۇچىمنىڭ ئېيتىشىچە: بىر ئويمانلىقتا «كونا ئۆي» بار ئىكەن، ئەتراپى يۇلغۇنلۇق بارخان ئىكەن. ئۇنىڭ شەرق تەرىپىدىكى سەل يىراق جايدا بىر تىك بارخانلىق بار ئىكەن. مەن بۇ شالاڭ ئىزنى ناھايىتى ئاسانلا پەرقلەندۈرۈۋالدىم. ئەمەلىيەتتە ئۇ بىر ئىبادەتخانا قۇرۇلۇشى بولۇپ، ياغاچ ۋە لاي بىلەن سېلىنغان. جەنۇب ۋە شىمال تەرەپتىكى تامنىڭ ئىچى تەرىپىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 27 فۇت 3 دىيۇم، شەرق، غەربتىكى ئىككى تامنىڭ ئۇزۇنلۇقى 24 فۇت 10 دىيۇم كېلەتتى. خۇددى دەندەن ئۆيلۈكنىڭ شەكلىگە ئوخشاش، ئىبادەتخانىنىڭ سىرتقى تۆت تەرىپىنى چۆرىدەپ 7.5 فۇت كەڭلىكتىكى سىرتقا ماڭىدىغان يول بار ئىدى. مەن ئىبادەتخانىنى بىللە كەلگەن كىشىلەرگە تېزلىكتە رەتلەتكۈزدۈم. بۇ ئىبادەتخانىنىڭ چىقىق تاملىرىنىڭ يەر يۈزىدىن ئېگىزلىكى 2 فۇت كەلمەيتتى، قېلىنلىقى تەخمىنەن 6 دىيۇم كېلەتتى. ئەسلىدىكى ياغاچ رامكىلار يەر ئاستىدىكى نەملىكتىن چىرىپ، پەقەت بەزى تۈۋرۈكنىڭ ئۇلىلا قالغان بولۇپ، كەڭلىكى تەخمىنەن 6 دىيۇم ئىدى.

بۇلۇڭدىكى كۆچمە قۇملار كاكىل لاي تامنىڭ يۈزىگە نىسبەتەن قوغداش رولىنى ئوينىغان. بۇنىڭ بىلەن بەزى زىننەتلەنگەن رەڭلەر ساقلىنىپ قالغان. ئۇلار ئاساسلىقى قىيىق گۈلگە ئوخشاش كاتەكچە نەقىشلەر بولۇپ، ئاستى قىزىل،

www.uyghurkitap.com

ئۈستى قارا رەڭدە سىزىلغاندى. بىرقانچە ئورۇندا بىر خىل چوڭ گۈللۈك نەقىشلەر تەكرار كۆرۈنەتتى. مەن بۇنداق نەقىشنى 1901 ـ يىلى نىيە خارابىلىكىدىن قېزىپ چىققان قەدىمىي ياغاچ ئويما نەقىشلىرىدە ئۇچراتقان بولۇپ، ئۇ خېلى تونۇشلۇق ئىدى. قالغان پارچە ـ پۇرات بېزەك نەقىشلەر رەڭ ۋە نەقىش جەھەتتە ماڭا نىيە خارابىلىكىدىكى ئۆي خارابىسىدىكى (N. III) ئايۋاندا كۆرگەن تام رەسىملىرىنى ئەسلەتتەتتى. بولۇپمۇ تاشقى تەرەپتىكى كارىدورنىڭ شەرقىي تېمىنىڭ ئىچكى ئۇلىدا بايقالغان رەڭلىك تام رەسىمىدە بۇ خىل ئوخشاشلىق بار ئىدى. ئېنىقلىقى، بۇ تام رەسىملىرى ئىبادەتخانىنىڭ ئۈستى قىسمىدىكى تامدىن گۇمۇرۇلۇپ چۈشكەن، ئاندىن كېيىن قۇمدا كۆمۈلۈپ قېلىپ، ساقلىنىپ قالغان. بۇنىڭدا تۆت يوپۇرماقلىق نىلۇپەر گۈلى سېغىز رەڭدە ئاقارتىلغان تام ئۈستىگە سىزىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا، قارا رەڭدە سىزىلغان بىر يۆگەك نەقىش بولۇپ، خۇددى بىر بىنىتقا ئوخشايتتى.

### ئىبادەتخانىنىڭ ياسالغان ۋاقتى

بۇ خىل زىننەتلەش شەكلىدىن قارىغاندا، مۇنداق بىر پەرەزنى قوللاشقا بولاتتى. يەنى، بۇ ئىبادەتخانا خۇددى راۋاق بۇددا مۇنارىغا ئوخشاش مىلادىيە 4 ـ ئەسىردىن 7 ـ ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا ياسالغان بولۇشى مۇمكىن. مەن ئەتراپتىكى تاتىدىن چىققان ياكى باشقىلار مۇشۇ يەردىن يىغىپ كېيىن ماڭا تاپشۇرۇپ بەرگەن پۇللار ئارىسىدا تاڭ دەۋرى ياكى تاڭ دەۋرىدىن كېيىنكى پۇللار تامامەن يوق ئىدى. بۇ بىر نۇقتىمۇ يۇقىرىقى پەرەزنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيتتى. يىل دەۋرى توغرىسىدىكى بۇ پەرەز خارابىلىكنىڭ ئەتراپىدىكى شامال تۇپەيلىدىن پەسىيىپ كەتكەن چوڭقۇرلۇق (10 ــ 12 فۇتقىچە) بىلەن بىردەك ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئىبادەتخانىنىڭ ئوت ئاپەتكە ئۇچرىغانلىقىنى كۆردۇق. بۇ تاشلىنىپ قېلىشتىن بۇرۇنقى ياكى كېيىنكى ئىش

بولسا كېرەك. بۇ نۇقتىنى ئىبادەتخانىنىڭ ئىچى ۋە ئەتراپىغا چېچىلغان كۆل، شۇنداقلا نەق مەيداندىكى قارىداپ كەتكەن تام يۈزىدىن كۆرۈۋالغىلى بولاتتى.

**تاشلىنىپ قالغان تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ دائىرىسى**

ئەمما، مۇشۇ بىر پاكىتقا ئاساسەن پۈتكۈل رايوننىڭ نېمە ئۈچۈن تاشلىنىپ قالغانلىقى توغرىسىدا يەكۈن چىقىرىش ئىشەنچلىك ئەمەس ئىدى. يەنە بىر جەھەتتىن، مەن بىر كۈنلۈك كۆزىتىش ئارقىلىق شۇنى ئېنىق كۆرۈپ يەتتىمكى، بۇرۇن ئۇدا تېرىلغان يەرلەر ھەتتا سۇيانىڭ ئەتراپىغىچە كېڭەيگەن. ھازىر بوستانلىقنىڭ شىمالىي گىرۋىكىدىن راۋاق بۇددا مۇنارىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى كەڭ رايوننىڭ جەنۇبتىن شىمالغىچە بولغان ئۇزۇنلۇقى 8 مىل كېلەتتى. ھازىر بۇ يەرلەرنى ئېگىز بارخانلار كۆمۈۋەتكەنىدى. ھازىرقى ماتېرىياللاردىن پەرەز قىلغاندا، بۇ يەرلەر خېلى بۇرۇنلا تېرىلمىغان بولۇپ، بۇ خىل قاراشمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە. بىرىنچىدىن، گەرچە يورۇڭقاش دەرياسى ئۇنىڭغا يېقىن قوشنا بولسىمۇ (يورۇڭقاش دەرياسى يەنىلا بۇ رايوننى زور مىقداردىكى يەر ئاستى سۇيى بىلەن تەمىنلەپ تۇراتتى)، لېكىن ئۇنىڭ قۇملىشىپ كېتىشىنى توسۇپ قالالمايتتى؛ ئىككىنچىدىن، مۇھىمى شۇكى، بىز بوستانلىققا ئىنتايىن يېقىن بىر رايوننىڭ قۇم يۇتۇپ كەتكەن دەندەن ئۆيلۈك (ئۇ شەرقىي شىمال تەرەپتىن 60 مىل يىراقلىقتىكى قۇملۇقنىڭ ئىچىدە) مەھەللىسىدىنمۇ بىرقانچە ئەسىر بۇرۇن تاشلىۋېتىلگەنلىكىنى كۆزىتىپ چىقتۇق. بۇنىڭدىن شۇنى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، ئومۇمىيۈزلۈك قۇرغاقچىلىقنىڭ جەريانى تېرىقچىلىق رايونى تەۋەلىكىدە يۈز بەرگەن بۇ ئۆزگىرىشلەرنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ كېتەلمەيتتى.

17 ـ سېنتەبىر ئېچىلىپ تۇرغان تام ئەتراپىدىكى

www.uyghurkitap.com

بارخانلارنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم تەكشۈرگەندىن كېيىن راۋاقتىن ئايرىلىپ، قىنېتوقماق (Kine-tokmak) خارابىلىكىگە قاراپ يولغا چىقتىم. پېشقەدەم يول باشلىغۇچىم تۇردىنىڭ (Turdi) ئاياللىنىڭ ئالدىنقى ئېرىدىن تۇغقان ئوغلى روزى (Rōze) بىلەن ئۇنىڭ «گۆھەر ئىزدىگۈچى» ھەمراھلىرى ئۇ يەردىن خوتەننىڭ كاكىلىدا ياسالغان كىچىك ھەيكەللىرىنىڭ پارچىلىرىنى ئەكەلگەندى. بۇ نەرسىلەر ئەسلىدە تامنى زىننەتلەيدىغان بۇيۇملار بولۇپ، بىرقەدەر قاتتىق ئىدى، لېكىن ئۇزاق مۇددەت يازدىكى ئىسسىق ۋە قۇملۇقتىكى ئىسسىق شامال تۇپەيلى بۆزۈلۈپ يېرىلىپ كەتكەنىدى. بۇ يەردىن جەنۇبنىڭ شەرق تەرىپىگە 3/4 مىل ماڭغاندىن كېيىن، يول باشلىغۇچىم ماڭا بىر تىم خارابىسىنى كۆرسەتتى. ئۇ بۇنى ماڭا بۇرۇنمۇ ئېيتقانىدى. ئۇ ئېغىر دەرىجىدە گۇمۇرۇلۇپ چۇشكەن بۇددا مۇنارى بولۇپ، 15 فۇت ئېگىزلىكتە ساقلىنىپ قالغان ھەم بىر چوڭ بارخان تەرىپىدىن تامامەن كۆمۈلۈپ كەتكەنىدى. بۇ يەردىن شەرقىي شىمالغا يېرىم مىل ماڭغاندىن كېيىن بىر ئېگىز بارخاندىن ئۆتۈپ، بەلباغ شەكىللىك بىر يەرگە كەلدۇق. بۇ يەردىكى كۆچمە قۇمنىڭ مەركىزى ئىنتايىن پاكار بولۇپ، ئۈستىدىن ساپال پارچىلىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان يەر يۈزىنى كۆرگىلى بولاتتى. ئېيتىلىشىچە، بۇ يەر شىمال تەرەپكە سوزۇلۇپ، «پومباقۇم» دېيىلىدىغان خارابىلىككە تۇتىشىدىكەن. ئۇ يەرنى مەن 1901 ـ يىلى 4 ـ ئايدا تەكشۈرگەنىدىم.

### قىنېتوقماق ئىزى

راۋاقتىن يولغا چىقىپ 4 مىلغا يېقىن ماڭغاندىن كېيىن، «كونا ئۆي» خارابىسىگە يېتىپ باردىم. روزى ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى بۇ يەردىن بەزى لاي ھەيكەللەرنىڭ پارچىلىرىنى ئېلىپ بارغانىدى. «كونا ئۆي» بىر كىچىك تۇزلەڭلىكنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۈستىدە ئېگىزلىكى 6 ــ 10 فۇتچە

كېلىدىغان بارخانلار بار ئىدى. خارابىلىكنىڭ ھالىتى ئاشۇ بىرقانچە يادىكارلىقلارغا ئاساسلىنىپ پەرەز قىلغىنىم بىلەن ئىنتايىن ئوخشاپ كېتەتتى. ئۇ يەردە بەزى قەدىمىي كېسەك تاملارنىڭ ئىزناسى بولۇپ، تىك تۆت بۇلۇڭلۇق ئىمارەت بۇلۇڭىنى شەكىللەندۈرگەن. شەرقىي جەنۇب تەرەپتىكى تام ئىزناسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 34 فۇت، غەربىي جەنۇب تەرەپتىكى تامنىڭ ئۇزۇنلۇقى 40 فۇت ئەتراپىدا كېلەتتى. ئەگەر غەربىي شىمال تەرىپىدىكى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان تاممۇ مۇشۇ تىك تۆت بۇلۇڭلۇق ئىمارەتنىڭ بىر بۆلىكى بولغان بولسا، ئۇنداقتا بۇ ئىمارەتنىڭ شەرقىي شىمال ۋە غەربىي جەنۇب تېمىنىڭ ئەسلىي ئۇزۇنلۇقى 62 × 82 فۇت كېلەتتى. لېكىن، بۇ يەر ناھايىتى يىمىرىلىپ كەتكەچكە ئىشەنچلىك ئۆلچەشكە مۇمكىن بولمىدى. ھازىرقى تام ئەسلىدىكى يەر يۈزىدىن 2 فۇت ئېگىز ئىدى. ئەتراپتىن تېپىلغان بەزى زىننەت ھەيكەللىرىنىڭ پارچىلىرى، شۇنداقلا شەرقىي جەنۇب تامنىڭ سىرتىدا ساقلىنىپ قالغان كەڭلىكى 3 فۇت كېلىدىغان سىرتقى يول ياكى ئايلانما كارىدوردىن قارىغاندا، بۇ تاملار بىر ئىبادەتخانا قەسرىنى چۆرگىلىتىپ سېلىنغان بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، بۇرۇن بۇ ئىبادەتخانىنىڭ ئىچكى قىسمى دەپ قارالغان جاي قۇرۇق ئازگال بولۇپ قالغان، ھازىر قېلىپ قالغان تامنىڭ ئەڭ تېگىدىكى كېسەك قاتلىمىدىن 6 فۇتتىن كۆپرەك پەس ئىدى (126 ـ رەسىمگە قاراڭ). ئاشۇ دەھشەتلىك كەلكۈن يالاپ كەتكەندەك تام تۈۋىدىكى توپىلاردىن شامال تەسىرىنىڭ نەقەدەر كۈچلۈكلۈكىنى ھەمدە ۋەيران قىلىش خاراكتېرىدىكى بۇزغۇنچىلىق رولىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولاتتى.

### يۇلما لاي ھەيكەل بېزەكلىرى

گەرچە خارابىلىكتىكى ھەرقايسى ئىمارەتلەردە چوڭ

www.uyghurkitap.com



126 ـ رەسىم  قىنىتوقماق ئىبادەتخانىسىدىكى بوراننىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان خارابىلىكلەر

ئاپەتلەرنىڭ ئىزنالىرى ساقلىنىپ قالغان بولسىمۇ، ئەسلىدىكى زىننەت ھالىتىنىڭ ئىزنالىرى پۈتۈنلەي يوقاپ كەتمىگەندى. ئىبادەتخانا جايلاشقان، يالاپ كېتىلگەن يەر يۈزىدىن تېپىلغان بەزى كىچىك ئاق رەڭلىك قاتتىق ھەيكەل پارچىلىرى ئەسلىدە تامغا چاپلاقلىق بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇسلۇبى راۋاق ئىبادەتخانىسى قەسرىدە بايقالغان ھەيكەل پارچىلىرىغا ناھايىتى ئوخشايتتى.

بارلىق ئىبادەتخانىلاردا بايقالغان كىچىك يادىكارلىقلارنىڭ ئالاھىدىلىكى ئاقسىپىل ئەتراپىدىكى كىغىللىق (Kighillik) خارابىسىدە بايقالغان نۇرغۇن يادىكارلىقنى ئەسلىتەتتى، بەلكىم قىنىتوقماق خارابىلىكىدىكى يادىكارلىق پارچىلىرى (پىششىق ھاكتەك ئاق بولۇپ، يۇلما لايدا ياسالغان)نىڭ قاتتىقلىقى دەل

ئىبادەتخانا تاشلىنىپ قالغاندىكى تاسادىپىي ئوت ئاپىتى تۈپەيلىدىن بولغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ كىچىك يادىكارلىقلارنىڭ ئۈۋاقلىرىنىڭ ئارىسىدىن ئاق رەڭدىكى ياغاچ ئويما پارچىلىرىمۇ بايقالدى. بۇنىڭ ئىچىدىكى بىرىدە بۇددا دىنىغا ئائىت ئىمارەتنىڭ ۋادەك نۇسخىسى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

### قىنېتوقماقنىڭ شىمالىدىكى ئولتۇراق ئۆي ئىزى

بۇ يەردىن داۋاملىق شىمالغا مېڭىپ، پاكار بارخانلاردىن كېسىپ ئۆتۈپ، تەخمىنەن 1 مىلدەك يول ماڭغاندا، سۇيالىق «گۆھەر ئىزدىگۈچى» ئەخمەت ماڭا كۆرسىتىپ بەرگەن يەنە بىر «كونا ئۆي» خارابىسىگە يېتىپ كەلدىم. ئۇلار ئوتتۇرا تىپتىكى ئولتۇراق ئۆيلەر بولۇپ، ياغاچ ياكى توقۇلما تام بىلەن سېلىنغان، دەسلەپتە تەبىئەتنىڭ بۇزغۇنچىلىقى تۈپەيلىدىن ۋەيران بولغان، كېيىن بارخانلارنىڭ يۆتكىلىشى تۈپەيلى بىرقانچە ئەسىر ئوچۇق تۇرغان، ئاخىرىدا ئاشۇ گۆھەر ئىزدىگۈچىلەرنىڭ داۋاملىق كولىشى تۈپەيلىدىن بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان. بۇلارنىڭ ئىككى ئېغىزى ئەڭ ئاز بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان بولۇپ، تەخمىنەن 15 فۇت ئۇزۇنلۇقتىكى، 13 فۇت كەڭلىكتىكى جايىنى پەرقلەندۈرگىلى بولاتتى. تامدىكى لايىنىڭ ئارىلىقىدا تەكشى قويۇلغان قومۇش باغلاملىرى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر ئېغىز ئۆينىڭ لاي بىلەن سۇۋالغان تېگىدە بىر قاتار يۇمىلاق ئورنىنىڭ ئىزناسى كۆرۈنەتتى. ئۇلارنىڭ كەڭلىكى تەخمىنەن 2 فۇت 6 دىيۇم، چوڭقۇرلۇقى 6 دىيۇم كېلەتتى. ئۇ يەر چوڭ تىپتىكى ئىدىش قاتارلىق سەرەمجانلار قويۇلغان ئورۇن ئىدى. بۇ بىرقانچە ئىزنى تەكشۈرگىنىمىزدە، پەقەت بەزى قاچا ـ قۇچىلارنىڭ پارچىلىرىلا تېپىلدى، باشقا ھېچقانداق نەرسە بايقالمىدى. ئېيتىلىشىچە، تېخىمۇ شىمالدىكى بارخانلار ئارىسىدا مۇشۇنداق تىپتىكى بەزى ساپال قاچىلارنىڭ پارچىلىرى بار ئىكەن، بۇ بارخانلارنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئېگىزلىكى 25 فۇت كېلىدىكەن.

### قەدىمىي دەريا قىنىدىكى تاتى ئىزى

بۇ يەردىن شەرقىي جەنۇبقا بۇرۇلۇپ بىر يەرگە يېتىپ كەلدۇق. بۇ يەردىكى بارخانلار ناھايىتى تېزلىكتە پەسىيىپ بارىدىغان بولۇپ، ھەممە يەر يالاپ كېتىلگەنىدى. بۇ يەردە قەدىمكى زاماندىكى نۇرغۇن خارابىلىكلەر كۆرۈنەتتى، بۇ بىزگە تونۇشلۇق بولغان تاتى ئىزىغا يېقىنلاشقانلىقىمىزدىن دېرەك بېرەتتى. يالاپ كېتىلگەن يەردە نۇرغۇن ساپال قاچا پارچىلىرى بار ئىدى. نېپىز كۆچمە قۇم ئارىسىدا ئادەمنى قىزىقتۇرىدىغان ئىزلار ساقلىنىپ قالغانىدى، پاكار مېۋىلىك دەرەخ ۋە تېرەكلەرنىڭ قاقشال بولۇپ كەتكەن شاخلىرى دېھقانلارنىڭ تۇرالغۇ ئۆيلىرىنى قورشاپ تۇراتتى. لېكىن، بۇ ئۆيلەر ھازىر يوقالغانىدى: يەنە بىر يەردە بىر قاتار جىگدە بولۇپ، بۇ يەرنىڭ بۇرۇن بىر باغ ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. بۇ يەردىن تېپىلغان ئۇششاق بۇيۇملار ئىچىدە نەپىس ياسالغان بىر ئەينەك پارچىسى بولۇپ، ئۇ بىر قاچىنىڭ گىرۋىكى ئىدى. ئۇنىڭ رەڭگى سېرىق يېشىل بولۇپ، سىرتىدا رەڭلىك گۈل نەقشى بار ئىدى. ئېيتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى، قىنىپتوقماقتىن بىر كۈندە تېپىلغان بۇيۇملار ئىچىدە پەقەت ئىككى دانە پۇل — خەت ئويۇلمىغان جۇڭگو پۇلى بولۇپ، ئۇ مىلادىيە 5 ـ ئەسىرگە تەۋە ئىدى.

قىنىپتوقماق خارابىسىنىڭ ئەڭ شىمالىدىن 3 مىلغا يېقىن ئارىلىقتا قەدىمكى ئىزنالار ئۈزلۈكسىز بايقىلىۋاتقان بولۇپ، ئۇ يۇقىرىدا ئېيتىلغان شەرقىي شىمالدىكى قەدىمىي دەريا قىنىغىچە سوزۇلغانىدى. بۇ ئەتراپتا ناھايىتى قويۇق ئۆسكەن قۇملۇق يېپىنچا ئۆسۈملۈكلىرى ھەمدە نۇرغۇن توغراقلار بار ئىدى. ئۇلار بۇ يەردە ناھايىتى مول يەر ئاستى سۈيى بارلىقىدىن

دېرەك بېرەتتى. كەچ بولغاندا بىز «تارقۇدۇق» دەيدىغان بىر تۇزلۇق بۇلاقنىڭ يېنىدا ئارام ئالدۇق.

## 4 ـ بۆلۈم ئاقتېرەك خارابىسى

**هاڭگۇيا تاتىغا بېرىش**

18 ـ سېنتەبىر ئەتىگەندە مەن چېدىردىن چىقىپ، جەنۇب تەرەپتىكى ئاقتېرەك خارابىسىگە قاراپ يول ئالدىم. روزى بىلەن ئۇنىڭ «گۆھەر ئىزدىگۈچى» بۇرادەرلىرى ئاشۇ خارابىلىكتىن ماڭا بەزى قىزىقارلىق ساپال ھەيكەل بۇيۇملارنى ئەكەلگەنىدى. شۇبھىسىزكى، بۇ نەرسىلەر بەزى بۇددا ئىبادەتخانىلىرىنىڭ تېمىدىكى زىننەت بۇيۇملىرىدىن ئەكىلىنگەنىدى. ئاۋۋال قەدىمي دەريا قىنىنىڭ گىرۋىكىنى بويلاپ 3 مىل ماڭدىم، ئاندىن يەنە 8 ـ 9 مىل مېڭىپ، بىر كىچىك قاقاس بارخانلاردىن ئۆتۈپ، بىر تاشلاندۇق دۆڭنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلدىم. مەن بىر قاراپلا ئۇنى تونۇۋالدىم. بۇ دەل ئارقاقۇدۇق تىم (Arka-kuduk tim) بۇددا مۇنارى ئىدى. 1901 ـ يىلى مەن هاڭگۇيا تەرەپتىن كېلىپ، ئۇنى زىيارەت قىلغانىدىم. گەرچە بىز قۇملۇق ئارىسىدىكى سېرىق تۇپراقلىقتىن ئۆتۈپ كەتكەن بولساقمۇ، لېكىن قەدىمكى خارابىلىكنىڭ تامامەن ئۆرۈلۈپ كەتكەن بىر كىچىك كېسەك دۆۋىسىگە ئايلىنىپ قالغانلىقىغا دىققەت قىلدىم. ئۇنىڭ ئېگىزلىكى 5 فۇت كېلەتتى، ئۇ بىزنىڭ تار قۇدۇقتىكى چېدىرىمىزدىن تەخمىنەن 6 مىل يىراقلىقتا بولۇپ، بىر چوڭ تاتىنىڭ ئارىلىقىغا جايلاشقانىدى. تاتىنىڭ دائىرىسى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، بىز ئارقاقۇدۇق تىمغا يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن مۇشۇ تاتى ئارىلىقىدىن كېسىپ ئۆتكەنىدۇق. تاتى كەڭ كۆلەمدىكى يادىكارلىقلار پارچىسى چېچىلىپ ياتقان يەر ئىدى. ئادەتتە ئۇ «هاڭگۇيا تاتى» (Hanguya Tati) دەپ ئاتىلاتتى. ئاشۇ

ئىشەنچلىك پىشقەدەم كارۋان تۇردىدىن بۇ تاتىنىڭ تاكى ئاقسىپىلغىچە تۇتىشىدىغانلىقىنى ئۇقۇپ، 1908 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئۇ يەرنى تەكشۇردۇم. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ شەرق تەرەپكە خېلى كۆپ كېڭەيگەنلىكىنى كۆرۈپ يەتتىم.

مەن تەكشۇرمەكچى بولغان خارابىلىكنىڭ بىر تار بارخانلار بەلبېغىنىڭ ئۇستىگە جايلاشقانلىقىنى ئىگىلەپ چىقتىم، بۇ بارخانلار بەلبېغى ھاڭگۇيا تاتىدىن جەنۇبقا قاراپ سوزۇلغان بولۇپ، ھاڭگۇيا بىلەن يورۇڭقاش دەريا رايونىدىكى تېرىلغۇ رايونىنى ئايرىپ تۇراتتى. 1901 ـ يىلى 4 ـ ئايدا مەن كىشىلەرنىڭ بۇ بارخانلار بەلبېغىنى «ئارقالىق» (Arkalik) دەپ ئاتايدىغانلىقىنى ئاڭلىدىم. مەن غەربىي جەنۇب تەرەپكە قاراپ قاقاس بارخانلىقتا تەخمىنەن 5 مىلچە مېڭىپ، يەرلىكتىكى مەخسۇس يول باشلىغۇچىلار بولمىغان ئەھۋالدا بۇ خارابىلىكنى تېپىشنىڭ نەقەدەر قىيىنلىقىنى تونۇپ يەتتىم. بىر پارچە قاقاس يەردىكى قۇم ئومۇرتقىسى ئارىلىقىدا پارچە ـ پۇرات ئۇششاق ساپال پارچىلىرى چېچىلىپ تۇراتتى. سول تەرىپىمىزدە، چەتتىكى كىچىك مەھەللە ھاڭگۇيانىڭ دەل ـ دەرەخلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ چاغدا بىز يادىكارلىقلار پارچىسى چېچىلىپ ياتقان بىر چوڭ يەرگە ئەمدىلا يېتىپ كەلگەنىدۇق. بىز بارماقچى بولغان خارابىلىك غەربىي جەنۇب تەرەپتىن 1/4 مىل يىراقلىقتىكى جايدا ئىدى.

### ئاقتېرەك خارابىسىگە يېتىپ بېرىش

ئىبادەتخانا خارابىسى (روزى ئۇنى بۇتخانا دەپ ئاتايتتى) ھەمدە روزى ئەكەلگەن ئاشۇ زىننەتلەشكە ئىشلىتىلگەن لاي ھەيكەل پارچىلىرى مېنى ناھايىتى تەقەززا قىلغانىدى، ئەمەلىيەتتە ئۇ يەردە ھېچقانداق ئىمارەت خارابىسى كۆرۈنمەيتتى. ئەمما، بىر كىچىك بارخاننىڭ يېنىدىن (ئۇ كىچىك بارخاننى تېپىش ئاسان ئىدى، مېنىڭ يول باشلىغۇچىلىرىم

ئۇچىغا رەخت پارچىسى چىگىلگەن تاياقنى بەلگە قىلىپ قاداپ قويغانىدى) يەنىلا نۇرغۇن لاي ھەيكەلنىڭ پارچىسىنى بايقىدۇق. ئۇنىڭدىن باشقا، نىلۇپەر يوپۇرمىقىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇلغان بەزى كىچىك لاي ھەيكەللەر، گۈلچەمبىرەكنىڭ بىر قىسمى، يۇمىلاق بۇلۇت، ئوتنىڭ شەكلى، شۇنداقلا بەزى لاي ھەيكەللەرنىڭ پارچىلىرى بار ئىدى (بۇ پارچىلارنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇسلۇبى مەن 1901 - يىلى راۋاق خارابىسىدە بايقىغان چوڭ تىپتىكى چەمبىرەكلىك رەسىمنىڭ ئەتراپىغا چاپلىغان، يۇلما لايدا ياسالغان ھەيكەل بىزەكلەر ئىدى). مەن راۋاق خارابىسىدىكى ئاشۇ ئاسان سۇنىدىغان يۇلما لايلىق ھەيكەل بۇيۇملارنىڭ ئورنىدا پىشۇرۇلغان ئوخشاش تىپتىكى ھەيكەلنىڭ سۇنۇق پارچىلىرىنىڭ بارلىقىنى كۆردۈم. بۇ ئەسلىدىلا ئادەمنى ھەيران قالدۇراتتى. لېكىن، مۇنداقلا قارىماققا ئادەمنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرىدىغىنى، ئوخشاش بىر تاتى خارابىلىكىدە قاچا - قۇچا پارچىلىرى بار ئىدى، ئەمما بۇ قۇملۇقتا ئىبادەتخانا، ھويلا تىپىغا ئوخشايدىغان بىرەر ئىمارەتنىڭ خارابىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. بىرمەھەل قەدىمىي ئىبادەتخانىلارنىڭ تاملىرىنى بېزەش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن لاي ھەيكەل پارچىلىرى قەدەمدە بىر ئۇچراپ تۇرىدىغان ساپال پارچىلىرىغا ئوخشاش، ئاشۇ قۇيقۇرۇق، ئەمما يۇمشاق ھەم يالاپ كېتىلگەن سىرىق تۇپراق ئۈستىدە چېچىلىپ ياتاتتى.

### ئىمارەت ئىزىنى ئىزدەش

يەر ئۈستىدە ھېچقانداق ئالامەت بولمىغانلىقتىن، خۇددى مەن دەندەن ئۆيلۈك، شۇنداقلا بۇرۇن تەكشۈرگەن خارابىلىكلەردە ئېلىپ بارغان پائالىيەتلەرگە ئوخشاش، بۇ يەردىمۇ سىستېمىلىق ھالدا بىر قېتىملىق سىناق تەرىقىسىدىكى قېزىش ئېلىپ بېرىپ، ماددىي خاراكتېرلىك خارابىلەرنى يەنىمۇ ئىزدىشىمگە توغرا كەلدى. كەينىمدە «گۆھەر ئىزدىگۈچى»دىن 12سى بار

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئىدى. ئۇلار بۇ پىز - پىز ئىسسىقتا ناھايىتى تەستە مېڭىۋاتاتتى. ئۇلارغا تايىنىپ بۇ خىزمەتنى تاماملاش مۇمكىن ئەمەس ئىدى، ۋاقىتنى ئىسراپ قىلماسلىق ئۈچۈن، ئۇلارنى بارخاننىڭ شىمالىي باغرىدىن باشلاپ كولاشقا ئورۇنلاشتۇردۇم. ئۇ يەردە ناھايىتى توپىدىن ياسالغان نۇرغۇن بۇيۇملارنىڭ پىشۇرۇلغان پارچىلىرى بار بولۇپ، ماڭا يەنە بىر قېتىم پۇرسەت كەلگەنىدى. يۇمشاق قۇملۇقنى 2 فۇت كولىغاندىن كېيىن، ئىنتايىن قېلىن قىزىل سېغىز تام كۆرۈندى. تامنىڭ يان تەرىپىدە بىر قات ھاكلىق يەر يۈزى كۆرۈندى، ئۈستىدە 2 فۇت كېلىدىغان يادىكارلىقلار پارچىسى قاتلىمى بولۇپ، لاي ھەيكەللەرنىڭ ئوخشاپ كېتىدىغان تېخىمۇ كۆپ پارچىلىرى كەينى - كەينىدىن بايقالدى. بۇ خىل ئەھۋال توپا چىققۇچە داۋاملاشتى، كەچ چۈشۈشنىڭ ئالدىدا بىز تامنى تېپىپ، ئۇنىڭ بىر ئىبادەتخانا تېمى ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈردۇق.

### يۇلما لاي پارچىلىرىنىڭ قاتتىقلىقى

تام ئىنتايىن پاكار بولۇپ، تاقىرلا ئىدى. تامنىڭ تاشقى تەرەپتىكى يۈزى پۈتۈنلەي چۈشۈپ كەتكەنىدى. ئەگەر بىرقەدەر چوڭ تېپتىكى ھەيكەل ياكى تام رەسىملىرى (خۇددى راۋاق ياكى دەندەن ئۆيلۈك خارابىلىكىدىكى تامدا ناھايىتى ياخشى ساقلىنىپ قالغانلىرىغا ئوخشاش)دىن ئۈمىد بولمىسا، يەنە باشقا تولۇقلاش چارىلىرى بار ئىدى، يەنى نۇرغۇن زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ ئىنچىكە قىسىملىرى بىرقەدەر قاتتىق بولۇپ، ناھايىتى ئاسان ساقلىنىپ قالاتتى. راۋاقتىكى ئوخشاش لاي ھەيكەل زىننەت بۇيۇملىرى پىشۇرۇلمىغان سېغىز لايدىن ياسالغان بولۇپ، ئىنتايىن چۈرۈك ئىدى، نۇرغۇن نەرسىلەرنى سەل مىدىرلاتسىلا سۇنۇپ كېتەتتى.

### ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن چاپلىما ھەيكەل

دەسلەپ ناھايىتى كىچىك مۆلچەرلەنگەن خارابىلىكتە شۇ بىر كۇنلۇك قېزىش ئىشلىرىدىن رازى بولغۇدەك نەتىجە چىققانىدى. ھەر قېتىم مېنىڭ ئاشۇ قازغۇچىلىرىم بەزى چاپلىما لاي ھەيكەللەرنىڭ پارچىلىرىدا ئاز مىقداردا ياپراق ئالتۇن ۋە باشقا قوشۇمچە بۇيۇملارنىڭ بارلىقىنى بىلىۋالاتتى. بۇ چوڭ تېپتىكى تام زىننەت بۇيۇملىرىغا ئالتۇن يالىتىلغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرەتتى. دەسلەپتە كۆز ئالدىمىدىكى مۇشۇ بايقالغان بۇيۇملار مېنىڭ دەسلەپكى پەرىزىمنى، يەنى مېنىڭ يوتقان خارابىلىكىدىكى مەدەنىيەت قاتلىمىدا تېپىلغان ئالتۇن ياپراقلار توغرىسىدىكى چۈشەندۈرۈشۈمنى يەنىمۇ كۈچەيتتى. مەن ئاشۇ ياپراق ئالتۇنلارنىڭ جۇڭگونىڭ دەسلەپكى مەزگىللىدىكى خاتىرىلىرىدە خاتىرىلەنگەن ئۇدۇنلۇقلارنىڭ بۇددا دىنى ئۇسلۇبىدىكى مۇقەددەس ئىمارەتلەرنىڭ ئۇستىگە ئالتۇن يالىتىلغانلىقىنىڭ ئىزنالىرى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتىم. لېكىن، يوتقان خارابىلىكىدىكى ئىمارەتتىن ئالتۇن ھەل بېرىلگەن بۇيۇملار چىقمىغانىدى. روشەنكى، يوتقان خارابىلىكىدىكى زىننەت ماتېرىياللىرى ئورنىدا ئىشلىتىلگەن ياغاچ ۋە كاكىل لايلار يەر سۇغىرىش تۇپەيلىدىن، تۇپراقنىڭ نەملىكى ئېشىپ كېتىپ پۈتۈنلەي چىرىپ كەتكەنىدى.

### تاشلاندۇق يەرلەردىكى تېرىلغۇ يەرلەرنى قايتا تېرىش

مەن چىيدىرىمنى بىر مەھەللىنىڭ يېنىغا تىككەنىدىم. ئۇ ئاقكۆل (Ak-kul) كەنتىنىڭ يېنىدىكى تېرىلغۇ يەرنىڭ گىرۋىكىدە ئىدى. مەن ئەتىگەن سەھەردە شۇ يەردىن يولغا چىقىپ، ئىزچىل شەرققە قاراپ ماڭدىم. يول بويىدىكى بارخانلار ھەم ئېگىز، ھەم قاقاس ئىدى، ھەتتا 2 مىلدىن كۆپرەك ماڭغاندىن كېيىن، ئالدىمدىكى بىر ئېتىزلىقنى كۆرۈپ ناھايىتى ھەيران قالغانىدىم. ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىخەتەر ئادرېسى

خارابىلىككە قايتىش يولىدا، ئەسلىدىكى كۆچمە بارخانلار بىسىپ كەتكەن يەرلەرنىڭ ھازىر تېرىلىشقا باشلىغانلىقىنى، بارخانلارنىڭ تەدرىجىي ھالدا ئارقىغا سۈرۈلگەنلىكىنى كۆزەتتىم. ئاقكۆلنىڭ يەرلىرى 15 يىلنىڭ ئالدىدا سۇغىرىلىپ تېرىلىشقا باشلىغانىدى. ھازىر بۇ يەردە ناھايىتى ياخشى ئىلگىرىلەشلەر بارلىققا كەلگەنىدى. ھاڭگۇيا ۋە يورۇڭقاش دەرياسى رايونىنى ئايرىپ تۇرىدىغان قۇملىشىپ كەتكەن تاشلاندۇق يەرلەر ھازىر تەدرىجىي تېرىلماقتا ئىدى. يېقىندىن قېزىلغان ئېرىقلاردىن باشلانغان سۇ ئاشۇ مۇنبەت سېرىق تۇپراقنى سۇغىرىپ كەلمەكتە ئىدى. كىشىلەر ئېتىزنىڭ قىرلىرىغا تېرەك، سۆگەت ۋە جىگدە قاتارلىقلارنى تىككەنىدى. ھەر يىللىق قۇم يەرنى تىزگىنلەش يېڭى پىلانىغا ئاساسەن، سۇغىرىش كۆلەملىرى بارغانسېرى كېڭەيمەكتە ئىدى. ئاقكۆل ئۆستىڭىدىن تېشىپ چىققان سۇ بىلەن سۇغىرىلىۋاتقان پىچانلىق ۋە چاتقاللىق بەلباغلىرى بۇرۇن تاشلىنىپ قالغان رايونلارغا شەرق تەرەپتىن تېز سۈرئەتتە يېقىنلاشماقتا ئىدى. ئۇ يەردە نۇرغۇنلىغان ساپال پارچىلىرى بار ئىدى. ئۇنداقتا ئۇ يىللاردا نويۇسنىڭ كۆپىيىشى ۋە يەرگە بولغان ئېھتىياجنىڭ تەدرىجىي ئېشىشى قاتارلىق بىسىملار تۈپەيلىدىن، كىشىلەر تاشلىنىپ كەتكەن ھاڭگۇيا تاتنىڭ زور بىر قىسمىنى قايتىدىن بوستانلىققا ئۆزگەرتتىمۇ؟ ياكى تەدرىجىي ئىلگىرى سۈرۈلۈۋاتقان قۇرغاقچىلىق ئاخىرلاشقان دەۋر يېتىپ كەلدىمۇ؟

### بۇددا ئىبادەتخانىسىدىكى ئىمارەت ئىزلىرى

ئىنسانلار ھەرىكىتىنىڭ بۇنداق ئىلگىرى سۈرۈش رولى ماڭا قولايلىقلارنى ئېلىپ كەلدى. بۇ قەدىمىي ئىمارەتنى قېزىپ چىقىش ئۈچۈن بىر كىچىسى بىر توپ ئادەمنى ناھايىتى ئاسانلا يىغىپ كەلدىم. 60 نەچچە ئادەمنىڭ ئىشلىشى بىلەن ئانچە ئۇزاق ئۆتمەيلا (19 ـ سېنتەبىر) بىر ئىبادەتخانىنىڭ شىمالىي تېمىنىڭ بىر قىسمى كولاپ ئېچىلدى. ئۇنىڭ سىرتىدىن

ئۆلچىگەندە، ئۇزۇنلۇقى 53 فۇت بولۇپ، 5.5 فۇت كەڭلىكتىكى كارىدورمۇ بار ئىدى. 127 ـ رەسىمدىن شۇنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، بۇ كارىدور خۇددى دەندەن ئۆيلۈكتىكى ئىبادەتخانا ئىزىغا ئوخشاش، پۈتكۈل ئىبادەتخانىنىڭ تۆت تەرىپىنى چۆرىدەپ ياسالغان بولۇشى مۇمكىن. كارىدورنىڭ سىرتقى تېمى قاڭدالغان توپا بىلەن سېلىنغان بولۇپ، قېلىنلىقى 3 فۇت كېلەتتى، كارىدور بىلەن ئىبادەتخانىنىڭ ئىچكى قىسمى ئوتتۇرىسىدىكى تام 2 فۇت كېلەتتى. ئىبادەتخانا بىلەن كارىدورنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى غەربىي تام غەربىي شىمال بۇرجەكتىن باشلاپ تەخمىنەن 42 فۇت داۋاملاشقاندىن كېيىن ئاخىرلاشقان بولۇپ، ئۇ يەردە مەلۇم ئىمارەتنىڭ يۈزىدىكى لاي توپا بىلەن ئۇچراشقان، بۇ يەر كارىدورنىڭ يەر يۈزىدىن 2 فۇت ئېگىز ئىدى. بەلكىم ئۇ كېيىنكى مەزگىلدىكى ئىمارەت ئىزلىرى بولۇشى مۇمكىن. 20 ـ سېنتەبىر مەن شەرق تەرەپتىكى كارىدورنىڭ 24 فۇت ئۇزۇنلۇقتىكى بىر بۆلەك دائىرىسىنى رەتلەپ چىقتىم. بۇ يەرگە كەلگەندە بىزنىڭ قېزىش ئىشلىرىمىز توختاپ قالدى. چۈنكى، ئەتراپتىكى بارخانلاردىن قۇملار ئۇزلۇكسىز سىيرىلىپ چۈشۈپ، پۈتكۈل ئىبادەتخانىنىڭ كۆپ قىسمىغا كېڭەيمەكتە ئىدى. بۇ بارخانلارنىڭ ئېگىزلىكى ھەقىقەتەنمۇ ئادەمنى قورقۇتقۇدەك ئىدى. ئۇ پۈتكۈل قېزىش خىزمىتىنى ھەم جاپالىق قىلىۋەتكەن، ھەم ئۇزارتىۋەتكەنىدى. مەن بۇنداق ھەم ۋاقىت، ھەم پۇل ئىسراپ قىلىدىغان ئىشتىن ۋاز كېچىشنى ئاقىلانىلىك دەپ قارىدىم. بۇ قۇملۇقنى پۈتۈنلەي يۆتكەپ كېتىش ئۈچۈن شۇنىڭغا لايىق چىقىم قىلىشقا توغرا كېلەتتى. ئەمما، ئىبادەتخانىنىڭ غەربىي شىمال ۋە شەرقىي شىمال بۆلۈكلىرىنى رەتلەش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئۇ يەردىكى ساپال پارچىلىرىنىڭ سانى نىسبەتەن ئاز بولۇپ، ياسىلىش شەكلى، ئۇسلۇبى جەھەتتىمۇ كارىدوردىن كولاپ چىقىلغان نۇرغۇن ساپال ھەيكەللەردىن ھېچقانداق پەرقى يوق ئىدى.

بىزنىڭ ئېنىقلاش ئىشلىرىمىز ئاۋۋال شىمالىي كارىدور

www.uyghurkitap.com

(A.T.i) نىڭ مەركىزىي قىسمىدىن باشلانغان بولۇپ، كېيىن تەدرىجىي ھالدا شەرقىي ۋە غەربىي بۇلۇڭ تەرەپكە (A.T.ii.iii) قاراپ ئېلىپ بېرىلغانىدى. تېزدىن بايقالغان بۇيۇملار (كىچىك تېپتىكى پىشۇرۇلغان لاي ھەيكەل پارچىلىرى) مېنىڭ ئېنىق ۋە




127 ـ رەسىم خوتەن ھاڭگۇيادىكى ئاقتېرەك ئەتراپىدىكى بۇددا سارىيىنىڭ تەكشىلىك خەرىتىسى

ئومۇميۈزلۈك كۆزىتىشىمگە شارائىت يارىتىپ بەردى. دەسلەپتە مەن ئۈلارنىڭ يالغۇز بىر نۇرلۇق چەمبىرەك ئۇستىدىكى بېزەك بۇيۇملارنىڭ پارچىسى ئەمەسلىكىنى جەزملەشتۇردۇم. ئۈلارنىڭ قېتىدا (گەرچە سانى ناھايىتى چەكلىك بولسىمۇ) بەزى قوشۇمچە بۇيۇملارنىڭ پارچىلىرى، مەسىلەن، بارمىقى، قۇلىقى، چاچلىرى قاتارلىقلار بار ئىدى. ئۈلار ئادەم بويى بىلەن تەڭ كېلىدىغان لاي بۇتنىڭ نەرسىلىرى ئىدى. ئايلانما كارىدورنىڭ تاملىرىدىمۇ چوڭ تىپتىكى ھەيكەللەر باردەك قىلاتتى. بۇ نۇقتىمۇ ناھايىتى ئېنىق ئىسپاتلاندى. لېكىن، مەن ئەسلىدىكى يەر يۈزىنىڭ يۇقىرىسىدىن 2.5 فۇت كېلىدىغان يادىكارلىقلار قاتلىمىدا بۇنداق ھەيكەللەرنى تېخى ئۇچراتمىغانىدىم. بۇ جەھەتتىكى ئېنىق چۈشەندۈرۈش شۇكى، ئۈلار ئەسلىدە ناھايىتى چوڭ تۇپىلاردىن ياسالغان بولۇپ، خۇددى يوتقان خارابىسىدىكى مەدەنىيەت قاتلىمىغا ئوخشاش ئۈزۈلۈپ كېتىپ، ھېچقانداق ئىزنا قالمىغانىدى.

### ئوت ئاپىتى تۇپەيلىدىن پىشىپ قاتقان يۇلما لاي زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ پارچىلىرى

ئەمما، بىز باشقا مەسىلىلەرگىمۇ يولۇقتۇق. يەنى، نېمە ئۈچۈن ئاشۇ بىرقەدەر كىچىك يادىكارلىق پارچىلىرى بۇنداق تەقدىردىن قۇتۇلۇپ قالغان؟ بۇ مەسىلە بىزگە شۇنى تونۇتتىكى، بۇ ئىبادەتخانا تامامەن گۇمۇرۇلۇپ چۈشكەندىن كېيىن، ۋەيران قىلىش خاراكتېرىدىكى باشقا ئامىللارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. يادىكارلىق پارچىلىرى قاتلىمى ۋە ئۆرۈلگەن تاملار ئارىسىدىكى قىزىل رەڭلىك سىغىزلار، تامامەن كۆيۈپ كەتكەن ياغاچ پارچىلىرى، يەنى لاي ھەيكەل پارچىلىرىنىڭ يۈزىدە كۆرۈنۈپ تۇرغان كۆيۈپ كەتكەن ئەينەك كاھىش، شۇنداقلا بەزى تاسادىپىي ئوت ئاپىتىنىڭ روشەن ئىزنالىرى قاتارلىقلار بۇ پەرەزنىڭ ناھايىتى توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيتتى. يەنى، بۇ ئىبادەتخانا دەسلەپتە چوڭ ئوت ئاپىتىگە ئۇچرىغان بولۇشى

ئۇيغۇر كىتاب تورىكەس
www.uyghurkitap.com

مۇمكىن. بۇنداق بولغاندا، دەل مۇشۇ تاسادىپىي ئوت كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىسسىقلىق بۇ تامنىڭ ئۈستىدىكى كىچىك چاپلىما ھەيكەللەرنىڭ پارچىلىرىنى قاتتىقلاشتۇرۇۋەتكەن ھەمدە رەڭلىك قىلىۋەتكەن. باشقا چوڭ تىپتىكى ھەيكەللەرنىڭ قوشۇمچە بۇيۇملىرى بولغان بارماق، قۇلاق ۋە باش قىسمىدىكى بېزەك بۇيۇملىرى قاتارلىقلارمۇ مۇشۇ ئەھۋالغا مەنسۇپ ئىدى. بارلىق ماتېرىياللار ئەسلىدە ئوخشاشلا يۇلما لاي ياكى ئاپتاپتا قۇرۇتۇلغان سېغىز بولۇپ، خۇددى مەن راۋاق خارابىلىكىدە ئۇچراتقان لايدىن ياسالغان ئاشۇ ھەيكەللەرگە ئوخشايتتى. ئوت ئاپىتىدىن پەيدا بولغان ئىسسىقلىق ئانچە كۈچلۈك بولمىغاچقا، چوڭ ھەيكەل سېغىزلىرىنىڭ ئىچىگە قاتتىق تەسىر كۆرسىتەلمىگەن. لېكىن، ئاشۇ ئۇششاق لاي ھەيكەل پارچىلىرى ۋە ھەيكەلنىڭ مۇستەقىل قىسىملىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئوت يالقۇنى ئۇلارنى قۇرۇتۇپ پىشۇرۇش رولىنى ئويناپ، شۇ ئارقىلىق ئۇلارنى قوغداپ قالغانىدى. بۇ سۇنۇق پارچىلىرىدىن باشقا، بارلىق ھەيكەللەر كۈن نۇرى ئاستىدا ئوچۇق تۇرغانلىقى ھەمدە كېيىنچە يەرلەرنىڭ تۈزلىنىپ تېرىقچىلىققا سېلىنىشى تۈپەيلىدىن، نەملىك تېپىپ، ئۇزۇل - كېسىل يېمىرىلىپ چۈشكەنلىكى مەلۇم.

### كۆيۈپ كەتكەن ئىبادەتخانىنىڭ تەدرىجىي ۋەيران بولۇشى

ئىبادەتخانىنىڭ كۆيۈپ كەتكەن ۋاقتى بىلەن تاملىرى تامامەن ئۆرۈلۈپ كەتكىچە بولغان ئارىلىقتا مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەنىدى. بۇنى بىر قات سېرىق تۇپراقلىق توپا قاتلىمى ئارقىلىق ئىسپاتلاشقا بولاتتى. بۇ توپا قاتلىمى تەخمىنەن 1.5 فۇت قېلىنلىقتا بولۇپ، ئۇ ئەسلىدىكى يەر يۈزىدىكى يادىكارلىقلار قاتلىمى بىلەن قېلىنلىقى 6 فۇت كېلىدىغان ئىككىنچى يادىكارلىقلار قاتلىمى ئارىسىغا جايلاشقانىدى. ئىككىنچى يادىكارلىقلار قاتلىمى ھازىرقى يەر يۈزىگە يېقىنلاشقان بولۇپ،

قېتىدا نۇرغۇن كىچىك لاي ھەيكەللەرنىڭ پارچىلىرى بار ئىدى. ئوتتۇرىسىدىكى سېرىق توپا قاتلىمى يۇمشاق دەريا چۆكمىلىرىنىڭ يىغىندىسىدىن شەكىللەنگەن. بۇ خىل دۆۋىلىنىش جەرياني تارىم ئويمانلىقىدىكى بارلىق بوستانلىقلاردا يۈز بەرگەن بولۇپ، ئۇ يەردىكى يېتەرلىك نەملىك ئۇلارنى تەمىنلەپ كەلگەن. بۇنىڭ بىلەن يەر يۈزىمۇ تەدرىجىي ئېگىزلىگەن، دەل مۇشۇ قاتلامنىڭ ئۈستىگە تاملار ئۆرۈلۈپ، تېرىقچىلىق ۋە ياكى ئىمارەتلەر ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن چاغدا، ئاشۇ قاتتىق لاي ھەيكەللەرنىڭ پارچىلىرى مۇشۇ يەرگە چۈشۈپ قالغان. يېڭى سېرىق توپا قاتلىمى ئۇلارنى كۆمۈۋېتىپ قوغداپ قالغان. ئەڭ ئاخىرىدا تېرىقچىلىق ئىشلىرى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، بۇ يەرلەر تاشلىنىپ قېلىپ قۇملۇققا ئايلىنىپ كەتكەن.

### شامالنىڭ تەسىرىگە ئۇچراش

شامال كۆچمە بارخانلارغا ئۈزلۈكسىز تەسىر كۆرسەتمەكتە ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ھازىر ئېچىلىپ قالغان سېرىق توپىلارنى ئۇچۇرتۇپ كېتىپ، لاي ھەيكەللەرنىڭ پارچىلىرىنى ئېچىپ قويغانىدى. شامالنىڭ مۇشۇنداق تەسىرىدىن بۇ يەردە دەسلەپكى قەدەمدىكى تەكشۈرۈش خىزمىتى ئىشلىنىپ، بۇ كەڭ تاتىدىكى ئىزلار كىشىلەر تەرىپىدىن بايقالغان. بۇ تاتى ئىزىدا ئادەتتە ساپال ۋە باشقا يادىكارلىقلارنىڭ پارچىلىرى بولۇپ، ئۇلار كېيىنكى مەزگىللەردە شەكىللەنگەن يەر يۈزىدە چېچىلىپ تۇراتتى. بۇ گەرچە ناھايىتى كىچىك دائىرە بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ شامال يالاپ كەتكەن ئىزنالىرىنى تېپىش چىققىلى بولاتتى. ئەمەلىيەتتە ئالتۇن يالىتىلغان ئاشۇ ھەيكەل پارچىلىرىنىڭ ھەممىسى يادىكارلىق پارچىلىرى قاتلىمىدىن بايقالغانىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۈستۈنكى يەر قاتلىمىدىن تېپىلغان ناھايىتى نۇرغۇن سۇنۇق پارچىلار ئارىسىدا ئالتۇن يالىتىلغان ھەيكەل پارچىلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كەمدىن ـ كەم ئۇچرايتتى. ئۇ پەقەت ئالاھىدە ساقلىنىپ قالغان بەزى ھەيكەللەرنىڭ قۇرۇق بۆلەكلىرى ۋە ئويۇلغان ئېرىقچىلىرىدىنلا تېپىلاتتى. بۇنى چۈشەندۈرۈش ئانچە تەسكە توختىمايتتى. بۇ يەردە دائىم سەلكىن شامال چىقىپ تۇرغاچقا، ئۇزاق مۇددەت يەر ئۈستىدە ئوچۇق تۇرغان ھەيكەلدىكى ئالتۇن ياپراقچىلىرىنى ناھايىتى ئاسان ئۇچۇرتۇۋەتتى. شۈبھىسىزكى، ئوت بىلەن نەملىكنىڭ بىرىكمە تەسىرى يۇلما لايىنىڭ يۈزى بىلەن يالىتىلغان ئالتۇن ئوتتۇرىسىدىكى يېپىشقاقلىقنى زور دەرىجىدە ئاجىزلىتىۋەتكەن.

## خىرونولوگىيەلىك پاكىتلار

ئۈنىڭدىن باشقا، بۇ تاشلىنىپ قالغان ئىبادەتخانىلار ئۇزاقتىن بۇيان ئۈزلۈكسىز ئوغرىلىنىپ كەلگەن. بۇنداق ئوغرىلىق ھەرىكەتلىرى مۇشۇ رايوندىكى ئولتۇراق رايونغا يېقىن بولغان قەدىمىي يادىكارلىقلارغا تەھدىت ئېلىپ كەلگەنىدى. شۇڭلاشقا، مەن تامامەن قۇملىشىپ كەتكەن خارابىلىكلەر ئىچىدىن يىل دەۋرىنى بېكىتكىلى بولىدىغان ئارخېئولوگىيەلىك پاكىتلارنىڭ تېپىلىشىنى ئارزۇ قىلمىغانىدىم. ئەمما، يادىكارلىقلار قاتلىمىنى بىر قېتىم ئەستايىدىل تەكشۈرگەندە، ئوخشاش بولمىغان خىرونولوگىيەلىك ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولاتتى. ھازىر تەتقىق قىلىنىۋاتقان لاي ھەيكەلنىڭ ئۇسلۇبىدىن قارىغاندا، بۇ ئىبادەتخانا چوقۇم راۋاق بۇددا مۇنارى بىلەن ئوخشاش دەۋرگە مەنسۇپ ئىدى. بۇنى تۆۋەندىكى پاكىتلار ئارقىلىق ئىسپاتلىغىلى بولىدۇ: بۇ خارابىلىكتە بايقالغان بىردىنبىر پۇل، ئويما خېتى يوق بىر دانە مىس پۇل بولۇپ، ئۇ ئالدىنقى ۋە كېيىنكى خەن سۇلالىلىرى دەۋرىدە ئىشلىتىلگەنىدى. بۇ پۇل غەربىي كارىدورنىڭ يەر يۈزىنىڭ ئەتراپىدىن، سىرتقى تەرەپتىكى تامنىڭ تۆۋىدىن بايقالغانىدى.

بەلكىم ئەسلىدىلا تاۋاپ قىلىدىغان بۇت تەگلىكىنىڭ ئاستىدا قويۇلغان بولۇشى مۇمكىن. خارابىلىكتە ئۇنىڭ كېيىنكى مەزگىللەردىكى پۇل ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىدىغان ھەرقانداق پاكىت كەمچىل بولۇپ، ئۇ دىققىتىمىزنى قوزغىغانىدى. چۈنكى، ئۇ ئەتراپتىكى تاتى رايونلىرىدىن قېزىپ چىقىلغان تاڭ، سۇڭ سۇلالىلىرى ۋە دەسلەپكى ئىسلامىيەت مەزگىلىدىكى پۇللاردىن روشەن پەرقلىنەتتى. كېيىنكى مەزگىللەردىكى بۇ پۇللار بۇ يەرنىڭ خېلى كېيىنكى مەزگىللەرگىچە ئىگىلىنىپ كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرەتتى.

### پىشۇرۇلغان ھەيكەللەرنىڭ بايقىلىشى

ئەگەر بىزنىڭ ئاقتېرەك بۇددا ئىبادەتخانىسى خارابىلىكى توغرىسىدىكى يىل دەۋرىگە ئائىت پەرىزىمىز توغرا بولغان بولسا، ئۇ يەردە بايقالغان ئاجايىپ - غارايىپ شەكىلدىكى ھەقىقىي پىشۇرۇلغان مايمۇن ھەيكەللىرى يوتقان خارابىلىكىنىڭ مەدەنىيەت قاتلىمىدىن قېزىپ چىقىلغان يادىكارلىقلارغا ئىنتايىن ئوخشايتتى، بۇ بىر نۇقتا كىشىنى ئىنتايىن قىزىقتۇراتتى. چۈنكى، ئۇلار بۇنى قەدىمكى دەۋردىكى خوتەن بەدىئىي سەنئەت تارمىقىنىڭ گۈللەنگەن دەۋرىگە ئائىت دەسلەپكى ئېنىق پاكىتلار بىلەن تەمىن ئەتكەنىدى. روزىنىڭ ئادەملىرى بۇ خارابىلىكتىن ماڭا ئەكىلىپ بەرگەن كىچىك يادىكارلىقلار ئىچىدە بۇنداق تىپتىكى ساپال ھەيكەللەردىن خېلى بار ئىدى. بۇنىڭ بەزىلىرى مايمۇن، بەزىلىرى تۆگىنىڭ ھەيكەللىرى ئىدى. ئېيتىلىشىچە، ئۇلار بۇلارنى شامالنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان «بۇتخانا» دېگەن يەرگە يېقىن جايدىن تاپقانىكەن. بىز غەربىي كارىدوردا قېزىش ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىۋاتقىنىمىزدا، بۇنداق يادىكارلىقلارنىڭ چىققان ئورنىمۇ ئىسپاتلاندى. ئۇ يەرنىڭ ئاستىنقى يادىكارلىقلار قاتلىمىدىن چوڭ تىپتىكى ئىككى دانە

مايمۇننىڭ ھەيكىلى ھەمدە شەرقىي كاردوردا قېلىپ قالغان يەنە بىر ھەيكەلنىڭ پارچىسى بايقالدى. ئوخشاش بىر قاتلامدىن قېزىپ چىقىلغان يادىكارلىقلار ئارىسىدا بەزى ساپال پارچىلىرىمۇ بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئۇلارغا ھەرە چىشى شەكلىدىكى ۋە رەڭلىك گۈل شەكلىدىكى نەقىشلەر ئويۇلغان بولۇپ، بۇمۇ قىزىقىشىمنى قوزغىغانىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە بەزى گۈللۈك نەقىشلىك ساپال پارچىلىرى بۇتخانا ئەتراپىدىكى يەرلەردىن تېپىلغان بولۇپ، بەلكىم ئۇلارمۇ (بىر قىسمى بولسىمۇ) بىر دەۋرگە مەنسۇپ بولۇشى مۇمكىن. ئەلۋەتتە، ئاشۇ تاتىننىڭ يەر يۈزىدىن ئوششاق بۇيۇملار تېپىلغان ئەھۋال ئاستىدا، بايقالغان بۇنداق تىپتىكى بۇيۇملارنىڭ خىرونولوگىيەلىك پاكىتلىرىدا ئەزەلدىن ئوخشاشلىق ساقلانمىغانىدى. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئاشۇ جايلاردىكى شامالنىڭ تەسىرىدىن ئوخشاش بولمىغان دەۋردىكى يادىكارلىقلار ئوخشاش بولغان بىر تەكشىلىكتىكى يەر يۈزىگە كېلىپ قالغانىدى.

### يۇلما لايلىق ھەيكەللەردىكى بېزەكلەرنىڭ پارچىلىرى

ئىبادەتخانا خارابىسىدىكى يادىكارلىق سۇنۇقلىرى قاتلىمىدىن بايقالغان لاي ھەيكەللەرنىڭ پارچىسى شۇنداق كىچىككى (راۋاق خارابىلىكىدىكى قەسىرنىڭ تېمىدا ساقلىنىپ قالغان لاي ھەيكەل بېزەكلىرى ئىچىدە بۇ جەھەتتىكى ئالامەتلەر تەمىنلەنمىگەنىدى)، ھەتتا ئەسلىدىكى ئالاھىدىلىكى ۋە قۇرۇلمىسىنى ھەرقانچە قىلىپ بىر شەكىلگە كەلتۈرگىلى بولمايتتى. ئەمما، راۋاق خارابىسىدىكى لاي ھەيكەللەر ئىچىدىن لاي ھەيكەللەرنىڭ ھەقىقىي بېزەك بۇيۇملىرى قىلىنغان بۇ ئۇششاق بۇيۇملارنى ناھايىتى ئاسانلا چۈشەندۈرۈپ كېتەلەيتتۇق ۋە پەرقلەندۈرەلەيتتۇق. بۇ خىل نىسپىي ئاسانلىقنىڭ ئۆزى مەن

يوقىرىدا ئوتتۇرىغا قويغان ئىككىسىنىڭ ئۇسلۇب جەھەتتە زىچ مۇناسىۋەتكە ئىگە ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى ئەڭ ياخشى پاكىت ئىدى. مەيلى نەق مەيداندا قانداق تالاش ئېلىپ بېرىلغانلىقىدىن قەتئىينەزەر، تەكشۈرۈلگەن لاي ھەيكەللەرنىڭ سانى ناھايىتى كۆپ ئىدى. ئۇ بىزنىڭ تېخىمۇ ئەستايىدىللىق ۋە تىرىشچانلىق بىلەن ئۇلارنى سىستېمىلىق گۇرۇپپىغا ئايرىپ، ئۇلار ئارىسىدا ئىپادىلەنگەن بارلىق بىزەك نەقىشلىرى قاتارلىقلارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىمىزنى تەلەپ قىلاتتى.

### يۇلما لايلىق ھەيكەللەرنىڭ ئاساسلىق تىپلىرى

بۇ يەردە مەن ئۆزۈمدىن رازى بولسام بولاتتى، چۈنكى مەن بۇ خارابىلىكتە ئىشلىتىلگەن بىزەكتىكى ئادەتتىكى كۆزقاراشلارغا ئىگە لاي ھەيكەللەرنىڭ تىپلىرىنى چۈشىنىشكە ياردىمى بولىدىغان ئاددىي، پايدىلىنىش خاراكتېرىدىكى ئىزاھاتلارنى بېرىپ ئۆتكەنىدىم. ئاۋۋال، ئاشۇ ئوت ئاپىتىدىن ساقلىنىپ قالغان زور مىقداردىكى قولاق، بارماق، بۇرۇن ۋە بەدەننىڭ باشقا قىسىملىرىغا قارىتا شۇنداق ئىنچىكە يەكۈن چىقىرىشقا بولىدۇكى، خۇددى مەن راۋاق خارابىسىنىڭ قەسرىدە تارتقان سۈرەتتە كۆرسىتىلگەنگە ئوخشاش، ئىبادەتخانا ۋە كارىدورنىڭ تېمىنى بويلاپ قاپارتما نەقىش شەكلىدىكى بۇددا ۋە بودىساتۋانىڭ ھەيكىلى تىزىلغان. نۇرغۇنلىغان كىيىم - كېچەك ۋە زىننەت بۇيۇملىرى ئارىسىدىمۇ ئۇلارنىڭ قالدۇقلىرى بار ئىدى. ئايلانما كارىدورنىڭ ئىچىدىكى ھەرقانداق بىر ھەيكەل ئادەمدىن چوڭ ئەمەس ئىدى. چۈنكى، ئۇ ئاشۇ يەرنىڭ نىسپىي تار بوشلۇقى تۈپەيلىدىن شۇنداق قىلىنغان. ئەمما، بۇتخانا ئىچىدىكى ئەھۋال ئۇنىڭغا ئوخشىمايتتى. مېنىڭ قارىشىمچە، بىز تازىلىغان بۆلۈكلەردىن لاي ھەيكەل بۇيۇملىرىنىڭ ئاز تېپىلىشىدىكى سەۋەب، بەلكىم ئۇ چاغدا چوڭ تىپتىكى ھەيكەللەرنى ئورنىتىش ئەۋج ئالغان بولسا كېرەك. چۈنكى، چوڭ تىپتىكى ھەيكەللەرگە

www.uyghurkitap.com

ئوت ئاپتىنىڭ تەسىرى ئانچە چوڭ بولمىغان، شۇنىڭ بىلەن سىغىز لاي مونەكلىرى كېيىن ئومۇمىيۈزلۈك ۋەيران بولغان.

### يۇلما لاي ھەيكەللىرىدىكى نۇر چەمبىرەك بېزەكلىرىنىڭ پارچىلىرى

ئايلانما كارىدوردىكى ھەيكەللەر لاي بىلەن ياسىلىپ، كۆڭۈل قويۇپ ئىشلەنگەن گۈل غۇنچىلىرى ياكى نۇر چەمبىرىكى قاتارلىق بېزەك بۇيۇملار بىلەن ئورالغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ نۇقتىنى نۇرغۇنلىغان ئىنچىكە قىسىملاردىكى بېزەك بۇيۇملىرى ئارقىلىق چۈشەندۈرۈشكە بولاتتى. ئۇلارنىڭ شەكلى ۋە راۋاق خارابىسىدىكى بۇيۇملار ئۇلارنىڭ شۈبھىسىز رەۋىشتە مۇشۇ تىپتىكى بېزەك بۇيۇملىرىغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرەتتى. بۇ خىل تىپتىكى چاپلىما ھەيكەل بېزەك بۇيۇملىرىنى تۆۋەندىكى بەزى ئەۋرىشكىلەر ئارقىلىق چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ: نۇرغۇن نىلۇپەر گۈلىنىڭ يوپۇرماق پارچىلىرى، تۈگۈلەم بولۇت ۋە دائىم ئۇچرايدىغان قاتارمۇقاتار ئوت يالقۇنلىرى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ناھايىتى ئېنىق ھالدا ئوخشاش بولمىغان ئۆلچەمدىكى نۇر چەمبىرىكى دەپ قارىلاتتى. راۋاق قەسرىدىكى بۇيۇملار ئىچىدىمۇ بۇ خىل تىپتىكى كىچىك بۇددا ھەيكىلىنىڭ نۇر چەمبىرىكى بايقالغانىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇستى ھەر خىل نەقىشلەنگەن بېزەك تاختىسىمۇ بار ئىدى. مەسىلەن، ئۆسۈملۈكنىڭ يوپۇرماق شەكلى، ئەنئەنىۋى بېزەك بۇيۇملىرى ياكى كىچىك بۇددا ھەيكىلى قاتارلىقلار. ئاقتېرەك خارابىلىكىدىكى لاي ھەيكەللەرنىڭ پارچىلىرى ئارىسىدا بۇ خىل تىپتىكى بېزەك تاختايلار ناھايىتى كۆپ ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا خۇددى راۋاق خارابىسىگە ئوخشاش چىغىرتماقگۈل شەكلىدىكى بېزەك بۇيۇملار قويۇلغان ۋاجرا بۇدساتۋا ھەيكىلىنى دائىم ئۇچراتقىلى بولاتتى. كۆپرەك ئۇچرايدىغىنى نىلۇپەر گۈلى ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرغان بۇددا ھەيكىلى ئەتراپىدىكى كىچىك

بېزەك تاختاي ئىدى (128 ـ رەسىمگە قاراڭ)، راۋاق خارابىلىكىنىڭ تېمىدا بۇ خىل قۇرۇلما ئۇسلۇبىنى ئېنىق كۆرگىلى بولاتتى. بۇ نۇر چەمبىرىكى ۋە ئۇنىڭ زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ ھەربىر تەرىپى (ئاساسىي تېمىدىن ئۇسلۇبىغىچە) بۇ ئىككى خارابىلىك ئوتتۇرىسىدا زىچ ئالاقە بارلىقىنى، كېلىش مەنبەسى جەھەتتىمۇ ئاساسىي جەھەتتىن بىر دەۋرگە خاس ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ بېرەلەيتتى.

بېزەك نەقش ئۇسلۇبىدىكى پەرقلەر

مەن بىرقەدەر چوڭ تىپتىكى ئاشۇ چاپلىما ھەيكەل شەكلىدىكى ئولتۇرغان بۇددا ھەيكىلىگە (129 ـ رەسىمگە قاراڭ) بېزەك تىپىدىكى نۇر چەمبىرەك ئىشلىتىلگەن ـ ئىشلىتىلمىگەنلىكى، بىر مۇستەقىل ئورۇنغا ئىگە ياكى ئەمەسلىكىنى ھازىرغىچە جەزملەشتۈرەلمەيتتىم. ئوخشاشلا ئېنىق بولمىغىنى شۇكى، ئاشۇ تاسادىپىي بايقالغان ئايالغا تەقلىد قىلىنغان ھەيكەللەر ياكى باش قىسمىلا ساقلىنىپ قېلىنغان ئەۋلىيالار ھەيكىلىنىڭ ئورنى زادى قەيەردە؟ دېگەن



128 ـ رەسىم لايدىن ياسالغان قاپارتما نەقش پارچىلىرى

www.uyghurkitap.com

مەسىلىلەر ئىدى. ھەتتا تامدىكى بېزەكلەر ئىچىدە ئاشۇ غەلىتە شەكىلدىكى ھايۋاناتلارمۇ بىردىن ئورۇننى ئىگىلىگەندەك قىلاتتى. ئىمارەت پارچىلىرى كەمدىن ـ كەم ئۇچرايتتى (130 ـ رەسىمگە قاراڭ). كىچىك تىپتىكى چاپلىما ھەيكەللەر خېلىلا كۆپ ئىدى. دىققەت قىلىشقا تېگىشلىكى، بەزى قارىمۇقارشى پاكىتلار ــ يەنى بەزى نەقىشلەرنىڭ كەمچىللىكى جەھەتتىكى پاكىتلار بولۇشى مۇمكىن. بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا مەن شۇنداق دەپ كۆرستەلەيمەنكى، ئاقتېرەكتىن تېپىلغان بۇيۇملار ئىچىدە كۆكتە پەرۋاز قىلغان بىرەر پەرىزات ياكى قەندەھەرنىڭ ئەۋرىشكىسى يوق ئىدى، ياكى ئۆرە تۇرغان كىچىكرەك بىرەر بۇتنىڭ ئەۋرىشكىسى يوق ئىدى، ئەمما دەندەن ئۆيلۈك، خادىلىق، قارايانتاق (Kara-yantak)، پەرھاتبەگ (Farhād-Bēg) قاتارلىق خارابىلەردىن قارىغاندا، بۇ رەسىملەر تاڭ سۇلالىسى مەزگىلىدە مۇشۇ رايوندىكى ئىبادەتخانىلارنى بېزىگەن ھەيكەللەر ئىچىدىكى كىشىنى ئەڭ قىزىقتۇرىدىغان تىپما ئىدى. بېزەك نەقىشلەرنىڭ ئۇسلۇبىدىن ئېيتقاندا، بۇ بىر جەھەتتىن، بۇلار تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئىبادەتخانىلار گۇرۇپپىسى؛ يەنە بىر جەھەتتىن، راۋاق ۋە ئاقتېرەك گۇرۇپپىسى ئىدى، بۇ ئىككىسىدىن روشەن پەرقلەرنى ئىزدەپ تاپقىلى بولاتتى. ئالدىنقى گۇرۇپپىدا بەزى نەقىشلەر ناھايىتى ھەشەمەتلىك ئۇسلۇبنى ئىپادىلەپ تۇراتتى. ئەمما، باشقا نەقىشلەر، مەسىلەن، چىغىرتماقگۈل شەكىللىك ۋاجرا بۇدساتۋا ھەيكەللىدە بۇ خىل نەرسىلەر تامامەن كۆرۈنمەيتتى. لېكىن، بۇ ئۆزگىرىشلەر توغرىسىدىكى تەپسىلىي تەتقىقاتنى كەلگۈسىدىكى تەتقىقاتچىلارغا قويۇپ قويۇشقا توغرا كېلىدۇ. بۇلاردا بىر خىل ماس ھالدىكى تەرەققىياتلار مەۋجۇتمۇ ـ يوق؟ بۇنىڭغا ھۆكۈم چىقىرىش تەس ئىدى. چۈنكى، راۋاق خارابىسىگە ئوخشاش ئاقتېرەك ئىبادەتخانا خارابىسىنىڭ تاملىرىدا ناھايىتى ئاز ساندىكى تام رەسىم ئىزنالىرى ساقلىنىپ قالغانىدى.

**سىلىق كىچىك ئىبادەتخانا خارابىسى**

ئاقتېرەك خارابىسىدە ساقلىنىپ قالغان ئىمارەت خارابىلىرى ۋە بېزەك بۇيۇملىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى مەزكۇر رايون ياكى شۇ دەۋردىكى بۇددا دىنى ئىبادەتخانىلىرىنىڭ تىپىك شەكلى دېيىشكە بولاتتى. بۇ بىر نۇقتا 19 ـ سېنتەبىردە يول



129 ـ رەسىم لايدا ياسالغان قاپارتما نەقش پارچىلىرى



130 ـ رەسىم لايدا ياسالغان قاپارتما نەقىش پارچىسى

باشلىغۇچىلىرىم تەرىپىدىن «كىچىك بۇتخانا» دەپ ئاتىلىدىغان خارابىلىكنى زىيارەت قىلىش داۋامىدا ئىسپاتلانغانىدى. بىز غەرب ــ جەنۇب ــ غەرب يۆنىلىشىگە تەخمىنەن ئىككى مىل ماڭغاندىن كېيىن، پاكار بارخان بىلەن تاتىلار ئۆزئارا ئالمىشىپ ئۇچراپ تۇردى. بۇ خارابىلىك ئاقتېرەك كەنتىنىڭ دەرەخلىرى جەنۇبتىن ئېنىق كۆرۈنگىچە بولغان ئارىلىقىچە تۇتاشقانىدى. بارخانلىق يوق ئاشۇ تۈز يەردە يادىكارلىقلارنىڭ پارچىلىرى چېچىلىپ تۇراتتى. يول باشلىغۇچىلىرىم بۇ يەرنى «سىيىلىق» دەپ ئاتىشاتتى. مەن بۇ يەردە كىچىك تۆت بۆلۈكلۈك بۇددا ئىبادەتخانىسى خارابىسىنىڭ ئىزناسىنى بايقىدىم. ئۇ پۈتۈنلەي ئۇچۇق تۇراتتى، تاملىرى ئەتراپتىكى سىرىق تۇپراقنىڭ تەسىرىدىن تۈزلىنىپ كەتكەنىدى. ئىبادەتخانا تېمىنىڭ ئىچكى تەرىپىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 25 فۇت، كەڭلىكى 23 فۇت كېلەتتى. ئۇنىڭ تۆت تەرىپىنى چۆرىدىگەن تەخمىنەن 6 فۇت 9 دىيۇم كەڭلىكتىكى بىر تاشقى ئايلانما كارىدور بار ئىدى. ئۇنىڭ ئىزنالىرىنى يەر يۈزىدىكى لاي، توپىلار ئارقىلىق پەرقلەندۈرگىلى بولاتتى. ئىبادەتخانىنىڭ مەركىزىدە قارىماققا بىر تەگلىك كۆرۈنەتتى، چوڭلۇقى تەخمىنەن 9 فۇت كېلەتتى. يۇلما لايدا ياسالغان تامنىڭ يۈزى يىمىرىلىپ يۇمشاق توپىغا

ئايلىنىپ قالغانىكەن. ئەمما، ھازىر يەنە 6 دىيۇم ئېگىزلىكتە ساقلىنىپ قالغاندى. شۈبھىسىزكى، خۇددى ئەندىرەدىكى ئىبادەتخانىدا بايقالغان تەگلىككە ئوخشاش، بۇ يەردىكى تەگلىكمۇ بەزى چوڭ تىپتىكى يۇلما لايدا ياسالغان ھەيكەللەرنى توختىتىش ئۈچۈن ياسالغاندى.

## چاپلىما ھەيكەللەر ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن يۇلما لاي پارچىلىرى

يەر يۈزىدە، بولۇپمۇ ئىبادەتخانىنىڭ جەنۇبىي تېمى ئەتراپىدىن تېپىلغان چاپلىما ھەيكەل ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن يۇلما لاي پارچىلىرى ئۇسلۇب ۋە ئىشلەتكەن ماتېرىيالى جەھەتتە تېخىمۇ چوڭ تىپتىكى ئىبادەتخانىلارنىڭ تاملىرىدىكى بېزەك بۇيۇملارغا ناھايىتى ئوخشايتتى. بەزىلىرى ئىبادەتخانىنىڭ شەرقىي شىمال بۇلۇڭىنىڭ ئەتراپىدىن بايقالدى. مەن ئۇ يەردىكى ئىبادەتخانىنىڭ ئىچكى قىسمىنى تاكى ئەسلىدىكى يەر يۈزىگىچە تازىلىدىم. بۇ يەر ئەمەلىيەتتە ھازىرقى سۇنۇق پارچىلار قاتلىمىدىن 1.5 فۇت چوڭقۇرلۇقتىكى جايدا ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدە بەزى بېزەك بۇيۇملارنىڭ پارچىلىرى قارىماققا ئاقتېرەك خارابىلىكىدە بايقالغان ئوخشاش ھالەتتىكى چاپلىما ھەيكەل ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان كىچىك تەگلىك ھەيكەل پارچىلىرىغا دېگۇدەك ئوخشاش قېلىپتا ياسالغاندى. بۇنىڭدا بۇ قېلىپنى ياساش ئۈچۈن بىرلىككە كەلگەن ئۆلچەم بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭدىن باشقا، بەزى بىرقەدەر چوڭ بۇددا ھەيكىلىنىڭ بېشى بايقالدى. ئۇلار تىپى جەھەتتە ئاقتېرەكتىكى ئوخشاش تىپتىكى بۇيۇملارغا ئىنتايىن ئوخشايتتى.

## خارابىلىكتىن ئىسپاتلانغان تەبىئەت ئۆزگىرىشى

سىيىلىقتىكى ھەيكەل پارچىلىرى ناھايىتى قاتتىق بولۇپ، ئوت ئاپىتى تۈپەيلىدىن شۇنداق قاتتىقلىشىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. ئەمما، نۇرغۇنلىغان ئالامەتلەردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بولىدۇكى، تاشلىنىپ قالغاندىن كېيىنكى بۇ ئىبادەتخانا خارابىسى بىر قاتار فىزىكىلىق ئۆزگىرىشلەرگە ئۇچرىغان. ئىبادەتخانىنىڭ توپىسى ۋە كېسەك پارچىلىرى ئارىسىدا نۇرغۇنلىغان نەيچە شەكىللىك بۇيۇملارنىڭ ئىزناسى بار ئىدى. ئۇ يىلتىز ياكى ئۆسۈملۈك تالاسىدىن قېلىپ قالغانىدى. بۇ مەلۇم بىر مەزگىلدە، بۇ خارابىلىكنىڭ تەدرىجىي دۆۋىلەنگەن تېرىلغۇ تۇپراق قاتلىمىنىڭ ئاستىدا قالغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. ئۇ چاغدا تاملار كىشىلەر تەرىپىدىن ئۆرۈۋېتىلگەن بولۇپ، ئىشلەتكىلى بولىدىغان ياغاچ قۇرۇلمىلىق نەرسىلەرنى كىشىلەر ئېلىپ كەتكەنىدى. خارابىلىك رايونىدىكى تېرىلغۇ يەرلەر تاشلىنىپ قالغاندىن كېيىن خېلى بىر مەزگىلگىچە شامالنىڭ يالاپ كېتىشىگە ئۇچرىغان. بەزى سىرىق توپىلىق كىچىك سۇپىلارنىڭ ئېگىزلىكى 6 فۇت ئەتراپىدا كېلەتتى. ئۈستىدە چوڭ تىپتىكى ساپال پارچىلىرى بار ئىدى (بەلكىم مۇشۇ ساپال پارچىلىرى سۇپىنى قوغداپ قالغان بولۇشى مۇمكىن)، ئۇلار خۇددى ئارخېئولوگىيەلىك جەھەتتىكى شاھىتقا ئوخشاش، ئىبادەتخانىغا ئەڭ يېقىن بولغان تاتى ئۈستىدە تۇراتتى. ئۇلار شامال ۋە كۆچمە قۇمنىڭ تەسىرىدىن تۆۋەنلەپ كەتكەن يەر يۈزىنى كۆرسىتىپ بەرمەكتە ئىدى.

## ساپال پارچىلىرى ۋە ئادەم سۆڭىكى

روشەنكى، بۇ خىل تەسىرنىڭ رولى بىلەن خارابىلىكتە بايقالغان ساپال پارچىلىرى (بۇنىڭ ئىچىدە ھەم مەن سىيىلىقتا توپلىغان ئەۋرىشكىلەر بار، ھەم ئاقتېرەك خارابىلىكىگە قايتىش يولىدا توپلىغانلىرىمۇ بار ئىدى) بەلكىم ئوخشاش بولمىغان دەۋرگە مەنسۇپ بولۇشى مۇمكىن، ئۇنىڭ ئىچىدىكى نۇرغۇنلىرى ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى مەزگىلگە مەنسۇپ بولۇشىمۇ مۇمكىن. چۈنكى، يول باشلىغۇچىلىرىم پۈتكۈل ئاقتېرەك

خارابىلىكى (سىيلىق خارابىلىكىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)دىن تۇپلىغان پۇللار ئىچىدە يەرلىكتە ياسالغان نۇرغۇن ئىسلامىيەت دەۋرىدىكى پۇللار ۋە سۇڭ سۇلالىسىنىڭ مىس پۇللىرى بار ئىدى. بۇ خىل پەرەز نەپىس سىر بېرىلگەن ساپال بۇيۇملارنىڭ پارچىلىرىغا ئاساسەن ئىسپاتلىناتتى. ئۇلار ھەر خىل شەكىلدىكى يېشىل ۋە كۆك رەڭدە بولۇپ، بەزى يەرلەردە كۆپ ئۇچرايتتى.

تاشلىنىپ قالغان ئىبادەتخانىنىڭ ئەتراپىدىكى ساپاللار ئارىسىدا ئادەمنىڭ سۆڭەكلىرىمۇ بار ئىدى. بۇنىڭدىن ھازىر شامال يالاپ كەتكەن جايغا بۇرۇن ئادەم دەپنە قىلىنغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى. مېنىڭ بۇ پەرىزىمنىڭ ئاساسى بار ئىدى. ئىسلام دىنىنىڭ بويسۇندۇرۇشىدىن كېيىن بۇ يەر قەبرىستانلىق قىلىنغان. بۇرۇن بىر مەھەل بۇددا ئىبادەتخانىسى قىلىنغان خارابىلىككە كېيىن كىشىلەر مازار سۇپىتىدە چوقۇنغان. ئۇنىڭدىن باشقا، ئاقتېرەك خارابىلىكىدىكى بىرقەدەر چوڭ ئىبادەتخانا ئەتراپىدىكى بارخانلار ئارىسىدا شامالنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان نۇرغۇن يەرلەر بولۇپ، ئۇستىدە ناھايىتى قېلىن ئادەم سۆڭەكلىرى بار ئىدى. بۇنداق ھالەتمۇ ئوخشاش چۈشەندۈرۈش بىلەن تەمىن ئېتەتتى. ئەڭ ئاخىرىدا دەندەن ئۆيلۈك، خادىلىق، نىيە قاتارلىق خارابىلىكلەردە يۈز بەرگەن بوراننىڭ تەسىرىنى پەرەز قىلىپ، خارابىلىكنىڭ ھەقىقىي تاشلىنىپ قالغان دەۋرىنى بىرقەدەر ئېنىق جەزملەشتۈرۈش ئۈچۈن شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتىمەن: ئاقتېرەك ۋە سىيلىق خارابىلىكىدە كۆرگەن ئاشۇ «شاھىت»لارنىڭ ئېگىزلىكى كىشىلەرنىڭ بۇ خارابىلىكتىكى تىرىكچىلىق ئىشلىرىنىڭ ئىسلام دىنىنىڭ بويسۇندۇرۇشىدىن كېيىنكى بىرقانچە ئەسىرگىچە داۋاملاشقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

### سىيلىقتىكى كىچىك بۇددا مۇنارى سۇپىسى

يۇقىرىدىكى تاشلاندۇق ئىبادەتخانا خارابىسىدىن سىرت، يول باشلىغۇچىلىرىم ماڭا كۆرسىتىپ بەرگەن سىيىلىقتىكى بىردىنبىر ئىمارەت خارابىلىكى دەل ئىككى كىچىك تىم خارابىلىكى ئىدى. ئىككىلىسى ئېغىر دەرىجىدە يىمىرىلىپ چۈشكەن سۇپا بولۇپ، ئەسلىدە بۇددا مۇنارى ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. بىرى تاشلاندۇق ئىبادەتخانىنىڭ جەنۇبىدىن 1/4 مىل يىراقلىقتا ئىدى. ئۇنىڭ تەگلىك قىسمىلا ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، ئۇزۇن ـ كەڭلىكى 16 فۇت ئەتراپىدا، ئېگىزلىكى 3 فۇت كېلەتتى، ئۈستىدە يەنە بىر قەۋەت تۆت چاسا تەگلىك بار ئىدى. جەنۇب تەرىپىدە تەدرىجىي يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن پەشتاق بولۇپ، ئاستىنىڭ كەڭلىكى 8 فۇت كېلەتتى. ئىككىنچى بۇددا مۇنارى سۇپىسى بىرىنچىسىنىڭ شەرق تەرىپىدە بولۇپ، ئىككىسىنىڭ ئارىلىقى تەخمىنەن 1/4 مىل كېلەتتى. ئاخىرىدىكى بىر بۇددا مۇنارى سەل كىچىكرەك ھەم ئېغىر يىمىرىلىپ چۈشكەنىدى، ئۇنىڭ يەر يۈزى ئۈستىدىكى تەگلىك پەقەت 8 فۇت 8 دىيۇم، ئەڭ تېگىدىكى تەگلىكنىڭ ئېگىزلىكى 3 فۇت كېلەتتى. ئۈستى قىسمى پۈتۈنلەي يىمىرىلىپ چۈشكەنىدى.

### كەڭ تارالغان تاتى

ئاقتېرەك خارابىلىكىدە ئۈچ كۈن تەكشۈرۈش ئارقىلىق بەزى ئارخېئولوگىيەلىك يادىكارلىقلارنى تاپتىم. بۇ بىپايان جىمجىت تاتى ئاستىدا يەنە بەزى خارابىلىكلەر كۆمۈلۈپ ياتقان بولۇشى مۇمكىن. شامالنىڭ تەسىرى بۇ رايوننىڭ ئاساسىي قىياپىتىنى شەكىللەندۈرگەن. كۆچمە بارخانلار ۋە ئېچىلىپ تۇرغان سىرىق تۇپراقلار شەرقتىن غەربكىچە بىر سىزىق بولۇپ شەكىللەنگەن، ئۇ 12 مىل كېلەتتى. ئۇنىڭ ئاستىدا مېنىڭ «گۆھەر ئىزدىگۈچى» يول باشلىغۇچىلىرىمنىڭ بىلىدىغانلىرىدىن تېخىمۇ كۆپ قەدىمىي يادىكارلىقلار كۆمۈلۈپ ياتاتتى. ئۇلار

ۋەكىللىك قىلىدىغان ئۆلىنىپ كەلگەن مەزگىللەرنى پەرەز قىلىشنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق ئىدى. ئەمما، شامالنىڭ تەسىر كۆرسىتىش جەريانى ناھايىتى ئېنىق ئىدى. ئۇ بەلكىم ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق بېسىۋېلىش ئاخىرلاشقان ۋاقىتتا قېلىپ قالغان تېخىمۇ قەدىمىي يادىكارلىقلارنى ئېچىپ بېرىشى مۇمكىن. بۇ زېمىندا بۇرۇن قانچىلىك سۇغىرىش ئارقىلىق قۇملۇق بىلەن كۈرەش قىلىنغانلىقى ياكى يەنە قانچىلىك ۋاقىتتىن كېيىن مۇنبەت ئېتىزلارنى قايتا سۇغىرىش ئارقىلىق ئېچىلىپ قالغان ھەمدە بورانىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بۇ يادىكارلىقلار قاتلىمىنى كۆمۈۋېتەلەيدىغانلىقىنى ھېچكىم چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيتتى.

www.uyghurkitap.com

بۇ كىتاب گۇاڭشى پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتىنىڭ 2000 ـ يىلى 10 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 2000 ـ يىلى 10 ـ ئاي 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据广西师范大学出版社2000年10月第1版，2000年10月第1次印刷本翻译出版。

# خوتەن بوستانلىقىغا قايتا سەپەر

**ئاپتورى:** ئاۋرېل ستەين (ئەنگلىيە)
**تەرجىمە قىلغۇچى:** ئابدۇمۆمىن بارات
**مەسئۇل مۇھەررىرلىرى:** ئابدۇراخمان ئەبەي، ئابدۇخېلىل ئابدۇجېلىل
**مەسئۇل كوررېكتورلىرى:** زەمىرە پىدائى، ئادالەت مەخسۇت، ئارزىگۇل كېرەم
**مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى:** مەمەت نەۋبەت
**نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
**تېلېفون:** 0991-2827472
**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
**پوچتا نومۇرى:** 830001
**باسقۇچى :** شىنجاڭ شىنخۇا 2 ـ باسما زاۋۇتى
**ساتقۇچى :** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
**فورماتى:** 880 × 1230 مىللىمېتىر 1/32
**باسما تاۋىقى:** 12.25
**نەشرى:** 2010 ـ يىلى 6 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
**باسمىسى:** 2010 ـ يىلى 6 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
**تىرىژى:** 1 — 4000
**كىتاب نومۇرى:** ISBN 978 − 7 − 228 − 12072 − 7
**باھاسى:** 30.00 يۈەن